شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر جالالىدىن



# ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا

— ياپونىيەدە كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
خەتتات: خەمدە تىشالىم

## ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەرلىرى

قىشتىكى خامان
داغمۇ ياكى زىنىخمۇ
مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى
ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى
ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا
يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

ISBN 978-7-5466-1292-8
定价:55.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# The Works of Abduqadir Jalaliddin



www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر جالالىددىن

# ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىدا

— ياپونىيەدە كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

寻找自我的门槛：从维吾尔文化视角看日本文化：维吾尔文/阿不都卡德尔·加拉里丁著. —乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1292-8

Ⅰ.①寻… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①维吾尔族—民族文化—研究—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）②文化—研究—日本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K281.5 ②G131.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第 074374 号

نەشر قىلغۇچىلار: تاڭ خۇي
ئادىل مۇھەممەت
پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلنىسا ئىبراھىم
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇرسۇنگۈل قاسىم
رىزۋانگۈل قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: رەنا ئەمەتجان

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى
**ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا**
— ياپونىيەدە كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 15.625
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2016 - يىلى 9 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1292 - 8
باھاسى: 55.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كىرىش سۆز

## — مۇقەددىمە ئورنىدا

كىملىك گۇۋاھنامىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن ھالدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كىملىكىنى بىلمەسلىك ئادەملىرىمىزدىكى گۇمراھلىقنىڭ تىپىك جۇملىسىدىندۇر.

بەزى قېرىنداشلىرىم مەندىن «بىز كىم؟» دەپ سورىدى.

ئۇلار جاۋابىمغا قايىل بولۇشتى، لېكىن بىرەر ياخشى ئىشقا مايىل بولۇشمىدى. گېپىنى قىلىپ، ئېپىنى تاپالماسلىق، نەپنى كۆزلەپ، ھەقنى كۆزلىمەسلىك زامانداشلىرىمىزدىكى ئىمانى سۇسلۇقنى ئاشكارىلاپ قويىدى. بۇنداق ھالدا مۇنداق بىر قورقۇنچلۇق رېئاللىق كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ: ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى خالايدىغانلار ئاز قالدى.

ئىچكى ئۆلكىلەرگە باردىم، كىشىلەر مەندىن: «سەن كىم؟» دەپ سوراشتى، «مەن ئۇيغۇر» دېسەم، ئىنكاس قايتۇرالمىدى.

ياپونىيەگە باردىم، كىشىلەر مەندىن «سەن كىم؟» دەپ سوراشتى، «مەن ئۇيغۇر» دېسەم گاڭگىراپ قېلىشتى.

ياتلار ئاللىبۇرۇن يوقاپ كەتكەن دىنازاۋۇرنى ياخشى بىلىدۇ، لېكىن مېنى بىلمەيدۇ. كىشىلەر نوپۇسى 100 مىڭغا بارمايدىغان ئېسكىموسلارنى تونۇيدۇ، لېكىن 10 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇرنى تونۇمايدۇ.

مەن قامۇسلارنى ۋاراقلاپ باقتىم، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىبارىنى يەتتە - سەككىز قۇر چۈشەندۈرۈپلا بولدى قىپتۇ، تېخى بۇنچىلىك بايانلارنى بەزى قامۇسلاردىن تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، چاشقان، قۇرت - قوڭغۇزلار ھەققىدىكى بايانلار بىر - ئىككى بەتتىن ئاشىدىكەن.

بۇ ئىشلار ماڭا ھار كەلدى. نومۇس قىلدىم، جاھان ماڭا تار كەلدى. ئەگەر 10 مىليون كىيسەكتىن قەسىر سېلىشقا توغرا كەلسە، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئالەمگە پۇر كەتكۈدەك قەسىردىن بىرى پۈتۈشى مۇمكىن.

مەن مەۋجۇتمەن، لېكىن مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى دۇنيا تونۇمايدۇ ۋە ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئامېرىكا نېگىر يازغۇچىسى رالف ئېلىلىسون (Ralph Ellison)«كۆرۈنمەس ئادەم» دېگەن رومانىدا:

«I am nobody but myself· But first I had
to discover that I am an invisible man!»

(مەن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم ئەمەس. لېكىن شۇنى بايقىدىمكى، مەن بىر كۆرۈنمەس ئادەم!) دەپ يازىدۇ. دەرۋەقە، مەندىمۇ سوقۇپ تۇرغان ئىنسانىي يۈرەك بار، تومۇرلىرىمدا ئېقىپ تۇرغان ئىسسىق قان بار، مەنمۇ پىكىر قىلىمەن، باھار پەسلىدە غۇنچىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ خۇشال بولىمەن. لېكىن مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، ئاۋازىمنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ.

بۇ كىتابقا ياپونىيەدىكى مۇساپىرلىق تۇيغۇلىرىم مۇجەسسەملەنگەن. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يات ئەللىمدىكى ناتونۇش ئوبرازىمنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىم ئارقىلىق چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ كىتاب ياپونىيەدىكى روھىي كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى، ھەممىنى خاتىرىلىگىلى بولمايدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا مېنى زىلزىلىگە سالغان بەزى تۇيغۇلار زىيادە نازۇكلۇقى تۈپەيلى قەلەمگە تومتاقلا ئېلىنىپ قالدى، ماكانىمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارىتا باشقا بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدىغان گەپ ئىكەن. ئەسلىدە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا ياپونىيە تەسىراتلىرىم ھەققىدىكى كىتابىمنى يېزىشنى باشلىماقچى ئىدىم، لېكىن بۇنىڭغا دەرس ئۆتۈش، دەرسلىك تۈزۈش بىلەن تۈزۈك ۋاقىت چىقىرالمىدىم، جىددىي ھاۋالە بىلەن «غەربنىڭ تەپەككۇرى»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىدىم. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھاۋالە قىلغۇچىلار ۋاقتىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بەرگەن بۇ ئىشىمنى بۈگۈنكى شەھەر ئۇيغۇرلىرىغا تەبىئىي بىلىنىدىغان بىپەرۋالىق بىلەن بىر يىلدىمۇ يورۇقلۇققا چىقىرىپ بولالمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن باشقىلارنىڭ رايىنى دەپ مەزكۇر كىتابىمنى يېزىپ تۈگەتكۈدەك ئالتۇن ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولدۇم. دوستلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىم يەنە بىر قېتىم مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى.

ياپونىيە ھەققىدىكى تەسىراتىمنى ئاخىر يېزىشقا كىرىشتىم. كىتابنىڭ پۈتۈش جەريانى ناھايىتى جاپالىق ۋە لەززەتسىز بولدى. مېنى ئىزدەيدىغانلار ۋە مەندىن پايدىلىنىدىغانلار مەزكۇر كىتابنىڭ يېزىلىشىنىڭ تالاي قېتىم ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىشلارنى ۋە شەخسلەرنى يېزىشتىكى قىزغىن روھىي ھالىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بەك مۈشكۈل بولدى. كىتابنى يازىمەن دەپ خېلى كۆپ مەنپەئەتلىك ئىشتىن ۋاز كەچتىم. چۈنكى، مۇشۇنداق بىر كىتابنى يېزىشنى ئۆزۈمگە نىسبەتەن قەرز دەپ ھېسابلىغانىدىم.

بىزدە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى، لېكىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى رەسمىي ھالدا قەلەمگە ئېلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئويلاندۇرىدىغانلار يوق ھېسابتا بولدى. جۈملىدىن، ياپونىيەدە ئوقۇغان نەچچە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزمۇ تەرەققىي قىلغان دۇنيانىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئۆز خەلقىگە تۈزۈك بىر ـ ئىككى كەلىمە سۆزلەپ بېرىشكە تېخىچە ئۈلگۈرەلمىدى. شۇنچە كۆپ ۋەتەندىشىمىزنىڭ ئالىي ئىلمىي ئۇنۋانلارنى ئالغۇچە ئوقۇپ، يېگىلىقتا تەشنا خەلقىگە ئاز ـ تولا گەپ قىلىپ بەرمەسلىكى بۈگۈنكى ئۇچۇر ۋە ئەقىل دەۋرىدە ئېچىنىشلىق ئىسراپچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ياپونىيەنىڭ تۈزىنى يېدىم، سۈيىنى ئىچتىم، تالاي ياخشى ئادەمنىڭ دوستانە ياردىمىگە ئېرىشتىم، بۇنىڭغا جاۋابەن، بىرەر ئەقلىي ئەمگەك نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارمىسام سەت بولىدىغاندەك بىلىندى.

ياپونىيەدە تۇز يېگەن ئۆزۈم ۋە نەچچە يۈزلىگەن قېرىندىشىمغا ۋاكالىتەن ياپونىيە ھەققىدىكى تەسىراتىمنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىشقا، ئىنشائاللا، ئاخىر مۇۋەپپەق بولالىدىم.

ياپونىيەدە تۇرۇش ۋاقتىم قىسقا بولدى، قولۇم تېخىمۇ قىسقا بولدى. شۇڭا، ياپونىيەنى تۈزۈك ئارىلاپ چىقالمىدىم، بارغان يەرلىرىم ناھايىتى ئاز بولدى. ياپونىيەدىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشالمىدىم. ھەرقايسى يەردە ئوقۇۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمنى يوقلىيالمىدىم، ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولالمىدىم. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىلەن مۇئەييەن تېمىدا ئەھۋاللاشقان بولسام، مەخسۇس سۆھبەتنىڭ ئۆزىدىنلا بىر كىتاب ۋۇجۇدقا كەلگەن بولار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنداق بولماي قالدى. مېنى ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشنى خالايدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز بولدى. شۇ سەۋەبتىن كىتابىمنىڭ بارلىق مەسىلىگە تولۇق ئىنكاس قايتۇرۇپ كېتەلىشى ناتايىن. بەزى مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىمدە يۈزەكىلىك ۋە سەۋەنلىكنىڭ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. زېرەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق ئويلىنىش يىپ ئۇچلىرىنى تاپالىشىغا ئىشىنىمەن.

بىز دۇنيادا مەۋجۇت، لېكىن دۇنيا بىزنى نېمىشقا تونۇمايدۇ؟ ياپونىيەدە بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ ئېرىشكەن سوئالىم ئەنە شۇ بولدى. شۇڭا، كىتابىمنىڭ ماۋزۇسىنى «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دەپ قويدۇم. بىز 21 - ئەسىردە ئۆزىمىزنىڭ تارىم، ئىلى، يەكەن، كۆنچى، يۇرۇڭقاش، قىزىل دەريا ۋادىلىرىدا ياشاۋاتقىنىمىزنى تونۇپ ۋە مۇئەييەن پرىنسىپىمىز بىلەن تاشقى دۇنيا بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىمىز كېرەك ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. بىز باشقىلارغا ئەگىشىمىز دەپ ئۆزىمىزدىن چەتلەپ كەتتۇق، باشقىلارغا ئىشىنىپ، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەس بولدۇق، ئۆزىمىزگە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن باھا بەردۇق، ئاخىر ئۆزىمىزنى يىتتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويدۇق. ئەمدى، بىز بۇنى تونۇپ يېتەيلى ۋە ئۆزىمىزنى ئىزدەيلى، ۋەزىيەت تەرەققىياتى بىز ياشىغان رايوندىكى ماكان، زامان ئۇقۇمىنى ئۆزگەرتمەكتە. شۇڭا بىز ئۆزگىرىۋاتقان ماكان ئۇقۇمىدىكى يېڭى ئۆزلۈكىمىزنى بايقىشىمىز زۆرۈر.

كىتابنىڭ يېزىلىشىدا ئايالىم جەمىلەنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى كۆپ. ئۇ مەن ئۈچۈن ھەم ئايال، ھەم كاتىپ بولۇپ ياپون تىلىدىكى ئۈچۈرلاردىن بەھرىمەن قىلدى، بىر قىسىم ماتېرىيال، ئىسىم ۋە ئاتالغۇنى تەرجىمە قىلىپ، تەييارلاپ بەردى. ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشنى لايىق تاپتىم. بىز ياپونىيە Rotary كۆلۈبىغا ئائىلە بويىچە رەھمەت ئېيتىمىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى بولمىغان بولسا، ياپونىيەدە جىق قولايسىزلىقتا ئۇچرىغان بولاتتۇق.

سىرتقا چىققاندىلا دوستلارنىڭ كۆپلۈكىنى بايقايسەن، دوست ۋە دۈشمەن ھەققىدىكى بىلىمىڭ ئاشىدۇ، ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە شۇ چاغدا يېتىسەن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

2004 - يىلى 11 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ).

— سۈرە ھەج 46 - ئايەت

سەپەر قىلىڭلار، ساغلام ۋە رىزىق - نېسىۋىلىك بولىسىلەر .

— «سەھىھ ھەدىسلەر» دىن

مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر.

— ئابدۇقادىر داموللا: «ئەدەپ ئاچقۇچى»دىن

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

ئابدۇقادىر جالالىددىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى يۆنىلىشىدە ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن 1964 ـ يىلى مارتتا قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسىدىن ناھايىتى كىچىك قالغاچقا، ئانىسىنىڭ پەرۋىشىدە چوڭ بولغان. 1986 ـ يىلى ئىيۇندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 ـ يىلى ئىيۇندىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن. 2009 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، ھازىرغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئىشلىمەكتە.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئىزچىل تۆردە دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي كەلگەن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كۆپرەك تايانغان. ئۇ 2002 ـ يىلى ئىيۇلدا ياپونىيەدە ئىلمىي تەھسىل قىلىۋاتقان ئايالىنى يوقلاش پۇرسىتىدە خوكورىكو ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئالىي ئىنستىتۇتىنىڭ بىلىمشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بىر يىللىق ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن

2007 ـ يىلى سېنتەبىرگىچە ئەنگلىيەنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىـ.
تېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مۇنبىرىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىـ.
لەن ئىلىم زىيارىتىدە بولغان. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق ئىلىم زىـ.
يارىتىدە ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمـ.
ئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى
يازغان.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىر، ماقالە، تەرجىمە ۋە دەرسلىك
قاتارلىق تۈرلەردىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىـ.
تابنىڭ ئاپتورى ۋە تەرجىمانى. بۇ كىتابلار تېما جەھەتتىن سىياـ.
سىي، پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ، فولكـ.
لور قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي
ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

**شېئىرلار**

«شاراب تومۇرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1993 ـ يىلى نەشرى.

«كۆيگەن دېڭىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى.

«قىشتىكى خامان»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ
يىلى نەشرى.

**ماقالىلەر توپلىمى**

«ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 ـ
يىلى نەشرى.

«ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياـ.
تى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىـ.
ياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا
نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**سايابەتنامىلەر**

«ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**تەرجىمىلەر**

«ئەپلاتون پاراڭلىرى ـــ سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» (ئەركىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىلى نەشرى.

«زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ» (ئاپتورى: فرېدرىخ نىچشې)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (ئاپتورى: ماكىياۋىللى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«غەربنىڭ تەپەككۇرى» (ئاپتورى: م. ئادلېر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«قىزىل خەت» (ئاپتورى: ن. خاۋسورن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى.

«پەزىلەت گۈلىستانى» (ئاپتورى: شياۋلىڭ دىڭداڭ)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«ھايۋانلار قورۇقى» (ئاپتورى: گ. ئورۋېل)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

«غايىۋى دۆلەت» (ئاپتورى: ئەپلاتون)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«ئۆلۈم رەزىل ئەمەس» (تەرجىمە شېئىرلار)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

**تۈزگەن كىتابلار**

«تىل ـ ئەدەبىيات» (ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تولۇقسىز 1 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«يېزىقچىلىق» (يانداشما مەشىق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«تىل ـ ئەدەبىيات ـــ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى»، (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىقلار ئۈچۈن، يالقۇن روزى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى.

«ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئاساسلار» (ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلۇقى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«قەشقەردىكى يەر شارى» (كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن، باشلامچى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ (ئاپتور بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە نەشرى بولمىش «石飞»نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۆتىگەن).

ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى تاراتقۇلارنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە كۆپلىگەن سۆھبەت ۋە بايانغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇ بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنجۇمەنلىرىدە، ئىلمىي ئەنجۇمەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەردە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنلىرىدا، مائارىپ مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى، كادىرلار كۇرسلىرىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىدىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك قاتلاملىرىدا سەمەرىلىك ئەمگەك مېۋە-لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلغان «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. دەۋ-رىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تەقەززاسى ئۇنى پۇبلىستىك ماقالە-لەر ئۇچۇن كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نىشانغا ئالغان قىسقا ماقالىلىرى پەلسەپىۋى تېرەنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە ئىلھامبەخش خا-ھىشلار بىلەن تويۇنغانلىقى بىلەن مەنىۋى زوقتىكى ئالاھىدە بىر قىزغىنلىقنى ياراتتى. ئوقۇرمەنلەر شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىننى بىر ئىجتىمائىي تەنقىدچى سۈپىتىدىكى پۇبلىست سۈپىتىدە قىياس قىلىشىدىغان بولۇشتى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن بۈگۈنكى گۇمانىتار پەنلىرىمىزنىڭ ئاكتىپ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، پەلسەپە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ساھەلىرى بويىچە كىرىشمە ئىزدى-نىشلەردە بولدى ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ تەپەككۇرنىڭ مەلۇم بىر قىرى بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئۆزگىرىشچان ھادىسىلەر دۇنياسىنى ھەرىكەتچان نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئى-لىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مۇرەككەپ رىشتىلىقنىڭ بىر تەرىپى-نى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ چۈشىنىش ئۈچۈن ھالقىما پەنلەر نۇقتىسىدىكى كۆ-

زىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلىرىمىزدە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پىشقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى.

نەشرىياتىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يۈرۈشلۈك نەشر قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە يېڭى نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

شۇنداق قىلىپ، يولغا چىقتىم. ........ 1
پويىزدا........ 9
كۆندىلىك خاتىرەمدىن پارچە........ 20
ھاۋا، سۇ، تۇپراق........ 27
تۇنجى كېچە: توكيو ـ كانازاۋا ئارىلىقىدا........ 50
ئەتىگەندىكى كەنت بازىرى........ 56
JAIST........ 62
سېلىشتۇرما: ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە........ 80
103 ـ نومۇرلۇق ياتاق........ 105
تاتسۇنوكۇچى: يوسۇنلار ۋە پوسۇنلار........ 149
ئادەملەردىن ساۋاق........ 205
جىمجىتلىقتا ئويلىغانلىرىم........ 327
يوللار ئېلىپ كەتتى قايغان بېشىمنى........ 346
مەدەنىيەت مۇزېيى ـ نارا ۋە كيوتو........ 378
توردىكى دىدارسىز پاراڭلار........ 393
يەنە كۆرۈشەرمىز، توكيو ........ 449

www.uyghurkitap.com

# شۇنداق قىلىپ، يولغا چىقتىم

بىر يىل قاتراپ يۈرۈپ، ئاخىر پاسپورتۇمنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ جەرياندا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى يازسام ئىجتىمائىي تېمىدىكى بىر رومانمۇ پۈتكەن بولاتتى. ھاياتنىڭ مەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئۆزگىچە قاتلاملىرى زامانىنىڭ مېنى قاماللاپ تۇرغان يوشۇرۇن قوللىرىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. شائىر ئەنۋەر ناسىرى: «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەنىكەن. ھېلىمۇ ياخشى ئىنسان تۇغما ئارزۇ ئىگىسى بولۇپ يارالغانىكەن، ئەگەر ئارزۇ دېگەن نەرسىنىڭ بىپايانلىقى بولمىسا، ئىنسان بالىسى ئۆزىنىڭ كۆرمىشلىرىگە كۆنگەن ھالدا قېلىپتىن چىققان كېسەكتەك قېتىپ ياشار ئىكەن. شۈكۈر، يالاڭتۆش ـ كۆك نامراتنىڭمۇ چەكسىز ئارزۇسى بولىدۇ، بۇ ئارزۇ ئۇنى توختاۋسىز قىمىرلىتىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئىنسانمۇ ئەنە شۇنداق قىمىرلاش بىلەن ئۆز تارىخىنى يارىتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا چۆكسەك، نى ـ نى ئۆزگىچىلىكىنى بايقايمىز. پاسپورت كۆرۈنمەس بىر پاسىل، ھازىرقى زامان ئادەملىرى بۇ پاسىلنى بويلاپ ماڭغانسېرى، كىشىلىك ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، دۆلەت كىملىكىنىڭ خۇرۇجىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ پېشانەڭدىكى بىر مۆھۈردەك ھاياتتىكى چوڭ ـ كىچىك تاللاشلىرىڭغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

پاسپورتنى ئالغاندىن كېيىن، سەپەر تەييارلىقى پۈتكۈچە بولغان يېرىم يىل ئىچىدە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. بۇنداق قىلىشنى ماڭا زامان كىشىلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئۆگەتتى. 1996-

يىلىمۇ بىر قېتىم پاسپورت ئىشلەتكەنىدىم. بۇ جەرياندا چەت ئەلگە چىقىش توغرىسىدا كۆپ ئادەمگە مەسلىھەت سالدىم. ئەمما نېمىشقىدۇر، شۇ قېتىم قولۇمغا تېگىپ بولغان پاسپورتتىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن ئۆز يولۇمنى تاپقۇچە ئادەملەر مەن خالىمايدىغان بىر يولنى ئالدىمغا توغرىلاپ قويغانىدى. مەن ئادەملەرنى شۇ قەدەر سۆيەتتىم، بۇ بارلىق مەۋجۇداتقا ئۆز ئىشقىنى ئاياۋسىز تۆكىدىغان بىر شائىر بالىنىڭ سۆيگۈسى ئىدى. نەزىرىمدە ئىنسان تەبىئەتنىڭ كاتتا ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆيۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئادەملەر سۆيگۈ ئەقىدەمگە توڭگۇز قوتىنى پۇراپ تۇرغان تاپىنىنى تەگلەشتى. شائىر دېگەن ئوت، ئۇ يېنىپ تۇرمىسا ئۆچۈپ قالىدۇ، يېنىپ تۇرغانىكەن، ئۇنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر بۇ ئوتقا موھتاج تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىشىدۇ. ئوتنىڭ ئالدى - كەينىدە ھەر خىل نەرسە بار، ئۇنى ئۇلغايتىدىغان كۆمۈر بىلەن ئوتۇنمۇ بار، ئۇنى ئۆچۈرىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىمۇ بار. ئوت خەتەرلىك بولۇشىغا قارىماي ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدىن مۇھىم ئورۇن ئالغان.

سەپەر ۋاقتىغا ئاز قالغانسېرى، ئۆزۈمنىڭ چەت ئەلگە ياپونىيەگە چىقىدىغانلىقىمغا شۇنچە ئىشىنىشكە باشلىدىم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھەممە ئىشنى رەسمىي بولغاندا بوپتۇ دېمىسە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرنەرسە دېمەك تەس. بەزىدە مېنى تەشۋىش ئورىۋالاتتى، بۇرۇنقىدەك ئەھۋال يۈز بېرىپ چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇيۇمنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم. تەشنالىق ۋە ئەندىشە بىر - بىرىدىن ئورۇن تالىشىپ، سەپەر ۋاقتىغا قەدەر مېڭەمنى قوچۇپ تۇردى، بەزىدە ئىچىمدىكى سەۋدالار ۋۇجۇدۇمغا پاتمىغىلى تاس قالاتتى. بۇ جاھاندا ئويلىغانلىرىنى تولۇق دېسە، قەھرىمان ئاتىلىدىغان يەرلەرمۇ، ئويلىغانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتەلىسە، قەھرىمان بولىدىغان يەرلەرمۇ بار. بەزىدە مەن ئۆچ - چېكى يوق پىكىرلەرنىڭ ئارىسىدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماڭىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، مېڭىش پەيتىدە كاللامدىكى زىددىيەتلىك ھالەت بارغانسېرى ئەۋجگە چىقىپ، مېنى چارچىتىپ قويغىلى تۇردى. 2002 - يىلى 25 - ئىيۇن ھاياتىمدىكى تۇنجى «كۆچكۈچ» كۈنى ئىدى. مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئىجازىتىنى شۇ كۈنى مېڭىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ئالالىدىم. ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئايالىمنى يوقلاش باھانىسىدە ئۇ يەرنى كۆرۈپ كېلەي دېگەنىدىم. ئايالىم ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنى يوقلاش پۇرسىتى بولمىغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم تېلېفون بەرگەندە يېرىم سائەت ياكى 50 مىنۇت ئەتراپىدا سۆزلىشەتتۇق، بەزىدە ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى نورمال ئادەمنىڭ گېپىگە ئوخشىمايمۇ قالاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىدىن قاقشايتتى، خورسىناتتى، يىغلايتتى، مەن تەسەللى بېرەتتىم. كىچىككىنە ئوغلۇم ئۆزىنىڭ ساددا گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ پىغانىنى تېخىمۇ ئۆرلىتەتتى. مەن ئايالىمغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن سۆز سەنئىتىنىڭ ئۆزۈمگە ئايدىڭ بارچە ماھارىتىنى ئىشقا سالاتتىم، ئۇ بەزىدە ئۈنۈم بېرەتتى. لېكىن ئۈنۈم بەرمەيدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بار ئىدى، بۇنداق چاغلاردا ئىلاجسىز قالاتتىم. قانداقتۇر بىر كۈچ بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي كىشىلىك ھېسسىياتىمىزنى جازالىماقتا ئىدى. ئايالىم مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا، ئائىلىمىزنىڭ سالاھىيىتى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. مەن رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىمنى مەكتەپ پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىرگىنىمدە، ئۇ پاسپورتنى كۆرۈپ باقاي دېدى. بۇنداق تەلەپنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، پاسپورتۇمنى ئۆيۈمدە قويۇپ قويغانىكەنمەن، دەرھال ئۆيگە بېرىپ پاسپورتنى ئەكەلدىم ۋە شۇجىغا بەردىم. پارتكوم شۇجىسى ياڭ بەينەن ئەپەندى پاسپورتنى قولىغا ئېلىپ ئەستايىدىل بىر كۆرۈپ چىقتى - دە، رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىمغا ئىمزا قويدى، سەپىرىمگە ئاقىيول تىلىدى. مەن شۇجى

ئىشخانىسىدىن چىقىپ، مەكتەپ مۇدىرى تۆلەن ئاكىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ ماڭا ئاقيول تىلەش بىلەن بىللە، چەت ئەلدىن چوقۇم قايتىپ كېلىشىمنى قايتا ـ قايتا جېكىلىدى. بىز خوشلاشتۇق. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىم پەقەت مەن سەپەرگە چىقىشقا يېرىم سائەت قالغاندا، تولۇق قانۇنلاشقان بولدى.

ئۆيگە كىرسەم، ئۆيدىكىلەر سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بوپتۇ. بوسۇغىدىن چىقىشىمىز جىم ـ جىملا بولدى. سەپەرگە چىقىشىمدىن خىزمەتدىشىم ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد (بەرقى)، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى دوستۇم ئابدۇقەييۇم ئىمىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئالدىدىكى «قىزىلتاغ» كوچىسىغا چىقىپ، تاكسىدىن ئىككىنى توسۇپ، مەن تۇرۇۋاتقان بىنا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىشتى. يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشتۇق ـ دە، تاكسىغا جايلاشتۇق. قېيىنئانام، قىزىم، ئوغلۇم ۋە ھېلىقى ئىككى دوستۇم بولۇپ ئىككى تاكسىدا پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدۇق. تاكسى مەكتەپ قورۇسىدىن چىققۇچە ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدىم، كۆڭلۈمدە ماڭا تونۇش ھەربىر بىنا ۋە ھەربىر تۈپ دەرەخ بىلەن كۆزۈم قىيىمىغان ھالدا خوشلاشتىم. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ قورۇدا مەن ياشىغان، زىرىككەنلىرىمدە بۇ قورۇدىكى تاش ئالمىلارغا، قارىياغاچلارغا سۈكۈتلۈك قارىغانىدىم، بۇ قورۇدىكى مويسىپىتلەر بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىشقانىدىم. ئۇلار بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن چوڭلار بولغاچقا، كۆڭلۈمدىكىنى ئاسانلا سېزىۋالاتتى. ئۇلارچە، چاقچاق رېئاللىقتىكى مەنىسىزلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى ئىدى؛ ئۇلار قورسىقىدىكى گەپنى بىر ـ بىرىگە دېيىشمەيتتى ـ يۇ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق پاراڭلاردا بىر ـ بىرىگە شېرىك ئىدى. ئۇلار زامانىنىڭ تاۋۇغا يارىشا ياشاشنىڭ سەنئىتىنى يامان ئەمەس ئىگىلىگەنىدى. ئۇلاردىن بىرەر ـ ئىككىسى ئۇچرامدىكىن دەپ خېلىلا قارىدىم. بىرقانچە تونۇش چىراي ئۇچرىغان

www.uyghurkitap.com

بولدى، شۇ ئاندا دەرۋازا سىرتىغا چىقىپمۇ بولدۇق. ئەسلىدە قوشنىلار بىلەن خوشلاشقۇم بار، مويسىپىتلەرنىڭ دۇئاسىنى ئالغۇم بار ئىدى، ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئوچۇق - ئاشكارا دۇئا قىلىشالمىسىمۇ، ماڭا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەر بولغىيدى، مېنىڭمۇ ئۇلارغا سالامەتلىك ۋە بەخت تىلىگۈم بار ئىدى. قىزىم ۋە ئوغلۇم مەكتەپ قورۇسىدا يۈرگەنلىرىدە ئۇلار «داداڭ قېنى، ئاپاڭ نەگە كەتتى؟» دەپ سورىشاتتى، ئامراقلىقى تۇتقاندا ئەركىلىتىپمۇ قويۇشاتتى تېخى. ئۇلار خىزمەت ھاياتىمنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن ئىدى. بىراق، مەن ئۇلار بىلەن خوشلاشمىدىم، مەكتەپ قورۇسىدىن جىملا ئايرىلدىم. بۇ مېنىڭ مەيلىمدىن ئەمەس، بەلكى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مىجەز، خۇي - پەيلىنى كۆزدە تۇتۇشتىن بولدى. بەلكىم، يولئۈس فۇچىك بولسا كېرەك، بىر يازغۇچى: «كىشىلەر، مەن سىلەرنى ياخشى كۆرەتتىم، ئاگاھ بولۇڭلار» دېگەنىكەن. مەن ۋەتىنىمدىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتمەيۋاتىمەن، بەلكى ياپونىيەنى كۆرۈپ كەلگىلى مېڭىۋاتىمەن. سەپىرىم قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى تولۇق ئۆتەش ئارقىسىدا باشلانماقتا. لېكىن مەن چەت ئەلگە ماڭغانلىقىمنى كىشىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. سەپىرىمدىن تەشۋىشلىنىشىم ئارتۇقچە، بەلكى ئۇ بىر نورمال ئىش، لېكىن مەن سەپىرىمنىڭ قانداقتۇر بىر ئادەم تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرىشىدىن قورقىمەن. بۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ ھەيران. جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ سەھنىدە قانۇندىن ئۆزگە باش رولچى بارمىدۇ؟! يوق دەي دېسەم تېخى، بار دەي دېسەم تېخى.

خوشلىشىش مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى ئۆزگە يوشۇرغان بولىدۇ. ئۇ روھنىڭ يېگى بىر پائالىيەت بوشلۇقىغا ئۆتۈش ئالدىدىكى تەمتىرىشى، شۇنداقلا كونا ئەستىلىكلەرنىڭ دەپتىرىنى ۋاقتىنچە (كىم بىلىدۇ، ئەبەدىيمۇ تېخى) يېپىش ۋاقتىدىكى دېلىغۇللۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان ئۆز سەپىرىنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە كەلگۈسىنى ئەقلىي رەۋىشتە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قادىردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان يوشۇرۇن مۇمكىنچىلىكلەرنى پەرەز

قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سېزىمى ھامان چەكلىك. شۇڭا، بىر ئىنساننىڭ پائالىيىتى ئۇنىڭ ئەقلىگە تەئەللۇق مەزمۇنلارنى ھەمدە ئەقلىنىڭ سىرتىدىكى تاسادىپىيلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەپەر غەلىبىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ، بەزىدە ئالىمادىس قازايىقەدەرنىمۇ ئۆزىدىن نېرى قىلمايدۇ. مانا بۇ سەپەر ئالدىدىكى مۈرەككەپ روھىي ھېسسىيات، قۇدرەت ئىگىسىگە بولغا تېۋىنىش، تەقەززا بولۇش ۋە خەۋپسىرەشلەرنىڭ رېئال سەۋەبى.

ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدۇق. ئىستانسىنىڭ كۈتۈش زالى ئالدىدىكى سەينادا ئادەملەر مىغىلدايتتى. بۇ سەينا شەھەر ـ شەھەردىن كەلگەن ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى بىر يەرگە سىغداپ، كىشىلىك دۇنياسىدىكى جان بېقىش ھەلەكچىلىكىنى پىرىبىلاپ كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كىشىلەر ھەر تامان يۈگۈرۈشەتتى، بەزىلىرى كۈتۈش زالىغا ئالمان ـ تالمان كىرىشەتتى، بەزىلىرى كۈتۈش زالىدىن چىقىشاتتى. ئىچكىرىدىن ئىش ئىزدەپ چىققان مەدىكارلار توپ ـ توپى بىلەن كۇدە ـ كۆرپىلىرىنى بامبۇك ئەپكەشلەردە كۆتۈرۈشۈپ قايسىدۇر بىر كوچىغا قاراپ مېڭىشاتتى. توپلىشىپ تۇرۇشقانلارنىڭ ئىچىدە ئىششىزلار، ھايانكەشلەر، دەللاللار، ئوششاق ئېلىپساتارلار، ھامماللار، يانچۇقچىلار... دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر توپى تەرتىپسىز ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى تاكسىدىن چۈشۈرۈپ، مەيداندىكى ھەيكەل مۇنارىنىڭ ئاستىدا تۇردۇق، بىزنى ئۇزاتقىلى چىقىۋاتقان قېيىنئىنىلىرىمنى كۈتۈش كېرەك ئىدى. مۇنارغا پويىز مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى. قايناق سۇ چەينەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋالغان مۇلازىم قىزلار «يۇلتۇز جىلغىسى» تەرەپكە تىكىلىپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار گويا پويىزنىڭ چىقىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇۋاتقان مېھماندوست كىشىلەرنىڭ سىمۋولى ئىدى. ھەمىشە پويىز ئىستانسىسىغا چىققىنىمدا، مېنى قانداقتۇر بىر خاتىرجەمسىزلىك باساتتى. مەن ناتونۇش كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى بىر يەرگە جۈپلەپ قويدۇم ـ دە، بالىلىرىم

www.uyghurkitap.com



بىلەن پاراڭلاشتىم. قىزىم بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۈيچان ئىدى، ئوغلۇم بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنى - بۇنى سورايتتى، ئۇ گويا بىر پەستىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان ھىجراندىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ھەم سۆيۈملۈك، ھەم ھەسرەتلىك ئىدى.

قېيىنئىنىلىرىم يېتىپ كەلدى، بىز يۈك - تاقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كۈتۈش زالىغا جايلاشتۇق. تىقما - تىقما ئادەملەر ۋوگزال ئىشىكىگە تەلپۈنگەن ھالدا ئۆرۈتۆپە بولۇپ تۇرۇشاتتى. مۇلازىم قىزلار كاناي ئارقىلىق تەرتىپنى جىكىلەپ تۇراتتى. ئۇلار يولۇچىلارنىڭ بىسەرەمجان، ئەنسىز تۇرقىغا پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئىززەت تۇيغۇسى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ئاددىي يولۇچىلار ھەرقاچان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدىكى كۆلەڭگىلەر نەدىندۇر كېلىشەتتى ھەم نەلەرگىدۇر كېتىشەتتى. يولۇچىلار پويىزغا چىقىش ئالدىدىكى دەككە - دۈككىدە ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى. بۇ يەردە بىرى يەنە بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى بىكار ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەرتىپسىز ئاۋاز دولقۇنىدا يىمىرىلىپ، يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن گاھ دوستلىرىم بىلەن پاراڭلىشاتتىم، گاھ باللىرىم بىلەن ئۇنى - بۇنى دېيىشەتتىم. ئادەم دولقۇنى ئىچىدىكى ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى ھەر تەرەپتە ئىدى، غەلىتە سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىپادىلىرىگە قىزىقىپ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

ۋوگزالغا بارىدىغان رىشاتكىلىق ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئادەملەر يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ساڭگىل - سۇڭگۇل بولۇشقان ھالدا قاپىقىقى كۆتۈرۈۋېتىلگەن توسمىنىڭ سۈيىدەك ۋوگزالغا تۇتىشىدىغان كارىدورغا قاراپ ئاقتى، بىزمۇ بۇ ئېقىننىڭ بىر مەۋجىگە ئايلاندۇق (كارىدورغا ئىچكىرىلەپ يىگىرمە مېتىر مېڭىشىمىزغىلا ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇرۇمچى شياۋشىمېن بازىرىدىن سېتىۋالغان ئىككى چامادانىنىڭ بىرىنىڭ چاقى چىقىپ كەتتى، قېيىنئىنىم ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى، يەنە بىرىنىڭ تۇتقۇچى لىڭشىپ قېلىپ،

پەستىن تۇتۇپ سۆرەشكە توغرا كەلدى. ئالدىراشچىلىقتا بۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ جېنىغا خويمۇ تېگىدۇ. بۇنى ساتقان گۆش يۇز غوجايىنىنىڭ كۆرەڭ ئەپتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. «سادىغاڭ كېتەي، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقى!» دېدىم ئىچىمدە.

پويىزغا چىقتۇق، يۈك - تاق قويىدىغان يەرلەرنى ئاللىبۇرۇن باشقىلار ئىگىلەپ بولغانىدى، بۇنداق ئىشلارنىڭ قائىدە - تەرتىپىمۇ بولمىغاچقا، سۈرۈشتە قىلغىلى بولمايتتى. يۈك تاقلارنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئورۇنلاشتۇرغان بولدۇق، بۇ جەرياندا قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتىمەن. پويىزنىڭ قوزغىلىشىغا ئازراق ۋاقىت بار ئىدى، مەن پەسكە چۈشۈپ دوستلار بىلەن قۇچاقلاشتىم، پەرزەنتلىرىمنى سۆيدۈم، قېيىنئانا، قېيىنئىنىلىرىمغا ئامانلىق تىلىدىم. ئىچىمدە پىغان بار ئىدى، لېكىن ئۇنى چاندۇرماسلىقتا تىرىشاتتىم. ئايالىم ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، قىزىمىز ۋە ئوغلىمىزنى باغرىغا بېسىپ ئېسەدەشتى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئېغىر بىر كەيپىيات ئىچىدە قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغان پويىزغا چىقتۇق. پويىزمۇ قوزغالدى. ئۇزاتقۇچىلىرىمىزنىڭ قوللىرى ھاۋادا پۇلاڭلىغان ھالدا قېپقالدى، بىزمۇ دېرىزە ئەينىكىگە يۈزىمىزنى ياققان ھالدا سەپەرگە چىقىش ئىرادىسىگە بويسۇنغان بىر چارىسىزلىقنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى تېتىشقا باشلىدۇق.

تاراقشىپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى ئىتتىكلەشكە باشلىدى، بۇ قېتىملىق يولۇچىلار جامائىتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىمىزنى ئەمدى ئېسىمىزگە ئېلىشقا باشلىدۇق. ئايالىم ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە قاراپ قويۇشلىرىمىزدىن باللاردىن، ئانىمىزدىن، دوستلاردىن، ئىنى - سىڭىللاردىن خەيرلىشىپ، يىراق سەپەرگە چىققانلىقىمىز ھەققىدىكى ئورتاق بىر ئېتىراپ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئېتىراپ سۇزۇلۇپ چىققانسېرى، روھىمىزنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىنى ئەندىكتۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پويىزدا

يولۇچىلار ئۆز قىنىغا چۈشۈشتى. ئەمدى ئۇلاردا ئىككى كېچە ـ كۈندۈزلۈك سەپەرگە بولغان روھىي هازىرلىق ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ناتونۇش كىشىلەر تاسادىپىي بىر يەردە بولۇپ قالغاندا تەبىئىي كۆرۈلىدىغان يىتىرقاشلار ھەمكارىۋات ئىگىلىرىدە بىرپەس ئەكس ئەتكەندەك بولدى. بۇنداق روھىي ھالەت كىملەرنىڭدۇر تەشەببۇسكارانە ئېغىز ئېچىشى، پەرۋاسىزلىق، سۈكۈت قىلىش، كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش قاتارلىق ئىنكاس شەكىللىرى بىلەن ئاخىرلاشقاندەكمۇ بولدى. بەزى يولۇچىلار يەپ ـ ئىچىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئۇدۇلىمىزدا شىلەپە كىيىۋالغان، دوغىلاق كەلگەن بىر بوۋاي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قىزىل مەڭزى ۋە تىنىمسىز ھەرىكىتىدىن ساغلاملىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تەمبەل كەلگەن بىر ئايال ئەتراپقا ئېغىر ـ بېسىق نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، بوۋاينىڭ تەلەپلىرى بويىچە گاھ سومكىلارنى قايتىدىن جايلاشتۇراتتى، گاھ يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلانغان يالتىراق خالتىلارنى كارىۋات بېشىدىكى تاختىغا ئىدىيتلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇراتتى، گاھ بوۋايغا قايناق سۇ قۇياتتى. ئالامەتلەردىن ئۇلارنىڭ ئەر ـ ئايال ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدىم.

تەقدىر بىزدەك تىلى ئوخشاشلارنى ئۇچراشتۇرۇپتۇ. شۇنچە كۆپ خەنزۇ يولۇچىنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككى ئۇيغۇر ياكى قازاقنىڭ ۋاگونلاردا دوقۇرۇشۇپ قېلىشى كىشىدە مەلۇم دەرىجىدە دىققەت قوزغىماي قالمايدىكەن. ئۇدۇلىمىزدىكى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۇيغۇر

ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدۇق. بوۋاي بىرگە پات ـ پات قاراپ قويىاتتى، ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىر گەپ ئاچتى:

ــ سىلەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قاپتىمىز، خۇداغا شۈكۈر. يولدا بەزىدە ئاللىقانداق يات كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇپ قالىدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىپ كېتەلمىگەندىكىن، خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىكەن. تىلىمىزنى چۈشىنىشكەندىكىن، ئاسانلا ئىچەركىشىپ كېتىمىز.

ــ شۇنداق، ــ دېدىم مەن بوۋايغا جاۋابەن. ئۆزىمىزچە بىزنىڭ سەپىرىمىز خۇپىيانە سەپەر بولغاچقا، ئارتۇقچە پاراڭغا رايىمىز يوق ئىدى. ئۆزىنى ھېچبىر ئەيىبسىز ھالدا ئەيىبدار ھېس قىلىش، ئۇچرىغانلا ئادەمدىن خاۋاتىرلىنىش تۇرمۇشىمىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى.

بوۋاي بىرپەس جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ خانىمى بوۋاينىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە يېنىك تەبەسسۇم بىلەن ئىنكاس بىلدۈرۈپ قويىاتتى.

ــ تونۇشۇپ قويايلى، 48 سائەتلىك سەپەرنى گەپلەشمەي ئۆتكۈزگىلى بولماس، ــ دېدى بوۋاي، ــ مەن ئەكرەم خەمىدى بولىمەن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئىشلەپ، ھازىر پېنسىيەگە چىقتىم، بۇ ھەدىگىزنىڭ ئىسمى ھاجىتاي بولىدۇ، ئايالىم.

بىز ھاجىتاي ئاپپاي بىلەن سالاملاشتۇق، ئۇ ئايالنىڭ كۆلكىسى يېقىملىق ئىدى.

ــ ھە، نەگە ماڭدىڭلار؟ ــ دەپ سورىدى ئەكرەم پىروفېسسور.

ــ ئوقۇشقا ماڭدۇق، ــ دېدى ئايالىم ئىتتىكلا.

ــ ئىككىڭلار ئەر ـ ئايال ئوخشىمامسىلەر؟

ــ ھەئە، ــ دېدۇق ئەر ـ ئايال ئىككىمىز تەڭلا.

ــ ئەر ـ ئايال ئىككىڭلار تەڭ مېڭىپسىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەتىل قىلىۋاتسا، سىلەر ئوقۇشقا مېڭىپسىلەرغۇ؟ ــ دېدى بوۋاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئايالىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك، ماڭا بىر قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتىمىزنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. يالغانچىلىقنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، بىراق جەمئىيەت ئۇنىڭغا مەجبۇرلىغاندا ئامال بولمايمۇ قالىدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىتى چىنلىقنى ياخشى كۆرگەچكە، يالغان گەپ قىلىۋاتقاندا، مەلۇم ئۇيات كۈچى ئۆزىنىڭ تىكەنلىك قاناتلىرىنى يۈرەكنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئۇرۇپ ئۆتكەندەك بولىدۇ. يالغانچىلىققا ئادەتلىنىپ، ئۇنى دائىملىق كەسىپ قىلىۋالغان ئادەملەردە بۇنداق سېزىم بولامدۇ ـ يوق، بۇنى بىلمەيدىكەنمەن.

ئايالىم يالغان گەپنى تازا قاملاشتۇرالمايۋاتاتتى. يالغانچىلىقتا ئۆزىنى سىناپ كۆرۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندەك قىلاتتى.

ــ ئايالىم ياپونىيەگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى بېيجىڭغا ئۇزاتقىلى ماڭدىم، ــ دېدىم مەن ئەكرەم خەممىدىگە.

ھە، مۇنداق دەڭ، ــ دېدى ئەكرەم خەممىدى. ئۇلار بىزگە تېخىمۇ قىزىقسىنىپ كېتىشكەندەك بولدى.

پاراڭلىرىمىز ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى. ئانچە ـ مۇنچە بوستانلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پويىز دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاقىر دالىلار بىرەر كىمنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتمايتتى. بۇنداق چاغلاردا پاراڭ بىر بولسا زورلاپ سېلىناتتى، بىر بولسا كۆڭۈلنىڭ تەبىئىي زوقىغا ئايلىناتتى.

ئەكرەم خەممىدى ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ تونۇشتۇردى، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك دېگەن ئۇقۇملارنىڭ پەرقسىز گەپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپمۇ قويدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كونىلارنىڭ كاللىسىدا ئۇنداق ئۇقۇم يوق بولۇپ، ئۇلار پەقەت بىر ـ بىرىنى «كاشغەرلىك»، «ئەنجانلىق»، «بۇخارالىق» دەپ ئاتىشار ئىكەن. ھازىر بىز دەۋاتقان ئۇنداق ئاتالغۇلارنى رۇس تۈركولوگلىرى ئىشلەپ چىقىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈۋەتكەنىكەن.

مەن «راست دەۋاتامدۇ ـ يوق» دېگەندەك نەزەر بىلەن ئەكرەم

خەمىدىنىڭ گېپىنى كۆڭۈل بېرىپ تىڭشىدىم. دېمىسىمۇ «سەن پالانى، مەن پوكونى» دېگەن گەپلەر بىلەن قېرىنداش خەلق زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا ئارازلىششلار بولۇپ تۇراتتى. مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق بۈيۈكلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ كۈندىكى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئاشۇنداق خامتالاش قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەن بولغىيمىدى، دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەكرەم خەمىدىدەك گەپ قىلىدىغان «ئۆزبېك» قېرىنداشلارنى ئاز ئۇچراتقاندەك قىلاتتىم.

«ئەكرەم خەمىدى، ھاجىتاي» ئىككىمىزگە نىسبەتەن ناتونۇش ئىسىم ئەمەس ئىدى. مەن بۇ كىشى ھەققىدە ئاڭلىغاندەكلا قىلاتتىم. ئۇ كىشى ئايالىمغا يات ئەمەس ئىكەن، ئايالىم بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ نامىنى ئاڭلىغانىكەن. ئايالىمنىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشى بار ئىدى، مېنىڭمۇ ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكىلەر بىلەن قويۇق ئالاقەم بار ئىدى. بۇ ھال بىزنىڭ ئەكرەم خەمىدى بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنى جىق تېما بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز تونۇشلىرىمىزنىڭ كەسپىي تۇرمۇشى ھەم كىشىلىك تۇرمۇشى ھەققىدە تاغدىن - باغدىن سۆزلەشتۇق. ھاجىتاي ئاپپاي ئۆز قوشنىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاش ئادەمنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىنى مول مەنتىقىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەكرەم خەمىدى «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى» دەۋرىدە ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان تاغىسى نەبىجاننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ئىشلىرىغا ئائىت بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق يولباشچىلار ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

ھېكايىلەرنى ئۇ خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەيتتى، بەزى ھېكايىلەر ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. تارىخ بەزىدە چۇل - چۇل قىلىپ سۇندۇرۇلۇپ، سۇنۇقلىرى ھەر تەرەپكە چېچىۋېتىلگەن چىنىگە ئوخشاپ قالىدۇ، بىز پەقەت ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە سۇنۇقىغا ئىگە، بۇ سۇنۇقلار تارىختىن ئىبارەت بىر پۈتۈن چىنىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمىنى قىياس قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەيدىغان دەرىجىدە كىچىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ چىنە ئۆزىمىزنى بىلىشىمىزدە شۇ قەدەر مۇھىم بولغانلىقتىن، ئاشۇ ناھايىتى چەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ئۇنىڭ ئەسلىي قانداق ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەشكە مەجبۇرمىز. بۇ سۈرەتنىڭ ئەسلىدىكى چىنىنىڭ چىن تەسۋىرىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن چىنىنىڭ سۇنۇقلىرىنى تىرىك شاھىتلاردىن، ئارخىپ ئىدارىلىرىدىن، يەنە ئاللىقانداق پىنھان يەرلەردىن ئىزدەپ تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە زامان كېتىشىمۇ مۇمكىن. تارىخ يېزىش ئارخېئولوگنىڭ چىنە سۇنۇقلىرىنى قاداش - چاپلىشىغىمۇ ئوخشاپراق قالىدۇ. ئەكرەم خەمىدى سانسىز شاھىتنىڭ پەقەت بىرى، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بىزگە چىنىنىڭ نامەلۇم بىر تەرىپىدىن دېرەك بەرگەندەك قىلسىمۇ، ئەسلىي سۈرەت يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى.

ئەكرەم بوۋاي باشتا پەمىدۇر، كۆكمۇچ، پىياز ۋە تۇزلارنى قوشۇپ خام سەي تەييارلايتتى، ئارقىدىن «ئارمان» ئەتكەنچاي تالقىنىغا قايناق سۇنى قۇيۇپ، ئەتكەنچاي ھازىرلايتتى - دە، بىزنى غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بىزنىڭ سەپەرلىك نان - پانلىرىمىز، ئىچىملىك - ئۇسسۇزلۇقلىرىمىز، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىمىز قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، گويا ئىككى ئەۋلادتىن تەشكىل تاپقان بىر ئائىلىگە ئوخشاپ قالغانىدۇق. بوۋاي «ئامىنە» ماركىلىق سەپەر ئوزۇقلىرىدىن يېتەرلىك ئېلىۋالغانىكەن، «خۇشتەم» ماركىلىق تاماق قىيامىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، چوكا بىلەن ئېلىپ تېتىپ قوياتتى. بوۋاينىڭ تېنى ساق ئىكەن، ئۇنىڭ بىردەم - بىردەم قورسىقى ئېچىپ تۇراتتى،

هاجىتاي ئاپپاينى ئۇ ـ بۇ ئىشلارغا بۇيرۇپ تۇراتتى. بۇۋاينىڭ يەيدىغانلىرى ھازىر ئىدى، بىزمۇ ئۇلارغا ئېغىز تېگەتتۇق. يول ئۈستىدە كۆپ نەرسە يېيىشتىن ھەزەر قىلىدىغان ئادىتىم بولغاچقا، داستىخانغا ئانچە ئاكتىپ ئەمەس ئىدىم، بوۋاي ماڭا كايىپ قوياتتى، «ھازىرقى بالىلارزە» دېگەنلەرنى پات ـ پات دەپ قوياتتى.

ئۇنى ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى دېيىشكە بولاتتى، ئۇ تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ بىلگەنلىرى ئوقۇغان مەكتىپىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ئۇنى ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپلىرىنى پۈتكۈزۈپ، باكلاۋۇر بولغان نۇرغۇن ياشقا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ پۈختا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ياشلارنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ كەسپىدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيدۇ. بىر مەمۇرىي خىزمەتچى، بىر باجگىر ياكى بىر دوختۇر ئۆزىگە نان بېرىدىغان كەسپىنى ئاز ـ تولا بىلىۋېلىپلا بولدى قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىراۋ ئۆز تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر بىرەر نەرسە سورىسا، ئېغىزىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىككى ئېغىز گەپ چىقمايدۇ. ئەكرەم خەمىدى بىر ماتېماتىك، لېكىن ئۇ جەمئىيەتنى بىر پېشقەدەم بىلىم ئەھلىگە يارىشا ئوبدان چۈشىنىدىكەن.

پويىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېتىپ باراتتى، ئېغىر بىر زۇلمەت پويىزنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ، ئۇنى ھالسىرىتىپ قويغاندەك قىلاتتى، يىراقلاردىكى چىراغلار دېرىزىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپلا غايىب بولاتتى. پويىزغا چىققاندىن بېرى تىنىمسىز يەپ ـ ئىچكەن يولۇچىلارنىڭ ئاغزى ئەمدى بېسىققاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ توختىماي يېيىشلىرى ماڭا ۋەھىمىلىك بېشارەتتەك تۇيۇلاتتى. 1 مىليارد 300 مىليون خەلق ئەگەر ئاشۇ سۈرئەتتە بىرنەرسە يېسە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا نېمە قالار دېگۈسى كېلەتتى ئادەمنىڭ. بەزىدە كۆز ئالدىمغا باياۋاندا قاغجىراپ ياتقان بىر ئىسكىلىت كېلىۋالاتتى، نېرۋام چىڭقىلىپ بىئارام بولاتتىم. ئەكرەم خەمىدى قىزىق بوۋاي ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قارالڭ ئاۋۇ قىزغا، ئۇ تىنىم تاپماي يەيدىكەن، لېكىن يەنىلا ئورۇق. قاچان سەمرەركىن بۇ ئىنجىماروق، — دەيتتى ئۇ يان بۆلمىدىكى بىر شىداق قىزنى كۆرسىتىپ.

مەن كۈلۈپ قويۇش بىلەن جاۋاب بېرەتتىم.

ئەكرەم خەمىدى ئۇخلىماقچى بولدى، ئىككىنچى قەۋەت ئۈنىڭ كارىۋىتى ئىدى، بىرىنچى قەۋەت ئايالىمنىڭ كارىۋىتى ئىدى. ئەكرەم خەمىدى ھاسىراپ تۇرۇپ كارىۋات شوتىسىغا پۇتىنى ئالدى ۋە خېلى قىيىنىلىپمۇ كارىۋاتقا چىقالمىدى. بۇ چاغدا ئايالىم ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەن ئايالىمنى ئويغاتتىم - دە، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئورۇننى ئەكرەم بوۋايغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەكرەم بوۋايغا: «سىز بۇ يەردە يېتىڭ، مەن ئۈستىدە ياتاي» دېدى. ئەكرەم بوۋاي ئازراق تەكەللۇپ ئىزھار قىلدى ۋە بىرىنچى قەۋەتتىن يەرلەندى.

ئەر - ئايال ئىككىمىز بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئىككىنچى قەۋەتتىن يەرلەندۇق، پويىزنىڭ بىر خىل رىتىمدا تەۋرىنىپ مېڭىشى بىزنى گىرىمسەن ئۇيقۇ شەھىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. پويىز چاقىنىڭ تاراقلاشلىرى جىمىپ كەتكەن ۋاگون ئىچىگە ئاڭلىنىۋاتقان بىردىنبىر ئاۋاز بولۇپ قالدى.

تاڭ ئاتتى، ئويغانغىنىمدا ئاڭلانغان تاراقلاش ئاۋازى پويىزدا ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە سالدى. بالىلىرىم ۋە دوستلىرىم بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى ھەسرەتلىك كەيپىيات سوغۇق سايىسىنى يەنە بىر مەرتەم تاشلىدى، ئۆزۈمنىڭ ھىجران مۇساپىسىدە ئىكەنلىكىمنى قايتىدىن تونۇشقا باشلىدىم.

— تۇر ئورنۇڭدىن يىگىت، ناشتا قىل، — بۇ ئەكرەم بوۋاينىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بولىدۇ، — دېدىم مەن ئەكرەم بوۋايدىن تىنچلىق سورىغاندىن كېيىن. لېكىن يەنە بىرئاز ياتتىم. ھاجەتخانا ۋە يۈز يۇيۇش بۆلمىسى ئالدىدىكى ئۆچرەت ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ھاجەتخانىدىن

چىققان سىسىق پۇراق يۇز يۇيۇش بۆلمىسىدىن كېلىۋاتقان سوپۇن ۋە چىش پاستىسىنىڭ پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان بىر ھىدنى پەيدا قىلاتتى. بەزىلەر خۇددى كەينىدە باشقا كىشى يوقتەك ئۇزۇن تازىلىق قىلاتتى، ساقال ئالاتتى، تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلاتتى. ئادەم زىچ مۇھىتنىڭ ئادەملىرىدە بولىدىغان سوغۇق پەرۋاسىزلىق، ئاممىۋى نەرسىلەرنى ئىشلىتىۋاتقاندىكى كۆرەڭ قىياپەت تاقىتىمنى تاق قىلاتتى. بۇنداق پەيتتە كۆڭ ھەزرەتنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى تەلىملىرى ئېسىمدىن كېچەتتى. «ھېلىمۇ ياخشى، كۆڭ ھەزرەت ئەدەپ ھەققىدە توختىلىپتىكەن» دەيتتىم ئىچىمدە.

يۇزۇمنى يۇيۇپ، ناشتىغا ئولتۇردۇم، بۇ چاغدا باشقىلار ناشتىنى تاماملاپ، پاراڭغا، قارتا ئويناشقا، كىتاب ئوقۇشقا چۈشكەنىدى. ئەكرەم بوۋاينىڭ ئۇيقۇسى ئوبدانلا قانغاندەك تۇراتتى، ئۇ يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى خاربىندىكى بىر تاتار يىگىتكە ياتلىق بولغانىكەن، ئۇ يىگىت تىجارەت قىلىدىكەن. بوۋاي خوتۇنىنى ئېلىپ، قىزىنى كۆرگىلى خاربىنغا كېتىۋاتقانىكەن. ئارىدا جىق گەپ - سۆز بولۇندى، مۇنۇ بىر گەپ دىققىتىمنى قوزغىدى:

تاتارلار 1923 - يىلى خاربىندا قىرىمدىكى بىر مەسچىتنىڭ نۇسخىسىدا مەرمەردىن بىر مەسچىت سالغانىكەن. بۇ مەسچىت ياپونىيە ئىشغالىيىتى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ھەر خىل سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، 1950 - يىللاردىن كېيىن ئۇنى يەرلىك قوراللىق قىسىمنىڭ ئادەملىرى ئۆي قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مەسچىت ھازىرمۇ بار بولۇپ، مەينەت ھەم خانىۋەيران ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ.

مانجۇ، خەنزۇ، رۇس، ياپون مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر شەھەردە تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەرمەر ئىمارەتنىڭ يىگانە ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ تەنھا بىر تىپ سۈپىتىدە تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا

www.uyghurkitap.com

يوقلۇققا چۆكۈۋاتقان كىمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، كىمنىڭ كاپىتانلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش سادالىرىمۇ يوق. كىمە ئۇنىڭغا غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. مەسچىتنىڭ قورالىق قىسىم تۇرالغۇسىغا ئايلىنىشى مەدەنىيەت بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى دىراماتىك باغلىنىشنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىدى.

«بۇ ھال بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقىلسا، مۇسۇلمانلارنىڭ 20 - ئەسىردىكى مەدەنىيەت سەرسانچىلىقىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدىكەن» دەپ ئويلىدىم مەن.

ئەكرەم خەمىدىنىڭ ئېيتىشىچە، مەسچىتنىڭ تارىخى ھەققىدە «خارىبىن گېزىتى»دە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىنغانىكەن. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ رېئال بىر تارىخنىڭ يىپ ئۇچى ئىدى. ئۇنى ئىنقىلاش ئۇچۇن يېتەرلىك ۋاقىت ۋە پۇل كېتىدۇ. قېنى ئۇ پۇل، قېنى ئۇ ۋاقىت؟ ھەسسىنەي!

بىر ماتېرىيالدىن مەيئامىدا 19 - ئەسىردە سىيلىنغان ئىندىيانلار مەكتىپىنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ياۋروپا كۆچمەنلىرى مەدەنىيىتى تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلگەن ئىندىيانلار ھازىرمۇ ئۇ مەكتەپتە پەرزەنتلىرىگە ئانا تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ. ئاپتور ئەنە شۇ كىچىككىنە بىر مەكتەپنىڭ ئىندىيانلار مەدەنىيىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر ئوبراز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىندىيانلار قەلبىدىكى ئىجتىمائىي ئەسنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. بىر خارابە ئىشنى يۈزەكى ئويلايدىغان بازارشۇناس ياكى ئىقتىسادشۇناسنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن تارىخچىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەرقانداق زامانىۋى ئىمارەتتىن مۇھىم. خارابە تارىخنىڭ سۇنۇق ئوبرازى سۈپىتىدە زامان دېڭىزىدا غايىب بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي، سىياسىي سىرلاردىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى زامان ئادەملىرىنى

يوقالغان دەۋر كىشىلىرىنىڭ ۋاقىت رايونىغا مەدەنىي، تارىخىي رەۋىشتە باشلاپ كىرىدۇ. يېڭى ئەۋلادلار ئەنە شۇ يوللار ئارقىلىق ئەجدادلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرىدۇ ۋە ئۆزلىرىدىكى ياتلىشىش تەركىبلىرىنى كېمەيتىدۇ، ئەجدادلىرىغا بولغان ئاسىيلىقنى، تارىخىي ھەقىقەتكە يات سەپسەتىلەرنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، توغرا ئىش قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىر خارابە ئۇنىڭغا ۋارىس ئېتنىك خەلقنىڭ تارىخىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ دەلىلى، خەلق بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە يەرلىك ھەم مىللىي قىممەتنى سىڭدۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىگىدارلىقىنى ھەقلىقلەشتۈرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئەس (social memory) نوقۇل مەنىدىكى خاتىرە پائالىيىتى ئەمەس، ئۇ يېقىن ۋە يىراق زاماندىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ شەخس ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىزچىل تەپەككۇر ھەرىكىتىگە كەلتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەۋلادلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى يېڭىلايدۇ ھەم بېيىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرۈنقىلاردىن قالغان بىر ئەسكى ئۆي، بىر تۈپ دەرەخ ياكى كىتاب دېگەنلەر تارىخ ئۇقۇمىنىڭ ماددىي شەرتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بىز ئەنە شۇنداق تەۋەررۈكلىرىمىزنى يوقىتىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردۇق. بالىلىق چاغلىرىمدا نى - نى ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەر، بايلاردىن قالغان ھەشەمەتلىك قەسىر - سارايلارنىڭ كۇمپەيكۇم قىلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. يېزىلاردىكى كاداڭ دەرەخلەر پولات تاۋلايدىغان ئوچاقلارغا قالاپ تۆگىتىلدى، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان كۆركەم نەقىشلەر كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن ئۆرۈلۈپ، توپا - داڭگاللارغا ئايلاندۇرۇلدى. ئۇلار سەنئەت ئەمەسمىدى، بىر مىللەتنىڭ ئېستېتىك ھاياتىنىڭ سەمەرىسى ئەمەسمىدى؟ يۇرتلىرىمىزدا كۆپ قېتىم كىتاب كۆيدۈرۈلدى، بايقالغان ئاسارئەتىقىلەر ھەر تەرەپكە يۆتكەپ كېتىلدى. قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىدا زامانىۋى بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، دوقمۇشلار ئۆزگىرىپ، ئېتنىك روھ سەرسان بولماقتا.

يۇك - تاقلارنى ئۆلچىگىلى كەلگەن پويىز خادىملىرىنىڭ ۋاراڭ -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چۈرۈگىلىرى دىققىتىمىزنى بۆلدى. كېلەڭسىز چامادانلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇلار يۈك - تاقلىرىمىزنى ئۆلچىۋىدى، 19 كىلوگىرام ئارتۇق چىقتى، ئۇلار پويىزدىكى بارچە نەرسىمىزنى تارازىغا سالدى، مەن يۈز ئېرتىدىغان لۆڭگەمنىمۇ تاشلاپ بەردىم، ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كەتتى. بىر خەنزۇ قىز: «يۈكۈڭلارنىڭ بىرىنى ئاۋۇ قىزنىڭ، دەپ مېنى كۆرسىتىپ قويساڭلار بوپتىكەن» دېدى، بۇنداق ھېيلە ئېسىمىزدىن كەچمەپتۇ. ئايال خادىملار: «ئارتۇق يۈكنىڭ پۇلىنى تۆلەڭلەر» دېدى. بىز: «بېيجىڭ ۋوگزالىدىن چىققۇچە تاپشۇرايلى» دېسەك، ئۇنىمىدى. بىز ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ھەق تۆلىدۇق. ئادەتتە ئارتۇق يۈك - تاقلار ئۈچۈن پۇل ئېلىنغان بىلەن شۇنىڭغا تۇشلۇق ھېچقانداق مۇلازىمەت يوق، يولۇچىلار قىستىلىپ - تارتىشىپ ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ پويىزغا چىقىشىدۇ.

بىز ئەكرەم بوۋاي ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىلەن ۋاقىتلىق خەيرلىشىپ، ئايرىم - ئايرىم تاكسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ماڭدۇق. كەچتە ئۇلارنىڭ ياتىقىغا چىقىپ، بىرپەس پاراڭلاشتۇق ۋە سەپىرىمىزنىڭ ھەقىقىي نىشانىنى ئېيتتۇق. ئۇلار بىزگە ئاقيول تىلىدى.

# كۈندىلىك خاتىرەمدىن پارچە

(2002 - يىلى 7 - ئىيۇن)

سەپەرگە چىققانلىرىمدا ئاندا - مۇندا خاتىرىمۇ يېزىپ قويىمەن، لېكىن ئۇنچە تەپسىلىي يېزىپ كەتمەيمەن. بۇ خاتىرىلەر كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنىڭ ئىسكىلىتى بولۇپ، گۆش، تومۇر ۋە تۇيغۇلار ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. ئاشۇ ئىسكىلىتنى كۆرسەملا، ئەينى ۋاقىتتا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالالايمەن. دەرھەقىقەت، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئىش قوشۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلىلا، ۋۇجۇدۇمنىڭ ئۆزىمۇ بىر خاتىرە، تۇرمۇشنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى روھىمنى چالغىتقاندا، مەن ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى ئويلىمىغان بايانلار ئۆزلۈكىدىن يۈزىگە چىقىدۇ. مەن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېھتىماللىق، ئۆزۈم ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىم مەندىكى مەۋجۇت نەرسىلەرگە نىسبەتەن دېڭىزدىن تامچە. مېنىڭ ئېيتالىغانلىرىم ئۆزۈم ھەققىدىكى يۈزەكى بايانلاردۇركى، مەن تېخى تامامەن ئېچىلمىغان بىر دۇنيا.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مەن سىزگە سىدام يېزىلغان خاتىرەمدىن بىر - ئىككى سەھىپە ئارمىغان قىلاي.

تاكسىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كەلدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭگۈرە تاملىق ئارامبەخش ھويلىلىرىنى ئەسلىتىدىغان دەرۋازا ۋە قورۇ تاملىرى بېيجىڭنىڭ زامانىۋىلىق ۋە ئەنئەنە گىرەلىشىپ كەتكەن قىياپىتىگە نىسبەتەن تامامەن باشقىچە مەنزىرە ئىدى. «باشقارما» دەرۋازىسى قەشقەر ياكى ئاتۇش

www.uyghurkitap.com



يېزىلىرىدىكى قايسىدۇر بىر باينىڭ قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاق سىرىق قورۇ تاملىرى قەشقەرنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقتا پىشقان سوقما تاملىرىنى، سەھرالىرىمىزدىكى خام كېسەك ئۆيلەرنى، قەشقەر شەھىرىدىكى كونا سېپىللارنىڭ ئۈستىگە ئۇ سېلىنغان ياندا شما ئۆيلەرنى ئېسىمگە سالدى. بۇنداق تونۇشلۇق ۋە ئۆز يۇرت تۇيغۇسى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدىن باشقا ياققا قارىسا يوقاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئىككى كۈنلۈك پويىز سەپىرى پەيدا قىلغان ھارغىنلىقنى ئاز - تولا بولسىمۇ چىقارغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ بۇ قورۇغا تۇنجى قېتىم كېلىشىم ئەمەس ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ تۆتىنچى قېتىملىقى بولسا كېرەك. دەرۋازىدىن كىرسىلا ئۇدۇلدىكى بىرىنچى بىنا كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ، بۇمۇ تىپىك ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى بىنا بولۇپ، گەرچە ئۇ بېيجىڭدىكى باشقا بىنالاردەك ئېگىز بولمىسىمۇ، مېھرىلىك ئىدى.

قورۇنىڭ ئىچى نېمە ئۈچۈندۇر بۇرۇنقىدەك پاكىز ئەمەس ئىدى، قارىغايلارمۇ قېرىپ قاغدالما بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. يان تەرەپكە قۇرۇلۇش سېلىنىۋاتقانىكەن، قورۇنىڭ ئىچىدىكى دەرەخلەر تېخىمۇ ئازلاپ كېتىپتۇ، دۆۋىلەنگەن شېغىللار ۋە پولات چىۋىقلار، چېپىپ يۈرگەن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى، قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان ئاۋازلار، ئولتۇرۇشۇپ ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن يوللار قورۇنىڭ ئىچىنى بىسەرەمجان كۆرسىتەتتى. قورۇغا كىرە - كىرمەستىنلا ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى بولاتتى. لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەمنى قوينىغا ئالغان پايتەختنىڭ باشقا كوچىلىرىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇلارنى پويىزدا ئۇچرىتىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنداق ھالدا كىشى ئاز - تولا ئۇيغۇرسىراپمۇ قالاتتى. مەن ئۇچرىغانلىقى ئۇيغۇرغا سالام بېرىشكە تەمشىلەتتىم، لېكىن ئۇلار مەندەك يەنە بىر قېرىنداشقا نىسبەتەن بىپەرۋا ئىدى. بەزىلىرى يىراقتىن ھەيۋىلىك بىر قاراپ قويۇپ، يېقىن كەلگەندە قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بەزىلىرى ھارغىن كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېلىدىغانلار بىر بولسا كادىر، بىر بولسا چەت ئەللەرگە چىقىش

ئۇچۇن قاتراپ يۈرگەن سودىگەرلەر ياكى ئوقۇغۇچى، يەنە بىر بولسا دەۋا ئىشلىرى ئۈچۈن كەلگەن دەۋاگەرلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئۆز شەخسىيىتىنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا كۆز - كۆز قىلىش ياكى ئۇلاردىن قېيىداش ئارقىلىق ئاۋۇندۇراتتى. بىر بولسا ئارتۇقچە ھاكاۋۇرلۇق، بىر بولسا ئارتۇقچە كەمتەرلىك ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان كىشىلەر ئىپادىلەيدىغان بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل پوزىتسىيە بولۇپ، بۇلارنى مۇشۇ قورۇدا مېڭىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپتىدىن تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ يەر بېيجىڭدا ئۇيغۇرچە گەپنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بىردىنبىر ئورۇن بولۇپ، تونۇش گەپ - سۆزلەر ۋە تونۇش مىجەزلەر ئادەمنىڭ ئاۋات شەھەردىكى ياتسىنىش تۇيغۇسىغا ئازراق تەسەللى بولاتتى. باشقا يەرلەردىن ياتاق تېپىش ئۇلار ئۈچۈن ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرلەرنىڭ ياتاقلىرى قىممەت ئىدى. شۇڭا بىز چۈشكەن بۇ جاي ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر مۇساپىرخانىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، 1995 - يىلى چاڭچۈندىكى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپونچە ئۆگىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلدە يۇرتلىرىغا قايتىشقانىدى، ئاياللىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. مەنمۇ دەل شۇ مەكتەپتە ئۈچ ئايلىق ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىللە قايتىۋاتاتتىم. بۇ مەزگىلدە پويىز بېلەتى ئېلىش ناھايىتى تەس ئىكەن. چاڭچۈندىن چىققان پويىز ئەتىسى ئەتىگەندىلا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى، سەپەرداشلار يۈك - تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ پويىزدىن چۈشتۇق، بەزىلەر بېلەت ئېلىشقا تۇتۇندى، بەزىلەر يۈكلىرىنى ۋوگزال ئەتراپىدىكى ئامانەتخانىغا قويۇپ، نەگىدۇر غايىب بولۇشتى. بىز بىرقانچەيلەن يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىپ، شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تاكسى كىرالىدۇق. ئادەملەر توشۇپ كەتكەچكە، بۇ يەردىن ياتاق ئالالمىدۇق، كەچتە بىر گەپ بولۇپ قالار، دەپ بېلەتنىڭ كويىغا چۈشتۇق. بېلەت ئالالمىغانلار كۆپ ئىدۇق، كەچتە ھېرىپ جۇلۇقمىز چىققان ھالدا شىنجاڭ ئىش بېجىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باشقارمىسىغا بارساق، يەنە ياتاق يوق بولۇپ چىقتى. ئەتراپتىكى باشقا مېھمانخانىلاردىن قونالغۇ ئىزدىدۇق، مېھمانخانا قوبۇلخانىسىدىكى مۇلازىملار بىزگە بىر قاراپلا ياتاق يوق دېيىشەتتى، شەخسىي ياتاق غوجايىنلىرىمۇ كىملىكىمىزگە قاراپ ياتاق يوق دەپ قايتۇراتتى. تۈن نىسپى بولاي دېگەندە گەنجياكۇ ئەتراپىدا تېنەپ يۈردۇق، بۇ يەردە بىر كوچىدا مەخسۇس ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى بار ئىدى، لېكىن بۇ چاغدا ھەممە ياق تىنچىپ كەتكەنىدى. ئارىمىزدىن بىرى بۇ يەردە بىر ئۇيغۇرنىڭ سارىيى بار دېگەچكە، بۇ كوچىغا كىرىپ شۇ سارايىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتۇق. ساراي خىزمەتچىسى ياتاق بار دەپ بىزنى ئىچكىرىگە باشلىدى. بىز ئادەم بېشىغا ئون يۈەندىن پۇل تۆلەپ بىردىن كارىۋاتقا ئېرىشتۇق. ياتاقلار تولىمۇ ئاددىي ھەم دېگەندەك پاكىز بولمىسىمۇ، بىزگە پاناھلىق بېرەلىگەنىدى. دىل دىلنى، تىل تىلنى تونۇمىغان يەردە پاناھگاھنىڭ تېپىلىشى تەس ئىكەن، دەپ ئويلىدىم مەن شۇ كۈنى.

باشقارما رېستورانىغا كىرسىڭىز ئۇيغۇرچە تاماقلارنى يېگىلى بولىدۇ، ئىشىكتىن كىرىشىڭىز بىلەنلا بۇرنىڭىزغا كۆچلۈك ئىسپىرت پۇرىقى پۇرايدۇ. ھاراق ئىچىشىپ، قىزىپ قىلىشقان ھەر مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى رېستوراننى قىزغىن كەيپىياتتا كۆرسىتەتتى. بۇ يەر پەقەت مىللىيچە تاماق خۇمارىنى قاندۇرۇشقىلا بولاتتى، لېكىن بەخۇدۇك پاراڭلاشقىلى بولىدىغان ياكى ئارام ئالىدىغان تىنچ جاي ئەمەس ئىدى، بۇ يەردىمۇ جۇڭگودىكى بارلىق ئاشخانىدىكىگە ئوخشاش يەپ - ئىچىش پەيتىدىكى ئەسەبىي قىيقاس - سۈرەنلەر ۋە ھاياجانلار قورۇملار بىلەن گىرەلەشكەن داغدۇغىنى پەيدا قىلاتتى. زال ئۇيغۇرچە زىننەتلەنگەن بولۇپ، تاملىرىغا شىنجاڭ مەنزىرە رەسىم - سۈرەتلىرى ئېسىلغانىدى. مۇلازىم قىزلارمۇ ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىيىپ يۈرۈشەتتى. بۇ ھال تامدىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ سۈرىتى بىلەن تەبىئىي ماسلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. زال، تاماق، كىيىم قاتارلىقلار ئۇيغۇرچە

ئىدى. كۆتۈش ۋە كۈتۈنۈشلەر خەنزۇچە ئىدى. خېرىدارلارنىڭ تولىسى ھەر خىل قورۇمىنى تىزىپ ئولتۇرۇپ، مەززە قىلىپ يېيىشەتتى، قورۇمىلارنى چوكا بىلەن قىسىپ، بىر - بىرىنىڭ تەخسىسىگە سېلىشاتتى. ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيگەن مۇلازىم قىزلار ئەمدىلا قۇرۇقدالغان قەدەھلەرنى ھاراق بىلەن تولدۇراتتى، مېھمانلار قەدەھلەرنى سوقۇشتۇرۇپ، ھاراقلارنى ئۆزلىرىنى ھەر كويغا سالغان قورساقلىرىغا راۋان قىلىشاتتى. بۇ يەر تۈرلۈك ئىقلىمدىن كەلگەن مېھمانلارغا ھېچنېمىنى ئىلغىمايدىغان بوگۇنكى ئەبجەش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىماسىنى ئاز - تولا نامايان قىلاتتى. داستىخانلاردا خالىسلىق بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ساھىبخانا كۆپ ھالدا غەرەز بىلەن مېھمان كۈتەتتى، مېھمانلارمۇ غەرەز بىلەن يەيتتى، تېخى بىرمۇنچە ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانچە دۇئا قىلىشىپ، «رەھمەت»، «ھەشقاللا» بىلەن تارقىشاتتى.

1993 - يىلى كۈزدە بىر قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى مۇراسىمى» مۇشۇ قورۇدا ئۆتكۈزۈلگەندى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندى ئۇيغۇر يازغۇچىلارغا مۇشۇ تاماق زالىدا زىياپەت بېرىپ، باشقىلارغا قېتىلىپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئوقۇغاندى، ئۇسسۇلمۇ ئوينىغاندى. موڭغۇل يازغۇچىسى مالچىنخو ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىغا قەدەھ تۇتۇپ، «موڭغۇللارنىڭ بىر قانىتى ناخشا، بىر قانىتى ھاراق» دېگەندى. شۇ چاغدا مەن: «موڭغۇللارنىڭ قانات ئۇقۇمىدا زور ئۆزگىرىش بوپتۇ، چىڭگىزخان ئات بىلەن قىلىچنى قانات قىلىپ ۋولگا بويلىرىغا بارغانىدى» دېگەندىم ئىچىمدە.

1997 - يىلى كۈزدە ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (ھازىرقى «جۇڭگو مىللەتلىرى») ژۇرنىلىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 20 دىن ئارتۇق ئەدىب جۇڭگودىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىپ، بېيجىڭغا كەلگەندۇق. شۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com

ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر دوپپىسىنى كىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى زوردۇن سابىر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەنىدى. بۇ قېتىملىق سەپەردە زوردۇن ئاكا ئىككىمىز جىق سىرداشقانىدۇق. بۇ ئەدەبىيات مۆتىۋەرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەسرىتىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىر يازغۇچىنىڭ ھەسرىتىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىگە ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ مېھنىتى ۋە شۆھرىتىگە خەلق ئىگە، نادان ئەلنىڭ يازغۇچىسى تېخىمۇ شۇنداق ھالغا قالىدۇ. زوردۇن ئاكا ئىككىمىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن بۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە دوكلات بەردۇق. دوكلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىزگە ھەمراھ بولغان مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن ئارىز بىزنى مېھمان قىلدى، بېيجىڭنىڭ «ئەرگوتو» ھارىقى مېنى خېلى قىزىتىپ قويۇپتىكەن، ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ياتىقىمىزغا قايتقۇچە زوردۇنكامنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋېتىپتىمەن. ئۇ ئادەم: «ھوي، بېلىم غىرىسلاپ كەتتى» دېدى. ئەتىسى ئۇنىڭدىن: «ئارتۇق گەپ - سۆز قىلىپ قويمىغاندىمەن» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق، ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى، خۇش تەبىئەت ئادەملەر مەست بولغاندىمۇ ياخشى گەپ قىلىدۇ، بەتخۇي ئادەملەر مەست بولسا سەت گەپ قىلىدۇ» دېگەنىدى.

بېيجىڭغا بارغان نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ھەققىدە ئۆزىگە لايىق ئەسلىمىسى باردۇ، مېنىڭ بۇ يەر ھەققىدىكى تەسىراتىم بارغانسېرى كۆپ تەركىبكە ئىگە بولۇۋاتاتتى. گەنجياكۇدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەتراپتىكى ئاۋاتچىلىق سۇسلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئاشخانا جايلاشقان ھېلىقى كوچىلار ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈك بازىرىنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ئوخشايتتى. ئاشخانا ۋىۋىسكىلىرىغا ھەركىم ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى يوغان قىلىپ يېزىۋالاتتى. كوچا تار ھەم مەينەت بولۇپ، ھەممە نەرسە سېتىلاتتى، ھەتتا كىتابخانىلارمۇ ئۇچرايتتى. ئاشخانىلار دېگەندەك پاكىز بولمىسىمۇ، تاماقلىرى مەززىلىك ئىدى. ئەمدىلىكتە

بۇ كوچا رەتلىنىپ، ھەشەمەتلىك زامانىۋى بىنالار ئورۇن ئاپتۇ، گەپكە چاققان ئاشپەز ئۇستاملارنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى تامامەن غايىب بوپتۇ.

بۈگۈن بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ خەيدىيەن كىتاب شەھەرچىسىگە باردۇق. يۈكىمىزنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاران ئىككى پارچە كىتاب سېتىۋالدىم، بۇ كىتابلارنىڭ بىرى پوۋالېرنىڭ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە ئەبجەش پاراڭلار» دېگەن ئەسىرى، يەنە بىرى جون دېۋېينىڭ «دېموكراتىزم ۋە مائارىپ» دېگەن ئەسىرى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى



# هاۋا، سۇ، تۇپراق

بېيجىڭ ۋاقتى سائەت ئالتىدە تاكسىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئەتىگەنلىك ھاۋا بىرئاز تۇمانلىق بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىنالار، پىيادىلەر كوچىسىدىكى ئادەملەر، گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى كىشىگە دۇغ بوياق رەسىمدەك كۆرۈنەتتى.

مەندە يېڭى سەپەرگە چىقىشنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن تەشۋىشى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا قەلبىممۇ بىر تۇمانلىق دۇنيا ئىدى. قەلبىمدىكى تۇمان سىرتقا ئېقىپ چىقتىمۇ ياكى سەھەردىكى پايتەخت تۇمانلىرى قەلبىمگە ئېقىپ كىردىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. شەھەردىن يىراقلىغانسىرى ئۆتمۈشۈم تۇمان ئىچىگە غەرق بولۇپ، ئەس - خىياللىرىم سۇغا چۈشۈپ كەتكەن پۈتۈكلەردەك غۇۋالىشىپ كەتتى، بىردىنلا ئۆزۈمنى تۇمانلىق دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىك بەندىسىدەك ھېس قىلىپ كەتتىم.

ئايرودرومغا يېتىپ باردۇق. يۈك - تاقلىرىمىزنى تارازىغا سالدۇق، يۈكىمىز بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن 19 كىلوگىرام ئارتۇق كەلدى. ئەگەر ھەر كىلوگىرامىغا 80 يۈەندىن پۇل تۆلەشكە توغرا كەلسە، 1500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنى ئويلاپ جىددىيلەشتىم. ئەر - ئايال ئىككىمىز تاموژنا خادىملىرىغا ئوقۇغىلى كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى، چامادانىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەرزان كىيىم - كېچەك ۋە كىتابلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئېتىبار قىلىشنى كېرەكلىكىنى تەكرار - تەكرار چۈشەندۈردۇق. لېكىن، تاموژنا خادىملىرىنىڭ چىرايىدا ھېسداشلىق

ئالامــەتلىرى كۆرۈنمــەيتتى. بىــر تــۇرۇپ چامــادانىدىكى كىتــابلارنى چىقىرىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكۈم كەلدى. چۈنكى، شۇ كىتاب دېگەن نەرسىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئىزچىل تارتىپ كەلگەنىدىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنى بېسىۋالغۇم كەلدى. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا زىيان تارتىشىم ئېنىق ئىدى. ئۇ كىتابلارمۇ پۇلغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىتابلار مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەر ئىدى، كىتابلارنى تاشلىۋېتىشىم مەلۇم دەرىجىدە قېيىداش مەنىسىگە ئىگە بولۇپ قالاتتى. قېيىدىسام بولمايتتى. چۈنكى، بۇ قېيىداش يارىشىدىغان بىر مۇھىت ئەمەس ئىدى. بۇ مۇھىتتا ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولماقچى ئىدى! ئاخىر نىيىتىمدىن يالتايدىم. ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئوشۇق يۈك ئۈچۈن 1200 يۈەن پۇل تۆلىدۇق. ئۆزۈمدىن بىرى تۈزۈك كىتاب ئوقۇش پۇرسىتى بولماي كەلگەنىدى، ئەدناسى پاسپورت ئۈچۈن يول ماڭغان بىر يىل ئىچىدە بىرەر پارچە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باققان ئەمەسمەن. ئۇ چاغلاردا چېچىلاڭغۇ ھەم تېرىككەك بولۇپ كەتكەنىدىم، ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىم، ھوقۇقۇم ۋە مەۋجۇدىيىتىم توغرىسىدىكى ئەندىشىلىك ئويلار ئىچىمنى ئادىتاتتى، ئۇيقۇم قاچاتتى، ئىشتىھايىم تۇتۇلاتتى. ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوفنىڭ «ھەسرەت» ناملىق ھېكايىسىدە هارۋىكەش ئىۋانوف بوۋاي ئۆز دەردىنى ئېتىغا سۆزلەپ بېرىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئۇنداق ئېتىممۇ يوق. ئىچىڭ سۆزلىگۈدەك نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن چاغلاردا كىتاب ئوقۇغۇدەك رايىڭ بولمايدۇ. بۇ قېتىم ياپونىيەدە ئارامخۇدا كىتاب ئوقۇۋالارمەن دەپ ئون - يىگىرمە پارچە كىتاب ئېلىۋالغانىدىم، بۇ كىتاب تاموژنىغا كەلگەندە ماڭا يۈك بولدى. ھازىرغا قەدەر كىتاب ئوقۇغاننىڭ دەردىنى تارتتىمكى، پايدىسىنى كۆرمىدىم.

- كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يازدىم، ئېرىشكەن قەلەم ھەققىم ئۇنىڭ چىقىمىنى بويلىيالمىدى.
- كىتاب ئوقۇپ ئۇنى - بۇنى يېزىپ ئاز - تولا شۆھرەتكە ئېرىشتىم.

www.uyghurkitap.com



لېكىن، ھەسەتلىك كۆزلەر ۋە غەرەزلىك سۆزلەرگە قەدەمدە بىر يولۇقتۇم.

كىتاب ئوقۇيمەن دەپ كىتاب سېتىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئايالىم ۋە پەرزەنتلىرىمنىڭ خىراجىتىنى قىستىم.

ئۆيۈم كىتاب بىلەن توشتى، كاللام تەپەككۇر بىلەن. لېكىن كىتاب قويغۇدەك ئۆي، كېپىمنى ئاڭلىغۇدەك ئۇلپەت يوق.

مەن كىتابنى كۆتۈرۈپ كەلدىم، شۇ تەقلىدتە 40 ياشقا كىردىم، كىتابنىڭ مېنى كۆتۈرگىنىنى تېخى كۆرمىدىم.

كىتاب ئوقۇغانسېرى ئەتراپىمدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئوي - خىياللارنى سۈرىدىغان بولۇپ قالىسەن، شۇ تۈپەيلى كىشىلەر سېنى تاشلىۋېتىدۇ، سەن بىگانىلەرگە ئايلىنىپ كېتىسەن.

بىلمىگەننىڭ دەردى باشقا، بىلگەننىڭ دەردى باشقا. بىلمىسەڭ، دەردىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي سېزىمچانلىقى تۆۋەن بىر جانىۋاردەكلا خالاس تاپىسەن. بىلسەڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ باياۋانغا ئايلىنىسەن، پىكىر قوقاسلىرى سېنى ئارام تاپقۇزمايدۇ. چارچايسەن، قاقشايسەن، باتنايسەن، پاتمايسەن، ياتمايسەن... ھالىڭدىن كېتىسەن.

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەر ناھايىتى تولا، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىدىن مەنلا ئەمەس، كىتاب ئوقۇمايدىغانلارمۇ گۇمانلانمىسا كېرەك. ئۆمۈر بويى تىرىشىپ ئۆگەنمىسە بولمايدىغان بۇ زاماندا كىتاب ئوقۇش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلار بۇ دەۋرنى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمما، بىلىم ئىگىلىكى بىزدىكى ھوقۇق ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئىلىپ بولالمىغاچقا، كىتاب ئوقۇغانلارنىڭ ئابرۇيى تېپىپ كېتىشى ناتايىن.

كىتاب ئوقۇغانلارنى لازىم قىلىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزم بارلىققا كەلمىگۈچە ئوقۇمۇشلۇقلار جاھانسازلارنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە كىتاب سېتىۋالىمەن، يەنە كىتاب ئوقۇيمەن. بىلىشتىن كەلگەن دەرد باغرىمنى زېدە قىلسىمۇ، ئەنە شۇ زېدە ئىلكىدە ئىنسانغا خاس مەۋجۇتلۇقۇمنى تاپالايمەن.

تاموژنىدىكى تۈرلۈك رەسمىيەت ۋە تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپ، ئايروپىلانغا چىقتۇق. چىققىنىمىز پاكىستاننىڭ ئايروپىلانى ئىدى. ئايروپىلان كۈتكۈچىلىرىنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئاياللارمۇ، ئەرلەرمۇ بار ئىكەن. بەزى ئەرلەر ھەتتا 40 ~ 50 ياشلار چامىسىدا ئىكەن. مەن ئەسكەردىن قايتقان ئەرلەرمۇ ئايروپىلان مۇلازىمەتچىلىكىنى قىلسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدىم. مۇلازىم ئاياللار پاكىستاننىڭ مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىشكەن بولۇپ، بەزىلىرى ھارغىن، بەزىلىرى سالقىن كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىزدەك يولۇچىلارنى كۆپ كۆرگەچكە ھەم بۇ ھاۋا يوللىرىدا كۆپ ماڭغاچقا، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە بىر خىل ئىشتىياقنىڭ تۈرتكىسىدە مۇلازىمەت قىلماستىن، بەلكى مەجبۇرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە مۇلازىمەت قىلسا كېرەك. نېمىلا دېگەنبىلەن پاكىستاننىڭ مىللىيچە مۇلازىمەتلىرى كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈندى، بۇنداق سىياقتىكى پاكىستان ئاياللىرىنى «مىراسخور» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە كۆرگەنىدىم. ئۇيغۇر جەمئىيىتى پاكىستان فىلىملىرىگە ھېرىسمەن بولغاچقا، پاكىستان تۇرمۇشىدىكى ئوبرازلار كۆزۈمگە سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئالدىمدىكى سىمالار گەرچە ماڭا يات بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنچە ياتسىراپمۇ كەتمىدىم.

ئايروپىلاندىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىدىن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنى ئېسىمگە سالدى. ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەردە تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشنى، كوچىدا كېتىپ بېرىپ بىرنەرسە يېيىشنى، كاسىسىنى دۇتاردەك، پاچىقىنى تەمبۇرنىڭ دەستىسىدەك چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. يات ئىقلىملاردىن كەلتۈرۈلگەن كىيىم ۋە چاچ پاسونلىرى، قىلىق - ئادەتلەر

www.uyghurkitap.com



شەھەرلەشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رومانتىك ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئايلىنىپ، مىللىي كىيىم - كېچەكلەر سەھرادىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ قالدى. گۈزەل ۋە رەڭدار مىللىي كىيىم - كېچەكلەر خىلۋەت سەھرالىرىمىز ۋە سەھنىلىرىمىزدىلا قالدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغان ھالدا خەلقئارا ھاۋا قاتنىشىنىڭ مۇلازىمەلىرى بولمىش پاكىستان ئاياللىرىنىڭ ئۇچىسىدا مىللىي كىيىم تۇراتتى. خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇرلار زامانىۋىلىشىشنى كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكتىن باشلاپ، بۇنى باشقىلارغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. باشقىلار بولسا زامانىۋىلىشىشنى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، تەپەككۇردىن باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى زامانىۋى قاتناش ۋاستىسى بولمىش ئايروپىلانغا پۈتلاشمىغان، بەلكى بۇ مىللىي قىياپەت ئوبراز يارىتىپ، مۇلازىمەتتىكى جەلپكارلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان. مىللىي ئوبراز بازار ۋە ئىستېمالىزم دەۋرىدىكى چوڭ كوزىر بولۇپ قالدى، كىشىلەر ھازىر ئوبرازدىن كېلىدىغان ئىبتىبتىنىڭ سەزگۈنى پۇلغا ئايلاندۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئايروپىلان قوزغىلىشقا ئاز قالغاندەك تۇراتتى، «ھاۋا پەرىلىرى» بەلتاسمىنى ئوبدان تاقىشىمىزنى جېكىلىدى. ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزلىرىمۇ ئوردۇچىلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇغا كېتىشكەن بولۇپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى ئالامەتلەرگە قىزىقىشى يوقتەك تۇراتتى. بەلكىم ئۇلار بۇ يولدا تولا مېڭىپ، تويۇنۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە پاكىستانلىقلار، جۇڭگولۇقلار ۋە ئاز - تولا ياپونلار بار ئىدى، پەرەڭلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. خادىملار ھەربىرىمىزگە بىردىن ئەدىيال تارقىتىپ بەردى، ئەدىيالنى يېپىنىپ، ئۇچۇشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇردۇق. ئۇدۇلىمىزدىكى ئېكراندا تاسادىپىي ئەھۋالدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىلىرى چۈشەندۈرۈلمەكتە ئىدى.

توساتتىن قىرائەت ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازدا مۇڭ، جازىبە، سۈر

ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇنقى دۇئا ئىدى. چەت ئەل سەپىرىمنىڭ دەسلىپىدىلا مۇسۇلمان خەلقتىن تەشكىل تاپقان بىر دۆلەتنىڭ ئاۋىياتسىيە مەشغۇلاتىدىن مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ بىر بەلگىسىنى ئۇچراتقان بولدۇم. بىزدىكى ئۆزىنى زىيالىي دەۋالىدىغان بەزىلەر بۇنداق ئىشنى خۇراپىيلىق دېيىشىدۇ. بىر نەرسىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ئۆزى خۇراپىيلىقتۇر، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، زامانىمىزنىڭ نادان كىشىلىرىدىن تۇرلۇك مەنىدىكى خۇراپىيلىقنى يەتكۈچە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئايروپىلان زامانىۋى قاتناش ۋاستىسى، ئۇ پەن - تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇ تاپتا ئۇنىڭدا دۇئا بولۇۋاتاتتى. بۇ مۇھىتتا ئىنسانىيەت تەپەككۇرىدىكى پەن ۋە ئېتىقاد ئامىللىرى تەبىئىي رەۋىشتە بىر گەۋدىنى هاسىل قىلىپ تۇراتتى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدە نازۇك تېخنىكا بىلەن قوراللانغان بەش بۇرجەكلىك بىنا ئۆزىگە سوقۇلۇش ئالدىدىكى ئايروپىلاننى سېزەلمىدى (بەلكىم، سېزىشنى خالىمىغاندۇ). شۇنىڭدەك ئايروپىلانلارنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئىشىتىپ تۇرىمىز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

ئىنسان ئىككى قات چەمبەر ئىچىدە ياشايدۇ: ئىچىدىكى چەمبەرگە ئىنسان ئۆزى هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئىنسان بۇ دائىرىدە ئۆز ئىختىيارى بويىچە هەرىكەت قىلىدۇ. مىسالەن، ئالدىدا تۇرغان پىيالىگە چاي قۇيۇش، بىرەرىگە تېلېفون قىلىشنى قارار قىلىش؛ تېشىدىكى چەمبەر ئىنسانغا هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، بۇ چەمبەر ئىنسان ئۆزى هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان چەمبەر ئىچىدىكى ئىشلارنى قانۇنىي ئىدارە ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بىز ئالتۇننىڭ تۆك ئۆتكۈزۈش قانۇنىيىتىنى، يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئىجاد قىلالمايمىز، لېكىن بايقايمىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمىز. بىزنىڭ تىرىكچىلىك هەرىكىتىمىز ئەنە شۇ قانۇنىيەت ئىدارىسىدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىنسانغا ھۆكۈمران چەمبەردىكى ھەرىكەتلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، كائىناتنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە بولىدىغان ھەرىكەت؛ يەنە بىرى، تاسادىپىي ھەرىكەت، ئىنسان ئۇنى بىلىشكە ۋە ئالدىنى ئېلىشقا قادىر ئەمەس.

ئىنسان ئۆزىنىڭ بىلىش چېكىنى ۋە بىلەلمەيدىغان ساھەلىرىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا خۇراپىيلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

ئايروپىلان قوزغىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ھاۋا سەپىرىدە ھادىسە چىقامدۇ - چىقمامدۇ، بۇنى بىز بىلەلمەيمىز. ئىنسان دەل مۇشۇنداق چاغدا قانداقتۇر بىر قۇدرەتكە تايىنىپ تەۋەككۈل قىلىدۇ.

ئايروپىلان ئاخىر قوزغالدى، يەر پەستە قالدى. بېيجىڭنىڭ يېزا - كەنتلىرى نېپىز تۇمان ئىچىدە غۇۋا تۇس ئېلىشقا باشلىدى. ئايروپىلان دېرىزىسى مېنىڭ ئاسماننى ۋە يەرنى كۆزىتىدىغان كۆزنىكىم بولۇپ قالدى. بارا - بارا ئاسمان بىلەن زېمىن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. مانا، دېڭىزنىڭ زەڭگەر رەڭگىمۇ كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. كىچىكىمدىن تارتىپ دېڭىز ھەققىدە شېئىرلارنى ئوقۇغانمەن، ئىستۇدېنت چاغلىرىمدا پۇشكىننىڭ «دېڭىزغا» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ، تىنىمسىز، ھەيۋەت، جۇشقۇن دېڭىزغا تەلپۈنگەنىدىم. ئۆزۈممۇ دېڭىز ھەققىدە ئۇنى - بۇنى يېزىپ قويغانىدىم. بەزىدە دېڭىز ساھىلىدا كۈنلەپ ئولتۇرۇپ كەلگۈم كېلەتتى. لېكىن، بىز دېڭىزدىن ناھايىتى يىراقتا ئىدۇق. مانا مەن بۈگۈن دېڭىز ئاسمىنىدا دېڭىزغا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتىمەن. دېڭىزنى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان پۇرسەتلەر ھەمىشە بولۇۋەرمەيدۇ. دېڭىزنى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۆزەتسىڭىز، ئۇ توختىماي دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ دولقۇنلار خۇلق - نازاكەتكە ناھايىتى باي بولۇپ، ھەربىر دولقۇن ئاۋۋالقىغا زادى ئوخشىمايدۇ، ئىنچىكە سەپسالسىڭىز شاۋقۇنلىرىدىمۇ پەرق بار. لېكىن دېڭىزنى ئېگىزدە تۇرۇپ كۆزەتسىڭىز ئۇنىڭ پايانى تېخىمۇ كېڭىيىپ، سىزگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار جىمجىتلىقىنى نامايان قىلىدىكەن. مەن ئېغىر - بېسىق

ياتقان دېگىنىزغا قاراپ تۇرۇپ «ئۆزىدىكى جىددىي ھاياتلىق كۈرىشىنى پەقەت دېگىنىزلا جىمجىتلىقتا ئايلاندۇرالايدىكەن» دېدىم ئىچىمدە ۋە دەرھال ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ئادەملەرنى ئېسىمگە ئالدىم.

پات - پات ئاراللار كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدۇ. ئاراللارنىڭ بەزىسى سۇنايلىنىپ ياتقان دىنازاۋۇردەك، بەزىسى چۆكتۈرۈلگەن تۆگىدەك كۆرۈنەتتى، رەڭگى مىس رەڭگىدە ئىدى. مەنزىرە بىلەن باغلانغان تۇرمۇش خىياللىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

توكيو ۋاقتى سائەت بىر يېرىمدا نارىتا (成田) خەلقئارا ئايروپورتىغا ئامان - ئېسەن قوندۇق. ئايروپورت زاللىرى پاكىز ھەم ئازادە ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئالتە يىل ھەرەج تارتىپ ئېرىشكەن يات بىر مۇھىتنىڭ پائالىيەتچىسىگە ئايلاندىم. ئۆزۈمنىڭ چەت ئەل مۇھىتىدا ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم يوق ئىدى. بۇنداق تۇيغۇ 21 - ئەسىردىكى بىر زىيالىيغا ماس كەلمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەت شۇنداق ئىدى. چەت ئەللەر تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ئۆزىنى زىيالىي ھېسابلايدىغان ساناقسىز كىشىمىز ئۈچۈن ھازىرمۇ چۆچەكلەردىكى سىرلىق ئىقلىمدەك بىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ يۇرتلىرىغا ئايلىنىپ بېرىپ قالغان چەت ئەللىكلەرنى كۆرسە، ئۇلارغا قىزىقسىنىپ قارايدۇ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇستىباشلىرىغا ھەۋەسلىنىدۇ. مەن تېخى تاپىنى بۆشۈكىگە باغلانغان ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەلەيلىك بىرى. شۇڭا، تاپىنىم چەت ئەل زېمىنىغا دەسسىيەلىدى. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى ئابدۇقادىر داموللا: «يۇرتۇڭدىلا تۇرۇۋېلىشىڭ ئوپئوچۇق ئاجىزلىقتۇر. باش ئېلىپ چىقىپ كەت... سۇ كۆلدە ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن سېسىپ كېتىدۇ» دېگەنىكەن. چىقىپ كېتىشتىكى مەقسەت قايتىپ كېلىش، ھەرگىزمۇ يۇرتنى ئۇزۇل - كېسىل تاشلىۋېتىش ئەمەس. ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەزەر خوجا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئابدۇسەمەتوف، قۇتلۇق شەۋقىي... لەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان.

ياپونلارنىڭ چىرايى جۇڭگولۇقلارنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، يېڭى مۇھىتقا چىققىنىمدىن گۇمانلىنىپمۇ قالدىم. لېكىن، ياپونىيە تۇپرىقىدا ئىكەنلىكىم بىر پاكىت ئىدى. مەن بۇ مۇھىتقا نىسبەتەن تامامەن يوچۇن ئادەم، ياپونلارنىڭ تىلىنى، ئايروپورتتىكى رەسمىيەت تەرتىپىنى ئۇقمايمەن. ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئىككى يىل تۇرغان ئايالىم قېشىمدا بولغاچقا، مەندە ھودۇقۇش، تەمتىرەش ئالامەتلىرى يوق ئىدى. تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىمىز بىردەمدىلا ئاخىرلاشتى، بىز ئايروپورت زالىغا چىقىپ يۈك - تاقلىرىمىزنى تېز توشۇپ بېرىش ئورنىغا ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار يۈك - تاقلىرىمىزنى ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەتىسىلا مەنزىلىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى، رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇلازىمەتچىلەر ئۆزى ئۆتىدى، بىز پەقەت پۇلىلا تۆلىدۇق. تاموژنا خادىملىرى ۋە ئايروپورت زالىدىكى مۇلازىملارنىڭ مۇئامىلىسى سىلىق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەركىتىدە دۆلەت مەنپەئىتىگە بولغان ساداقەت، خېرىدارلارنىڭ مەنپەئىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت ھەم مۇناسىپ ئىنسانىي مۇئامىلە تەڭ ئەكس ئېتەتتى. يۈك ئۆلچىگۈچى خادىملارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن پۇل خەجلەشتە كېلىدىغان غوجايىنلىق تۇيغۇسىنىڭ لەززىتىنى تۇنجى قېتىم تېتىغاندەك بولدۇم.

ئايروپورتتىكى جىددىي ئىشىمىز شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، ئەمدى مەنزىلىمىز — كاناژاۋاغا بارىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئالدىنئالا ئېلىپ قويۇش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەبۇكورو (池袋) غا بارماقچى بولۇپ، زالنىڭ تېشىغا چىقتۇق. زالنىڭ تېشىدىلا كوچا بولۇپ، ئاپتوبۇس بېكىتى بار ئىكەن، لېكىن بۇ ئاپتوبۇسلارنىڭ قەيەرلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئايالىم مېنى يەر ئاستى تۆمۈريولىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا باشلىدى، بىز پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىدۇق. تەخمىنەن ھەر ئۈچ مىنۇت ئارىلىقىدا بىر توك

پويىزى ئۈچقاندەك يېتىپ كېلىپ، چىپپىدە توختايتتى، ھايال ئۆتمەي يەنە غايىب بولاتتى. توك پويىزدىن تۆكۈلگەن ئادەملەر بىر پەستىلا ئۆز مەنزىللىرىنى تېپىشىپ، ئاللىقاياقلارغا راۋان بولۇشاتتى. مەن مېترو بېكىتىدە بەش مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرغان ئادەمنى كۆرمىدىم. قايسى پويىزغا چىقىش كېرەكلىكىنى ئايالىم بىلمىسە، مەن بىلمەيتتىم. بەلكىم بىزنىڭ پويىز كۈتكەن ۋاقتىمىز بەش مىنۇتقىمۇ بارمىغان بولسا كېرەك، ئاخىر بىر پويىزغا چىقتۇق.

پويىز يەنە بىر بېكەتكە قاراپ شۇڭغۇدى. مەن ئەتراپىمدىكى يولۇچىلارغا قاراشقا باشلىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىددىي چىراي ئىدى. مەن ئۇلارغا قارايتتىم، لېكىن ئۇلار ماڭا قارىمايتتى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شۇنى سەزدىمكى، ياپونلار ھەرگىزمۇ باشقا ئادەملەرگە تىكىلىپ قارىمايدىكەن. ئۇلارنى باشقىلارغا چورتلا قارىمايدۇ دېسەك مۇبالىغە بولۇپ كېتەر، ئېھتىمال، ئۇلار چاندۇرماي قارىسا كېرەك. ئۇلار ھەرگىز بىر - بىرىگە دەخلى - تەرۇز قىلمايدىكەن، ئۆتۈشكەندە بىر - بىرىگە سۈركىلىپ ئۆتمەيدىكەن، بىر - بىرىگە چاپلىشىپمۇ تۇرمايدىكەن. بىر - بىرىگە قارىمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن بىراۋ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەپچىللىك بىلەن يول بېرىدىكەن. مەيلى روھىي جەھەتتىن بولامدۇ، مەيلى بوشلۇق جەھەتتىن بولامدۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىق بولۇشى كېرەك، شۇ ئارىلىق ھۆرمەت قىلىنغاندا، ئاندىن بىر ئىنساننىڭ شەخسىيىتى قوغدالغان بولىدۇ. ئىنسان بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ئامراق ئىجتىمائىي مەخلۇق بولغىنى بىلەن خاسلىققا ۋە مۇستەقىللىققا بەكرەك موھتاج. خاسلىقى ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئىنسان كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ۋە ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولىدۇ. شۇ تاپتا ئۈرۈمچى كوچىلىرىدىكى ئادەم بىلەن لىق تولغان ئاپتوبۇسلارنى ئېسىمگە ئالماي تۇرالمىدىم. ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختايدۇ، بىر بولسا بېكەت تاختىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختايدۇ، بىر بولسا بېكەتكە يېتىپ كەلمەيلا توختايدۇ، تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاپتوبۇس قەيەردە توختىسا شۇ يەرگە يۈگۈرىدۇ، شوپۇر ۋە بىلەتچىلەر يولۇچىلارنىڭ بۇ ھالىتىدىن روھىي غالىبلىق ھېس قىلامدىكىنتاڭ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قولايلىقلىق بىرىنچى ئورۇندا، يولۇچىلار ئىككىنچى ئورۇندا ئىدى. ئاپتوبۇستا نورمىدىن كۆپ ئادەمنىڭ بارلىقىدا ئالدىقاچان گەپ يوق، بىرەر بوشلۇققا قاراپ ئىچكىرىلەش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بىلەتچى خادىملار يولۇچىلارنى «ئىچىگە مېڭىڭلار» دەپ چاقىرىپ تۇرىدۇ. پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇننىڭ يوقلۇقى ئېنىق، لېكىن ئۇلار يولۇچىلارنىڭ بىپەرۋالىقىنى ئەيىبلىشىدۇ، يولۇچىلارمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك. قىستىلىشىپ كەتكەن يولۇچىلار بىر - بىرىنىڭ پۇتىنى دەسسەيدۇ، بىر - بىرىنى تۇرتۇشىدۇ، بىر - بىرىگە ماي تارتىشىدۇ، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن تىللىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە يول قويۇشىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆزۈمنى ئېيتسام، ئاپتوبۇستا باشقىلارنىڭ بەدىنى ماڭا تېگىپ تۇرسا ئىچىم سىقىلىدۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالدىن قۇتۇلالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر بەكمۇ يېپىشقاق، سەن بىرىدىن قېچىپ يىراققا كەتسەڭ، ئۇمۇ سۈرۈلۈپ سەن بىلەن بىللە كېلىدۇ. بىزنىڭ ئاپتوبۇسلاردا ۋە رەستىلەردە ئادەملەر بىر - بىرىگە خىرىس بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بىر -بىرىگە بولغان تاپا - تەنە ۋە ئالېيىشلارنى پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئاپتوبۇس دېۋارلىرىغا خەلق ساقچىسىنىڭ يانچۇقچىلاردىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنامىلىرى، بۆرەك ئاجىزلىقىنى داۋالايدىغان دورىلارنىڭ ئېلانلىرى چاپلانغان بولىدۇ. چاقىرغۇ، يانفون ئاۋازلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇرىدۇ، قولتۇق سومكىسى كۆتۈرۈۋېلىشقان «لاۋبەن»لەر كېرىلگەن ھالدا يانفوندا سۆزلىشىدۇ. بەزى ياشلار ئاپتوبۇستىلا مۇھەببەتلىشىپ ماڭىدۇ، سېغىز چاينايدۇ، گازىر چاقىدۇ، بەزىلەر تاماكا چېكىشكىمۇ ئۈلگۈرىدۇ. بۇ چاغدا «مەدەنىيەتلىك شەھەر پۇقرالىرىدىن بولايلى» دېگەن پىلاكاتلارغا قاراپ كۈلگۈڭ كېلىدۇ. ھەي، قەدىمىي ئەخلاق دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى، قېنى سىلەرنىڭ

ئىززەت ـ تۇيغۇلار؟ كۆڭ ھەزرەتنىڭ «ئۆزۈڭنى بىل، ئەدەپكە قايت» دېگەن سۆزى نەگە كەتتى؟ دەپ توۋلىغۇڭ كېلىدۇ.

تۇك پويىزى غۇيۇلداپ كېتىپ بارىدۇ، ئۇ بەزىدە يەر ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى، بەزىدە جىرا ئارىسىدا ماڭاتتى، بەزىدە ئوچۇقچىلىققا چىقاتتى، قاياقتا قارىساڭ يېشىللىق ئارىسىدىكى بىنالار، تۆمۈر يوللار ھەرقايسى رايوننىڭ يەر شەكلىنى ئۆزگەرتمەيلا ئېلىپ كېتىۋېرىلگەن. تۈزلەپ، تىندۇرىدىغان ئىشلار بولمىغاچقىمىكىن، يول ياقىسىدىكى يېشىل تۆپىلىكلەر، چاتقاللار شۇ پېتى تۇراتتى. مېترو، يەر ئۈستى تۆمۈريولى، ئاپتوبۇس يوللىرى گىرەلىشىپ، مۇرەككەپ بىر تورنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، مەندەك يېڭى كەلدىئاخۇننىڭ كاللىسى ئىلىشىپ كېتەتتى. ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە كىشىلەر مەن ئۈچۈن تامامەن يېپيېڭى دۇنيا ئىدى. مەن كىشىلەرنىڭ تەق ـ تۇرقى، قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىدىن داخي مىللىتىنىڭ زامانىۋى مۇھىتتىكى خۇلقىنى ئىزدەشكە تىرىشاتتىم.

پويىزدا مەيلى ئولتۇرغانلارنىڭ بولسۇن، مەيلى ئۆرە تۇرغانلارنىڭ بولسۇن قولىدا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال بار ئىدى، بەزىلەر ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى. تېلېفون قىلغان ياكى تېلېفون قوبۇل قىلغانلارنى زادىلا ئۇچراتمىدىم. يانفون شۇنچە ئومۇملاشقان بۇ سانائەت ئېلىدە كىشىلەر تېلېفون ھەققىدە بىردەك جامائەت ئەخلاقىنى يېتىلدۇرگەن بولسا كېرەك. بىزدە يانفون ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىستېمالچى ئىكەنلىكىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان كوزىر. كىشىلەر يانفوندا سۆزلىشىۋاتقاندا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ قويىدۇ ياكى تېخىمۇ غادىيىۋالىدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر بۇنداق مەنزىرىنى ئۇچرىتالمىسا ھەپسىلىسى ئۇچىدۇ. ياپونلار بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلاشمايتتى. مەن توكيودىكى بىر سائەتلىك بۇ تۇنجى پويىز سەپىرىمدە ئۈنلۈك پاراڭ سېلىشقان ئادەملەرنى كۆرمىدىم. پويىزدا كېتىۋېتىپ ماتېرىيال كۆرۈش تەبىئىي بىر ئادەتتەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

كىتابلار ئاساسەن دېگۈدەك يانچۇق كىتابى بولۇپ، ۋاراقلار تېز سىزما كۆرۈنۈشلىرى ياكى سىدام سىزمىلار بىلەن تولغان، ئازغىنە يېرىگە خەتلەر بېسىلغان، بىرەر ـ ئىككى سائەتلىك مۇساپىدىلا بۇنداق كىتابتىن بىرنى بىمالال ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولاتتى. مەيلى پويىزنىڭ سۈرئىتى، مەيلى كىشىلەرنىڭ قىياپىتىدىن بولسۇن ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. كىتابلار بىر بولسا چوڭ كىتابلارنىڭ جەۋھىرى، بىر بولسا مەلۇم ساھەگە مۇناسىۋەتلىك قوللانمىنىڭ شەرھى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە ئىگە نەرسىلەرنى ئوقۇش ئەقلىي مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرىنچى تاللىشى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. پويىزدا ئۇخلاپ ئولتۇرغانلار ئايالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، بىر شىركەتتىكى ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە بىر شىركەتكە ماڭغانلار ياكى ئوقۇشقا، كۇرسقا ماڭغانلار بولۇشى مۇمكىن ئىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن مۇھىم پۇرسەت ئىكەن، ئۇلار ئۇخلاشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، مەنزىلىگە يېقىنلاشقان ھامان ئويغىنالايدىكەن. بەزى بېكەتلەردىن توپ ـ توپ مومايلار چىقتى، ئۇلار ئولتۇرىدىغان جاي بولمىسا ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشۋېرەتتى. ياشلار ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇلارغا ئۆز ئورۇنلىرىنى بوشىتىپ بېرىشمىدى. مەن ئايالىمدىن «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدىم. ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنداق قىلغاندا مومايلار رەنجىپ قالىدىكەن، ئۇلارغا ئورۇن بەرگەنلىك ئۇلارنى كەمسىتكەنلىك بولىدىكەن. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم. قېرىلىقتىكى ئاجىزلىق تەندە ھەم خاراكتېردە تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ، لېكىن بۇ مومايلار قېرىلىقتىكى ئاجىزلىقنى غۇرۇر ۋە خاراكتېر ئۇستۈنلۈكى بىلەن زىننەتلىگەندەك قىلاتتى.

ئىكەيبۇكۇروغا كەلدۇق. يوللار شۇنچە تار بولۇشىغا قارىماي، پاكىز ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئىكەيبۇكۇرو توكيو شەھىرىنىڭ بىزدىكى دۆڭكۆۋرۈككە ئوخشايدىغان يېرىمىش. بۇ يەردە ئادەملەر، دوقمۇشلاردا سودا سارايلار، ئاشخانىلار، كىتابخانىلار... چوڭ بىر دوقمۇشتا كاناي

ئورنىتىلغان قىزىل قۇياشلىق ئاق بايراق لەپىلدەپ تۇرغان تەشۋىقات ماشىنىسى تۇراتتى، بىر ئادەم ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ قايسىدۇر بىر پارتىيەنىڭ ئادىمى بولسا كېرەك، تەشۋىقات ماشىنىسىنىڭ چۆرىسىگە ئادەملەر توپلاشقانىدى. ئايالىمدىن سورىسام، ياپونىيەدىكى سايلام پائالىيەتلىرى ئەنە شۇنداق بولىدىكەن، ھەر خىل پارتىيەنىڭ ۋەكىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى سايلىنىپ قالسا، خەلققە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدىكەن. رەسمىي سايلام بولغاندا خەلق ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن ئۆزلىرى ئىشەنگەن ياكى ئۈمىد باغلىغان مەلۇم بىر پارتىيەنىڭ ۋەكىلىگە ئاۋاز قوشۇپ بېلەت تاشلايدىكەن.

ئىكەيبۇكۇرودىكى بىر قاتناش پونكىتىغا كېلىپ، كانازاۋاغا بارىدىغان كەچلىك ئاپتوبۇس بېلىتى ئالماقچى بولدۇق. ئىكەيبۇكۇرودىن ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتى سېتىلىپ بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شىنجۇكۇ (新宿)دىن ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئالدۇق. يېڭى غول لىنىيە قىممەترەك بولغاچقا، پۇلنى تېجەيمىز دەپ ئاپتوبۇستا مېڭىشنى قارار قىلدۇق. دېڭ شياۋپىڭ ھەققىدىكى بىر ھۆججەتلىك فىلىمدە دېڭ شياۋپىڭ يېڭى غول لىنىيەدە ئولتۇرۇپ: «تېزكەن، ھەقىقەتەن تېزكەن، جۇڭگولۇقلارمۇ مۇشۇنداق پويىزدا ئولتۇرۇشى كېرەك» دېگەنىدى. لېكىن، مەن ياپونىيەنىڭ ئۆزىدىمۇ يېڭى غول لىنىيەدە ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم.

ئەسلىدە توكيودا بىرقانچە كۈن تۇرغۇم بار ئىدى، لېكىن بىر كۈنلۈك ياتاق ئەڭ ئەرزان دېگەندە ئەر - ئايال ئىككىمىزگە 10 مىڭ يەن (جۇڭگودا تەخمىنەن بىر ئايلىق مائاش) گە توختايدىكەن. يېنىمىزدا ئۇنچىغا يەتكۈدەك پۇلىمىز بولسىمۇ، ئۇرۇمچىدىكى ھالىمىزنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتىم.

قورساق ئېچىپ كەتكەنىدى، بىز كىچىك بىر دۇكانغا كىرىپ، بىردىن بولكا سېتىۋالدۇق، ئۇنى بىر ئىستاكاندىن مېۋە سۈيى بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



يېدۇق، بۇ ماشا بىرنەرسە يېڭەنگە ھېساب بولۇپ كەتمىدى، شۇنداقتىمۇ بولدى قىلدىم. چۈنكى مەن بۇگۈندىن باشلاپ ئاز ھەم ئاددىي ـ ساددا يېيىشكە ئادەتلىنىشىم كېرەك ئىدى. دۇكاندىن چىقىپ بىر كىتابخانىغا كىردۇق، كىتابخانا كارىدورسىمان تار ھەم كىچىك بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. بىرىنچى قەۋەتتە ياپونچە كىتابلار، ئىككىنچى قەۋەتتە ئىنگلىزچە كىتابلار بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىكەن. كىتابلارنى كۆرۈۋېتىپ جورجىي سوروسنىڭ «ئوچۇق جەمئىيەت» ناملىق كىتابىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ يەھۇدىي پۇلدارنىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ خەنزۇچىسىنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ چىققانىدىم. نېلسون ماندېلانىڭ «ئەركىنلىكنىڭ مۇساپىسى بەك ئۇزۇن» دېگەن كىتابىمۇ تۇراتتى. بۇ كىتابنى سېتىۋالغۇم كەلدى ـ يۇ، باھاسىنى كۆرۈپ رايىمدىن ياندىم. ماندېلا ئۆزى ئۇزۇن دەپ سۈپەتلىگەن ئەركىنلىكنىڭ مەنزىلىگە ئۇلاشتى، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆزىنىڭ غايىسىگە يېتەلىگەن سىياسىيون ئىدى. بىر بۆلۈكتە دۇنيادىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار تۇراتتى. كورېيە، ئىسپانىيە، جۇڭگو... ھەتتا تىبەت (زاڭزۇ) لەر ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم كىتابلار كۆزۈمگە تاشلىنىپ تۇردى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە كىتاب بارمىكىن دەپ خېلى ئىزدىدىم، لېكىن تاپالمىدىم. ئۆزىنى ئۆزىدىن تاپالمىغانلار ئۆزگىدىن تاپالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇنى توغرا چۈشەندىم.

يەرلىك ۋاقىت كەچ سائەت 11:40 تا كانازاۋا (金泽) غا ماڭىدىغان بولدۇق، بىلەت ئېلىشتا سەل كېچىكىپ قالغاچقا، شۇ ۋاقىتنىڭ بېلىتى قالغانىكەن، بۇمۇ بىر ھېسابتا بىزگە ئۇيغۇن ئىدى، شۇ ۋاقىتتىچە توكيونىڭ بەزى جايلىرىنى ساياھەت قىلىشقا ئۈلگۈرىدىغان بولدۇق. بىز ئىكەبۇكۇرودىكى بىرقانچە ماگىزىننى ئارىلىدۇق. ماگىزىنلاردىكى ماللار ئازادە، كۆركەم قىلىپ تىزىلغانىدى. ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى بەكرەك مەيلىمنى تارتتى، ئۇ نەرسىلەر ئىخچام، قوللىنىشچان ھەم چىرايلىق بولۇپ، ئالدىراش جەمئىيەت

پۇقرالىرىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلەتتى. ئىلغار ئۇسكۇنىلەر تۈرىنىڭ يېڭى بولۇشىغا قارىماي، ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەن ئىستېمال ئىشتىياقىنى قوزغايتتى. بۇ ھال بازار ئەقىدىسىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ «يېڭى مال، يېڭى مەھسۇلاتلار خېرىدارلاردا يېڭىچە ئېھتىياجنى تۇغدۇرىدۇ» دېگەن گېپىنى ئېسىمگە سالدى. تاۋارلارنىڭ شەكلى، قاچىلىنىشى، ماركىسى مۇمكىنقەدەر سەنئەت شەكلىنى ئېلىپ، خېرىدارلارغا گۈزەل سەنئەتتىن كېلىدىغان بەدىئىي زوقنى ئاتا قىلىشقا تىرىشقانىدى. بازار خېرىدارلارنى گۈزەللىكنى تاۋارلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقا ئۈندەۋاتقان بىر رېئاللىقنىڭ سىگنالىنى ماگىزىنلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ سەزگەندەك بولدۇم.

مەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىچكى بوستانلىقىدىن كەلگەن بىر دېھقان بالىسى. شەھەردە ھەرقانچە ياشىسامۇ، سۆز - ھەرىكەتلىرىمدىن دېھقانچە پۇراق كەتمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ خەلقىم كەتمەن، ئات، كالا، ئېشەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. شەھەرلىرىمىزدە ئېگىز بىنا، ئۈچىمىزدا لاتىنچە ھەرپ كەشتىلەنگەن تاۋار كىيىملەر، كوچىلاردا رەڭلىك چىراغلار ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ھەشەمەتنىڭ ئىچىدە قايناۋاتقىنى كەتمەن ۋە كاۋاپدان ئىسى. بىلىق ھەرقانچە قاڭقىسىمۇ ئۆزى ياشىغان سۇغا قايتىپ چۈشىدۇ. تىمساھنىڭ سۇدىن ئايرىلىشى ۋاقىتلىق، ساھىلغا چىقىۋالغان تىمساھ سۇغا يەنە قايتىدۇ. مەن ھەرقانچە كىتاب ئوقۇسامۇ، يەنىلا خەلقىم ياشىغان مۇھىتنىڭ بەندىسى. ئېڭىم بەرىبىر شۇ چەمبەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. قۇش ھەرقانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ، ئۇنىڭ يەيدىغان دېنى زېمىندا بولىدۇ. شۇ تاپتا يات، زامانىۋى شەھەردە تۇرغىنىم بىلەن شىنجاڭدا قۇيۇلۇپ چىققان ئېڭىمنىڭ بىچارە ئەپت - بەشىرىسى ئۆزىنى ئاشكارىلايتتى. بىلەت ئېلىش، ئۇسسۇلۇق ئېلىشمۇ ئاپتوماتلاشقان بۇ شەھەردە ئايالىم يېنىمدا بولمىغان بولسا، تەمتىرەپ قالار ئىكەنمەن.

قۇرغاق تۇپراقتا بولۇنۇپ يېتىلگەن قەدىمىي، ئەمما دۇنياغا

www.uyghurkitap.com

نامەلۇم بىر مىللەتنىڭ شائىرى توكيونىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە ئۆزىنىڭ يىگانىلىكىنى ھەقىقىي سىزىشكە باشلىدى. تېز - تېز ئۆتۈپ تۇرىۋاتقان توك پويىزلىرى، قەدىمىدىن كاللىسى تېز ماڭىدىغان پىيادىلەر مېنى باشقىچە بىر سۈرئەت ئىقلىمىغا ئېرغىتىپ تاشلىغاندەك بولدى. ئەگەر بىرى توكيو كوچىلىرىدىن «زامانىۋىلىق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىسا، بۇ كوچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەبىي شاۋقۇنلىرى بىلەن: «زامانىۋىلىق دېگەن سۈرئەت، ئۇ ۋاقىتتىن ۋاقىت تۇغدۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئادەم ئالدىراش بولغانسېرى ۋاقىتنىڭ بەرىكىتى قالمىغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئادەم لايغەزەل بولغانسېرى ۋاقىت ھۆرۈن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك ئۇزۇن ھەم سۆرۈلەڭگۈ بولىدۇ. مەن توكيو كوچىلىرىدا يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتقان پىيادىلەرنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىكى ھاياتلىق كۈرىشىنىڭ ھەقىقەتەن جىددىيلىكىنى، ھەربىر ئادەمنىڭ رىقابەتلىك جەمئىيەتنىڭ زاپچاسلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن ماددىي تەرەققىيات ئىقلىملىرىنىڭ چېگراسىنى سۈرئەت بىلەن ئايرىغىلى بولسا كېرەك، دېگەن تەسىراتقا كەلدىم. قەيەردە كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ئېڭى كۈچلۈك بولىدىكەن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي كۈچىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئاللىبۇرۇن ئېرىشكەن بولىدۇ. ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەسلىك ۋۇجۇدى ئېرۋىلاردىن ئەمەس، نوقۇللا گۆشتىن پۈتكەن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش يولى.

بىز ئىكەيبۇكۇرو بېكىتىدىن شىنجۇكۇغا بارماقچى بولۇپ يەر ئاستى بېكەتكە چۈشتۇق، بۇ ناھايىتى چوڭ بېكەت ئىكەن، ئادەملەر تەرتىپسىز ھالدا ھەربىر ئېغىزغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. بىز شىنجۇكۇغا بارىدىغان پويىز بېكىتىگە قايسى ئېغىزدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، تەمتىرەپ قالدۇق. ئادەتتە توكيو كوچىلىرىدا ۋە مېتروللاردا يول بەلگىلىرى، ئېغىز، يۆنىلىش، ئەسلىھە بەلگىلىرى كىچىك بالىلارمۇ ئىلغا قىلالايدىغان دەرىجىدە ئېنىق بولىدىكەن. بىراق،

ياپونچە خەت بىلمەيدىغان ئادەم لىنىيەلەر مۆرەككەپ تورنى ھاسىل قىلغان پويىز بېكەتلىرىدە تەمتىرەپ قالىدىكەن. ئايالىم ياپونچە بىلسىمۇ، ئېزىتقۇ بېكەت ئىچىدە قايسى ئېغىزدىن مېڭىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق، ئاخىر ساقچىلاردىن يول سورىدۇق. مېترولاردا بېلەت ئاپتوماتىك سېتىلىدىغان بولۇپ، تەڭگە پۇلنى ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ماشىنىسىغا سېلىپ، كۇنۇپكا ئارقىلىق مەنزىلىڭىزنىڭ بېلەت باھاسىنى چەكسىڭىز بېلەت ۋە قايتۇرۇلىدىغان پۇل ئاپتوماتىك يوسۇندا چىقىدىكەن. كۇنۇپكىلاردىكى خەت ياپونچە بولىدىكەن، قاتناشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرما تاختىلارغا يېزىلغان خەتلەرمۇ ياپونچە ئىكەن، ئىنگلىزچە خەت يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن. تەرەققىيات سەۋىيەسى جەھەتتە ئامېرىكىنى نىشان قىلىدىغان، غەربنىڭ يوسۇنلىرىغا دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن بۇ دۆلەتنىڭ قاتناش بېكەتلىرىدە ئىنگلىزچە خەتلەرنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدىكەن، قارىغاندا بۇلار ئانگلو ـ ساكسونلارنىڭ يېزىقىغا ئەمەس، بىلىمگە ئامراق بولسا كېرەك.

شىنجۇكۇغا يېتىپ باردۇق، بۇ يەر شىركەت ۋە سودا سارايلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر رايون ئىكەن. ماگىزىنلىرى تېخىمۇ ئازادە، تاۋارلىرى تېخىمۇ ئالىپتە ئىكەن. ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەچ كىرىشكە باشلىدى. بىنالارنىڭ گەۋدىسىدىكى ئالىيىشىل داۋراڭ (ئېلان) چىراغلىرى گۈگۈم قوينىدا ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك جۇلاسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. رەستىلەردە ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىدىن ئېقىۋاتقان بىر نۇر دولقۇنى ھاسىل بولۇپ، كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلاتتى. ئادەملەر نەلەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى، بىرپەس يېغىپ يوقاپ كەتكەن يۇپقا يامغۇرنىڭ تەسىرىدىن ھاۋا بىرئاز سالقىنلاپ قالغانىدى. ئەرلەرنىڭ ئىچىدە كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەنلەرمۇ، ئادەتتىكى راھەت كىيىم كىيگەنلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن، راھەت كىيىم كىيگەنلەر كۆپ ئىدى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە شىركەت ياكى ھۆكۈمەت خادىملىرى كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ يۈرىدىكەن. قىزلارنىڭ كىيىنىشلىرىگىمۇ قاراپ باقتىم. كوچىدا كېتىۋاتقان قىز ـ ئاياللارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىر ـ بىرىگە زىنھار ئوخشىمايتتى. قىزلارنىڭ گىرىمى سۇس بولۇپ، كىيىملىرىمۇ بەك ئوچۇق رەڭدە بولۇپ كەتمەيدىكەن، ياشتا چوڭىيىغانسېرى ئاياللار گىرىمگە بەكرەك ئەھمىيەت بەرسە كېرەك، ئوتتۇرا ياشتىن بىرئاز تۆۋەن ياشتىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى خېلى تۈجۈپىلەپ پەردازلايدىكەن، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكىلەر تېخىمۇ ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئاياللار كىيىم ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى نامايان قىلىشنى ياخشى كۆرگەچكە، بىر ـ بىرىنى دوراپ كىيىم كىيىشتىن خالىي بولسا كېرەك. بەزى قىزلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەڭلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئۇنچە ئۆرۈنۈپمۇ كەتمىگەن، ئېتەك ۋە پەشلىرىنىڭ تولۇق سىممېترىيەلىك بولۇشىنى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، كەڭ ـ تارلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى ئويلىشىپ كەتمىگەندەك تۇراتتى. لېكىن بۇ ھال، بۇ قىياپەت ئۇلارغا شۇنچە ياراشقاندەك بىلىنىدى. رەڭدىمۇ بىر خىل يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدۇ، ئۇ باشقا رەڭلەر بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە، ھەتتا رەسساملارمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن گۈزەللىك ئۈنۈمىنى پەيدا قىلالايدۇ. لېكىن ئادەملەر رەڭلەرنى سۈنئىي ماسلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىجتىمائىي مەنە بېرىشكە ئۆرۈنۈغاچقا، رەڭنىڭ ئۆزىدىكى تەبىئىي تىلىنى، رەڭ بىلەن رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى چۈشەنمەس بولۇپ قالغان. كىيىمنى خاراكتېرگە لايىقلاشتۇرۇشقا ئۆرۈنغان ياپون قىزلىرىنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئەڭ يارىشىملىق كىيىم لاتا ئەمەس، خاراكتېر ئەركىنلىكى دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

بەزى قىزلار پادىچى ئىشتىنىنىڭ ئۈستىگە داكىدەك نېپىز رەختتىن يوپكا كىيىۋالغانىدى، بۇنداق قىزلار كۆزۈمگە پات ـ پات

چىلىقتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ھازىر ئېقىۋاتقان مودىلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ كىيىم بالىلىق مەزگىلىمدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىيىنىشىنى ئېسىمگە سالدى. ئۇ چاغلاردا قىزلار ئىشتاننىڭ ئۈستىگە كۆڭلەك كىيەتتى، ئۇزۇن پايپاق كىيىش كېيىنكى مەزگىللەردە پەيدا بولغان بولۇپ، ئىشتان ئۈستىگە كۆڭلەك كىيگەنلەر «سەھرالىق» دەپ زاڭلىق قىلىنىدىغان بولدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇماق، دوپپا، يەكتەك كىيگەنلەر سەھرالىق، گالۋاڭ، پاڭقۇش بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولدى. مانا ھازىر ئىشتان كىيىپ، كۆڭلەك كىيمەسلىك ئۆزىنى شەھەرلىك ھېسابلايدىغان قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئېپتىخارىغا ئايلاندى. سەمرىپ، قوش ئېڭەك سېلىپ، ساغرىلىرى دولان قويىنىڭ قۇيرۇقىدەك تىقىلىپ كەتكەن سېمىز خوتۇنلارمۇ كۆڭلەكسىز ھالدا قۇيرۇقى يوق مېكىياندەك يۈرۈشىدىغان بولدى. مانا بۇ، ئۆز - ئۆزىدىن يۈز ئۆرىگەن بىر ئەۋلادنىڭ ھېچنېمىسىنى پەرق قىلمىغان ھالدا ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دۈم چۈشۈشىدۇر. ئۇيغۇر قىزلىرى تاشلىۋەتكەن كىيىم پاسونى توكيونىڭ مودا قىزلىرىنىڭ ئۇچىسىدا تۇراتتى. بۇنىڭغا بىزنىڭ مودا قىزلىرىمىز قانداق نەزەر بىلەن قارايدىكىن!؟

ياپونىيە ئاياللىرى بىر - بىرىنىڭ كىيىمىگە سەپسېلىپ، قىممىتىنى ئۇچىسىدىكى لاتا ۋە مېتاللار بىلەن باھالايدىغان سەۋىيەدىن ئاللىبۇرۇن خوشلاشقان بولسا كېرەك. ئۇلار كىيىمنى كۆز - كۆز قىلىش رەۋىشىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھۇزۇر سۈپىتىدە كىيىدىغاندەك تۇراتتى. كىيىم ئۇلار ئۈچۈن خاراكتېردىكى ئاجىزلىقنى بېزەيدىغان ئالامەت ئەمەس ئىدى، بەلكى بىر خىل تۇرمۇش سەنئىتى ئىدى. بىنادا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەم مېڭىۋاتقان پەشتاقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ، كىيىم - كېچەككە كۆزى تويغان ئادەملەر ئۈچۈن كىيىممۇ ئەنە شۇنداق نەرسە. كىيىم - كېچەك ئارقىلىق ئۆزىنى ھېسابقا ئۆتكۈزۈش ئەمەلىيەتتە نامراتلىقنىڭ يەنە بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەكلى بولۇپ، كېيىمگە بولغان مەستانىلىق ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋۇجۇدىدىكى ببباھا گۈزەللىكنى خاراب قىلىدۇ، بۇ خۇددى كۆزنى ئويۇپ بېرىش بەدىلىگە كۆزەينەككە ئېرىشىشكە ئوخشايدۇ.

كەچ كىرگەنسېرى قورساق ئېچىشقا باشلىدى، بىز ھالال نەرسە يېگىلى بولىدىغان ئاشخانا ئىزدەپ، كوچىلارنى ئارىلاشقا باشلىدۇق. ساماۋى سودا سارايلىرى ۋە مېھمانخانىلارنىڭ چىراغلىرى، تۈرلۈك ئىقلىمدىن كەلگەن ئادەملەر ۋە تاۋار ماركىلىرى ئىستېمال ھېرىسلىكىدە يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سېھىرلىك بىر ئاخشىمىنى ياراتقانىدى. شىنجۇكونىڭ ئاشخانا جايلاشقان بىر كوچىسىنى ئارىلاپمۇ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ساتىدىغان بىرەر دۇكان تاپالمىدۇق. دۇكانلارنىڭ ئەينەكلىك دېرىزىسىدىن ھەر خىل قورۇما ۋە سوغۇق يېمەكلىكنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ياپون ئاشپەزلىرى غىزالارنىڭ شەكلىگە بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغاندەك تۇراتتى. بىر تەخسە غىزا گويا بىر پارچە مەنزىرە ئىدى. ئىسلام ماداراچىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ، بىر مۇسۇلماندا ھالال ۋە ھارام ھەققىدىكى ئايرىش كەسكىن بولۇشى كېرەك. نۇرغۇن ھارام نەرسە بار، قارىماققا سۈزۈك ھەم كۆركەم. كۆركەم نەرسىلەر كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كىشىنى ئېرىشىشكە ئۈندەيدۇ. سەن نەپسى خاھىشىڭغا بېرىلگەنسېرى مادارا چىلىقنى ئاقلايدىغان بولۇپ قالىسەن. بىز مۇسۇلمانچە يېمەكلىك دۇكىنى تاپالماي، كەينىمىزگە ياندۇق. توكيودەك بىر دۇنياۋى چوڭ شەھەردە ئارىلاپ بىرەر مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنىڭ تېپىلمىسلىقى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە چوشقا مېيى ئىشلىتىلمىگەن بىرەر يېمەكلىكنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشىدىكەن. بىز ھالالراق بىرنەرسە تېپىپ يېيىشىمىزگە ئىشەنمىگەچكە، ئىككى قۇتا مىنېرال سۇ سېتىۋالدۇق ۋە شىنجۇكۇدىكى بىر كىتابخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق. توكيوغا قەدەممىز چۈشكەن شۇ سائەتتىن بېرى مېڭىپ يۈرگەچكە، بۇ يەردە ئولتۇرۇش بىزگە

خۇشىياقتى. توكيو كوچىلىرىنىڭ بويلىرىدا ئورۇندۇقلار ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىز ئولتۇرغان يەر بەش - ئالتە تۆمۈريول لىنىيەسى پاراللېل هالدا تارىلىپ كەتكەن بىر جىرانىڭ بويىغا توغرا كېلەتتى. هېلى بۇ يولدا، هېلى ئۇ يولدا پويىز مېڭىپ تۇراتتى. پويىز دېرىزىسىدىن ئىچىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەمنى كۆرگىلى بولاتتى، تەخمىنەن هەر ئىككى مىنۇتتا بىر پويىز كېلەتتى، ئۇنىڭغا دىققەت نەزىرىڭنى سېلىپ بولغۇچە كۆز ئالدىڭدىن غايىب بولاتتى. نېمە ئۇچۇندۇر قازاق يازغۇچىسى مۇختار ئەۋېزوفنىڭ «ئاباي يولى» رومانىدىكى بىر تەسۋىر ئېسىمدىن كەچتى: «بەزىدە دۇنيانىڭ قايسىدۇر بىر بۇرجىكىدە ۋاقىت توختاپ قېلىپ، سائەت، سوتكا دېگەن ئۆلچەملەر ئادەت ۋە هاجەتتىن چىقىرىپ تاشلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. سەهرا سائىتى گويا توختاپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ». ۋاهالەنكى، توكيودا ۋاقىت ئۇچماقتا، پويىزلار، ئايروپىلانلار، ماشىنىلار، كوچىدىكى ئادەملەر ۋاقىتنى قوغلاپ چاپماقتا. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە قەشقەر، خوتەن سەهرالىرى، قومۇل تاغلىرىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە ۋاقىت تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن، بىزنىڭ دىيارىمىزدا ۋاقىت گويا كونا كىگىزگە، شۇۋاق باسقان قەبرىلەرگە، تەكلىماكاندىكى قاقشال توغراقلارغا ئوخشايدۇ. كىمدۇر بىرى ۋاقىتنى قوڭغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇپ موخوركا چەكمەكتە، قايسىدۇر بىر هاراقكەش هاراقنى ۋىلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا قۇيۇۋاتقاندا، ۋاقىت شامالدا قالغان توزغاقتەك پەرىشان بولۇپ كەتتى. تارىخ بۇ يەردە قىمىرلىماي ياتىدۇ، ۋاقىت ئەڭ تېز دېگەندە ئېشەكنىڭ تېزلىكىدە مىدىرلايدۇ.

شۇ تاپتا ئايالىم ئىككىمىز تەكلىماكاننىڭ ئىككى تال قۇمى سۈپىتىدە ياپونىيەنىڭ ۋاقىت دەرياسىدا ئاقماقتىمىز. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يېڭى غول لىنىيەسى پويىزلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرى ۋاقىت ئۇقۇمۇمنى غىدىقلىماقتا.

مۇرەمگە ئېسىپ يۈرگەن سومكامدا ئۇرۇمچىدىن ئېلىۋالغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


گۆچۈك توقىچى، خوتەن ياغلىقى ۋە تۇرپان كىشمىشىنىڭ ئاخىرقىسى بار ئىدى. بۇلار ئاچقان قورساققا تازا ئەسقاتتى. بۇنىڭغا ياپونىيەنىڭ مىنېرال سۈيى قوشۇلۇپ، خەلقئارالىق خۇرۇجتىن پۈتكەن كەچلىك تاماق ھەل بولدى.

ئايىغىمدا ياپونىيە زېمىنى، بوغۇزۇمدا ۋەتەننىڭ تەمى.

توكيونى بىر كۈندىلا چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرغان ۋاقتىم يېرىم كۈن. لېكىن توكيونى راسا چۈشىنىپ، دوستلىرىمغا نۇرغۇن ئەقلىي ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگۈم بار.

# تۇنجى كېچە: توكيو ـ كانازاۋا ئارىلىقىدا

كانازاۋاغا مېڭىشقا يېرىم سائەت قالغاندا، بېكەتكە بېرىپ ۋاقىتنىڭ توشۇشىنى كۈتتۇق. بېكەت بىر بىنانىڭ يەر ئاستى قىسمىدا بولۇپ، چىقىش ئىشىكى يولغا تۇتىشاتتى. كانازاۋا ۋە باشقا جايلارغا بارىدىغان ئاپتوبۇسلارنىڭ ھەر ئون مىنۇتتا بىرى قوزغىلاتتى. بېكەتتە بىزدەك بالدۇر كېلىۋالغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بەزىلەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشاتتى، بەزىلەر ئۆرە تۇرۇشاتتى. بەزىلەر بولسا يەرگىلا قوڭىنى قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى. دىققىتىمنى بەكرەك تارتقانلار يەردە ئولتۇرغانلار بولدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرماي، پولدىلا ئولتۇرغانلارنى پويىزدىمۇ ئۇچراتقانىدىم. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇرۇشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنداق بىمالال، تەبىئىي ھەم راھەتلىك. بالا چاغلىرىمدا سەھرادا ئۆستەڭ ياقىسىدىكى قۇم دۆۋىلىرىدە، كىنو قويۇلغاندا كەنت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستى ئوچۇق ھويلىسىدا دوستلىرىم بىلەن ئەنە شۇنداق ئولتۇراتتىم، ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئېتىزنىڭ قىرلىرىدا ئەنە شۇنداق ئولتۇرۇشاتتى، ھېچقايسىمىز توپىدىن قورقمايتتۇق، تۇپراق بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بەزى ئادەملەر بەدىنىنىڭ قاناپ كەتكەن يەرلىرىگە توپا سېپىپ قوياتتى، دوختۇرخانىلارغا بېرىپمۇ يۈرمەيتتى. سەھرانىڭ ئادەملىرى ھازىرمۇ توپىلىق يەردە ئولتۇرۇشتىن قورقمايدۇ. ۋاھالەنكى، ياپونلار ئولتۇرغان يەردە توپا يوق ئىدى، ئۇلاردا كىيىمىنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئاڭمۇ يوق ئىدى. پۈتكۈل توكيونىڭ ئاممىۋى سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ پاكىز مۇھىتى بۇ يەردىكى كىشىلەرنى خالىغان يەردە خاتىرجەم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلتۈرۈدىغان ھالغا كەلتۈرگەنىدى. كىشىلەرنىڭ كىيىم كېيىش ئۇسلۇبلىرى ھەر خىل بولۇپ، كۆز ئالدىمدىكى 200 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرق قىلاتتى. كىيىملەر ئانچە رەتلىكمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن پاكىز ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىغا سەپسېلىپ باقتىم، بەزىلەر بىر ئوبدان خۇرۇم ئاياغلىرىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ، ساپما كەشكە ئوخشىتىپ قويغان، بەزىلەرنىڭ ئاياغلىرى يىرتىق ئىدى، لېكىن يىرتىلغان بۇ ئاياغلارمۇ پارقىراپ تۇراتتى. بۇنداق ئاياغلارنى كىيىۋالغانلارنىڭ چىرايىدا نە بىر خۇدۇك، نە بىر مىسكىنلىكنى كۆرگىلى بولمايدۇ. باشقىلار ئۇلارغا قاراپمۇ يۇرمەيتتى. كىيىمگە كۆزى تويۇپ بولغان بۇ خەلق بىر - بىرىنىڭ ئۇچىسىدىن كەمچىلىك ئىزدەپ تەسەللى تېپىش، بىر - بىرىنىڭ ئۇچىسىدىكى ئارتۇقچىلىقنى دوراشتەك يوقسۇللۇق تامغىسىنى ئۆز روھىدىن ئاللىبۇرۇن ئۇچۇرۇپ بولغاندەك تۇراتتى.

كىشىلەرنىڭ قولىدا كىتاب ياكى يانفون. يانفون ھەممە ئادەمدە بىردەك ئومۇملاشقاندەك تۇراتتى. لېكىن، كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئادەملەرنىڭ يانفونلىرىدا باشقىلار بىلەن ئۇنلۇك گەپلەشكەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم. بىر - ئىككىسىنىڭ ئاممىۋى تويتىن يىراق يەرگە بېرىپ، بىر ئالىقىنىدا ئاغزىنىڭ چۆرىسىنى توراپ تۇرۇپ گەپلەشكەنلىكىنى كۆردۈم، ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم. بەزىلەر يانفون ئارقىلىق تورغا چىقىپ دوستلىرى بىلەن سىردىشىدىكەن، بەزىلەر ئويۇن ئوينايدىكەن. ئۇلار بەلكىم يانلىرىدىكى ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىشنى ئىزدىمەس، ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى يىراقتا.

يولۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنئالا بىلەت ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاپتوبۇستىن بىرەر بوش ئورۇننىڭ چىقىپ قېلىشىغا تەۋەككۇل قىلىپ كېلىشەتتى. جىددىي ئېھتىياجلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئىككى - ئۈچ ئورۇنغا بىلەت سېتىلماي، ئۇلار زاپاس قالدۇرۇلىدىكەن. بەزى بىلەت سېتىۋالغۇچىلارنىڭ

ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىش ۋاقتىغا ئۆلگۈرۈپ كېلىپ بولالماسلىقىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بېلەت ئالالمىغانلار بىر چەتتە ئۆچرەتتە تۇراتتى. بىر ئاپتوبۇس قوزغىلىپ بولغۇچە ئۈچ - تۆت كىشىلىك بىر ئۆچرەت ھاسىل بولاتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆچرەتنىڭ ئالدىدىكى بىر - ئىككىسىگە ئورۇن چىقىدىكەن. ئۇلار قاتناش خادىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشىدىكەن. تۇرمۇش تاسادىپىيلىق ۋە ئېھتىماللىقلار بىلەن تولغان، ئەسلىدە سەپەر قىلىش نىيىتى يوق ئادەملەر بىردىنلا سەپەر قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىسى شەخسىي ئىش بىلەن، بەزىسى كۆپچىلىكنىڭ ئىشى بىلەن سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىككى - ئۈچ ئورۇنغا بېلەت ساتماي زاپاس قالدۇرۇش تۇرمۇشتىكى ئەنە شۇنداق ئېھتىماللىقلارنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن ئىدى. تۈزۈم، تۈزۈلمە ۋە قائىدىلەر ئىنساننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە قانچىكى مۇجەسسەم قىلسا، ئىنساننىڭ ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ قىممىتىنى قانچىكى نەزەرگە ئالسا، ئۇ شۇنچە ئىلغار بولىدۇ. بېلەت ئالالمىغانلارنىڭ ئۆچرىتىنى ھېچكىم تەشكىللىمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى تەبىئىي ئۆچرەتتە تۇراتتى. مەدەنىيەت مەجبۇرلاشتىن ئەمەس، ئادەمنىڭ تەبىئىي قايىللىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ۋاقىت توشۇپ بىزمۇ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق ۋە ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئىنتايىن پاكىز ئىدى. كىشىلەر ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس ئىچىنى جىمجىتلىق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئورۇندۇقلارنىڭ تېگىدە ئاياغ قويىدىغان يەر بار ئىكەن، مەن ئايىغىمنى سېلىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردۇم ۋە ئاغزىنى ياپتىم. ئاندىن ئالدىمدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئىلىندۇرۇپ قويۇلغان ساپما كەشنى كىيدىم. يېرىم ئاپتوماتىك ئورۇندۇق ئالدى - كەينىگە يىغىلاتتى. مەن ئۇنى كەينىگە قىڭغايتىپ، بەدىنىمنى تۈزلەپ يېرىم ئۆرە بولۇپ ياتتىم. ھېرىپ - چارچىغان بەدىنىم

www.uyghurkitap.com



راھەتلەندى. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا پاقالچاقنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يۇمشاق تىرەكمۇ بار ئىكەن تېخى. ئەتراپىمغا قارىسام، بەزىلەر ئەدىيالنى يېپىنغىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بەزىلەر قۇلاقلىرىغا تىڭشىغۇچلىرىنى تاقاپ ئۇنئالغۇ ئاڭلاۋاتاتتى. ئاپتوبۇس خادىمى يولۇچىلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، ئاپتوبۇس دېرىزىسىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى، ئەمدى كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمىدى. ئاپتوبۇس ئىچى قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

ئاپتوبۇس قوزغالدى، ئەر - ئايال ئىككىمىز ياندىش ئولتۇراتتۇق. ئايالىمۇ ئۇيقۇغا تەييارەدەك قىلاتتى، ئۇ بۇ يولنى بۇرۇنمۇ بىرنەچچە قېتىم ماڭغاچقا، مەزكۇر مۇھىت ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. مەن ئەتراپتىكى ئەڭ ئۇششاق ئىشلاردىنمۇ ياپونىيە جەمئىيىتىگە دائىر بىرەر ئۇچۇرنى بىلىپ بېقىشقا تىرىشاتتىم. يولدا بىر - بىرى بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز بولسىمۇ پاراڭلاشقان ئادەملەرنى كۆرمىدىم، بىرنەرسە يېگەن ئادەملەرنى تېخىمۇ كۆرمىدىم. تەبىئىي ھالدا قەشقەر ياكى غۇلجا يوللىرىدا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارنى ئېسىمگە ئالدىم. بىز ئۇيغۇرلار يالغۇزلۇقتا بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىدىغان خەلق، بىرەر سائەتلىك يالغۇزلۇققا چىدىماي ئىچ - باغرىمىزنى تۆكۈپ تېشىغا ئۆرۈۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىمىز. بۇنداق ھالدا يېنىمىزدىكى ھەمسەپەرلىرىمىز بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىمىز. بۇرۇنقى ئۈچ - تۆت ئايلىق، ھەپتە - ئون كۈنلۈك سەپەرگۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىككى - ئۈچ سائەتلىك سەپەرگىمۇ يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسە ئېلىۋالمىساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېلىۋالغان نان، مېۋە - چېۋە، تۇخۇملىرىمىزنى يېنىمىزدىكىلەر بىلەن ھەمشىرىك يېيىشىمىز، بۇ جەرياندا خالىغان گەپلەرنى دېيىشىمىز، ئاستىمىز شۆپۈك بىلەن توشىدۇ. كارىۋاتلىق ئاپتوبۇستا بىرنەرسە يېيىش ئانچە قولايلىقمۇ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ يېتىپ تۇرۇپ بىرنەرسە يەيدىغانلارنى كۆرگىلى

بولىدۇ. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى تاماكا تۇتۇنلىرى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كىشىلەرنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرىدە دۇملەنگەن كىر ئورۇن - كۆرپىلەر، پايپاقلارنىڭ تەر ئارىلاش سېسىق پۇراقلىرى، ماشىنا ۋە ئادەملەردىن چىققان گاز ۋە يەللەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى. يول بويىدىكى ئاشخانىلارنىڭ پاكىزلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغان يولۇچىلارنىڭ ئاز - تولا يېمەك - ئىچمەك ئېلىۋېلىپ، مۇشۇنداق ناقولاي مۇھىتتا يېيىشىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. قىسقىسى، يول ئۈستىدە هايانكەشلىك، دىلكەشلىك، نىمكەشلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. بىر تۈرۈپ بۇنداق سەپەردىن سەسكىنىسەن، يەنە بىر تۈرۈپ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەكەللۇپسىز، ساددا ئادىمىيلىكنى سېغىنىپمۇ قالىسەن. مانا بۇ بىزدىكى ئۇيغۇرچىلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

ئاپتوبۇستا كىچىك بىر ھاجەتخانا بار ئىدى. ئادەتتە ئۇنىڭغا ھاجىتى بەك قىستاپ كەتكەن كىشىلەرلا كىرىدىكەن، بولمىسا ئاپتوبۇس يول ئۈستىدىكى ھاجەتخانىلارغا توختىغاندا شۇ يەرگە كىرىدىكەن. بىزدە ئۈچ - تۆت كۈنلۈك سەپەرگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسلاردىمۇ ھاجەتخانا يوق، بۇ يەردە بىر كېچىلىك مۇساپىدىمۇ يولۇچىلارنىڭ جىددىي ھاجىتى نەزەرگە ئېلىنىغانىدى.

يېرىم ئۆرە ھالەتتە ئۇخلاش مەن ئۈچۈن ئانچە راھەتلىك ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ تۈن ئىلكىدىكى مۇساپىلەرنىڭ قانداق قىسقارغانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن، ئاپتوبۇسنىڭ توختىشىدىن ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، قارىسام يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى پەسكە چۈشۈۋېتىپتۇ، مېنىڭمۇ پەسكە چۈشكۈم كەلدى.

تاڭ سۈزۈلگەنىدى، مەن چۈشكەن يەر يول ئۈستىدىكى بىر ھايالدىما(بېكەت) ئىدى. ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ يۈزۈمنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇۋەتتىم. ھاجەتخانا ئىچى بىزدىكى ئاشخانىلاردىن پاكىز ئىدى. سىرتنىڭ ھاۋاسى سالقىن بولۇپ، يېقىنلا يەردىكى ئورمانلىق تاغدىن قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېرىلگىنىمچە پۇت - قوللىرىمنى سوزۇپ تەن ھەرىكىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قىلدىم ۋە يەنە ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىقتىم. سائەت ئالتىدە كاناراۋاغا يېتىپ كەلدۇق، ئاپتوبۇس خادىملىرى تەزىم بىلەن بىزنى ئۇزىتىپ قالدى. پويىز بېكىتى ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، بىلەت ئېلىپ، پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق. تېخى ئەتىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، بېكەتتە ئايالىم ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۆگىنىلگەن بىر ئىت بىر ئەما ئادەمنى يېتىلەپ كېلىپ، بېكەتنىڭ ئورۇندۇقىغا كېلىپ زوڭزايدى. پويىزنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئىت ئەما ئادەمنى باشلاپ پويىزغا چىقتى، بىزمۇ پويىزغا چىقتۇق.

قىزىل مەخمەل بىلەن قاپلانغان پويىز ئورۇندۇقلىرى دېرىزە بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يولۇچىلار يانداشسىپ ئولتۇرىدىكەن. پويىزنىڭ ئىچى ئۆيدەك پاكىز، يولۇچىلار شالاڭ ئىدى. پويىز روجەكلىرىگە گۈل ياماشتۇرۇلغان ئۆيلەرنىڭ قېشىدىن، ئېتىزلارنىڭ بويىدىن غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە. ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، كەڭ دېرىزىلىرىدىن پەردىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يارما تاشلار بىلەن چۆرىدەلگەن هويلىلار بىر ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئورنىچىلىك كېلەتتى. تۆت چاسا يارما تاشلاردىن قوپۇرۇلغان تام ئېگىز ئەمەس، تاشلار مۇخلار بىلەن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. هويلىلار شۇنچە كىچىك بولۇشىغا قارىماي بىر باغچە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە فونتانلىق سۇنئىي تاغ، قارىغاي، مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈللەر بار ئىدى، ئۇلاردىن پەمىچە 20 ~ 30 خىل ئۆسۈملۈك تېپىنى تاپقىلى بولسا كېرەك. ئايالىمنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ ئۆيلىرىكەن

# ئەتىگەندىكى كەنت بازىرى

تسۇرۇگى (鹤来) ئاخىرقى بېكەت ئىدى، ئۇ يەردە پويىزدىن چۈشتۇق. پويىزغا چۈشۈپ - چىقىش ناھايىتى قولايلىق ئىكەن، بىر بولسا باش بېكەتتىنلا بېلەت ئېلىپ چىقىدىكەنمىز، بىر بولسا پويىزنىڭ ئۆزىدە بېلەت ئالغىلى بولىدىكەن، چوڭراق پۇلنى سالسا، ئاپتوماتىك پارچىلاپ بېرىدىغان ماشىنىمۇ پويىزدا تەييار ئىكەن. قاربىاستى قىلىدىغان قىزىل كۆز ئادەملەر يوق ئىكەن، جامائەتنىڭ كۆزىمۇ بىر - بىرىگە ساقچى ئىكەن. بىر بولسا پويىزدىن چۈشكەندە پۇل تۆلەشكىمۇ بولىدىكەن. پويىزغا چىققىنىمىزدا ئىشىك يېنىدىكى بىر قۇتىدىن قەغەز ئالىدىكەنمىز، بۇ قەغەزگە بىز چىققان شۇ بېكەتنىڭ ئىسمى ئاپتوماتىك ھالدا بېسىلىپ چىقىدىكەن، كېيىن ۋوگزال ئېغىزىدىن چىققاندا شۇ قەغەزنى كۆرسىتىپ، شۇنىڭغا لايىق پۇل تاپشۇرىدىغان گەپ ئىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەردىكى ئاڭلىقلىق، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئاپتوماتلىشىشتىكى قولايلىقلار ئارقىلىق راۋان ھەم ئاسان ئىجرا بولىدىكەن.

تسۇرۇگىدىكى بېكەت كىچىك بىر بېكەت ئىدى، بېكەتنىڭ ئالدىدىلا ئاپتوبۇس بېكىتى بار بولۇپ، ئايالىم ئوقۇيدىغان مەكتەپكە بارىدىغان مىنىبۇسمۇ مۇشۇ يەردىن ماڭىدىكەن. ئايالىم يېقىن يەردىلا لېتس(Lets)دەيدىغان بىر ماگىزىننىڭ بارلىقىنى، شۇ يەردىن كۆكتات، مېۋە - چېۋە، يېمەك - ئىچمەك ئالغاچ كېتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى، بىز شۇ ياققا قاراپ ماڭدۇق.

تسۇرۇگى ئۆيلىرى زىچ بىر كەنت ئىكەن. ئۆيلەر بىر - بىرى

بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىككى قەۋەتتىن ئىكەن. كەنتنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدىكەن، ئۆستەڭنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك، ئىچى بېتوندىن قويۇرۇلغان، قاسناقلىرى، بويىدىكى تار يول سېمونت ياكى ئاسفالت. ئۆستەڭنىڭ ئىچىدىكى بېتونلار مۇختەن كۆكىرىپ كەتكەن، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سايىسى سۇ سۈيىدە چايقىلىپ تۇرىدۇ. ئۆستەڭ سالاسۇنلىرى ئەتىگەنلىك كۈننىڭ نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. قاتناش ئۆتۈپ تۇرىدىغان كوچا تار بولۇپ، پەقەت ئىككى ماشىنا ياندىشالىغۇدەك ئىكەن، يول بويىدا تۇتاش ئۆيلەر بار بولۇپ، كېسەك ياكى خىشتىن سېلىنغان ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆيلەر پولات تۈۋرۈكلەردىن كۆتۈرمە قىلىنىپ، ھەر خىل سۈنئىي ماتېرىيالدىن قۇراشتۇرۇلغاندەك قىلاتتى. ئۆيلەرنىڭ بىرىنچى قەۋىتى دۇكان ياكى ماشىنا توختىتىش مەيدانى ئىكەن. ساتىراشخانا، ئاشخانا، خۇسۇسىي دوختۇرخانا دېگەندەكلەرمۇ بىرىنچى قەۋەتكە جايلاشتۇرۇلىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ ئاستىدا بىر ـ ئىككىدىن ماشىنا يالتىراپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا پىيادىلەر يولى يوق دېگۈدەك ئىدى. يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان كىچىك ئېرىقلار تۆمۈر شادا بىلەن يېپىلغان.

تولا ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىك باغچە ياكى تاختا تاشلار بالداق شەكلىدە ئارىلىق قالدۇرۇپ ياتقۇزۇلغان چىملىق بار ئىدى. ھويلىسى يوق ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىمۇ بىرەر تۈپ دەرەخ ياكى بىرقانچە تەشتەك گۈل بار ئىدى. يول بويىغا تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، سەھەر شامىلىدا مەيىن يەلپۈنۈپ تۇرۇپتۇ. كوچىلار پاكىز، تاماكا قالدۇقلىرى، چاڭ ـ توزان، چاۋار ـ چاتقال، قەغەز پارچىلىرى، شاپاق ـ شالتاق دېگەندەك نەرسىلەر يوق. كوچا ـ كويلار، ھويلا ـ ئارانلار، پەشتاق ۋە بوسۇغىلار بەئەينى كۆكۈل قويۇپ يۇغاندەك تازا. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىغا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە قورۇ نومۇرى يېزىلغان، ھەجمى كىتابچىلىك كېلىدىغان تاختا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت ۋە ھەر خىل ئۆي

سايىنى ئىشىكسىز، قاشاسىز سەينالاردا تۇرۇۋېرىدىكەن، قاشا بولغان ئەھۋالدىمۇ ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشمايدىكەن. بۇ قاشالار مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زىننەت ئۈچۈن ئورنىتىلغان پاسىللار ئىدى، خالاس. قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى كۆرگەنلا نەرسىنى سۈپۈرۈپ ماڭىدىغان پەس ئوغرىلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خالىي بولسا كېرەك. ئۈرۈمچىدىكى ئۆيۈم مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ يەر ئاستى ئامبارغا قويۇپ قويغان گۈرۈچلىرى، ۋېلىسىپىتلىرى يوقاپ كېتىدىغان ئىشلارنى پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىمىز، كۈز كۈنلىرى تالاغا يېيىپ قويۇلغان يېسىۋېلەك ۋە غولپىيازلارغا سوغۇق قول تېگىش ئادەتتىكى ئىش .

بىر دوقمۇشقا كېلىپ، يولنى كېسىپ ئۆتەيلى دەپ تۇرغىنىمىزدا قىزىل چىراغ يېنىپ قالدى. ئايالىم مېنى كوچىدىن ئۆتمەي، يېشىل چىراغ يانغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشقا ئۈندىدى. مەن ئۈرۈمچىدىكى ئادىتىم بويىچە، ئۆتىدىغان ماشىنا بولمىغاندىكىن مېڭىۋەرمەي، دەپ ئويلىغانىدىم. كوچىدا كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قارىسام قارشى تەرەپتىكى ئىككى ئادەممۇ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئايالىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، قاتناش جىددىي بولمايدىغان مۇشۇنداق كەنت بازىرىدا كىشىلەر كېچىدە كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ قالسىمۇ، قىزىل چىراغقا رىئايە قىلىدىكەن، ھەرگىز كوچىنى خالىغانچە كېسىپ ئۆتمەيدىكەن. بىزنىڭ يۇرتلاردا بولسا بۇنداق ئاڭلىقلىق كىشىلەر مەسخىرە قىلىدىغان بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن نورغۇن تەرتىپكە رىئايە قىلىپ بېقىپ، باشقىلارنىڭ رىئايە قىلمىغىنىنى كۆرگىنىڭدە ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەخمەققە ئايلانغىنىڭدا، ئۆز سەممىيلىكىڭگە جاۋابەن ئېرىشكىنىڭ مازاق قىلىش بولغىنىدا، تەبىئىي ھالدا سەنمۇ قائىدە ـ تەرتىپلەرنى ھۆرمەت قىلمايدىغان بولىسەن. كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنالمىغان تەرتىپ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت قۇرۇق شوئار بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ، خالاس. مەن شۇ ۋاقىتتا

www.uyghurkitap.com

خىجالەتلىك بىر ئىشتىن ساقىت بولۇپ قالغىنىمغا خۇش بولدۇم، ئاخىر يېشىل چىراغ يانغاندا كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، لىتىس ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا باردۇق. ۋاقىت تېخى بالدۇر بولغاچقا، ماگىزىن ئېچىلماپتۇ، يەنە ئىككى سائەتكە يېقىن ساقلاش كېرەك ئىكەن. بىز مەكتەپكە بېرىپ، ياتاقتا ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ يەنە كەلمەكچى بولدۇق ـ تە، مەكتەپنىڭ مىنىبۇسى توختايدىغان بېكەتكە قاراپ ماڭدۇق. لىتىسنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە بىر ماشىنا توختىتىش مەيدانى بار ئىكەن، بىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر تار كوچىغا كىردۇق، بۇ كوچا قاتناش كوچىسىغا تۇتىشىدىكەن، كوچا ئېغىزىدىلا بېكەت بار ئىكەن. ھەيرانمەنكى، شۇنچە زىچ ئۆيلەر ئورۇن ئالغان كەنت بازىرىدا ئادەم يوق ھېسابتا ئىدى. كەنت گويا رىۋايەتلەردىكى ئادەمسىز شەھەرگە ئوخشاپ قالغانىدى، تۈن تەڭگىچە ئالدىراش ئۆتكەن كىشىلەر ھارغىنلىقتا «تاڭ ئۇيقۇسى — خان ئۇيقۇسى» دېگەندەك تاڭ سەھەرنىڭ قۇچىقىدا شېرىن ئۇخلاپ كەتكەن بولسا كېرەك.

بېكەت تاختىسىغا مىنىبۇسنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يېزىپ قويۇلغان. ھەر قېتىملىق قاتناشنىڭ قەرەلى سائەت ۋە مىنۇتقىچە ئېنىق ئىدى. كىشىلەر ئەنە شۇ پەيتكە ئۇلگۇرۇپ بېكەتكە كېلىپ تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. دېمەك، ۋاقىت تەرتىپلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ۋاقىت ئادەملەرنىڭ خاھىشىغا ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ۋاقىتقا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. نۆۋەتتىكى مىنىبۇسنىڭ كېلىشىگە بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى، ئادەمسىز كوچىدا ئەر ـ ئايال ئىككىمىزلا تۇراتتۇق. مىنىبۇس ئاخىر كەلدى، ئۇنىڭ كەلگەن ۋاقتى تاختىدا ئەسكەرتىلگەن ۋاقىت بىلەن دەلمۇدەل چىقتى.

مىنىبۇسقا ئايالىم باشتا چىقتى. ئۇ شوپۇرلار بىلەن بىرنىملەرنى دېيىشىپ سالاملاشتى، مەنمۇ شۇ تەقلىدتە سالاملاشتىم. قائىدە بويىچە يولۇچى: «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم» دەيدىكەن، شوپۇرمۇ سالام بېرىپ: «قېنى مەرھەمەت» دەيدىكەن.

مىنىبۇس بۇ مەكتەپنىڭ قاتناش شىركىتىگە قىلغان ھاۋالىسى بىلەن تسۇرۇگى پويىز بېكىتى بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا مەخسۇس قاتنايدىكەن، ئادەتتىكى كۈنلەردە كۈنىگە 16 سائەت، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بولسا 10 سائەت ئۆپچۆرىسىدە قاتنايدىكەن. ئىشقا چىقىش ھەم ئىشتىن چۈشۈش ۋاقىتلىرىدا قاتناش قېتىمى كۆپرەك بولىدىكەن. قاتناش ھەقسىز بولۇپ، بۇ ھەقنى مەكتەپ ئۈستىگە ئالىدىكەن. مەكتەپ قاتناش شىركىتىگە يىلىغا 14 مىليون يېن (تەخمىنەن 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى) پۇل تۆلەيدىكەن. مىنىبۇسقا مەركىزىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا ئەتراپتىكى كىشىلەر چىقىۋالسىمۇ، شوپۇر ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدىكەن، پەقەت ھەربىر بېكەتتىن چىققان ئادەملەرنىڭ سانىنى خاتىرىلىۋالىدىكەن. بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ مىنىبۇسقا چىقىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈنلا ئىكەن. بىزدەك ماشىنىسى يوق ئوقۇغۇچىلار مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ تسۇرۇگى بازىرىدىكى ماگىزىنلارغا بېرىپ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالىدىكەن، پويىز بېكەتلىرىگە بېرىۋالىدىكەن. ئەگەر بىرى بېكەت يوق يەردە تۇرۇپ قول پۇلاڭلاتسا مىنىبۇس توختىماي ئۆتۈپ كېتىدىكەن، كىشىلەر پەقەت بەلگىلەنگەن بېكەتتىلا تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ئادەتتە مەكتەپ بىلەن پويىز بېكىتىنىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق بولغان ھەرقانداق رايوندا مەكتەپ تەرىپىدىن سېلىنغان مەخسۇس قاتناش ۋاسىتىلىرى بولىدىكەن. زاۋۇت ـ كارخانىلارمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. ئادەتتە تولا ئادەمنىڭ خۇسۇسىي ماشىنا ــ پىكاپى بولغاچقا، مىنىبۇستا ئولتۇرىدىغانلار ئۇنچە كۆپ بولمايدىكەن. بىزدە ئۆلۈم ـ يىتىم بولسا ماشىنا چىقىرىپ بېرەلمەيدىغان ئىدارىلەر، ماشىنىسى بار بولسىمۇ، چىقىرىشنى خالىمايدىغان ئادەملەر خېلى بار. ماشىنا چىقارغان ھالەتتىمۇ خېلى كۆپ ئاۋارە بولۇپ، ئۇلارغا كۆچۈكلىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىر چاغلاردا ئۆي كۆچىدىغان بولۇپ قېلىپ، ماشىنا تاپالماي ساق ئۈچ كۈن قاتراپ يۈرگەنىدىم.

بىز ئولتۇرغان مىنىبۇس ئۆيلەر ئارىسىدىكى كوچىدىن چىقىپ،

www.uyghurkitap.com



سۈيى ئۈلۈغ بىر ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشى قويۇق دەرەخلىك بولۇپ، سۈيى سۈپسۈزۈك ئىدى. ئۆستەڭنىڭ بۇ تەرىپى چوڭ يول، چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا دەريا بار ئىدى. بۇ تېدورى دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. دەريانىڭ ئىنى خېلى كەڭ بولۇپ، سۇ يالاپ سىلىقلىشىپ كەتكەن خادا تاشلار چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۈگۈن سۇ ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. يامغۇر ياغقان كۈنلەردە سۇ ئۇلغىيىپ قالىدىكەن. دەريانىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئىككى تەرىپىدە ئېتىز بار يولغا چىقتۇق. ئەتراپتا يېشىللىق، ئەتراپتا گۈل. مىياتاكى كەنتىگە بارغاندا، مەكتەپكە قاراپ بۇرۇلىدىكەنمىز، مىنىبۇس ياپيېشىل قارىغايلىق تاغ تەرەپكە بۇرالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پىيادىلەر يولى، تۆت ئەتراپ غۇچچىدە گۈل، تىك ئۆسكەن قارىغايلار تاغ باغرىلىرىنى بويلاپ زىچ ئورۇن ئېلىشقان، يەر يۈزى يېشىل كوكاتلار بىلەن قاپلانغان. يولدا ماشىنىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، پىيادە يۈرگەن ئادەملەرمۇ يوق. بۇنداق خىلۋەت تاغ ئارىسىدا مەكتەپ نېمە قىلىسۇن دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. يىلانباغرى يولنى بويلاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئاندا ـ مۇندا بىنالار كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ھايال ئۆتمەيلا سانجاق بىنالار ئۆرىدىشىپ كەتكەن بىر دۆڭلۈككە كېلىپ قالدۇق. ئايالىم: «ئەنە ئاۋۇ مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپ» دەپ كۆرسەتتى. كۈل رەڭ چاقچۇق چاپلانغان ھەشەمەتلىك ئېگىز بىنالار ئېزىتقۇ شەھەردەكلا كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى

# JAIST

مەكتەپكە يېتىپ كەلدۇق، مەن تېخى قوش قاناتلىق كەڭ تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرىمىز، دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدە مەكتەپنىڭ نامى يېزىلغان يوغان ۋىۋىسكا بولىدۇ، يەنە بىر تەرىپىدە ساقچىخانا ياكى ھېچبولمىغاندا دەرۋازىۋەن بولىدۇ، ئۇ كىرىپ - چىققانلارنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان بولىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، بۇ يەردە دەرۋازا ياكى تام دېگەننى كۆرگىلى بولمايتتى، رېشاتكا، قاشا دېگەندەك نەرسىلەرمۇ يوق ئىدى، مەكتەپ بىنالىرىنىڭ ئەتراپى ئوچۇقچىلىق ئىدى. مەكتەپنىڭ بىر تەرىپى چوڭ يولغا، يەنە بىر تەرىپى قارىغايلىققا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى مۇشۇ دۆڭلۈككە ئۈنۈپ چىققاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىكەن. مەكتەپ ئۆزىنى قوينىغا ئالغان تەبىئىي مۇھىت بىلەن سىڭىشىپ كەتكەندەكلا تۇرىدىكەن.

مەكتەپكە كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەخمىنەن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان سېمونت قىر بار ئىكەن. مەكتەپنىڭ نامى سىلىقدالغان گىرانىت تاش تاختىغا بىر تەرەپكە ياپون يېزىقىدا، يەنە بىر تەرەپكە ئىنگلىز يېزىقىدا ئويۇلۇپ، قىرغا سىڭىشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. JAIST دېگىنىمىز بۇ مەكتەپنىڭ Japan Advanced Institute of Scienceand Technology دېگەن ئىنگلىزچە نامىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى ئىدى. ئۇنى ياپونچە 北陆先端科学技术大学院大学 دەپ يازىدىكەن. بىز مىنىبۇستىن چۈشۈپ ياتاققا ماڭدۇق. مىنىبۇس توختايدىغان چوڭ بىر مەيداننى كېسىپ ئۆتتۇق. بۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانى ئىكەن، پەمىمچە بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەيدان تۆت - بەش مو كەلسە كېرەك. «ئوقۇغۇچىلار ماشىنىسى ئاۋۇ مەيداندا توختايدۇ» دېدى ئايالىم يىراقتىكى بىر دۆڭنى كۆرسىتىپ. ئۇ يەردىمۇ ماشىنا توختىتىلىغان چوڭ بىر مەيدان تۇراتتى.

ئايالىم مېنى كېلىدۇ، دەپ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىلىپ قويغانىكەن، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرىدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئويلىشىدىكەن. بىز 103 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سىلىپ، ئىشىكنى ئاچتۇق. ئايالىم چاقچاق قىلغان هالدا ياپون تىلىدا «مەرھەمەت» دېدى. مۇشۇ بوسۇغىدىن ئاتلاشتىن بۇرۇنقى تەنھالىق ئازابلىرىمىزنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە چوڭقۇر بىر روھىي هاردۇق بار ئىدى. مەن پاسپورتۇمنى ۋاقتىدا هەل قىلالماي، تۇنجى قېتىم ئەۋەتكەن چاقىرىق قەغىزىنىڭ مۇددىتى توشۇپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى قېتىملىق چاقىرىق قەغىزى ناھايىتى ئۇزۇندا چىقتى، چۈنكى ياپونىيە تەرەپ بىرىنچى قېتىملىق چاقىرىق قەغىزىنىڭ بىكار بولۇپ كەتكىنىدىن رازى ئەمەس ئىكەن. ئايالىم ئۇلارغا جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرچىلىقنىڭ پەۋقۇلئاددە رىئاللىقىنى چۈشەندۈرسىمۇ، ئۇلار قايىل بولماپتۇ. «جاھاندا نەدىمۇ ئۇنداق ئىشلار بولسۇن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇلار ئەقلىگە سىغدۇرالماي. باشقىلارغا قانچە چۈشەندۈرسىمۇ، چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەنتىقە ئىچىدە ياشىغان ئادەم باشقىلارنىڭ هېسداشلىقىنى ئاسان قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. پاسپورت ۋە ئىككىنچى قېتىملىق چاقىرىق قەغىزى چىققۇچە ئايالىم تالاي قاقشىدى، تالاي يىغلىدى. ئۇ ھەمىشە ماگا ئۆزىدەك ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاسانلا جەم بولۇپ، خاتىرجەم ياشىغىنىنى مىسال قىلىپ تەگەيتتى. مەن ئۇنىڭغا: «بىر ئىشنى تەستە پۈتكۈزسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىسەن، ئازابىمۇ بىر مەكتەپ» دەپ تەسەللى بېرەتتىم. مانا، ئاخىر ئايالىم مېنى كېلىدۇ، دەپ ئىلىپ قويغان ئۆينىڭ

بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم. بوسۇغىنىڭ ئىچىدە بىر پۈتۈن تارىخ ياتاتتى. مەن ئەمدى بوسۇغىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئەنە شۇ تارىخنىڭ شەكىلسىز ۋۇجۇدىغا پات - پات سەپسېلىپ، تەقدىر ھەققىدە ئويلىنىمەن. قانداقتۇر شەكىلسىز بىرنەرسە (بەلكىم ئۇ كۆلەڭگىدۇ ياكى ئەرۋاھتۇ) ماڭا ئەگىشىپ، ياپونىيەگە بىللە كەلگەندەك ۋە ئۆيگىمۇ بىللە كىرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ ماڭا باغلىنىپ ياشامدۇ ياكى مەن ئۇنىڭغا باغلىنىپ ياشامدىمەن، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ياشاش بەلكىم تەقدىرگە جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈندۇ. جاۋاب ئالدىمدا، ھامان ئالدىمدا...

ئۆينىڭ ئىچى پاكىز ئىدى. ئۆيدە توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، كىرئالغۇ، دۇخوپكا، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، تاماق شىرەسى، يېزىق شىرەسى، ئورۇندۇق، مۇنچا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. مۇنچا بىلەن ھاجەتخانا ئايرىم بۆلمە ئىكەن. كىرئالغۇسىمۇ تولۇق ئاپتوماتىك ئىكەن. بىزدە ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان ئادەمنىڭمۇ بۇنچىلىك سەرەمجانلىشىشى تەس. ئۆينى كۆرۈپلا كۆڭلۈم يورۇغاندەك بولدى. دالان ئۆينىڭ ئاستى تاختاي پول، ياتاق ئۆينىڭ ئاستى تاتامى (ياپونلار ئۆيلىرىدە سېلىنچا قىلىپ ئىشلىتىدىغان چىغ توقۇلما) ئىكەن. بىز يۇيۇنۇپ بولۇپ، ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئۇخلاپتۇق. ئاندىن مەكتەپ ئاشخانىسىغا چىقىپ بېلىق بىلەن گۈرۈچ تاماقنى يېدۇق.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تۇرمۇشۇم JAIST قا باغلانغان ھالدا ئۆتىدىغان بولدى، JAIST نىڭ قورۇسى مەن ئۈچۈن پۈتكۈل ياپونىيە جەمئىيىتىگە مىسال ئىدى. ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ قاتلىمى مۇرەككەپ، ئەلۋەتتە. ئۇنى ھەرگىزمۇ چەت بىر يېزىغا جايلاشقان ئالىي مەكتەپ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ياپونىيەنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەرقايسى تەبىقىسىنى ئارىلاپ چىققۇدەك ۋاقتىم ۋە پۇلۇم يوق بولۇپ، ياپونىيەنى مەن تۇرۇۋاتقان مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپى ئارقىلىق كۆزىتىشتىن باشقا ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



JAIST تامسىز بىر مەكتەپ ئىدى. بۇ مەكتەپ 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا سېلىنغان دۆلەت قارمىقىدىكى مەكتەپ ئىكەن. ئادەتتە ياپونىيەدە تولۇقسىز ئوتتۇرىغىچە بولغان مائارىپ دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيىتىدە بولىدىكەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەر بولسا دۆلەت قارمىقىدىكى ھەم خۇسۇسىيلار قارمىقىدىكى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. خۇسۇسىيلار قارمىقىدىكى ئالىي مەكتەپلەر كۆپرەك بولىدىكەن. دۆلەت ھەر ئىككى خىل مەكتەپنىڭ دىپلوم ۋە گۇۋاھنامىلىرىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىكەن.

مەكتەپ بىلىمشۇناسلىق مەكتىپى، ئۇچۇرشۇناسلىق مەكتىپى ۋە ماتېرىيالشۇناسلىق (ماتېرىيال ئىلمى) مەكتىپىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق مەكتەپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنمايدىكەن. قوبۇل قىلىنىدىغانلار يۇقىرىقى ئىلمىلەر بويىچە تەربىيەلىنىدىغان ماگىستىر، دوكتور، دوكتور ئاشتى ۋە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار ئىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش نىشانىمۇ مەخسۇس بىلىملەرنى كېڭەيتىشلا ئەمەس، بەلكى ئاساس خاراكتېرلىك ئۇقۇملارنى چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى بايقىيالايدىغان ۋە ھەل قىلالايدىغان، ئۆزىنىڭ بىلىملىرىنى باشقا ساھەدىكى بىلىملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ چىقىش ئىكەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپ ئادەتتىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئەمەس، بەلكى پەن ۋە تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى مەخسۇس ئاكادېمىيەگە بەكرەك ئوخشايتتى.

مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىي ئىكەن، مۇدىر بىر نەپەر، مۇئاۋىن مۇدىر بىر نەپەر بولىدىكەن، شۇجى (سېكرېتار) بولمايدىكەن. بۇلار دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق، پىشقان ئالىملاردىن سايلىنىدىكەن. مەكتەپ باشقۇرۇشتا مەخسۇس ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پىروفېسسورلارمۇ ياردەمچى مۇدىرلىققا

تەكلىپ قىلىنىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرغا ھەمكارلىشىدىكەن. بۇنداق بولغاندا پىروفېسسورلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى قابىلىيىتى ۋە يوشۇرۇن كۈچىدىن ئوبدان پايدىلانغىلى، كەسپىي بىلىملەرنى باشقۇرۇش مېخانىزمىغا جانلىق ماسلاشتۇرغىلى بولىدىكەن.

پىروفېسسورلار بىر مەكتەپنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى تۈپ ئامىل دەپ سانىلىدىكەن. مەزكۇر مەكتەپتە پىروفېسسور، دوتسېنت، پىروفېسسور ياردەمچىلىرىدىن بولۇپ 144 نەپەر مۇتەخەسسىس بار ئىكەن، مۇلازىمەتچى خادىملىرىنى قوشقاندا 329 ئادىمى بار ئىكەن. يەنە ھەمكارلاشقۇچى شىركەت ۋە كارخانىلاردىنمۇ مەزكۇر مەكتەپكە كېلىپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان ئادەملەر بولىدىكەن. چەت ئەللەردىن كەلگەن تەكلىپلىك پىروفېسسورلارمۇ 10 ~ 20 گە بارىدىكەن. شۆبە مەكتەپ باشلىقلىرىمۇ ئاشكارا رىقابەت بىلەن سايلىنىدىكەن.

ئادەتتە، ئايدا بىر قېتىم پىروفېسسورلار يىغىنى ئېچىلىدىكەن، يىغىندا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا ئالاقىدار چوڭ قارارلىرى ۋە پىلانلىرى تۈزۈلىدىكەن. پىروفېسسورلار بۇ يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتقا دائىر تەنقىدىي قاراشلىرى، يېڭى تەشەببۇسلىرى، تەكلىپ ـ لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، بۇلار مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قارار چىقىرىشىدىكى ئاساسلىق تايىنىش نۇقتىسى بولىدىكەن. مەكتەپتە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات باش تېما قىلىنمىغان يىغىن بولمايدىكەن، پىكىرلەر بىۋاسىتە ئۇنۇمگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي پىكىرلەردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىكەن. تېرمىنلارنى غىلدىرلىتىپ ئوينايدىغان مەمەدان مەجلىسۋازلارغا ئورۇن يوق ئىكەن.

مەكتەپتە يىغىن يوق ھېسابىتا بولۇپ، رەھبەرلىكنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، خىزمەت ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى تور بېتى ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تارقىلىدىكەن. كىشىلەر ئىشقا چۈشكەندە ياكى ئىشتىن چۈشكەندە تور بېتىنى كۆرۈش ئارقىلىق مەكتەپنىڭ خىزمەت ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ ھەر خىل ئۇقتۇرۇشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تور ئادرېسىغا يوللىنىپ تۇرىدىكەن، ئىشلار شۇ يوسۇندا راۋان يۈرۈشۈپ تۇرىدىكەن. يېڭى يىل ۋە باشقا بايراملارنىڭ تەبرىكىنى مەكتەپ مۇدىرى بەش مىنۇت ئىچىدە تۈگىتىدىكەن. ئادەتتە، ئوقۇش باشلاش مۇراسىملىرى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مۇراسىمدا نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلار دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن مەخسۇس تەكلىپ قىلىنىپ، نۇتۇق سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلىدىكەن.

مەكتەپتىكى ھەرقايسى تارماقنىڭ بىنالىرى كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان يېپىق كارىدورلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، سىرتقا چىقمايمۇ مەكتەپنىڭ خالىغان بۆلۈم، دەرسخانىلىرىغا كىرىپ ـ چىققىلى بولىدىكەن. مەكتەپنىڭ جايلاشقان ئورنى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغ ۋە جىلغىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسلىدىكى يەر شەكلى تۈزلەش، ئويۇش، تىندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزگەرتىلمىگەن، بەلكى ئەسلىدىكى يەر شەكلى ئەينەن ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئەتراپتىكى ئىشكاۋۇ ئالىي تېخنىكا مەركىزي بىنالىرى ۋە NTT (Nippon Telegraph and Telephone Corporation) بىنالىرىمۇ شۇنداق سېلىنغان. بىز «تاغ ـ دەريالارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» شوئارلىرىنى توۋلاپ يۈرۈپ، تالاي جىلغىنى تىندۇردۇق، بېھېساب ئورماننى قۇرۇتتۇق، دەريالارنىڭ ئېقىنىنى ئۇياق ـ بۇياققا بۇراشقا ئۇرۇندۇق. شۇ جەرياندا ئۆزىمىزمۇ ئۆزگەردۇق، مەنپىي ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىشنىڭ تەھدىتى ئىچىدە تەمتىرىدۇق. ياپونلار بۇ جەھەتتە جىق ئىبرەتكە ئىگە بولغاندەك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى تەبىئەتنىڭ تۈزۈلمىسىگە زىت رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ تۈزۈلمىسى بىلەن مۇرەسسە قىلغان ھالەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلغانىدى. ئۇلار تەبىئەتنىڭ خۇلقىنى ئىگىلەش ئارقىسىدا، بۇ خۇلقنى تەبىئەت

بىلەن بىر گەۋدە بولغان ئىنساننىڭ خۇلقى بىلەن بېيىتىپ، تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسىمىنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى.

ياپونىيەدە بىنالار ئىمكانقەدەر ئۇنۇمسىز يەرلەرگە سېلىنىدىكەن. ئۇلار بىزگە ئوخشاش قويۇق ئورمانلىقلارنى، مۇنبەت ئېتىزلارنى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئۆزگەرتىش، تىزگىنلەش، تۇزلەش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ئورنىغا تەرەققىيات رايونى (开发区)، زاۋۇت بىنالىرى قاتارلىقلارنى پىلانلىمايدىكەن. بوستانلىقلار ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسىمۇ، كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرۇنلا ئېچىلىپ، ئەنە شۇنداق ھاياتلىق ماكانىغا ئايلاندۇرۇلغان. JAIST نىڭ بىنالىرى تاغنىڭ ئورمانلىق يېرىگە ئەمەس، بەلكى دەرەخسىز - تاقىر يەرلىرىگە پىلانلانغانىدى. بۇ ئەتراپتىكى باشقا بىنالارمۇ شۇنداق ئىدى. ئېتىزلارنىڭ، باغ - ۋارانلارنىڭ، ئورمانلارنىڭ تۆمۈر يوللارغا، بازارلارغا ۋە ئولتۇراق رايونلارغا ئايلاندۇرۇلۇشى قارىماققا ھەشەمەتلىك تەرەققىيات مەنزىرىسىنى شەكىللەندۇرگەندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ھاياتلىق ئىمكانىيەتلىرىنىڭ قىسقىرىشىدۇر ياكى ھاياتلىق مۇھىتىنىڭ تەخىرسىز نۇقتىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىدۇر.

JAIST نىڭ بۇ يەرگە سېلىنىشىدا ئالاھىدە بىر ئارقا كۆرۈنۈش بارمىش. ھازىر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى (自民党) نىڭ كوئىزىمى (小泉) دىن بۇرۇن باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن كاتتىبېشى موري شىرو (森喜郎) 1990 - يىللاردا دۆلەتلىك مەدەنىيەت، پەن - مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئىكەن. بۇ ۋەزىر مەزكۇر مەكتەپ جايلاشقان تاتسىنوكۇچى (辰口) يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، بۇنداق بىر چەت يېزىغا چوڭ بىر ئالىي مەكتەپنىڭ سېلىنىشى يېزا خەلقىگە تۇرلۇك پايدا - مەنپەئەت ئەكېلىدىكەن. موري شىرو ئانا يۇرتىغا پەرزەنتلىك مېھرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچەپ، مەكتەپنىڭ سېلىنىشىنى مۇشۇ ئورۇنغا پىلانلىغانىكەن. ئەسلىدىكى پىلان بۇ

www.uyghurkitap.com



مەكتەپنى توكيو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىغا سېلىش ئىكەن، بىراق موريي شىرونىڭ تەسىرى بىلەن بۇ مەكتەپنى ئاخىر تاتسىنوكۇچىغا سېلىش قارار قىلىنغان. بۇنداق بولغاندا مەكتەپكە لازىملىق ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىكى شىركەتلەر ئارقىلىق سېتىۋېلىنىشى كېرەك بولۇپ، بۇ جەرياندىكى پايدا يەنىلا يەرلىك خەلققە بولىدىكەن. مەكتەپ خىزمەتچىلىرىمۇ مەكتەپ چۇشكەن يېزىنىڭ خەلقىدىن قوبۇل قىلىنىشى كېرەك ئىكەن. ھەتتا تازىلىق ئىشچىلىرىمۇ مۇشۇ يېزىدىن كەلگەن ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئەتىگىنى پىكاپىلىرى بىلەن كېلىپ ئىشخانا، كۇتۇپخانا، تەجرىبىخانا ۋە دەرسخانىلارنى تازىلاپ بولۇپ، پىكاپلىرىنى ھەيدىشىپ قايتىپ كېتىدىكەن. شۇ ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كومپيۇتېر ئەسلىھە تەرەققىياتىدا JAIST نىڭ تۇتقان ئورنى ئالاھىدە ئىكەن. ئەتراپتىكىلەرمۇ JAIST نىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن مەنپەئىتىدىن مەمنۇن ئىكەن.

JAIST ھەقىقەتەن زامانىۋى ئالىي مەكتەپ ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن كۆپ تۈردە مەملىكەت ئىچىدىكى 100 ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى رەتتە تۇرالايدىكەن. ئوقۇغۇچىسى 1000 دىن ئارتۇق بولۇپ، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار 130 ئەتراپىدا ئىكەن. بۇلار ئاساسەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن كەلگەنىكەن. بويتاق ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم ياتاق بېرىلىدىكەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ياكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بېرىلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى ئەتراپتىكى خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدىكەن. دەرسخانىلار، لابوراتورىيەلەر ۋە كۇتۇپخانا پۈتۈنلەي تورلاشتۇرۇلغان. ئۇچۇر تورى مەكتەپنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىنى دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدىكى ئۇچۇر ئورگانلىرى بىلەن تۇتاشتۇرغان، ئۇچۇر لىنىيەلىرى پۈتكۈل مەكتەپنى ئۇچۇر سەزگۈسى كۈچلۈك ھاياتىي ئورگانغا ئايلاندۇرغانىدى. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا ئىككى -

ئۈچتىن كومپيۇتېر، كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ خاتىرە كومپيۇتېرىمۇ بار، بۇ كومپيۇتېرلار ئەڭ ئىلغار نۇسخىلىرى چىققاندا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدىكەن. پۇل ئامانەت، پوچتا يوللانمىلىرى مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدىلا پۈتىدىكەن. ناۋادا ماركا بولماي قالسا، سىز پوچتىكەشلەرگە پۇل بېرىپ، ھاۋالە قىلىپ قويسىڭىز، ئۇلار ئىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ، تالوننى ياكى ئىسپاتنى سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. ناۋادا ئوقۇغۇچىلار كۆچمەنلەر ئىدارىسى ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ بىرەر ئىشقا دائىر رەسمىيەت ئۆتىمەكچى بولسا، مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى ئوقۇغۇچىلار ئىشخانىسى ئالدىدىكى ئاپتوماتىك ماشىنىدىن خالىغان ۋاقىتتا ئالغىلى بولىدىكەن. ماگنىت يالىتىلغان ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى ئاپتوماتىك قۇرۇلمىغا تونۇتقاندىن كېيىن، ئېكراندا ئېھتىياجلىق ئىسپاتلارنىڭ تىزىملىكى چىقىدىكەن، ئۇنىڭدىن لازىملىق ئىسپات تۈرى ۋە نۇسخا سانىنى كۇنۇپكا ئارقىلىق تاللاپ، قارار كۇنۇپكىسىنى چەككەندىن كېيىن، قىزىل تامغا بېسىلغان ئىسپاتنامە شارىلداپ چىقىدىكەن. ئەگەر ئاپتوماتىك قۇرۇلمىدا يوق پەۋقۇلئاددە ئىسپاتنامىلەر كېرەك بولسا، ئېلخەت (E-mail) ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن، خادىملار ئىشلارنى ئۆزلىرى پۈتكۈزۈپ چاقىرتىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تاملار تۆت چاسا مەرمەر تاشلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن دوكتورلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ئاشۇ تاشلارغا ئويۇلىدىكەن. بۇ كېيىنكىلەرگە ئىلھام بولىدىغان بىر مەكتەپ خاتىرىسى بولىدىكەن.

تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانىلارغا كىرىشتىمۇ ماگنىتلىق ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى ئىشلىتىلىدىكەن. ئىشىك يېنىدىكى ئېلېكترونلۇق ئاپپاراتقا كىنىشكىنى سۈركەپ تونۇتقاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلىق مەخپىي نومۇرىڭىزنى رەقەملىك كۇنۇپكا ئارقىلىق باسىدىكەنسىز، ئىشىك ئېچىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئادەتتىكى كۈنلەردە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، كۈندۈزدە، تۈن نىسپىدە، ئومۇمەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى



كېچە ـ كۈندۈز ــ خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆز تەتقىقاتىڭىزغا دائىر مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولالايدىكەنسىز. كۇتۇپخانىدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ھەم تەتقىقات نىشانىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىكەن. كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ياپونچە، ئىنگلىزچە كىتابلار ئىگىلەيدىكەن. گېرمانچە، فرانسۇزچە، ئىسپانچە كىتابلارمۇ ئاز ـ تولا بار ئىكەن، خەنزۇچە كىتابلارنى تاپقىلى بولمايدىكەن. كۇتۇپخانىنى ئارىلاپ ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق كىتابلارنى بىۋاستە ئىزدىيەلەيدىكەنسىز. كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ يېنىغا دېرىزىگە ئۇدۇللاپ ئۈستەل ۋە پارتىلار قويۇلغان، بۇلارغا ئېلېكتىرونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى چېتىپ پايدىلانغىلى بولىدىكەن. پول ئۈستى سۇنئىي توقۇلمىلار بىلەن قاپلانغان. چارچىغاندا ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ دەم ئالسا بولىدىغان يۇمشاق دىۋانلار ھەربىر قەۋەتكىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ ناخشا ـ ساز ئاڭلايدىغان، سىنتەخسىلىرىنى كۆرىدىغان مەخسۇس خانىلارمۇ بولۇپ، ئۇ يەردە بەھۇزۇر دىۋانلار بار. بۇ خانىلاردا تىل ئۆگىنىشكە دائىر ھەر خىل پىلاستىنكىمۇ قويۇلغان. بىر تەرەپتە مەزكۇر مەكتەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئىلمىي مۇلاقەتتە بولغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ سۈرەتلىرى، مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تۇنجى نەشر نۇسخىلىرى، قول يازمىلار ساقلانغان ئايرىم بىر خانىمۇ بار ئىكەن، ئۇمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىۋېتىلگەن. ئوقۇغۇچىلار لازىملىق كىتابلارنى تاللاپ بولۇپ، ئاپتوماتىك تىزىملاش قۇرۇلمىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى ۋە ئالغان كىتابلارنى تونۇتقاندىن كېيىن، كىتابلارنى كۇتۇپخانا سىرتىغا ئېلىپ چىقسا بولىدىكەن. ئەگەر ئېھتىياجلىق كىتابلار مەزكۇر كۇتۇپخانىدىن تېپىلمىسا، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە باشقا ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىن ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىكەن، پوچتا ھەققىنى ئۆزىڭىز تۆلەيدىكەنسىز. كۇتۇپخانىغا كومپيۇتېر، خەت باسقۇ، نۇسخىئالغۇلارمۇ قويۇلغان، لازىملىق نەرسىلەرنى ئۇ يەردە نۇسخىلاپ ياكى بېسىپ چىقىپ كېتىشكىمۇ بولىدىكەن.

ئوقۇتۇش بىنالىرىدا مەخسۇس تاماكا چېكىش ئۆيى بولىدىكەن، تاماكا چېكىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئاتايىتەن ئاشۇ ئۆيگە چىقىپ تاماكا چېكىدىكەن، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكەچ پاراڭ سېلىشىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ يېنىدا تاتلىق - تۈرۈملار، تاماكا ۋە ئىسسىق - سوغۇق ئىچكۈلەر قاچىلانغان ئېلېكترونلۇق ساندۇق بولىدىكەن. تەڭگە پۇلنى سېلىپ، كۆرسىتىلگەن باھا بويىچە ئىچىدىغان ئىچكۈڭىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۇنۇپكىنى باسسىڭىز، ھاجىتىڭىز ھەل بولىدىكەن.

چارچىغان چاغلىرىڭىزدا دەم ئېلىش ئۆيلىرىگە كىرىپ ياتسىڭىزمۇ بولىدىكەن. بىر چەتكە پىيانىنو قويۇلغان، ئۇنىڭ يېنىغا مەشھۇر مۇزىكىلارنىڭ نوتا توپلىمى قويۇلغان. قولىڭىزدىن كەلسە، بىر - ئىككى ئاھاڭنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئورۇنلاپ، ھارغان نېرۋىلىرىڭىزنى كۆي قۇچىقىدا ئەللەيلەتسىڭىز بولىدىكەن. يەنە بىر چەتتە ئاپتوماتىك ئۇۋۇلاش ماشىنىسىمۇ بار ئىكەن، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ كۇنۇپكىنى باسسىڭىز، دۈمبىڭىزنى، پۇتىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىدا ئۆگەنسىمۇ بولىدىكەن، تەجرىبىخانىدا ياكى كۇتۇپخانىدا ئۆگەنسىمۇ بولىدىكەن. ئىشقىلىپ ئوقۇغۇچىلار قەيەردىلا بولمىسۇن، ئۇ ئۆگىنىش، دەرس ئاڭلاش ۋە تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىسىلا بولىدىكەن. ماگىستىر ۋە دوكتورلارنىڭ دەرس ئاڭلاپ، ئىمتىھان بېرىپ تولدۇرىدىغان نومۇرى بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئالاقىدار دەرسلەرنى ئاڭلاپ، نورمىسىنى تولدۇرسا بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى يوقلىما قىلىپ، سۈرۈشتۈرىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. ئىش بولسا، يېتەكچى پروفېسسور تور ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇدۇللۇق ئۇقتۇرۇپ تۇرىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار دەل ۋاقتىدا يىغىلىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلايدىكەن. ئادەتتە بىر لابوراتورىيەدە ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 ~ 15ئوقۇغۇچى بولىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلارمۇ، دوكتور ئوقۇغۇچىلارمۇ بار. ئاز بولغاندا

www.uyghurkitap.com


ئىككى ـ ئۈچ ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولىدىكەن. لابوراتورىيەنىڭ نامى مەسئۇل پىروفېسسورنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدىكەن. بەزى پىروفېسسورلارغا ئوقۇغۇچىلار كۆپ كېلىدىكەن، بەزى پىروفېسسورلارغا ئاز كېلىدىكەن، كىمگە شاگىرت بولۇشنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تاللاپ بېكىتىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ غايىسى، پىروفېسسورلارنىڭ كەسپى، تەتقىقات ئەھۋالى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى بىۋاسىتە ئىزدەپ بارىدىكەن. پىروفېسسورلار بىلەن ئىنتېر تورى ئارقىلىق ئالاقە قىلىشىمۇ بولىدىكەن. ئادەتتە ياپونىيەنىڭ يىراق يەرلىرىدىكى كىشىلەر پىروفېسسورلار بىلەن ئىنتېر تورى ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ياكى يۈزتۇرا ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتنى پۈتۈشۈۋالىدىكەن. چەت ئەللىكلەر بىۋاسىتە، ئىنتېرتورى ئارقىلىق ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرەلەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە شىركەتلەردە ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلارمۇ بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى قوشنا شەھەر، رايونلاردا، ھەتتا يىراق شەھەرلەردىمۇ بولىدىكەن. ئۇلار ئايدا بىر قېتىم كېلىپ پىروفېسسورغا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى دوكلات قىلىپ تۇرىدىكەن، پىروفېسسورنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئېلىپ ئىش ئورنىغا يەنە قايتىدىكەن. پىروفېسسورلارنىڭ قايسى دەرسنى قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە ئۆتىدىغانلىقى مەكتەپنىڭ تور بېتىدە چىقىرىلىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار ئاڭلايدىغان دەرسنى ئۆزلىرى تاللاپ بېكىتىدىكەن. بەزى پىروفېسسورلارنىڭ دەرسىنى ئاران بىر ـ ئىككى ئادەم ئاڭلايدىكەن، يەنە بەزى پىروفېسسورلارنىڭ دەرسىنى 20 ~ 30 ئادەم ئاڭلايدىكەن. قانچىلىك ئادەمنىڭ دەرس ئاڭلىشى پىروفېسسور ئۈچۈن بەرىبىر ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئۆتۈۋېرىدىكەن. پىروفېسسور دەرس مەزمۇنلىرىنى پارچىلاپ، ئېزىپ ـ ئىچۈرۈپ ئولتۇرمايدىكەن، ئۇ ئۆز كەسپى دائىرىسىدىكى يىغىلمىلارنىلا دەپ بېرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇناسىپ يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ، ئەنە شۇ يىغىلمىلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن كىتابلارنى ئۆزلىرى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ چىقىدىكەن،

ئىمتىھانىنىمۇ جانلىق مۇتالىئە شەكلىدە بېرىدىكەن.

بىر خىل دەرسنى بىرنەچچە پىروفېسسور تەڭ ئۆتىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى ئىزاھلاشتىكى چىقىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمايدىكەن. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر دەرسنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسە، كېلەر قېتىم يەنە شۇ دەرسنى ئاڭلىمىسىمۇ بولىدىكەن، بەلكى مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر دەرسنى ئاڭلاپ، شۇنىڭدىن ئىمتىھان بەرسە بولىدىكەن. بىر مەكتەپتە بېرىلگەن ئىمتىھان نەتىجىسى يەنە بىر مەكتەپنىڭ پىروفېسسورلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدىكەن. دوكتور ئوقۇغۇچى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاشتىن بۇرۇن دۆلەت ئىچىدىكى مەتبۇئاتتا ئۈچ پارچە، خەلقئارا مەتبۇئاتتا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىشى كېرەك ئىكەن. يەنە خەلقئارا ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىدا بىر - ئىككى قېتىم ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىسى ئوقۇشى كېرەك ئىكەن.

ماگىستىر ۋە دوكتور ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدا پىروفېسسورلارنىڭ قارارى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. پىروفېسسور ئۆزىدە ئوقۇماقچى بولغان ئوقۇغۇچى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە چۈشكەن ئوقۇغۇچىنى تەتقىقات پىلانى (Research proposal) يېزىپ كېلىشكە ئۇيۇشتۇرىدىكەن. ئەگەر تەتقىقات پىلانى ئەھمىيەتلىك ھەم قايىل قىلارلىق يېزىلغان بولسا، ئىلىم ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىدىكەن. ئوقۇغۇچى تەتقىقات پىلانىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقا پىروفېسسورلارنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلىسە، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدىكەن. ئەگەر بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ چەت ئەل تىلى ئىمتىھان نەتىجىسى ئۆلچەمگە دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمىسە، بۇ جەھەتتىكى تەلەپنى ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە بولغان جەرياندا ئورۇنلىسىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق بولغاندا پىروفېسسور ئۆزىنىڭ كۆزىتىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئاتالمىش ئىمتىھان لاياقەتلىكلىرىنى ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرنى بايقىيالايدىغان ۋە ئىسپاتلىيالايدىغان، يېڭىلىق

يارىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە يوشۇرۇن ئىختىساسلىقلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغالايدىكەن.

«ئۆزىمىز ئوقۇتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىمىز چېكىپ تاللىيالمايمىز» دېگەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پىروفېسسورى ماڭا، — شۇنىڭ بىلەن ئېرىشكىنىمىز ئىمتىھانلاردا لاياقەتلىك، ئەمما تەپەككۇرى ئۆلۈك ئوقۇغۇچىلار بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇنداق. ئۇلار ماگىستىر ياكى دوكتور بولۇپ چىققاندىن كېيىن يېتىپ كېتىدۇ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمتىھان بېرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. جەمئىيەتتە پىكرى يېلىنجاپ تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ياشلار بار. لېكىن ئۇلار ئۆز خىزمەت تەۋەلىكىنىڭ بۇيرۇقى ئىچىدە ئاۋارە، ئۇلار ئوقۇغۇدەك تۈزۈلمە كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس.

ئىمتىھان قېلىپلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، لېكىن ئىنساندىكى قابىلىيەتنىڭ تىپى چەكسىز بولىدۇ. ئەگەر ئىمتىھاننىڭ قابىلىيەتنى سىناشتىكى رولى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلسە، ئىمتىھان ئۆزى نىشان قىلغان قابىلىيەت تىپىدىن باشقا قابىلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسراپ بولۇش پاجىئەسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئىمتىھاننىڭ رولى مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن يەردە سەمرىپ ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان بىيۇروكراتىزم بار.

JAIST تىكى پىروفېسسورلارنىڭ بىلىمى جەمئىيەت ۋە ھاياتتىن ئايرىلغان ئۇقۇملار دۆۋىسى ئەمەس ئىكەن. ياپونىيە مائارىپىدا كارخانا، ھۆكۈمەت، مەكتەپ ھەمكارلىقى دېگەن بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر تەتقىقات تېمىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش بويىچە ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىدىكەن. مەكتەپلەر شىركەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى شىركەتلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈستىگە ئېلىپ، مۇددەت بويىچە ئورۇنلاپ بېرىدىكەن ياكى ئۇلارنىڭ تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن

بىرلىكتە ئىشلەيدىكەن. شۇڭا پىروفېسسورلارنىڭ كۆپىنچە بىر قىسىم ۋاقتى كارخانا ھەم شىركەتلەردە ئۆتىدىكەن. JAIST بىلەن FUJITSU ئېلېكترون شىركىتىنىڭ ھەمكارلىقى قويۇق ئىكەن. بىر پىروفېسسور بىرقانچە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىكەن. ھەتتا بەزى پىروفېسسورلار چەت ئەللەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورلىرى سۈپىتىدە سىرتلارغا چىقىدىكەن.

مەكتەپ بويىچە ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت يەردە ئىلمىي لېكسىيەسى بولۇپ تۇرىدىكەن. لېكسىيە سۆزلەيدىغانلار خەلقئارادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تەكلىپ قىلىنىدىكەن، ئۇلار ئۆز كەسپى ساھەسىدە دۇنياغا تونۇلغان ئالىملار ئىكەن. تەئەججۇپكى، شۇنچە يىراق يەرلەردىن كەلگەن ئالىملارنىڭ لېكسىيەسىنى بەزىدە ئاران ئالتە - يەتتە ئادەم تىڭشايدىكەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 ~ 30 چە ئادەم تىڭشايدىكەن. ھەرقايسى لابوراتورىيەدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېمىنارىيەلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 16 ~ 17 سائەت ئەتراپىدا ئۆگىنىش قىلىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە كۈندۈزى سائەت توققۇز - ئونلارغىچە ئۇخلايدىكەن، ئورنىدىن تۇرۇپ تاماق يېگەندىن كېيىن ئەتىسى سەھەر ئۈچ - تۆتلەرگىچە ئۆگىنىش قىلىدىكەن. يەيدىغان نەرسىلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىنلاردىن بىراقلا ئەكېلىۋالىدىكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ماشىنىلىرىنى ۋە ئۆي سايمانلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدىكەن ياكى ۋەتەنداشلىرىغا، دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىدىكەن، يېڭى ئوقۇغۇچىلارمۇ ئانچە قىينالمايلا مەلۇم جەھەتتىن سەرەمجانلىشىپ قالىدىكەن.

يۇقىرىقىلار مەن تۇرغان مەكتەپ JAIST ھەققىدىكى تېز سىزما، ئۇنىڭ رەڭلىرىنى، خۇلقلىرىنى، پۇراقلىرىنى بۇ تېز سىزمىدىن يېتەرلىك ھېس قىلىپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن تۈزۈلمە ۋە شارائىت جەھەتتە زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ جەزملەشتۈرەلەيدىغانلىقىغا

www.uyghurkitap.com

ئىشىنىمەن. JAIST يېڭى قۇرۇلغان مەكتەپ بولغاچقا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ياپونىيەدىكى داڭلىق كونا مەكتەپلەردىكىدەك كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭدىن ياپونىيەنىڭ ھازىرقى ئالىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ روھىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇنيادا نۇرغۇن داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت بار، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈزۈلمىسىدە، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا، غايە ۋە مەقسەتلىرىدە نازۇك پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەر مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتلار تەۋە مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن كېلىپ چىققان. ياپونىيەنىڭ بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپلىرىنى ياپونىيەنىڭ ئەنئەنىۋى مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن غەرب مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئارىلاشمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ياپونىيەدە مائارىپ، مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ ئالىي مائارىپقا بولغان كونتروللۇقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن، پەقەت ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىلا ئالاھىدە ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئىلىم ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ياپونىيە مائارىپ، مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىپ، مائارىپ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تارقاقلاشتۇرغان. بۇنداق ئىسلاھات ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئىلىم ئەركىنلىكى ھازىرقى ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان. مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئۆزى تۇرغۇزۇپ، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تەڭشىشى يەنىلا مائارىپ، مەدەنىيەت ۋازارىتىنىڭ نازارىتىدە ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ يول ئېچىلغان. سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراھىنى ياساپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئالەم بوشلۇقىغا

چىقىرىشى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى پەن - تېخنىكا سىياسىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان. پەن - تېخنىكىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان يېڭى دەرسلەر ۋە فاكۇلتېتلار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇ جەرياندا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئىگىمەنلىكى ئەۋزەل ئىجتىمائىي كاپالەتلەرگە ئىگە بولغان.

«تەشكىللىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا يېقىن كىشىلەر يادرولۇق كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ، تۆۋەن قاتلامدىكى خادىملار يۇقىرى قاتلامغا قورقۇش ياكى ئەل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۈزلىنىپ، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ. تەشكىللىنىڭ يادروسى بولغان شەخس ئىجادىي روھقا باي، ئاقىل، ئېسىل، كەسكىن رەھبەر بولۇپ قالسا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. لېكىن، كۆپ هالدا تەشكىل زور خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. يادرولۇق شەخس مۇتەئەسسىپ، باشباشتاق بولۇپ قالسا، تەشكىللىنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ» دەيدۇ جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ سىلىشتۇرما مائارىپ تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەۋاتقان دوكتور يەن گۇاڭسەي ئەپەندى ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىدە هوقۇق هەزارەت ئەندىزىسى (权力文化模式) هەققىدە توختىلىپ .

يەن گۇاڭسەي ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنى ئەمەلىيەتتە تىزگىنسىز هوقۇق هەممىنى بەلگىلەيدىغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئالىي مائارىپ تەشكىللىنىڭ تەسۋىرى. هوقۇق ۋە تەبىقىچىلىك قارىشى ئېغىر بولغان جەمئىيەتتە فېئودالىزمنىڭ سايىسى تېخى يىراق كەتمىگەن بولىدۇ. بۇ هالدا بىراۋنىڭ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشىشى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلىنىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە بىر مەمۇرىي خادىمنىڭ ئىمتىيازى ئىلمىي خادىمنىڭ ئىمتىيازىدىن كۆرۈنەرلىك چوڭ بولىدۇ. ئۇي تەقسىملەش، مائاش ئۆستۈرۈش مەمۇرىي قاتلام بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇشۇنداق مۇهىتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا سەۋر - تاقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار

www.uyghurkitap.com



ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ «كۆك يىجى» غا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

روشەنكى، ياپونىيە ئالىي مائارىپىدىكى ئىسلاھات سىياسىي ئىسلاھات ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. ۋاھالەنكى، سىياسىي ئىسلاھات بىر دۆلەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە گۈللىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر بولسا تارىخىي تەرەققىياتتىكى بەزى مۇقەررەرلىكنىڭ قاتتىق قىستىشىدىن بولىدۇ. بۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە باشتىن ـ ئاياغ نېگىز بولۇپ كەلگەن ھەزارەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سىنداۋتوڭفۇ (森岛通夫) كىتابىنى مۇنداق بىر ئابزاس بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «ئەگەر ھەرقانداق دۆلەت كېيىنكى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆز تارىخىغا سەل قارايدىكەن، ئۇ ھالدا ئالغا باسالمايدۇ. تارىخىي نۇقتىئىنەزەر كەمچىل بولغان ئىقتىسادىي سىياسىيەت ئوخشاشلا ئىنتايىن خەتەرلىك. ياپونىيەدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى دەپ ئىسپاتلانغان سىياسەتنىڭ ئەنگلىيەنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مىللىي روھى، خاراكتېرى، خەلقىنىڭ پائالىيەت شەكلى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن باشقا بارلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئوخشاش ئەمەس.»

تەرەققىيات دېمەك، ئۆزىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرالىغان مىللىي روھتۇر. مىللىي روھ سىياسىي تۈزۈم شەكلىگە كىرەلمىسە، ئىقتىسادىي سىستېما سۈپىتىدە ماددىي گۈللىنىش يارىتالمىسا، تېنەپ ـ تەمتىرەپ ئاخىر يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپ دېگەن نېمە؟ ئالىي مەكتەپ مىللىي روھنىڭ مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى ھەم ماددىي شەكىللىرى بويىچە ئۆزىنى داۋاملىق روياپقا چىقىرىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىلمىي ئورگان.

# سېلىشتۇرما: ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە

جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ئايلانمىسىدا بىلىمنىڭ مەركەز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، كىشىلەر بۇ دەۋرنى «بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. بۇ دەۋر پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىساد راسا گۈللەنگەن غەرب دۇنياسىدا ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولدى، بىزدە «بىلىم ئىگىلىكى»گە مۇناسىپ ئىجتىمائىي مېخانىزم تېخى شەكىللىنىپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە «بىلىم ئىگىلىكى» دېگەن ئىبارە مودىغا ئايلاندى.

«بىلىم ئىگىلىكى» جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئىلغارلىق، نۇقتىئىنەزەر ئەركىنلىكى، بايان ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا تولىمۇ موھتاج. بىلىم ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورگان سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بيۇروكرات سىستېمىلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جۇڭگو زىيالىيلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھاكىمە تېمىسى بولۇپ قالدى. قانداق قىلغاندا ئالىي مەكتەپلەرنى يېڭىلىق، ئىجادىيەتنىڭ بۆلىقىغا، تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ بازىسىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىۋاسىتە تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتىكى مەسىلە يەنىلا ئالىي مەكتەپلەردىكى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىش بېجىرىش تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىشكە، بيۇروكراتىك سىستېمىلارنىڭ زىيادە نوپۇزىنى چەكلەپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىندىۋىدۇئال ئەركىنلىككە ئىمكانىيەت بېرىپ، ئىجادىيەت ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇشقا، ئاخىرىدا پۈتكۈل جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ھەممە ئادەمگە باراۋەر پۇرسەت بېرەلەيدىغان ئەۋزەللىككە ئېلىپ بېرىشقا تاقىلىدۇ.

ياپونىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەممىگە ئايان بىر پاكىت. پېقىر ئۆزى كۆرگەن بىر ئالىي مەكتەپنىڭ شارائىتى ئۈستىدە ئوقۇرمەنلەرگە قىسقا بىر چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتى. ئوقۇرمەنلىرىمىز جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى چىقىش قىلغان ھالدا، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۇزۇن تارىختىن بېرى كۇڭزى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تەسىرىي مۇناسىۋەتتە بولۇشقان قوشنا دۆلەتلەر تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدا بۇنچە پەرق كېلىپ چىقتى؟ بۇنىڭ زادى قانداق سەۋەبى باردۇ؟ دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سوئالدا تەبىئىي ھالدا سېلىشتۇرمىلىق بىر مۇھاكىمىنىڭ ئۇچقۇنى يېنىپ تۇرىدۇ.

زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئالىمى خې شىن 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن بۇرۇن ياپونىيە جۇڭگودىن كۆپ قالاق ئىدى؛ تا شۇ دەۋرلەرگىچە جۇڭگودىن ئۆگىنىپ كەلگەن شاگىرت دۆلەت ئىدى؛ ئەمدىلىكتە ئۇ جۇڭگوغا قارىغاندا كۆپ ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى سانائەتلەشكەن، كۈچلۈك ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويىدۇ. خې شىن مۇنداق سېلىشتۇرىدۇ:

1853 - يىلى 8 - ئىيۇلدا ئامېرىكا پاراخوتلىرىنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى ياپونىيەنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. بۇ ئەنگلىيە توپ - زەمبىرەكلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشىدىن 13 يىل كېيىنكى ئىش ئىدى. ئەمما، ياپونىيە مېيجى ئىسلاھاتىنى باشلاپ، دۇنيادىكى يېڭىلىقلارنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. جۇڭگو ھېچ ئىش قىلمىدى. دەسلەپتە ئامېرىكىلىقلار ئېلىپ كەلگەن فوتو سۈرەت ئاپپاراتىدىن ھەيران قالغان ياپونلار مانا بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى ۋە ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئامېرىكا بازارلىرىنى ئىگىلىدى. ئەسلىدە جۇڭگو ياپونىيەدىن بالدۇر مېڭىشى كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ھە دېسىلا نوپۇسىمىز كۆپ دەپ باھانە كۆرسىتىش توغرا ئەمەس، ياپونىيەنىڭ نوپۇس زىچلىقى جۇڭگونىڭكىدىن 2.8 ھەسسە يۇقىرى، ياپونىيەنىڭ يەر مەيدانى جۇڭگو يەر مەيدانىنىڭ ئوتتۇزدىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ،



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپونىيەنىڭ تەبىئىي بايلىقى يوق ھېسابتا. ئەسلىدە تۆزۈك نېمىسى يوق ياپونىيەنىڭ ھەممە نېمىسى بار بولۇش بىلەن بىللە، دۇنيانىمۇ تەمىنلىدى.

خې شىن بۇنىڭدىكى سەۋەبكە تەپسىلىي جاۋاب بەرمەي، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇردى.

ئېرۋىن لازلو (Ervin Laszlo) نىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئارىلاشما ھەزارەتلىك پىلانېتا» (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى) ناملىق كىتابتا جۇڭگو بىلەن ياپونىيە توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەھلىللەر بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ھەزارىتى پۇقرالارنى سىرتتىن چەكلەيدۇ، ياپونىيەھەزارىتى بولسا ئىچكى قايىللىق نۇقتىسىدىن چەكلەيدۇ. «بۇ گەپ «يەر شارى تەپەككۇر سەنئىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دونالد سىر (Donald Syr) نىڭ ياپونىيە كارخانىلىرىدىكى كوللېكتىۋىزملىق ئاڭ توغرىسىدا توختالغاندا ئېيتقان گەپلىرى بىلەن بىردەك. ئۇ: «ياپونىيە ھەزارىتىدە ھەربىر ئادەم ئۆز كېپىنى بىمالال ئېيتىش ئاساسىدا كوللېكتىپ بىردەكلىككە ئېرىشىدۇ» دېگەنىدى. جۇڭگودا بولسا ئادەملەر كۆڭلىدىكى گەپنى يوتۇۋېتىش ۋە شەخسىيىتىدىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە كوللېكتىپ گەۋدە تەشكىل قىلىدۇ. لازلو جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىپ، جۇڭگودا «ئەنئەنىنىڭ قىممىتى يېڭىلىقتىن ئەلا، غايە رېئاللىقتىن ئەلا، تارىخ كېلەچەكتىن ئەلا، ئۆلۈك تىرىكتىن ئەلا، قېرىلار ياشلاردىن ئەلا، جۇڭگولۇقلار ئەۋلىيالارغا، ئەجدادلارغا، نوپۇزغا، كىتابلارغا ئىشىنىپ، ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ» دەپ يازىدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە «ھوقۇق ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ يازىدۇ ئۇ يەنە.

جۇڭگو ـ ياپونىيە مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر ۋە پەرق توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئاز ئەمەس. بىز بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئىككى دۆلەتنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىمىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com



مەلۇم جاۋابلارنى تاپالايمىز. بىزنىڭ ھازىرقى تېمىمىز بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش بولمىغاچقا، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۇشبۇ تېمىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئۈلگۈرمەيمىز. يېقىندا شەندۇڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن جىن ۋېنشۇ (金文学) دېگەن ئاپتورنىڭ «جۇڭگولۇقلار، ياپونلار، كورىيانلار» دېگەن كىتابى نەشر قىلىندى. ئاپتور 1962 - يىلى لياۋنىڭدا تۇغۇلغان بولۇپ، 2001 - يىلى دوكتورلۇقنى تاماملىغاندىن كېيىن ياپونىيەنىڭ كۆرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سوتسىيال ئاخباراتچىلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغانىكەن. ئۇ 1991 - يىلىدىن ئېتىبارەن ياپونىيەدە تۇرۇپ سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ تېمىسى شەرقىي ئاسىيادىكى جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتى ئىكەن، ئۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەر ئېلان قىپتۇ، نۇرغۇن نۇتۇق سۆزلەپتۇ.

تۆۋەندە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۇنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان ئىككى پارچە ماقالىنى تەقدىم قىلىمىز. جىن ئەپەندى جۇڭگو ۋە ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى يەكۈنلەپ، ئىككى مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى سوبيېكتىپ پىكىرنى ئارىلاشتۇرماي، ئوبيېكتىپ مەيداندا كۆرسىتىپتۇ. بىز ئەينى دەۋردىكى يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىللەتلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، مۇستەملىكە ھالىتىدىكى خەلقنىڭ كۆپ ئىللەتكە دۇچار بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. بىراق، جۇڭگو خەلقى ئۇنداق ئىللەتلەردىن ئاخىر قۇتۇلۇپ، بۈگۈنكىدەك گۈللىنىۋاتقان جەڭگىۋار باسقۇچقا كۆتۈرۈلەلىدى. روشەنكى، ھەرقانداق مىللىي ئىللەت تەبئىي بولمايدۇ، بەلكى سۇنئىي ھەم ئىجتىمائىي بولىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئىللەتلىرىنى يوقىتالايدۇ ۋە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ 21 - ئەسىردىكى ئۇمىدۋار روھى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قېنى، جىن ئەپەندىنىڭ ئىلمىي قەسىرگە مەرھەمەت.

# جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتى

## جۇڭگولۇقلار ھەققىدە يۇزەكى قاراشلار

جۇڭگودا «تۈمەن يىللىق مۇساپە، رەڭگارەڭ خاراكتېر» دېگەن گەپ بار. نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە جۇڭگولۇقلار ئورتاقلىق ھەم رايون خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، تۈرلۈك مىللىيلىكنى شەكىللەندۈرگەن. بىر دەكلىك ۋە كۆپ خىللىق جۇڭگو مىللىيىتىنىڭ ئىككى تەرىپى.

1987 - يىلى ئۆكتەبىردە ئىنسانشۇناس فېي شياۋتۇڭ جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئىقرار قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگونى چۈشىنىشكە تىرىشىمەن. لېكىن، مەن جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىنى، جۇڭگولۇقلارنىڭ پائالىيەت شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇڭگو روھىنىڭ ماھىيىتىنى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق تونۇپ يېتەلمىدىم.»

ئەلمىساقتىن بېرى جۇڭگولۇقلار ئۆزىنى «بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي دۆلەت»، «جۇڭگو دۇنيانىڭ مەركىزى»، «جۇڭخۇا مىللىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرى» دەپ تەرىپلەپ كەلدى. بىراق، جۇڭگولۇقلار ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى چوڭقۇر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمىدى، بۇنى بىلگۈسىمۇ يوق ئىدى.

جۇڭگودا ياپونلاردەك ئۆزىنىڭ مىللىيىتىنى چۈشىنىدىغانلار ۋە تەتقىق قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بېرى جۇڭگودا ئۆزىنىڭ مىللىيىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىسلاھ قىلىش دولقۇنى ئۈچ قېتىم ئۆرلىدى: بىرىنچى قېتىملىقى، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى



ۋەكىللىكىدىكى يېڭىلىقپەرۋەرلەرنىڭ جۇڭگو مىللىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئوپېراتسىيە قىلىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئىككىنچى قېتىملىقى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگو مىللىيىتىگە يۈرگۈزگەن تەنقىدى. ئۈچىنچى قېتىملىقى 1980 ـ يىللاردىكى ئومۇمىيۈزلۈك قايتا ئويلىنىش ھەرىكىتىدۇر.

جۇڭگونىڭ مىللىيىتى ھەققىدىكى ئەسەرلەر 500 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئالدى بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشىنى كۆرۈپ باقايلى:

«جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان سۈن جۇڭشەننىڭ 1890 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە بولغان ماقالە ۋە نۇتۇقلىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتى مۇنداق خۇلاسىلەنگەن:

(1) چەتكە قېقىش ئېڭى يوق؛
(2) ئەمگەكچان، تىنچ، ئىتائەتچان؛
(3) كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزگەرتمەيدۇ؛
(4) روھلار ۋە شاياتۇنلارغا چوقۇنىدۇ؛
(5) بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ؛
(6) بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن؛
(7) غوجايىنلىق ئېڭى كەمچىل؛
(8) قۇمدەك چېچىلاڭغۇ؛
(9) ئۆزىنى بىلمەيدۇ؛
(10) ئىلگىرىلەشنى خالىمايدۇ؛
(11) ئەركىنلىككە ئىنتىلمەيدۇ؛
(12) ۋاپادار، مېھرىبان، ساداقەتمەن، تىنچ، پاراسەتلىك؛
(13) جەمەتۋاز ۋە ئەقىدىچى؛
(14) خەلقئاراچى؛
(15) ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛
(16) خەلق ھوقۇقى تەرەپدارى؛
(17) ئەسەبىي.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مۇتەپەككۇر لياڭ چىچاۋ 1904 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «ئىستىغپار ھۇجرىسى توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن:

(1) مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئىدىيەسى كەم؛

(2) قۇل مىجەز، شەخسىيەتچى؛

(3) ئاممىۋى ئەخلاق نۇقتىئىنەزىرى كەم؛

(4) قارا قورساق، قورقۇنچاق، ئالدامچى؛

(5) ئۆز بېشىمچى، ساختىپەز، پاسسىپ.

ئالىم كاڭ بەيچىڭ 1919 - يىلىدىكى «جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە جەنۇب، شىمال، غەرب، شەرق رايون ئايرىمىسى بويىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن:

(1) ئۆز - ئۆزىدىن كۆرەڭلەيدۇ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىدۇ؛

(2) قىيىنچىلىقتىن قورقىدۇ، ھالاۋەتنى ياخشى كۆرىدۇ؛

(3) ئىجادىيەت ۋە تەقلىد قابىلىيىتى كۈچلۈك؛

(4) ئاددىيلىقنى چوڭ بىلىپ، ئالاھىدىلىكنى چوڭ بىلمەيدۇ؛

(5) ئىشلاردا ئەمەلىي بولۇشنى ياقلاپ، قۇرۇق گەپنى ياقتۇرمايدۇ، سەۋرچان ئەمەس؛

(6) قەدىمكىنى ماختاپ، بۈگۈننى سۆكىدۇ، كونىلىققا يېپىشىۋالىدۇ؛

(7) يەككە مۇستەقىللىققا ئىگە، كوللېكتىپ مۇستەقىللىققا ئىگە ئەمەس؛

(8) پاسسىپ، باشقىلارغا يول قويىدۇ؛ ئاكتىپ قارشىلىق روھى كەمچىل؛

(9) باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىگە قىزىقىپ، ئۆزىنىڭ مەخپىيىتىنى چىڭ ساقلايدۇ؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(10) ھەممەت ۋە ئاداۋتى ئىنىق، ھەممەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىپكى بار؛
(11) تەن ساپاسى ىىجىرىم، يوشۇرۇن كۈچى زور.

20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ نامدار ئەدىب لۇ شۈن جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتىنى سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ:
(1) ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىدۇ؛
(2) يۈز ـ ئابرۇيىنى چوڭ بىلىدۇ؛
(3) ھورۇن؛
(4) ھەمكارلىشالمايدۇ؛
(5) بۇزغۇنچى؛
(6) يىراقنى كۆرەلمەيدۇ؛
(7) قول مىجەز؛
(8) قورقۇنچاق، شەخسىيەتچى.

## قانائەتچان جۇڭگولۇقلار

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارى خۇشى جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتىنى مۇنداق ئوبيېكتىپ خۇلاسىلىگەن:
(1) قانائەتچان؛
(2) ماددىي ھالاۋەتنى قوغلىشىدۇ؛
(3) ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ؛
(4) تەپەككۇر قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس؛
(5) خۇسۇسىي تەربىيەلىنىشكە ئېتىبار بېرىدۇ؛
(6) تەقدىرگە ئىشىنىدۇ، بىپەرۋا؛
(7) نومۇسنى بىلمەيدۇ؛
(8) «ئاساسەن» پەرەس.

ئەدىب لىن يۇتاڭ ئىنگلىزچە نەشر قىلىنغان «جۇڭگولۇقلار» دېگەن ئەسىرى (1935 - يىلى) دە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك 15 تەرەپتىن ئېچىپ بەرگەن:

(1) سالماق؛

(2) ساددا؛

(3) تەبىئەتنى سۆيىدۇ؛

(4) سەۋرچان؛

(5) پاسسىپ ھەم تەركىدۇنيا؛

(6) ئاتىكارچى ۋە ھىيلىگەر؛

(7) كۆپ تۇغىدۇ؛

(8) ئەمگەكچان؛

(9) تېجەشلىك؛

(10) ئائىلىنى ياخشى كۆرىدۇ؛

(11) تىنچلىقپەرۋەر؛

(12) قانائەتچان؛

(13) يۇمۇرىستىك؛

(14) كونىغا يېپىشىۋالىدۇ؛

(15) شەھۋەتپەرەس.

جياڭ جيېشى «جۇڭگولۇقنىڭ تەقدىرى» (1945 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

(1) ساداقەتمەن، ۋاپادار، دىيانەتلىك، مېھرىبان، سەمىمىي، ئادىل، ئىناق، تىنچ ــ سەككىز پەزىلەتكە ئىگە؛ ئەدەپلىك، ئادىل، ئىزچىل، نومۇسچان ــ تۆت خۇلقلىق.

(2) سەمىمىي، سادىقەتمەن، ئەدەپ - قائىدىلىك؛

(3) ئەمگەكچان، ئاددىي - ساددا، ئەرلىرى دېھقانچىلىق قىلىدۇ، ئاياللىرى رەخت توقۇيدۇ؛

www.uyghurkitap.com



(4) غورۇرلۇق، كەمتەر؛
(5) قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ.

كۇڭزىچى لياڭ شۇمىڭ «جۇڭگو ھەزارىتى ھەققىدە» (1949 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ:
(1) شەخسىيەتچى؛
(2) تېجەمچان؛
(3) ئەدەپ - قائىدىلىك؛
(4) تىنچلىقپەرۋەر، ئاجىز؛
(5) ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىدۇ؛
(6) كونىلىقپەرەس؛
(7) ھاڭۋاقتى؛
(8) چىداملىق ھەم ياۋۇز؛
(9) قەتئىي ۋە ئەۋرىشىم؛
(10) ھىيلىگەر.

ئىنسانشۇناس فېي شياۋتۇڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇنداق يەكۈنلەيدۇ:
(1) شەخسىيەتچى؛
(2) ئائىلە خاھىشى كۈچلۈك؛
(3) مۇرەسسەچى؛
(4) ئايرىمىچى؛
(5) ئەدەپ - قائىدىچى؛
(6) ئۆزۈمچىل.

تەيۋەن ئالىمى شياڭ تويجى 1986 - يىلى «جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى

سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

(1) نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنە جۇڭگولۇقلارنى ئائىلىنى چوڭ بىلىدىغان قىلغان؛

(2) جۇڭگولۇقلار ئەتراپلىق، بىۋاستە تەپەككۇر شەكلىگە مايىل؛

(3) چىدامىلىق ھەم تېتىك، تىرىشچان ھەم سەۋرچان؛

(4) كىشىلىك ئالاقىدە سەزگۈر، ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، شان - شەرەپكە ئامراق؛

(5) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن، باشقىلار بىلەن ئارىلىق ساقلىيالايدۇ؛

(6) تىنچ تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ؛

(7) مۇتەئەسسىپ، بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، نوپۇز قارىشى كۈچلۈك؛

(8) چوڭ دۆلەتچىلىك ئېڭى ۋە ئۇزاق تارىخ ئېڭى چوڭقۇر بولۇپ، ھاكاۋۇر، چەت ئەللىكلەرنى كەمسىتىدۇ.

تەيۋەنلىك ئىنسانشۇناس لى يىيۈەن ۋە ياڭ گوشۇلار 1988 - يىلى تۈزگەن «جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرى»دە مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

A. ئۆزلۈك ئۇقۇمى:

(1) باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ماختىمايدۇ، كەمتەر بولۇشقا تىرىشىدۇ؛

(2) ئۆزىنى مۇھىتقا قاراپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ، چېكىدىن ئاشقان پىكىرلىرىنى ئېيتمايدۇ.

B. كىشىلىك مۇناسىۋەت:

(1) كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنى ئىلتىپات ئارقىلىق قۇرىدۇ؛

(2) نوپۇزنى ھۆرمەتلەيدۇ، ھوقۇقنىڭ ئورنىنى يۇقىرى - تۆۋەنلىككە قاراپ بېكىتىدۇ؛

(3) ئائىلىنى يادرو قىلغان توپلانما بويىچە رىشتە قۇرىدۇ.

C. ئادەم بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى:

(1) ئادەم مۇھىتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ؛

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



(2) مۇھىتقا ماسلىشىپلا، مۇھىتنى يېڭىشنى ئويلىمايدۇ.

D. ۋاقىتقا بولغان پوزىتسىيە:

(1) قەدىمكىنى سېغىنىپ، ئەنئەنىگە ئېتىبار بېرىدۇ؛

(2) ئۆزگىرىشكە كۆنمەيدۇ، ھازىرقىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدۇ؛

E. پائالىيەت پوزىتسىيەسى:

(1) تەسلىمچى بولۇپ، رادىكاللىققا قارشى تۇرىدۇ، مۆتىدىل بولۇشنى تەشەببۇس

(2) ھېسسىياتىنى چاندۇرماي، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ.

كونىلىقپەرەس مىللەت

1987- يىلى ياش ئالىم ۋاڭ رۇنشېڭ «بىزنىڭ خاراكتېر تىراگېدىيەمىز» دېگەن كىتابنى يېزىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىدە تۆۋەندىكىدەك كېسەللەر بار دەپ قارايدۇ.

(1) ئالدامچىلىق كېسىلى؛

(2) بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش كېسىلى؛

(3) غەيرىي مەنچىلىك كېسىلى؛

(4) كونىلىقپەرەسلىك كېسىلى؛

(5) ھەمكارلاشماسلىق كېسىلى؛

(6) ۋىجدان پالەچلىكى كېسىلى؛

(7) تايىنىش كېسىلى.

1999- يىلى مەن كورېيە ۋە ياپونىيەدە نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەتكە قارشى خاھىشى» دېگەن كىتابىمدا جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەنىدىم:

(1) ئالدامچىلىق كېسىلى؛

(2) ئوغرىلىق كېسىلى؛

(3) بىردەكلىك ـ ئوپئوخشاشلىق كېسىلى؛

(4) قۇللۇق كېسىلى؛

(5) مۇتەئەسسىپلىك كېسىلى؛
(6) ساددىلىق كېسىلى؛
(7) شەخسىيەتچىلىك كېسىلى؛
(8) مەنپەئەتپەرەسلىك كېسىلى.

بىز يۇقىرىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى مىللىيەتنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى جۇڭگولۇقلارغا قاراپ باقايلى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز مىللىيىتى ھەققىدىكى تەنقىدىي ئويلىنىشلىرى چەت ئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىش ھەمدە چەت ئەللىكلەرنىڭ قەلەم تەۋرىتىشىدىن باشلانغان.

17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى لېيبنىز جۇڭگولۇقلارنىڭ تىنچلىق ئىدىيەسى ۋە ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش ئىدىيەسى ھەققىدە توختالغان.

ئادام سىمىتمۇ ئۆزىنىڭ «دۆلەتنىڭ بايلىقى» دېگەن كىتابىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالغا باسماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلاردا ئۆتمۈشكە ئېسىلىۋېلىش خاراكتېرى بار، دېگەنىدى.

مەشھۇر پەيلاسوپ گېگېلمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىدىكى خاسلىق كەملىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ماركسمۇ جۇڭگولۇقلارنى «تىرىك مۇردا» دەپ تەنقىد قىلغان ھەمدە جۇڭگولۇقلارنىڭ كونسېرۋاتىپلىقىنى تىلغا ئالغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، نۇرغۇن غەربلىك جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتىنى كۆزەتكەن. بۇ ھەقتىكى ئەڭ تۇنجى ئەسەر ئامېرىكىلىق مىسسىيونېر ئا. خ. شېمىسنىڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ مىجەزى» دېگەن كىتابىدۇر. شېمىس ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى 26 نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

(1) يۈز ـ ئابرۇيغا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛
(2) تېجەشلىك؛
(3) ئەمگەكچان؛
(4) قائىدە ـ يوسۇنلۇق؛
(5) ۋاقىت قارىشى سۇس؛

www.uyghurkitap.com



(6) ئىنىقلىق قارىشى كەمچىل؛
(7) ئاسانلا خاتا چۈشىنىدۇ؛
(8) ئالدامچىلىققا ئۇستا؛
(9) جاھىل؛
(10) تەپەككۇرى مۈجمەل؛
(11) ئىنكاسى گال؛
(12) چەت ئەللىكنى كۆزگە ئىلمايدۇ؛
(13) جامائەت ئەخلاقى كەمچىل؛
(14) مۇتەئەسسىپ؛
(15) ئازادلىك ۋە قولايلىقنى ئىزدىمەيدۇ؛
(16) ياشاش ئىقتىدارى كۈچلۈك؛
(17) سەۋرچان ھەم چىدامىلىق؛
(18) قانائەتچان؛
(19) ۋاپادار؛
(20) شەپقەتكار؛
(21) ھېسداشلىقى كەم؛
(22) بىر ـ بىرىنى چەكلەيدۇ؛
(23) ئىناق ئەمەس؛
(24) گۇمانخور؛
(25) سەممىمي ئەمەس؛
(26) دىنسىز.

1915 ـ يىلى داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېر «كۇڭزى دىنى ۋە تويىن دىنى» دېگەن ئەسىرىدە، جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:
(1) چىدامىلىق؛
(2) ئەمگەكچان؛
(3) گاللۋاڭ؛
(4) ئىھتىياتچان؛

(5) گۇمانخور؛
(6) ھېسداشلىقى كەم؛
(7) سەمىمىي ئەمەس.

كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ئۇ جۇڭگوغا بىر قېتىممۇ كەلمەي تۇرۇپ: «جۇڭگولۇقلار دۇنيادىكى ئەڭ يالغانچى مىللەت» دەپ كېسىپ ئېيتقان.

ئەنگلىيەلىك مەشھۇر جۇڭگوشۇناس دوكتور جوسېف نېدھام (Joseph Needham) جۇڭگولۇقلارغا ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك، كەمتەرلىك ۋە خەلقئاراچىلىق (بەينەلمىنەلچىلىك) نۇقتىسىدىن باھا بەرگەن.

بۇ ھەقتە ئارنولد توينبى بىلەن ئىكىدا دائىساكونىڭ سۆھبىتىدە بەزى گەپلەر بار. ئەنگلىيەلىك ئالىم بېرتراند رۇسېل جۇڭگولۇقلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۇمىدۋار، راھەتپەرەس، ئاچ كۆز، يۈز - ئابرۇيىنى چوڭ بىلىدىغان، سەمىمىي، مىللەتچى، پەسكەش، ھېسداشلىقى كەم دەپ يەكۈنلەيدۇ.

يەنە نۇرغۇن غەربلىك ۋە ياپونمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىيىتى ھەققىدە توختالغان. بۇلار يۇقىرىقىلارغا ئوخشاپ كەتكەچكە، تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق.

چوڭ قۇرۇقلۇق خەلقىنىڭ مىللىيىتى خۇددى بۇ تۇپراقنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا جەلپكار ھەم مۇرەككەپ.

## ياپونلارنىڭ مىللىيىتى

### ئۆزىنىڭ ئارال دۆلىتىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى پەس كۆرۈش

دۇنيادا ئۆزىنىڭ مىللىيىتى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىنى ياپونلاردەك ياخشى كۆرىدىغان مىللەت بولمىسا كېرەك. مېيجى ئىسلاھاتىدىن باشلاپ ياپونلارنىڭ مىللىيىتى ھەققىدىكى ئەسەرلەر، ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىلىرى، ئاخباراتلار ۋە خاتىرىلەر سان -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ساناقسىز مەيدانغا كەلدى، بۇنداق مۇھاكىمىلەر هازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا.

شۇڭا، ياپونلار ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن باشقا، بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق يەكۈنلەيدىغان ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى. بۇلار «چەت ئەللىكلەرنىڭ قەلىمىدىكى ياپونلار»، «ياپونلار ھەققىدىكى كىتابلار كاتالوگى»، «ياپونلار ھەققىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن ئاتاقلىق پىسخولوگ مىنامى خىروشى يازغان «ياپونلار ھەققىدە» دېگەن كىتابتا ياپونلار ھەققىدىكى 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يەكۈنلەنگەن، بۇ كىتابنى ياپونلار ھەققىدىكى قامۇس دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئالدى بىلەن ياپونلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

ياپونىيەدە ياپونلار ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن توختالغان ئەسەر مېيجى دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق ئەدىب خاگايائىچى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئۇنىڭ 1907 - يىلى يېزىلغان «ياپونلار ھەققىدە ئون بايان» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ياپونلارنىڭ مىللىيىتى ئون نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان:

(1) پادىشاھقا سادىق، ۋەتەنپەرۋەر؛

(2) ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇپ، جەمەتىنىڭ شان - شەرىپىنى ئاسرايدۇ؛

(3) رېئالىزمچى؛

(4) گۈل - گىياھلارنى ئاسرايدۇ، تەبىئەتنى ياخشى كۆرىدۇ؛

(5) ئۈمىدۋار؛

(6) ئاددىي - ساددا، بىمالال؛

(7) ئوچۇق - يورۇق، چاققان؛

(8) پاكىز؛

(9) قائىدە - يوسۇنغا ئەتائەت قىلىدۇ؛

(10) مۇلايىم، كەڭ قورساق.

بۇنىڭدىن بۇرۇن – 1891 - يىلى ياپونىيەلىك پەيلاسوپ مىياكې سېتسۇرېئىي «خوپ بەشىرە ياپونلار»، «بەتبەشىرە ياپونلار» دېگەن ئىككى پارچە كىتابىدا ياپونلار ھەققىدە رەسمىي توختالغان. ئۇ بۇ ئەسەرلەردە «ئىللىق، گۈزەل» ياپونىيەنى ماختايدۇ ۋە ياپونىيەنىڭ گۈزەل بولۇشىدىكى سەۋەبنى ياپون مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئېسىللىككە تاقايدۇ. ئۇ يەنە بىر جەھەتتىن ياپونلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن، شەخسىيەتچى ۋە چەت ئەللىكلەرگە چوقۇنۇشتەك ئىللەتلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ، مىللىي خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە ئويلىنىدۇ.

تايسېئى مەزگىلىدىكى تارىخشۇناس تىسۇدا سوكىچى 1916 - يىلى «دۆلىتىمىزدىكى پۇقرالارنىڭ ئىدىيەسى» دېگەن كىتابىدا ياپونلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەھلىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

(1) تىنچلىقنى سۆيىدۇ؛

(2) كۆرەشچانلىقى كەمچىل؛

(3) ئورتاق دىنى يوق؛

(4) جامائەتچىلىك تەرەققىي قىلمىغان؛

(5) بۈگۈندىن قانائەتلىنىدۇ؛

(6) كۆتۈرەڭگۈ، ھەشەمەتسىز؛

(7) يولىدىن قايتماس، ئاق كۆڭۈل؛

(8) مۇستەھكەم ئىرادە ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھى كەمچىل؛

(9) چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ماسلىشالايدۇ، تەقلىدچانلىقى كۈچلۈك.

ياپونلار جۇڭگو - ياپونىيە، ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ، ئۆزلىرىنى «دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك پۇقرا» دەپ ماختاپ يۈرگىنىدە، خەلقنى ئويلاندۇرۇش ئۈچۈن 1916 - يىلى ئوماچى كېيگېتسۇ «ياپونلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىنى (بۇ توپلام 35 نەپەر ئاپتورنىڭ 76 پارچە ماقالىسىدىن تۈزۈلگەن) تۈزۈپ، نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدا ياپونلار تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە تەنقىد قىلىنىدى:

(1) ياپونلارنىڭ يالغانچىلىقى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(2) ئۆز دۆلىتىنى كەمسىتىش ئادىتى؛
(3) باغرى تاش مىللەت؛
(4) ئارال دۆلىتى خاراكتېرىگە ئىگە؛
(5) ئۆششاق دۆلەتچە شەخسىيەت؛
(6) ئىگىلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكى.

1935 ـ يىلى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋاتسۇجى تېسۇرو «ئىقلىم» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، يەر شارىدىكى ئىقلىملارنى پەسىل شاماللىرى بەلبېغى، قۇملۇق بەلبېغى، يايلاق بەلبېغى دەپ ئۈچ تىپقا بۆلگەن. ياپونىيەنى بولسا پەسىل شاماللىرى بەلبېغىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياپونلارنىڭ تۈپ خاراكتېرى كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچانلىق ئىدى.
ياپونىيە يازغۇچىسى ساكاگۇچى ئانگو 1935 ـ يىلى «ياپونىيە مەدەنىيىتى ھەققىدە قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدا ياپونلارنىڭ بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىغان ۋىجدانسىزلىقىنى تەھلىل قىلغان ھەمدە غەرب مەدەنىيىتى ياپونىيەنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىسىمۇ كارى بولمىغان ئورتاق ئىللەتنى قامچىلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا «دۇنيادىكى مىللەتلەر ھەققىدە ئوقۇشلۇق» دېگەن كىتابتا ياپونلارنىڭ مىللىيىتى مۇنداق يەكۈنلەنگەن:
(1) ساداقەتمەن، ۋاپادار، ئادالەتپەرۋەر، باتۇر؛
(2) پاك، دىيانەتلىك؛
(3) ئېسىل، نەپىس؛
(4) ئەجدادلىرىغا چوقۇنىدۇ؛
(5) سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدۇ؛
(6) تەبىئەتنى سۆيىدۇ؛
(7) دېڭىز ـ ئوكيانلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛
(8) پاكىز؛
(9) تېتىك.

ئۇ كىتابىدا ياپونلارنىڭ كەمچىلىكى مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

(1) جامائەت ئەخلاقى كەم، يۈزەكى نەرسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ؛

(2) قەھرىمانلىق غايىسى، تەۋەككۈلچىلىك روھى ۋە ئىجادىيەت روھى كەمچىل؛

(3) كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پارلاق مەدەنىيەت يارىتالمىغان.

## ياپونلارنىڭ «چاندۇرماسلىقى»

1938 - يىلى ياپونىيە ئالىمى خاسېگاۋا نيوزېكان «ياپون خاراكتېرى»، «يەنە ياپون خاراكتېرى» دېگەن ئەسەرلىرىدە ياپونلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن:

ئارتۇقچىلىقى:

(1)ئوبيېكتىپ؛

(2)رېئال؛

(3)مۆتىدىل؛

(4)تېجەشلىك؛

(5)كەمتەر؛

(6)ئاددىي؛

(7)قانۇنغا بويسۇنىدۇ.

كەمچىلىكى:

(1)ئېھتىياتچان ئەمەس؛

(2)مىجەزى تۇراقسىز؛

(3)سىرتقى تەسىرگە قارىتا سەزگۈر؛

(4)تەقلىد قىلىشقا ئۇستا.

نىشىمۇرا نائوجى «ياپونلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى» (1940 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدە، ياپونلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تۆۋەندىكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


سەككىز نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:
(1) ماسلىشىشچان؛
(2) پائالىيەتچان؛
(3) كەڭ قورساق؛
(4) تىنچلىقپەرۋەر؛
(5) ئەخلاقلىق؛
(6) ھەمكارچان؛
(7) ئىجادكار؛
(8) ئىلگىرىلەيدۇ، ھەمكارلىشىدۇ، تۇغۇمچان.

مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى مىنامى خىروشى «ياپونلارنىڭ پسىخىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە ياپونلارنىڭ پسىخىكىسى ئۇستىدە ئۆزلۈكچىلىك، بەخت، بەختسىزلىك، راتسىيونالىزم (ئەقىلچىلىك)، ئىرراتسىيونالىزم (غەيرىي ئەقىلچىلىك)، روھىيەت، تەن، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق ئالتە تەرەپتىن تەھلىل يۈرگۈزگەن. بۇ كىتابنى ياپونلارنى چۈشىنىشتىكى دەستۇر دېيىشمۇ ئەرزىيدۇ.

1970 - يىلى ياپونىيە ئوبزورچىسى ياماموتو شىچىخېينىڭ بازارلىق كىتابى «ياپونلار ۋە يەھۇدىيلار» زىلزىلە قوزغىدى. لېكىن، بۇ ئەسەر ئۆزى بىلگەنچە ھۆكۈم قىلىش خاھىشىغا ئىگە، ئوبيېكتىپچانلىقى ئاجىز ئەسەر بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى.

غەرب تارىخى ئالىمى ئائىدا يۈئۈجى «ياپونلارنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى» (1970 - يىلى) دېگەن ئەسىرىدە ياپونلارنىڭ «چاندۇرماسلىقى»نى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، ياپونلار ئۆز ھېسسىياتىنى چاندۇرمايدۇ، قارىماققا ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھېسسىياتقا مايىل. ياپونلاردا ئۆزلۈكنى تەشەببۇس قىلمىغان ۋە تەشۋىق قىلمىغان ئاڭ كەمچىل، پاسسىپ ئادەم سۆيۈمتىدە يالىنىپ

ئىشلىسە شۇنداق ياخشى، ئەمما شۇ ھالدا ياللىغۇچى بولسا تازا قاملاشمايدۇ.

دۇئې تاكېئو ياپونلار ھەققىدىكى بازار تاپقان كىتابى «ئەركىلەشنىڭ قۇرۇلمىسى»دا كۆرسىتىشىچە، ياپونلاردا ئەركىلەش تىپىدىكى تايىنىۋېلىش خاراكتېرى بولۇپ، ھەتتا ئەركىلەش ياراشمايدىغان قۇرامغا كەلگەندىمۇ، پسىخىكىسىدىكى ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق پسىخىكا جۇڭگولۇقلار ۋە كورېيەلىكلەردىمۇ مەۋجۇت، پەقەت دەرىجىسىدە پەرق بار.

توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، سوتسىيال ئانتروپولوگ ناكانى چىئې «كۆندىلەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجە مۇناسىۋىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ياپونلارنىڭ خاراكتېرىنى يەكۈنلىگەن. ئەمەلىيەتتە كورېيەلىكلەرنىڭ دەرىجە مۇناسىۋىتى ياپونلارنىڭكىدىنمۇ روشەن.

ھەزارىي ئانتروپولوگ فۇكاساكۇ مىتسۇسادا 1971 - يىلى يازغان «ياپون ھەزارىتى ۋە ياپونلار» دېگەن ئەسىرىدە «ياپونلار ئىناق، ئىجىل بولۇش، بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش، ئۆيۈشۈشچانلىق تەرەپلىرىدە راسا ئەۋجىگە چىقماقتا» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنداق مۇناسىۋەتتە مېھىر قويۇۇقلاشقانسېرى، كوللېكتىپ ئىتتىپاق بولىدۇ، ئىشلار ئاسان يۈرۈشىدۇ.

جەمئىيەتشۇناس تىسۇرۇمى كازۇكو «قىزىقىش ۋە ياپونلار» دېگەن ئەسىرىدە «ياپونلارنىڭ قىزىقىشى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھەزارەت ئاساسىدا چەت ئەللەردىكى دىنلار، غەرب ئىدېئولوگىيەسى، تۇزۇمى ۋە ھەزارىتىنى سۈمۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان. ياپونلار ئۆز تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق نەرسىگە قاتتىق قىزىقىدۇ، شۇڭا چەت ئەللەر ساياھىتى ۋە چەت تىللارنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن. قىزىقىش كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى كونسېرۋاتىپلىق بىلەن تاشقى مەدەنىيەتكە بولغان ئوچۇق پوزىتسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرگەن» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



1972- يىلى پسىخولوگ مىياگى ئوتويا «ياپونلار كىم؟» دېگەن ئەسىرىدە شەرق ۋە غەرب ياپونلىرىنىڭ رايون پەرقىدىن كېلىپ چىققان خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلغان.

1973 - يىلى ئاراكى خىروپۈكى «ياپونلارنىڭ پائالىيەت شەكلى» دېگەن ئەسىرىدە ياپونلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت شەكىللىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇ «چوپانلار ھەزارىتى ۋە ئېكىن ھەزارىتى» بويىچە بايان يۈرگۈزگەن. كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن :

(1) پادىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئاساسىي قاتلاملىق ھەزارەت كۆچۈش ۋە شەخس مەركەزلىكىدىكى جەمئىيەت ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ئىندىۋىدۇئال مەركەزچىلىكى ئەرەنچە پرىنسىپ.

(2) ئېكىننى ئاساس قىلغان ئاساسىي قاتلاملىق ھەزارەت مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تىپىدىكى دېھقانچىلىق ئورتاق گەۋدىسىدىكى جەمئىيەت ئايالچە پرىنسىپ.

شۇڭا، ياپونلار پۈتكۈل ئاۋام بىردەكلىكىدىكى بىرلىككە كەلگەن پائالىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى سوراش تىپىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىقنى مەركەز قىلمايدۇ، گەۋدىلەردە ئۆزلۈك بولمايدۇ، ھەمىشە ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، كوللېكتىپنى ئەۋزەل ئورۇنغا قويىدۇ.

1989 - يىلى پەيلاسوپ ناكامۇرا خاجىمىنىڭ «ياپونلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى» دېگەن ئەسىرى ياپونلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى دىن جەھەتتىن كۆزىتىپ يەكۈنلىگەن. ئۇ پانىيەتچىلىك، تەبىئەتچىلىك، دىيانەتچىلىك، مەغپىرەتچىلىك جەھەتتىن «رېئاللىققا قارىتا كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇش» ئۇستىدە خۇلاسە چىقارغان. ئۇ يەنە نائەقىل خاھىش، مەنتىقە كەملىك، بىۋاسىتە نەزەر، ھېسسىياتچانلىق، سىمۋول ئېغىشچانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىن «ئومۇمغا ئېتىبار بىلەن قاراش خاھىشى»نى بايان قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ياپونلار ھەققىدە تۈرلۈك نۇقتىدىن مۇلاھىزە

ئېلىپ بارغان ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىز ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمىدۇق.

### ياپون ھەزارىتى «نومۇس» ھەزارىتى

ئەمدى بىز چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدىكى ياپون مىللىتىگە قاراپ باقايلى:

«چەت ئەللىكلەر ياپونلار ھەققىدە» دېگەن كىتابقا قارىساق، 1950 - يىللاردىكى «ياپون ئارىلى خاتىرىسى» دىن 1980 - يىللاردىكى «ئۆلۈۋېلىش: ياپون تارىخى» غىچە بولغان 42 پارچە ئەسەردە چەت ئەللىكلەر ياپونلار ھەققىدە مەخسۇس توختالغان.

چەت ئەللەردىكى ياپونلارغا دائىر يازغان ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپكىسى جۇڭگولۇق دەي جىتاۋ يازغان «ياپونلار» (1928 - يىلى) دېگەن ئەسەردۇر. گومىنداڭ يۇقىرى قاتلام ئەربابى دەي جىتاۋ سۇن جۇڭشەننىڭ تەرجىمانى ۋە كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونىيەگە كۆپ قېتىم بارغان. ئۇ ياپون دۆلىتى خەلقىنىڭ روھى پەقەت «رىشتىمىز بىر، يەرۇ ئاسمان بىپايان» دېيىشتەك ئىلاھىي ھاكىمىيەت خۇراپىيلىقى ۋە قۇللۇق ئىدىيەسىدىكى ساموراي روھىدىن ئىبارەت، دەپ تەنقىد قىلغان.

ئۇ يەنە ياپون مىللىتىدىكى ئارتۇقچىلىق، ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىدا، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ، ياپونلارنىڭ كەمچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، ياپونلاردا ئۆزىنى كەمسىتىدىغان ئارال دۆلىتى خاراكتېرى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا چوقۇنۇش، جۇڭگونى كۆزگە ئىلماسلىق مەۋجۇت، دېگەنىدى. سەنئەت جەھەتتە ئۇرۇشقاقلىق روھى، گۈزەل تىنچلىق كەيپىياتى ھەم نازۇك شەكىل قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن. ئېستېتىك ئېڭى ئېسىل، نازۇك بولسىمۇ، ھەيۋەت ئەمەس. جامائەت ئەخلاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جەھەتتە تىنچ، ئۆزئارا ياردەملىشىش تەرىپى بار بولسىمۇ، مەنپەئەت قوغلىشىدىغان سودىگەرلىك خاراكتېرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. مېيجى ئىسلاھاتىدىن بۇيان جۇڭگو ۋە كورىيەنى كەمسىتىپ كەلگەن ياپونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىيىتىنى ئەيىبلىشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

ئۇرۇشتىن كېيىن — 1948 - يىلى ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگىيىلىك ھەزارەتشۇناس بېنېدىكتنىڭ «جۇخارگۈلى ۋە شەمشەر» دېگەن ئەسىرى ياپون تىلىدا نەشر قىلىنىشى ھامان قاتتىق غۇلغۇلا كۆتۈردى. بۇ ئەسەر ياپونلار ھەققىدە مۇنتىزىم توختالغان تۇنجى ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ياپونلار ھەققىدىكى كىتابلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

ياپون ھەزارىتى بىلەن غەرب ھەزارىتىنى «نومۇس ھەزارىتى» ۋە «رەزىل ھەزارەت» دەپ ئاتاش «جۇخارگۈلى ۋە شەمشەر» دېگەن كىتابنىڭ ئەھمىيەتلىك كەشپىياتى. بېنېدىكت ياپونلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە كەلتۈرگەن: بىرى، مېيجى ئىسلاھاتىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە پۇقرالار ئۆزىگە خاس ئورۇندا پائالىيەت قىلىدۇ، بۇ تەبىقە ئېڭىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى؛ يەنە بىرى، مەجبۇرىيەت سىستېمىسىدا ئېلىم ـ بېرىم ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ھەممەتكە چوقۇم جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ. بۇ، ۋاپاغا ۋاپا دېگەن ئەقىدىنىڭ تەبىرى. بۇنىڭ بىلەن سىلىشتۇرما بولغىنى ئىنسانىي ھېسسىيات بولۇپ، ياپونلارمۇ يۇيۇنۇش، يەپ ـ ئىچىش، ئۇخلاش قاتارلىق ھوزۇر ـ ھالاۋەتنى ئىزدەيدۇ.

ئۇ كىتاب ياپونلارنىڭ ئىككى ياقلىملىقىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرىدۇ: ئۇلار بىر تەرەپتىن جۇخارگۈلىدىكى پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شەمشەردىكى ياۋۇزلۇقمۇ بار. بۇ ئەسەر ياپونلار ھەققىدە ئەجنەبىيلەر يازغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر. تەبىئىيكى، ئاپتور ياپون تىلىنى بىلمىگەچكە ۋە ياپون تۇرمۇشىنى

چۆشەنمىگەچكە (ياپونىيەگە بېرىپ باقمىغان)، ياپونىيە ئىلىم نوپۇزلىرى كۆرسەتكەن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغان.

بۇ ئەسەر بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان يەنە بىر كىتاب بار، ئۇ بولسىمۇ كورىيەلىك لى يۇنىڭ يازغان «ياپونلارنىڭ كىچىكلىتىش ئېڭى» دېگەن ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، بۇرۇنقى ياپونشۇناسلىق كىتابلىرى ياپونىيە بىلەن غەربنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان. لى يۇنىڭ بولسا ياپونىيە ھەققىدە شەرقلىقلەرنىڭ كۆزى بويىچە بايان يۈرگۈزگەن. 1982 - يىلى بۇ ئەسەر ياپونىيەدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قالتىس بازار تاپقان ھەمدە «ئاساخى ئاخباراتى» گېزىتىدە «ياپونلار ھەققىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەر» دەپ باھالانغان. لى يۇنىڭ ياپونلارنىڭ ئىشلارنى كۆپتۈرۈشكە قارىغاندا، كىچىكلىتىشكە بەكرەك مايىل ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ بۇنى ياپونلارنىڭ تۇرمۇشى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، شەيئىلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئارقىلىق دەلىللىگەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گەرچە بۇ خىل كىچىكلىتىش ئېڭى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما لى يۇنىڭنىڭ بۇنداق پىسخىكىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەھلىللىرى يېتەرلىك ئەمەس.

1970 - يىلدىن كېيىن سېلىشتۇرما ھەزارەت تېپىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى، بۇلاردىن ئۇزاكى شىگېئونىڭ «ئامېرىكانلار ۋە ياپونلار»، مىياگى ئوتويانىڭ «ئامېرىكانلار ۋە ياپونلار»، چېن شۇنچېننىڭ «ياپونلار ۋە جۇڭگولۇقلار»، ماتسۇموتو كازۇئونىڭ «جۇڭگولۇقلار ۋە ياپونلار» نامىدىكى كىتابلار مەشھۇر.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، كورىيەلىك ۋە جۇڭگولۇقلا سېلىشتۇرغاندا، ياپونلار «چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن بىز ياپونلار ئۇنداق - مۇنداق» دېگەن گەپلەرنى دېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن ياپونلارنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەت ئېڭىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، بۇمۇ ياپونلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە بولغان كۈچلۈك قىزىقىشىدىن كەلگەن. سېلىشتۇرۇش ياپونلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى روھىي كۈچ ئەمەسمۇ.

www.uyghurkitap.com



# 103 - نومۇرلۇق ياتاق

ياتاقتا تۈنجى قېتىم قەدەم باسقىنىمدىكى يېڭىلىق تۇيغۇسى مېنى ياتاق ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قىزىقىپ نەزەر سېلىشقا ئۈندىگەنىدى. ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن نۇرغۇن ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇلاق ۋە كۆزگە تەسىر قىلغان نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ،ياكى ئادەتتىكى ئەقلىي ھاسىلاتلار بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن، ئىنساننىڭ سېزىمى ئۇنچە ئاددىي بولمىسا كېرەك، ئۇ يەنە ئەقىلدىن تاشقىرى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئۇچۇرلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئىنساننىڭ جىسمىدىكى تۆرلۈك ئورگاننىڭ ئىنكاسى گويا بىر تۇيغۇ گارمونىيەسىنى پەيدا قىلىدۇكى، بىز ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئەلۋەتتە سېزىپ يېتىمىز.

ياتاقتىكى پۇراق نېمىشقىدۇر كەپسىز بالىلىقىمنى ئېسىمگە سالدى. ئۇ چاغلاردا سەھرادىن شەھەردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە، شەھەردە يېڭى سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ چۆرىسىدىكى تۆمۈر ۋە خىشلارنى تېپىپ ئويناپتىتىم؛ ھاك، كاكىل لاي، زەي سۇ، ياۋا كوكاتلارنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى مېنى غىدىقلاپ ئۆزىگە كۆندۈرۈۋالغانسېرى، ئۇلارنى سەزمەس بولۇپ قالاتتىم. بۇنداق پۇراقنىڭ سېزىمىنى ئۇنتۇپ كەتكەنگە ئۇزۇن يىللار بوپتىكەن. تەئەججۇپكى، شۇنچە يىل ئۆتۈپ، بالىلىقىم ئوتتۇرا ياشلىق بوسۇغىسىدىكى ھاياتلىق غوۋغالىرىغا غەرق بولغاندا، ئاشۇ پۇراقنى يىراق ياپونىيەدىكى كىچىككىنە بىر ياتاقتىن تېپىۋالدىم. بۇ پۇراق مېنى بەڭباش بالىلىققا ئېلىپ بارغانسېرى، شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئاشۇ تونۇش پۇراق بىلەن ئانا ۋەتەننىڭ

سىماسىنى كۆز ئالدىمدا ئاپىرىدە قىلىپ، مۇساپىرلىقتا ئەندىكىۋاتقان يۈرىكىمگە تەسەللى بەردىم. ئىككى كۈندىن بىرى تاپىنىم ياپونىيەدە، لېكىن تاۋىم ۋەتەندە. بۇ يەردە مەن كۆرگەن ھەربىر نەرسە مەندە ۋەتەن ھەققىدە يېڭى تۇيغۇلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەربىر نەرسە، ھەربىر ھادىسە ئاشۇ نى - نى ئۇلۇغلارنىڭ مازارى بولمىش ئانا ۋەتەندىكى ھادىسىلەر بىلەن سېلىشتۇرما قوزغايتتى.

ياتاقنىڭ ئاستى تاختايلىق ئىدى. تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، ئاپتوماتىك كىرئالغۇ، گاز ئوچاق، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، شامالدۇرغۇچ، تاماق شىرەسى، مۇنچا ۋە تازىلىق ئۆيى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ، بۇنى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ياتىقى دېيىشكە تۇيغۇم ئۇنىمىدى. ياتاق ئىككى ئېغىز بولۇپ، ئىچكىرى ئۆينىڭ ئاستىغا تاتامى سېلىنغان، بىر چەتتە يوغان بىر كىيىم ئىشكاپى تۇراتتى، كۈنگەي تەرەپ پۈتۈنلەي دېرىزە بولۇپ، سىرتقى تەرىپى يۈرۈشمە ئەينەك ئىشىك، ئىچ تەرىپى قەغەز چاپلانغان ياغاچ چەنزە ئىدى، ئۇلارنى يۈرۈشتۈرۈپ ئاچقىلى بولاتتى. دېرىزىنى ئاچقان ھامان ئۇنىڭ كەينىدىكى كىچىككىنە دۆڭ كۆزگە چېلىقاتتى ۋە ھۆل كوكاتلارنىڭ كۈچلۈك ھىدى بۇرۇنغا ئۇرۇلاتتى. ئۆيگە كىرىپلا دېرىزىلەرنى ئېچىپ، بالكونغا چىقتىم ھەم سىرتلارغا بىر قارىۋەتتىم، ئاندىن ئۆيدىكى سەرەمجانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتىم. توساتتىن يادىمغا يۇرتۇمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سەككىز كىشىلىك ياتاقلىرى كەلدى. سەككىز ئادەمدىن چىققان پۇراق ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بەتبۇي قىلىۋېتىدۇ، يېيىلغان كىرلەردىن ئاققان تامچىلار ئۆينىڭ ھاۋاسىنى زەيلەشتۈرۈۋېتىدۇ. سەككىز ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئاياشنى بىلمەيدىغان بەتخۇي ئادەمدىن بىر - ئىككىسى چىقىپ قالىدۇ. ئۇلار باشقىلار ئۇخلاپ قالغاندا ياتاققا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئىنساننىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە ئۆزگىنى ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى ئاستا - ئاستا يوقايدۇ. بۇ ھالدا ئۆگىنىشتىكى ئىندىۋىدۇئال مەنىۋى مۇھىتتىن

www.uyghurkitap.com

گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى خاس بوشلۇقتا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ بوشلۇق باشقىلارنىڭ دەخلى - تەرۇزىغا ئۇچرىغاندا، ئىنسان ئۆزىدىكى پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ.

ھازىر «ئۆگىنىش جەمئىيىتى» (learning Society) دېگەن بىر گەپ بار. بۇ ھەربىر پۇقرا ئۆگىنىش مېخانىزمىنىڭ بىر ئۆزىكىگە ئايلانغان، ئىزچىل ئۆگەنمىسە بولمايدىغان، ئۆگىنىش پۇرسىتى بىلەن تولغان جەمئىيەتنىڭ سۈپىتى. ئەقىل ۋە بىلىمنى ئاساسلىق تۈرتكىگە ئايلاندۇرغان كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئۆگىنىش ۋە پۇرسەت بىلەن كاپالەتلەندۈرىدۇ. بىزنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمىز تېخى بۇنداق بىر ئىجتىمائىي تەسەۋۋۇردىن خالىي، لېكىن كونا باشقۇرۇش ئەندىزىسىدىن خوشلىشىشنىڭ سىگنالى ئاز - تولا ئاڭلىنىدىغان بولۇپمۇ قالدى.

103 - نومۇرلۇق ياتاق جىددىي رىقابەتلىك ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئەنئەنىۋى مەنىدىكى دېھقان مىللەتنىڭ ماڭا ئوخشاش بىر پەرزەنتىگە تەۋە بىر ماكان بولۇپ قالدى. بۇ يەردە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چۈش، سىدام، تەرتىپسىز، ساددا روھى بىلەن ياپون دېڭىزىنىڭ ئەۋرىشىم، ئىنتىزامچان، ساداقەتمەن روھى تۇتاشماقتا ئىدى. ئەزەلدىن بىرى بىپايان ئاسماننىڭ تەكتىدە ياشاپ، تىزگىنلەنمەسلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن تەكلىماكان روھى ئەقلىي جەمئىيەتنىڭ ھەددىنى دەسلەپكى قەدەمدە سېزىشكە باشلىغاندا، ھېچبىر كۆرۈلۈپ باقمىغان ياتسىراش بىلەن ئېغىر ئويلىنىشقا گىرىپتار بولاتتى. قۇم شامالارنىڭ يۆنىلىشلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان كۆچۈشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن نەگىلا بارمىسۇن بىر ئاسمان. بۇ ھال ھەرقانداق بىر كۆچۈش ئىلاھىي ماكاننىڭ پۇقراسى بولۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس، دېگەن ۋەھدەت روھىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك داۋامىنى مەيدانغا كەلتۈردى. 103 - نومۇرلۇق بۇ ئۆي گويا مەدەنىيەتلەر قوشۇلمىسىنىڭ

ئاددىي بىر سەھنىسى ئىدى. بۇ يەردە شامان، بۇددا، ئىسلام، كوممۇنىزم قوشۇلۇپ كەتكەن تەكلىماكان روھى بىلەن كۆڭۈزچىلىق، تويىن، بۇددا، كاپىتالىزم قوشۇلۇپ كەتكەن ياپون دېڭىزى روھى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بەزىدە ئورتاق تىل تېپىشىپ قالاتتى، لېكىن كۆپ ھالدا ئورتاق تىل تېپىشالماي، بىر ـ بىرىگە زۇۋان سۈرمەي سۈكۈتلۈك قارىشىپ قالاتتى. ئەنە شۇنداق دىراماتىك كەيپىياتنىڭ مۇھىتى بولمىش مېنىڭ يۈرىكىم تەقدىر تېپىشماقلىرىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەلمەي، ھالسىراپ كېتەتتى، مېڭەم چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، ئۇيقۇم قاچاتتى. بۇ ھال ئۆزبېكىستان شائىرى خۇرشىد دەۋراننىڭ مۇنۇ مىسرالىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى:

گويا چېگراسىز بىپايان قۇمدا
ئادىشىپ يۈرگەندەك كۆزى كور گادا.
بىر پىكىر يول ئىزدەپ يۈرەر ئېڭىمدا،
ئۇ مېنى بىركۈنى قىلىدۇ ئادا.

سۆزلىسەم ئازابتۇر، سۆزلىمىسەم غەم،
ياردەك ئەسلىتەر ئويلىمىسام ھەم...

103 ـ نومۇرلۇق ئۆي بەزىدە ماڭا دەل تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئۆزىدەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ شۇنداق قۇرغاق ۋە تىمتاس، ئۇنىڭ دېرىزىسىنى چايقىلىپ تۇرغان ياپون دېڭىزى نەم قوللىرى بىلەن چېكەتتى.

ئىشقىلىپ خاتىرەمدە يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى 103 ـ نومۇرلۇق ياتاقتا (ياق، ئۆيدە) بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ جىق ئىشنى ئەسلىيەلەيمەن، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلىيالايمەن. مەن ئەمدى ئۇيغۇرچىلىقتىكى تۈگىمەس باردى ـ كەلدىدىن، مەززىسىز توي ـ تۆكۈندىن، رىياكارلارچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


تۈزۈلۈپ، ئەتىسى مىننەت پەيدا قىلىدىغان سورۇنلاردىن بىر مەزگىل قۇتۇلۇپ، تۇرلۇك ئەھمىيەتسىز ئىشنىڭ داشقال خاتىرىلىرى بىلەن تولغان قەلبىمنى تەدرىجىي تازىلاپ چىقىشىم لازىم ئىدى. بۇنىڭ بىرلا چارىسى جىمجىتلىقتا ئويلاپ، ئويلىغانلىرىمنى ھەزىم قىلىپ، ھەممىسىنى بىراقلا يوشۇرۇن ئىچىمگە تۆكۈۋېتىش ئىدى.

ئەكەلگەن كىتابلىرىمنى كىتاب ئىشكاپىغا تىزدىم. كىتابلارنىڭ ئىچىدە مەن ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئەكەلگەن گىبگىبلىنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى»، ئارنولد تويىنبىنىڭ «تارىخ تەتقىقاتى»، مىلان كۇنديرانىڭ «ھايات ئۇ يەردە»، «كۈلۈش ۋە ئۇنتۇش خاتىرىسى» قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئارامخۇدا مۇھىتتا ئۇلاردىن خاتىرجەم زوق ئالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ قالاتتى. مەن كىتابلىرىمنى بىرەر قۇر ۋاراقلىۋەتتىم. قولۇمغا «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى چىقىپ قالدى، بۇ كىتاب 10 نەچچە يىل ئىلگىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن بۇ كىتابنى 1988 - يىلى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققانىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ياتىقىمغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان دوستلارنىڭ بىرى مەندىن سوراپ ئەكەتكەن پېتى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئارىدا ئۇ كىتاب نەچچە قېتىم لازىم بولۇپ قېلىپ، تاپالماي قالغانىدىم. كېيىن شۇ دوستلىرىمنىڭ بىرى ئۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي دەپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، كىتاب يەنە قولۇمغا قايتىپ كەلدى. مەن ئۇ كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، كىتابتا سىزىلغان ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ كىتابنى ئالاھىدە مۇددىئا بىلەن ئەمەس، تاسادىپىي بىر قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ باققانىدىم. كىتابنىڭ تېمىسىلا مېنى جەلپ قىلغاندەك بولغانىدى. بۇ دەۋرلەردە شېئىر ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەچكە، بۇ كىتاب ماڭا پەۋقۇلئاددە قۇرغاق

بىلىندى. لېكىن، كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. كىرىش سۆزنىڭ بېشىدىلا كارل ماركسنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئېتىكا ـ ئەخلاقنىڭ ماددىي شەرت ـ شارائىتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىزگە تونۇش ئىبارىسى قەيت قىلىپ ئۆتۈلۈپ، ئارقىدىنلا ماركس ۋېبېرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى مەنىدىكى سۆزى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن. مەن شۇ چاغدا دۇنيادا يەنە بىر ماركسمۇ بار ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى ماركسنىڭ بىرى بىزگە شۇنچە مەشھۇر، يەنە بىرى ناتونۇش بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، تېگىگە يېتەلمىگەنىدىم. كېيىن بىلسەم تەرجىمان «ماكس ۋېبېر» بولۇشقا تېگىشلىك ئىسمىنى خاتا ھالدا «ماركس ۋېبېر» دەپ ئالغانىكەن. قانداقلا بولمىسۇن ماكس ۋېبېر ئېيتقان مۇنۇ سۆز مېنى زىلزىلىگە سالغانىدى: «بىر جەمئىيەتنىڭ ئېتىكا ـ ئەخلاقى بەلگىلەكلىك بولىدۇ؛ ھەرقانداق بىر خىل تىپتىكى ئىگىلىك كىشىلەردىن ئاشۇ ئېتىكا ـ ئەخلاققا خىلاپ مىللىي روھنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا مۇنداق ئىگىلىك راۋاجلانمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر خىل ئىگىلىك ئاشۇ ئېتىكا ـ ئەخلاق بىلەن ئۆزئارا مۇناسىپ بولىدىكەن، ئۇنداق ئىگىلىك چوقۇم گۈللىنىدۇ.» (森岛通夫: «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى). ماكس ۋېبېرنىڭ بۇ سۆزى بىز پەلسەپە دەرسلىكىدە ئۆگەنگەن كارل ماركسنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تامامەن ئوخشىمايتتى. مەن شۇ چاغدىلا دۇنيادا كارل ماركسقا ئوخشىمايدىغان مەۋقەدىكى پەيلاسوپلار ۋە ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەنىدىم. بىر خىل ئىگىلىك شەكلى مەلۇم بىر خەلقنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا ماس كەلمىسە، ئۇنىڭ راۋاجلانمايدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ قىسقىچە بايان كاپىتالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن غەربتە راۋاجلانغانلىقىدىن ئازراق بېشارەت بەرگەندەك بولدى. كاپىتالىستىك ئېتىكا ـ ئەخلاق روھى ئادام سىمىتنىڭ مۇنۇ سۆزىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ: «بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تامىقىمىز قاسساپ، هاراق ئىچمەيتىقۇچى ۋە بولكىچىلارنىڭ ھىممىتىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن كەلگەن». دېمەك، ھەربىر ئادەم ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىنى ئاۋۇتۇپ بارغانسېرى، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەن بۇ نۇقتىئىنەزەر غەرب قىممەت قارىشىنىڭ نېگىزى ئىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇنچە ئېنىق قاراشقا ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، ماكس ۋېبېر ئارقىلىق غۇۋا بىر غىدىقلىنىشنى سەزگەنىدىم. مېنىڭچە، بىر پارچە كىتابنىڭ ھەممىلا يېرى تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ، ئېھتىمال ئۇنىڭدىكى بىرقانچە جۈملە سۆز ياكى تەپسىلاتلار بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرىغا ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. كىتاب ئوقۇش پۈتۈن كىتابنى سۈمۈرۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئالغا بېسىشىمىز ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان تەركىبلەرنى ئىزدەپ تېپىشتۇر.

شۇنداق قىلىپ، ياپونىيەنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ «ياپونىيە نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» دېگەن كىتابنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىدىم. كىتاب يەنىلا غۇۋا ۋە قۇرغاق بىلىندى، ئەمما بۇرۇنقىغا نىسبەتەن نۇرغۇن نەرسىنى مەنتىقىي تەھلىل بىلەن ئوقۇغان بولدۇم. ئەلۋەتتە، شۇنىڭغا لايىق نەپكە ئېرىشتىم. مانا بۇ، بىر مەسىلىنى بىرلا كىتاب بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى. مەن ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقاچقا، مەندە ئۇ ھەقتە ئاز - تولا مەلۇمات بولۇشى لازىم دەپ ئويلايتتىم. ئاپتور مەنىۋى ئىنقىلاب بولمىغان ئەلدىكى ھەرقانداق ئۆزگىرىشنىڭ گۈللىنىش ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، جۇڭگودىكى قوزغىلاڭلار پەقەت كۆڭۈزچىلار بىلەن تەرىقەتچىلەر (道教) ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش بولۇپ، ھەربىر قوزغىلاڭ ياكى ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى بىيۇروكراتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇنداق پىكىرگە كەلدىم:

سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئەۋج ئالغان ئىشانچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە ئېلىپ كەلگەن خەتىرى مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك ۋە ئىدىيولوگىيەلىك سەۋەبلەرگە ئىگە. بۇ مەزگىللەردىكى تارىخىي چۇشكۇنلۇكنىڭ قارا سايىسى بىزگە يېتىپ كەلگەندە، ياپونىيەدە مېجى يېڭىلىق ھەرىكىتى مەيدانغا چىقىۋاتقانىكەن. ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندا شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنى قۇرۇشى، سەئىدىيە سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىر نەۋرە كېلىدىغان بابۇر تەرىپىدىن تىكلەنگەن بابۇرىيلار سۇلالىسى (موغۇل ئىمپېرىيەسى) نىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىشى، ياۋروپادىكى سىياسىي ئىسلاھاتلار، ئىسپانلار ۋە پورتۇگاللارنىڭ دېڭىز سەپىرى، پىروتېستانت دىنىدىكى كاپىتالىزم بىخلىرى قاتارلىق ھادىسىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئەينى دەۋردىكى غاپىل ئوبرازىمىزنى دۇنياۋى مۇھىت نۇقتىسىدىن ئوبدان چۈشىنىدىكەنمىز.

ئېيۇلدا ياپونىيەنىڭ ھاۋاسى ئومۇمەن ناھايىتى ئىسسىق بولىدىكەن. جۇملىدىن بىز تۇرغان جايمۇ بەك ئىسسىق ئىدى. ھاۋادان بولمىغاچقا، ياتاق سىرت بىلەن ئوخشاشلا ئىسسىق ئىدى. بىرلا يېرى بېشىمغا كۈچلۈك ئاپتاپ چۈشمەيتتى، خالاس. مەن ئەمدى «يېڭىچە ئىنگلىز تىلى» دېگەن كىتابنىڭ تۇرمۇشقا لازىملىق جۈملىلىرىنى يادلاشقا باشلىدىم. چۈنكى، مەن بۇ يەردە تىلسىز ۋە ئالاقىسىز بولۇپ قالسام بولمايتتى. ياپون تىلى ئۆگىنەي دېسەم، ئىشنى باشتىن باشلىشىمغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيەدە قانچىلىك تۇرالىشىم ئېنىقسىز. ئىنگلىز تىلىنى بۇرۇنمۇ ئۆگىنىپ، ماتېرىيال كۆرگۈدەك بولۇپ قالغانىدىم. ئاپتونوم رايونىمىز شارائىتىدىكى مەكتەپلەردە بىلىم ئۆگىنىش ھەققىدىكى تەۋسىيە ۋە تەرغىباتلار كۆپ تەكىتلىنىدىغان ھەقىقىي بىلىمنى ئىشلىتىدىغان باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە جەمئىيەت ھاۋاسى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۆگىنىلگەن ئازغىنە نەرسىلەرمۇ قىممەت يارىتالماي

www.uyghurkitap.com



قالاتتى. ۋاقىتلىرىم يىغىنغا قاتنىشىش، زاكاز ئەسەرلەرنى يېزىش، مېھمان بولۇش ۋە مېھمان كۈتۈشلەر بىلەن زايە بولاتتى. چۈنكى، بىزدە باش كۆتۈرمەي ئۆگەنگەن ئادەملەر «ياۋا»، «كىتاب خالتىسى» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ئۆگىنىش ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىن تاشقىرى پائالىيەت دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر ئاغزىدا ئۇنداق دېمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ خىل مەنتىقى ھالەتنى تەبىئىي ئىپادىلەپ قويۇشىدۇ. ئۆگىنىش قارشى ئىپلىنىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا بار، روھىدا يوق. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئۆگەنگەن ئىنگلىزچەم گاھ تاشلىنىپ، گاھ قولغا ئېلىنىپ تۇردى. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن ئايرىلىپ يىراق ياپون دىيارىغا كەلگىنىمدە تىلسىزلىق مېنى ئازابقا سالدى. ھەممىشە ئويلاپ تۇرىدىغان، ئويلىغانلىرىنى ئۇقتۇرۇغۇچىلىرىغا، پىكىرداشلىرىغا دەپ تۇرىدىغان مەندەك قىينى قايناق ئادەمنىڭ سۈكۈتكە چۈشۈپ قېلىشى نەقەدەر ئېچىنىشلىق ـ ھە! ئۇچۇر دەۋرىدىكى بىر بىلىم ئادىمىنىڭ بۇنداق ھالەتتە گاڭگىراپ يۈرۈشى ماڭا نومۇس تۇيۇلدى. مەن باشقىلارنى پاراڭ ئارقىلىق بىلىشىم ۋە ئۆزۈمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك.

## ھەرقانداق بىر مەنىۋى ئىنقىلاب ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە بىلدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ

قاراپ باقسام، 2002 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن ئالدىراپلا يېزىلغان خاتىرەمدە مۇنداق دەپتىكەنمەن:

«ھەممە ياق جىمجىت...

مەن ياپونىيە جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زادى كىم؟ بۇ بىر يېڭى سالاھىيەت مەسىلىسى. مەن ياپونىيە جەمئىيىتىنى ئۇقمايمەن، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ يوللىرىنى ئۇقمايمەن، تۇرمۇش يوسۇنى ۋە ئىستېمال قائىدىسىنى ئۇقمايمەن، بۇ يەردىكىلەر مېنى تېخىمۇ ئۇقمايدۇ.

مەن 38 ياشقا كىرگەندە چەت ئەلگە ئاياغ باسالىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە يىل قاتىردىم. يات ئەلگە ماسلىشىشمۇ بىر خىل ئىقتىدار، لېكىن ھازىرچە مەندە بۇنداق ئىقتىدار يوق. مەندە بارى ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىنى ھەشقالالا بىلەن ئالغۇدەك ئىقتىدار. لېكىن بۇ يەردە ئۆزىنىڭ رىزقىنى غالىب روھ بىلەن مەغرۇر ئالغۇدەك ئىقتىدار كېرەك ئىكەن.

ئىقتىدار مۇھىتقا قاراپ شەكىللىنىدۇ ۋە مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا ئۆزگىرىدۇ. مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتكە كىرمىگەن ئىقتىدار ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن راۋان سۆزلەشمە كېرەك. لېكىن مەن ھازىر گاچا. تىل بىلىش كېرەك، ھېچبولمىغاندا، ئىنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىشىم كېرەك. ھەي زەبۇنلۇق...!»

بەلكىم يۇقىرىقى ئابزاسلاردىن تەڭقىس روھىي ھالىتىم ئايان بولغاندۇ. تىل ئۆگىنىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا شېئىر ئوقۇش ياكى كىتابنى تەھلىل قىلىپ ئوقۇشتەك لەززەتلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۆگەنمەسلىككە ھەددىم يوق ئىدى. مەن تۇرۇۋاتقان 103 - نومۇرلۇق ياتاق مەن ئۈچۈن بىر شام گۆرگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

ئايالىم لابوراتورىيەگە چىقىپ كېتەتتى، مەن تىكەندەك يالغۇز قالاتتىم. ۋاقتىم كىتاب، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ئارىسىدا ئۆتەتتى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ زېرىككىنىمدە، كومپيۇتېرنى ئېچىپ ئۇچۇر چۇخچىلايتتىم، ۋەتەندىن ئېلىنىۋالغان پىلاستىنكىلارنى ئاڭلايتتىم. تالاغا چىقاي دېسەم ئىشىم يوق، يىراقلىراق يەرگە باراي دېسەم ماشىنام يوق. باشقىلار بىلەن پاراڭلىشاي دېسەم تىلىسىزمەن، شۇنداقلا ماڭا قاراشقا چولىسى تېگىدىغان ھېچكىم يوق. گەرچە بۇ ئۆيدە يەيدىغان - ئىچىدىغىنىم تەل بولسىمۇ، بەزىدە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنتۇلغان يېگانە ئارالغا ئوخشاپ قالاتتىم. ئەگەر خوتۇنۇم يېنىمدا بولمىغان بولسا بۇ ئۆي روبىنزون كىروزونىڭ ئارىلىغا ئوخشاپ

www.uyghurkitap.com



قالاتتى. ئايالىم ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئاخشاملىرى ئۈچ سائەت قارا ئىش قىلاتتى. مەن بولسام ئۆگىنەتتىم، ئۆگىنەتتىم، يەنە ئۆگىنەتتىم. زېرىككىنىمدىن ئاستا - ئاستا قازاننىڭ بېشىغا ئۆتۈپ قالاتتىم. بارا - بارا قولى ئەپلىك ئاشپەزگە ئايلىنىپ كەتتىم، بۇ ئىشىم چارچاپ كىرگەن ئايالىمغا بەكمۇ خۇشياقاتتى. يەيدىغىنىمىز توخۇ گۆشى، بېلىق گۆشى ۋە كالا گۆشى ئىدى. قورۇغان توخۇ گۆشى نېرىنلىرىم ئايالىمغا تېتىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئەتكەن توخۇ گۆشى نېرىنىنى ئىككى قېتىملىق تاماق قىلىپ يەيتتۇق. ئىتالىيانچە تەييار چۆپ بىلەن ئۇخشىتىپ لەڭمەن ئېتەلەيتتىم، توخۇ گۆشى نېرىنى بىلەن دۇملەنگەن گۈرۈچنى قوشۇپ يېسە، خېلى مەززىلىك غىزا بولاتتى. توخۇ گۆشى ۋە كالا گۆشىنى توكيودىكى بىر ھالال يېمەكلىك دۇكىنىغا تېلېفوندىلا زاكاز قىلىپ كەلتۈرەتتۇق، ئۇ پاكىستانلىقلار ئاچىدىغان دۇكان ئىمىش. بۇ گۆشلەر ئاساسەن دېگۈدەك ئاۋستىرالىيەدىن كەلتۈرۈلىدىكەن. كالا گۆشى يۇمشاق ئىدى. كاۋاپ سېغىنغاندا، كالا گۆشىنى دۇخوپكىدا قاقلاپ يېدۇق. پىشلداپ تۇرغان كالا گۆشىنى قاقلانغان پىياز بىلەن قوشۇپ يېسەك، كاۋاپ خۇمارىمىز قانغاندەك بولاتتى. توخۇنىڭ ئېتىنى پىچاق بىلەن يېرىپ تۇز، مۇچ قىيامى ۋە قارىمۇچ تالقىنى بىلەن پاتلاپ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا سالسام، 15 مىنۇت ئىچىدە يۇمشاق پىشىپ كېتەتتى. ئارىدا قوي گۆشىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ باقتۇق، لېكىن چىلە تېتىپ، بەھۇزۇر يېگىلى بولمىدى.

دىمىق ئۆيدە ئۇسساپ تۇراتتىم، توڭلاتقۇغا سېلىنغان مېۋە شەربەتلىرى كىچىكىدىن مېۋە يەپ چوڭ بولغان مەندەك بىر بەشكېرەملىكنىڭ خۇمارىدىن تازا ئۇبدان چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيەنىڭ مېۋە شەربەتلىرىنىڭ ساپلىقى 100% ئىكەن. مۇزدەك شەربەتنى ئويلىغىنىمدا كۆز شەبنەملىرىگە كۆمۈلگەن سالقىن بەشكېرەم باغلىرى، كەڭ ھويلا - ئارانلاردىكى تالبارىڭ سايىلىرى، باراقسان تېرەكلىك يوللارنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرى

يادىمغا يېتىپ كېتىدۇ. بالىلىق چاغلىرىم ئاخىرلىشىپ، كاللامغا ياشلىق خىياللىرى كىرىشكە باشلىغان چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقان قىزلارنىڭ يېنىغا چالما ئېتىپ قويۇپ، قايسىدۇر بىر شاخنىڭ دالدىسىغا ئۆزۈمنى ئالاتتىم. قىزلارنىڭ چۆچۈگەن ھالدا ئەتراپقا قاراپ، چالما ئاتقان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قىلىشلىرى مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك تاماشا ئىدى. مىلان كۇندېرانىڭ «كۆزىتىش ئىقتىدارى بولقىنىمۇ جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش ئۆزۈم ئوتلىغان ھەربىر تامچە سۇ، كۆز ئالدىمدىكى ھەربىر ھادىسىنى ۋەتىنىم بىلەن، بۇرۇن كۆرگەن - بىلگەنلىرىم بىلەن باغلاپ، چوڭ بىر كارتىنىنى ھاسىل قىلاتتىم. شۇنداق قىلىپ بۇ نەرسىلەر تەنھا ھاياتىم ئۈچۈن ئەرمەككە ئايلىناتتى.

مېۋە شەربەتلىرىنى ئىچىش ۋە شاكىلات يېيىش كۆپ ھالدا ماددىي ئېھتىياجدىن ئەمەس، مەنىۋى ئېچىرقاشتىن كېلىپ چىقاتتى. قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى دېگۈم كېلەتتى، بەزىدە ۋارقىرىغۇم كېلەتتى، كەڭ دالالاردا يۈگۈرگۈم كېلەتتى. دەل بۇ چاغدا ئىچىم سىقىلىپ تىت - تىت بولاتتىم. بۇنى بېسىش ئۈچۈن شاكىلاتتىن بىر تال يەپ قوياتتىم ياكى ئازراق مېۋە شەربىتى ئىچىپ قوياتتىم. كېيىنچە تاماكا چېكىدىغان بولۇۋالدىم. شورىغان ئاچچىق ئىسلارنى ھاۋاغا پۈۋلىگىنىمدە، ئىسقا ئەگىشىپ ئۆزۈممۇ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بىر تال تاماكا چېكىلىپ تۈگىگۈچە تامامەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ ۋاقىتنىڭ قوينىدا يېنىك نەپەس ئالاتتىم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمگە مۇناسىپ بىر كەيپىياتنى يارىتىشقا قادىر بولالايتتىم. تاماكا چېكىلىپ بولغان ھامان بۇرچۇمغا، مۇكەممەلسىزلىك ھەسرىتىگە قايتىپ كېلەتتىم. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈمنى چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان، لېكىن زايە بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم.

ئىشىك ۋە دېرىزە ئارىلىقىدا تالاي قېتىم ماڭاتتىم، بۇ ئارىلىق يەتتە قەدەم، سەككىز قەدەم، ئالتە قەدەم، يەنە يەتتە قەدەم بولۇپ

www.uyghurkitap.com

چىقاتتى، تولاراق يەتتە قەدەم بولۇپ، چىقاتتى. دېرىزىمىزنىڭ ئالدىدا بىر قۇم كۆلچىكى بار بولۇپ ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە بالىلار سىيرىلىپ ئوينايدىغان ئاددىيغىنە بىر تۆمۈر جاھاز بار ئىدى. بالىلار مىنىپ تاشلاپ قويغان ۋېلىسىپىت، كىچىك ئويۇنچۇق ماشىنىلار چىڭقىچۇشنىڭ قىزىق ئاپتىپىدا قاغجىراپ تۇرۇشاتتى. ئويۇنچۇقلارنىڭ بىمالال تاشلىنىپ تۇرۇشلىرى بۇ يەردە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە كۆز سالىدىغان چاكىنا ئوغرىلارنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ھال ئوغلۇم بابۇر تېلېفوندا يەتكۈزگەن خەۋەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى: ئۇ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ قورۇسىدا ئويناۋېتىپ، ۋېلىسىپىتىنى قويۇپ قويۇپ بىر يەرگە بېرىپ كەلگۈچە ۋېلىسىپىت يوقاپ كېتىپتۇ. ئۇ ماڭا بۇ گەپلەرنى يىغلامسىراپ دەپ بەردى. ئۇ تولىمۇ سەبىي ۋە ھالال بولغاچقا، كىشىلىك تۇرمۇشتا چوڭلار ئادەتلىنىپ كەتكەن ئادالەتسىزلىكنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ يەنە بىرىنى ئېلىپ بېرىمەن، نەرسىلىرىڭنى چىڭ ساقلاشنى ئۆگەن» دەپ تەسەللى بەردىم.

دېرىزە ئالدىدا قاڭالتىردىن قىلىنغان لەمپە بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋېلىسىپىتلىرى ۋە موتوسىكلىتلىرى شۇ يەرگە قويۇلاتتى. بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ قالاتتى. بالىلار ئۇ نەرسىلەردىن زېرىككەن ھامان ئويۇنچۇقلارنى شۇ جايغىلا تاشلاپ قوياتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆز جايىدا ئامان - ئېسەن تۇرۇشى بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىدىكى روھىي توقچىلىقنىڭ ۋاستىلىك كۆرۈنۈشى ئىدى.

كۈن قايرىلىپ، ھاۋا سالقىنلاشقا باشلىغاندا ئاياللار (ئوقۇغۇچى ئاياللار ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاياللىرى) بالىلىرىنى يېتىلىشىپ، قۇم كۆلچىكىنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. بۇ ئاياللارنىڭ رەڭگى ۋە تىلى ھەر خىل ئىدى، ئۇلار بەزىدە ياپون تىلىدا، بەزىدە ئىنگلىز تىلىدا پاراڭلىشاتتى. تام قوشنىمىز شوتلاندىيەلىك ئەر - ئايال بولۇپ، ئېرى نورمان مۇشۇ مەكتەپتە دوكتور ئاشتىلىقتا ئوقۇۋاتقانىكەن، ئايالى

ئۆيدە باللارغا قارايتتى. ھەمىشە دېگۈدەك كالتە ئىشتان، بېشىغا ئاق شىلەپە، ئۇچىسىغا كالتە يەڭ مايكا كىيىۋالىدىغان بۇ ئايال تولىمۇ ئورۇق ئىدى، ئورۇق ۋە سېرىق ئەتلىرىنى سەپكۈن قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەمىشە قارا كۆزەينەك تاقىۋالاتتى. باللىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بولۇپ، ناھايىتى كەپسىز ئىدى. ئۇلار بۇ كۆلچەك ئەتراپىغا كۆپرەك كېلەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئەڭ كۆپ چېلىقتۇرىدىغان مەنزىرە ئەنە شۇلار ئىدى. كىتاب كۆرۈپ، زېرىككىنىمدە ئۇلارغا قاراپ قوياتتىم ـ دە، ئىشلىرىمغا يەنە كىرىشىپ كېتەتتىم. نېمىشقىدۇر ئاشۇ كىچىككىنە كۆلچەك ياپونىيەدىكى ئىجتىمائىي تەنھالىقىمغا تەسەللى بولىدىغان بىر ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانىدى. قاراپ باقسام، كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يېزىپتىمەن:

«ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە كىچىككىنە قۇم كۆلچىكى، ئىنگلىزلار، ياپونلار، ھىندىلار كېلىپ، بۇ يەردە باللىرىنى ئوينىتىۋاتىدۇ.

باللار خۇشال ئوينايدۇ. باللار بىلەن قۇم ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت باردۇ؟ قۇمدا ئانىلاردا يوق مېھىر بارمىكىنە؟ بەلكىم قۇمدا ئانىلاردا يوق بىر ئاھاڭ باردۇ، باللار بۇ ئاھاڭغا ماس ھالدا ئوينىماقتا. باللاردا دېگىلى بولمايدىغان بىر روھ قاينام ياسايدۇ. ئانىلار ئۇلارنى ئويناتقۇچە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قايناملارغا غەرق بولۇپ كېتىپ، باللارنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ كېتىدۇ. زادى ئانىلار باللارنى ئوينىتىۋاتامدۇ ياكى باللار ئانىلارنى ئوينىتىۋاتامدۇ؟ ئانىلار باللاردىكى روھىي ھادىسىدىن خەۋەرسىز.

قۇم مۇلايىم ھەم ماسلىشىشچان، ئۇ، باللارنىڭ ئايىغى ۋە ئالىقىنىدا گۈزەل بىر چۇشكە ئايلانماقتا. مەن ئۇ چۇشلەرنى كۆرمەكتىمەن.»

ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولغان بۇ باللارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى ئۇقۇشماي تۇرۇپ خۇشال ـ خۇرام ئوينىشى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىرىس ۋە نىزاغا تولغان بۇ تىنچسىز دۇنيادىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گـۈزەل چـۈش ئـىـدى. كـۆز ئـالـدىـمـدىكى بـۇ مـەنزىرە ئافغانـىسـتان ۋە پەلەستىنىدە تۆكۈلۈۋاتقان قانلار، يەنە ئاللىقانداق يەرلەردە قان تۆكمەي ئېلىنىۋاتقان جانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەئەينى ئوت تۇتىشىۋاتقان بىر توپ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى دىرىلدەپ تۇرغان شەبنەملەرگە ئوخشـايتتى. بۇگـۈنكى دۇنيـادىكى ئـۇرۇش ئـىككـى خـىل ئۇسـۇلدا بولۇۋاتـاتتى. بىـرى، بـەدەندىكى قـاننى سىرتقا تـۆكۈش، يەنە بىرى، بەدەندىكى قاننى بەدەننىڭ ئىچىگە تۆكۈش. ئىنسانلار بىرىنچى خىل قـان تۆكۈشـنى سـوتلايدىغان سـوتخانىلارنى ئېچىشـتى، ئۇنـى ئەيىبلـەيدىغان ئاخبـارات ۋاسـىتىلىرىنى تەسـىس قىلىشـتى. لېكىـن ئىككىنچى خىل قان تۆكۈشنى كۆرىدىغان كۆز ۋە ئۇنى ئەيىبلەيدىغان تىل تېخى بارلىققا كـەلمىدى. مانا بـۇ پەن ـ تېخنىكا دەۋرىدىكى ۋىجدان كورلۇقىنىڭ بىر جۈملىسى.

تۈرلـۈك ئىقلىمدىـن كەلگـەن بـالىلارنىڭ بىللـە ئوينىشـى پەيلاسوپلار ئۈچۈن غايە بولسا، بالىلار ئۈچۈن رېئاللىق ئىدى. تۈرك شائىرى نازىم ھىكمەت «بالىلارغا بېرەيلى دۇنيانى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

دۇنيانى بېرەيلى بالىلارغا
ھېچ بولمىسا بىر كۈنگىچە،
ئالا ـ بۇلماچ پۇپۇكتىن بېرەيلى
ئوينىسۇن،
ئوينىسۇن ناخشىلار ئېيتىپ
يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدا.
دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى،
يوغان بىر ئالما كەبى بېرەيلى
ئىسسىققىنا بىر نان بۇردىسى كەبى
ھېچ بولمىسا بىر كۈنگىچە تويسۇن.

دۇنيانى بالىلارغا بېرەيلى،
بىر كۈن بولسىمۇ ئۆگەنسۇن
دۇنيانىڭ ھەمجەھەتلىكىنى،
بالىلار دۇنيانى ئالسۇن قولىمىزدىن،
قۇرۇماس دەرەخلەرنى تىكىشسۇن.

نازىم ھېكمەتنىڭ دەۋرىدىكى بالىلار مانا بۈگۈن دۇنيانىڭ تەقدىرىنى قولىغا ئېلىشقان، لېكىن دۇنيا قان ـ ياشقا بەكرەك غەرق بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كوممۇنىست شائىرنىڭ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. ئەجەبا، شېئىر مەڭگۈ رېئاللىققا ئايلانمايدىغان چۈشمىدۇ؟! سانائەت شائىرنىڭ كۆز يېشىدا كېمە ھەيدىمەكتە. ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئىدىيەسى بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا نېمىلەرنى ئۆگىتەر ـ ھە؟

سەھەر ھاۋاسىدىكى سالقىنلىق تۈگەپ، ئاپتاپ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قوللىرى بىلەن گۈل ـ گىياھلارنى، ئۆگزىلەرنى سىلاپ، كۈندۈزنىڭ ئەلۋەكچىلىكىنى كۆرستىشكە باشلىغاندا، بىر ياپون ئايال تۆت ـ بەش ياشلاردىكى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى ئاشۇ قۇم كۆلچىكىگە كېلەتتى. ئۇ زىلۋا، ئاقپىشما كەلگەن ئايال بولۇپ، پەمىمچە 30 ياشلاردا بولسا كېرەك. ئۇ ئاپتاپ بىرئاز كۈچىيىپ قالغان چاغلاردا ئاق شىلەپە كىيىۋالاتتى، نورمال ئەھۋالدا سۇمبۇل چاچلىرىنى يەلكىسىگە يېيىپ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالاتتى. ئۇ گۈزەللىككە ھېرىسمەن بارلىق ئايالغا ئوخشاش ياسىنىشنى ياخشى كۆرسە كېرەك، ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. مېنىڭچە، ئۇ ياسىنىشنى قاملاشتۇرالايدىغان ئاياللاردىن ئىدى. ئادەتتە ياپون ئاياللىرى قويۇق گىرىمنى ياخشى كۆرمەيتتى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئايالمۇ سۇس گىرىمى بىلەن گىرىمسىزدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ ئوچۇق رەڭدە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئاپتاپنىڭ رەڭگىگە شۇ قەدەر ماس كېلەتتىكى، قۇياشتىن ئىبارەت بۇ چىراغچى

www.uyghurkitap.com

مەخسۇس ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ قۇم كۆلچىكى يېنىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتكەن قىزىغا جىمجىت تىكىلىپ قارايتتى. بەزىدە قوللىرىنى دالدا قىلىپ، بەللىرىنى بىرئاز رۇسلىغان ھالدا يىراقلارغا قارايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ قانداقتۇر بىر يەرگە ئۇچۇپ كەتكۈسى باردەك كۆرۈنەتتى. قايسىدۇر بىر يازغۇچى، بەلكىم بالزاك بولسا كېرەك، 30 ياشلاردىكى ئاياللار سەبىي قىزلاردىن گۈزەل بولىدۇ، چۈنكى ئۇلاردا يېتىلگەن ئاياللارغا خاس لاتاپەت ۋە ئانىلىق بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندىكى بىر سۆزنى ئېيتقان. مېنىڭچە، بۇ جايىدا ئېيتىلغان گەپ. ئۇ گاھىدا يانفونىنى چىقىرىپ كۇنۇپكىلارنى بېسىش بىلەن بەند بولۇپ كېتەتتى. ئاياللار ئۆز تەۋەلىكىدىكى ھەممە نەرسىگە ئۆزىنى سىڭدۈرۈۋېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەلكىم ئۇمۇ يانفون ئارقىلىق ئۆزىنى قايسىبىر نامەلۇم بوشلۇقتا يوللاۋاتقاندۇ.

مەن ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن، ئۇ بۇنى بىلمەيدۇ. ئانىسىنىڭ يانفوندا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى قىزى بىلمەيدۇ. نامەلۇم كىشىلەر ئارىسىدا بىلىشمەسلىك ئىچىدە يۈز بېرىدىغان سەممىي باغلىنىشلارمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ باغلىنىشنى ئىنسان سەزگۈ جەھەتتىن تونۇپ يېتىشكە ئاجىز. ئىنسان مانا مۇشۇنداق ئاجىزلىق ئىچىدە ئۆزىنى تەنها ھېس قىلىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىز، شۇنىڭ ئۈچۈن روھىي سەرسانلىقتا مۇپتىلا. بەلكىم ئۇ ئايال ئاشۇنداق بىر باغلىنىشنى ئىزدەۋاتقاندۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق باغلىنىش مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇنداق خالىس باغلىنىش، لېكىن ئايال بۇنى مەڭگۈ ئىزدەيدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي بىر ئايالنىڭ مەڭگۈلۈك سەپىرى. مەن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنى سورىيالمىدىم، سوراشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، ئىسمى ئۇنىڭ ئاشىقىغا ياكى ئېرىگە كېرەك. مەن ئۇنى ئىسىمسىز ھالدا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا، ئۇنىڭ پايانى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە يازغان شېئىرىمغا «ئۇ» دەپ ماۋزۇ قويدۇم:

# ئۇ

ھەممە ئىش
ياتىقىم كەينىدىكى قۇم كۆلچىكىدە يۈز بېرىدۇ،
زىلۋا بويلۇق ياپون جۇۋانى
يۇمران قىزىنى يېتىلەپ چىقىپ،
شەپەق قىزىللىقىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ
مۇشۇ قۇم كۆلچىكىدە ئوينىتىدۇ.

بەلكىم ئىسمى خىروكو ئۇنىڭ
ياكى ساچىكو،
شوخ قىزىنىڭ يېنىدا
ھارغىن بىر ئاق قۇ.

قۇم ئاستىنى كولايدۇ قىزى،
ئېرىپ كېتىدۇ كولىغانسېرى.
يىراق بىر ساھىلغا رەڭدار قۇش بولۇپ
ئۇچۇپ كېتىدۇ ئوينىغانسېرى.

ئۇنتۇپ كېتەر قىزىنى
يانفونىنى ئاچقان ئانىسى،
باغلاپ ئېلىپ كېتەر ئۇنىمۇ
ئېكراندىكى خەتلەر تانىسى.

ئۇ بىر رومكا ئىچىغان شاراب،
ئېرىنى ھېچقاچان مەست قىلالمىغان.
تۆكەر ئۇ ئۆزىنى ئېكرانغا قاراپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزگە زورلاپمۇ پاتقۇزالمىغان.

ئالدىمدا
چېكىلىدايدۇ سائەتنىڭ تىلى،
توشۇپ كەتكەن مەنىسىزلىككە
رەقەملەردىن ياسالغان تېنى.

ئىستىرېلكا ئۆتكۈر تىغ بولۇپ
پارچىلايدۇ مەۋھۇم ۋاقتىنى.
دەقىقە ئىچىدىكى چەكسىزلىككە
تاشلىنىۋېتەر ئۇنى ھەم مېنى.
كۆرۈپ تۇرىمىز كۆزىمىز بىلەن
ئالدىمىزدا تۇرغان ھەممىنى.
بالىسىغا پاناھ شۇ ئايال
قوغۇشۇندەك ئېغىر ھاياتتىن
تاپالمىدى ئىزدەپ ئۆزىنى.

ئايال، قىز، مەن ۋە سائەت
لەھزىنىڭ يېپىدا باغلانغان تۇرۇپ
تونۇمايمىز بىر - بىرىمىزنى.

ئوخشاپ قالار بەزىدە يانفون
ھەممىنى سىڭدۈرگەن جىمجىت ئارالغا.

ئانا پات - پات قاراپ قويار قىزىغا،
بولسىمۇ ئۇلار بىر تاغنىڭ سۈيى
قويۇلىدۇ ئىككى دېڭىزغا.

2002 - يىلى ئىيۇل، ياپونىيە

ئەمەلىيەتتە شېئىرنىڭ ۋاقتى بولمايدۇ، ئۇ زامانىنىڭ ھەربىر توچكىسىغا نۇرغا ئوخشاش قاپلانغان بولىدۇ. ھەقىقىي شېئىر ئۆزىنىڭ دەپتەرگە پۈتۈلگەن ۋاقتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىدۇ. مېنىڭ بۇ شېئىرىم ئادەمئاتىنىڭ ھاۋائانىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئىچىدە ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغان، مەن بىر ئەكس سادا، خالاس.

كومپيۇتېر دېرىزىنىڭ قېشىدا بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇنقى كۈچلۈك ئاپتاپ شىللەمگە چۈشۈپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا مەن ئۇدۇلۇمدىكى پەردىنى تارتىپ قويۇپ سايىۋەن قىلاتتىم، پەردىنىڭ يەنە بىر قانىتىنى سۈرۈۋېتىپ، يۇرۇشمە دېرىزىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتەتتىم، شۇنداقلا ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ قىيا ئېچىپ قوياتتىم. ئىشىك تەرەپتىن كىرگەن يېنىك شامال پەردىنى قايرىپ ئوينايتتى. سەلكىن تەرلەپ كەتكەن بەدىنىمنىڭ پىنھانلىرىغا ئۇرۇلغاندا، ئورما مەزگىلىدىكى يۇرتۇمنى ئەسلەپ قالاتتىم. قىزىق ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇرغان ئالتۇندەك بۇغدايلار قىر بېشىدا ئولتۇرغان ئادەمگە دىمىق چىقىراتتى. قاياقتىندۇر ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كەلگەن شامال كەڭ تامباللىرىمنىڭ پۇچقاقلىرىدىن كىرىپ ھۇزۇرلاندۇراتتى. شامال ئاق خەسە كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىدىن كىرىپ، مەيدەمدىكى تەرلەرنى قۇرۇتاتتى.

ئويلىغانلىرىم ۋە كۆرگەنلىرىمنى جەملەگە دېگۇم كېلەتتى، لېكىن ئۇ دەمالى يېنىمدا يوق بولاتتى. ئۇ كىرگۈچە بۇ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىم ئاللىقاياقلارغا غايىب بولاتتى. ئۇ كىرگەندە ئېيتقۇدەك يېڭى ھېس - تۇيغۇلار پەيدا بولۇپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپ كەلگەندە زېرىكىشلىك تەنھالىقنىڭ يۇرىكىمنى قامالاپ تۇرغان قوللىرى بىردىنلا يوقىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ تەنھالىقتىن بىزار ئىدى. ئىككىمىز كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىزنى، ئويلىغانلىرىمىزنى كەڭ - كۇشادە دېيىشىپ، بىر - ئىككى سائەت ۋاقتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇ دېگەنلىرىمگە توغرا كەلتۈرۈپ ياپونىيە تۇرمۇشىغا دائىر ئۇچۇردىن بىر -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىككىنى قىستۇرۇپ قويىاتتى. ياخۇ (yahoo) توربىدىن كۆرگەن جۇڭگو خەۋەرلىرى، ئائىلە ۋە مۇھەببەت پاجىئەلىرى، جۇڭگو مائارىپى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئۇنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق ئوي - پىكىرلىرىمنى غىدىقلايتتى. ئۇ ھەرقانداق ئابستراكت سۆزۈمنى چۈشىنەتتى. ئۇ مېنى مېڭىسى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ مەن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە تامامەن دېگۈدەك مۇھەببەت، ھېسسىيات، كەيپىيات ئارىلاشقانىدى. ئۇنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەندىكى ئىنكاسلىرى چىدىغۇسىز تەنھالىقتا تۇنجۇقۇۋاتقان مۇلاھىزىلىرىمنى يورۇق ساھىللارغا قۇتقۇزۇپ چىقاتتى. مەن بۇ دۇنيادا مېنى ھۆرمەتلەيدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن ئەمەس، مېنى چۈشىنىپ سۆيىدىغانلارنىڭ بارلىقىدىن چەكسىز بايلىقتا ئىبرىشىمەن. مۇھەببەت مەنئۆيىتىمنىڭ جەۋھىرى، ھۆرمەت ئۇنىڭ پوستى. مەن مېنى چۈشىنىپ قەدىرلەيدىغان مۇشۇ ئايالىمنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن ئۆز ئىشىمنى راۋاجلاندۇردۇم، ئىناق، خاتىرجەم ئائىلىگە، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمگە، جەمئىيەتتە بولسا ھۆرمەت - ئىززەتكە ئېرىشتىم. ھازىرغا قەدەر ئائىلە تۇپەيلى كەسپىي جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشتىن مەھرۇم قالىدىغان پىشكەللىكلەرنى كۆرمىدىم، بەلكى كۆڭۈللۈك بىر ئائىلىنىڭ بۈيۈك ئارمانلاردا يېنىۋاتقانلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك يار - يۆلەك، مۇشەققەتلەردە تەسەللى بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھالال ئەقىدە ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئائىلە غەم - ئەندىشە، تۈرلۈك ۋەھىمە بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك شىپاخانا، ساغلام ئەقىل ۋە زەخمەتسىز بىلىم ئائىلىنى شەرت قىلغان ھالدا يېتىلىدۇ.

ئەر - ئايال ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلار ئورتاق مەقسەتنى چىقىش قىلغان كونكرېت پائالىيەت ئۈستىدىكى پاراڭ بولۇپ، سۈنئىيلىك ۋە ئەتەيلىكتىن خالىي ئىدى. ھەركەتتىن مۇستەسنا پاراڭلار كۆپ ھالدا قۇرۇق بولىدۇ. ۋاھالەنكى، جەملە ئىككىمىز ئارىسىدا قۇرۇق پاراڭلار ئاز ئىدى، پاراڭلىرىمىزدا پىكىر، ھېسسىيات،

چاقچاق بولاتتى، بەزىدە گەپ ـ سۆزلىرىمىزدە ئەتەي بىمەنىلىك پەيدا قىلىپ، بىمەنە دۇنيادىكى ھاياتىي ئىمموۇنىتېتىنى پەيدا قىلاتتۇق. ئۇنىڭغا شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ بىز ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان 14 يىلدىن بېرى بارلىق ئەسەرلىرىمنىڭ تۇنجى ئوقۇرمەنى، خەنزۇچە ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەرجىمەمگە سەۋرچان نازارەتچى بولۇپ كەلدى.

ئۇ تۇگرە تۈگكەندە مەن جىلتە ئېچىپ بەردىم، ئۇ سەۋزە قەلەملەپ بەرسە، مەن قورۇپ بەردىم. ئۇ: سىزنىڭ قولىڭىز تەگكەن تاماق تەملىك بولىدۇ، دەيتتى. ئەمەلىيەتتە بىر بولسا تۇزلۇق قىلىپ قوياتتىم، بىر بولسا تۇزى كەم قىلىپ قوياتتىم، بەزىدە بىر ئوبدان ئەپلىشىپ قالاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ھىجرەتتىكى بۇنداق ئائىلە تۇرمۇشىدا بىر ئىشتا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تەڭ رول ئېلىشى تۇرمۇشنى تېخىمۇ مەنىدار قىلماي قالمايدۇ .

ياپونىيە ساتىراشخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتى بىزدەك سىرتقى زىياللىيلارغا قىممەت تۇيۇلىدىكەن، ئەڭ ئەرزان بولغاندا ئۈچ مىڭ يىن (تەخمىنەن ئىككى يۈز يۈەن خەلق پۇلى) غا چاچ ياساتقىلى بولىدىكەن. بۇ ئۇرۇمچىدىكى ئاشخانا مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ بىر ئايلىق كىرىمىگە يېقىن دېگەن گەپ. بىز ئاشۇ «ئەڭ ئەرزان» ھەق بويىچە چاچ ياستىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ساتىراش بولدۇق. دەسلەپتە مەن جەمىلەنىڭ چېچىنى ئازراق بۇزۇپ قويدۇم، لېكىن ئانچە چېنىپ كەتمىدى. ئۇمۇ مېنىڭ چېچىمنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن يەرلىرىنى ئازراق تۈزەپ قوياتتى، تاراپ باقسام خېلى تۈزلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ياپونىيەدە بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىباشلىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن، كىيىم ـ كېچەكلەر خالىغان ئەندىزىدە كىيىلىدىكەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار پاكىز يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دىققەت قىلىشقا چولىسىمۇ تەگمەيدىكەن. بىز ئاددىي ـ ساددا ھالىتىمىز بىلەن يۈرۈۋەردۇق،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىيىم - كېچەكلىرىمىز ئاساسەن ئۇرۇمچىدىن ئېلىۋالغان كىيىملەر ئىدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىمىزنى مانا مۇشۇ ھىجرەت ھاياتىدا بەكرەك چۈشەندۇق. ۋەتەندىكى ۋاقتىمىزدا كۆپ ۋاقتىمىز خىزمەت، باردى - كەلدى، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى، ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇشتۇمتۇت كەلگەن مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىمىز دەپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتۇق. ئۇيغۇرلار بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە ئالدىنئالا خەۋەر قىلمايلا بېرىۋېرىدۇ، بۇنى كۆڭۈلنىڭ يېقىنلىقى ياكى بىر خىل خالىسلىق دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۆي ئىگىلىرى ھەر دائىم مېھمان كېلىپ قالىدۇ، دەپ ھەربىي ھالەتتىكىدەك ھوشيار تۇرىدۇ. مېھمانغا بولغان قىزغىنلىق ئادەمگەرچىلىك ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، دەپ ئويلايدىغان بۇ كۆڭۈلپەرۋەر خەلق بىر - بىرىگە ئەقلىي نۇقتىدىن مەسئۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا قىزغىن مۇئامىلىدارلىقنى دەسسەتكەن ھەمدە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشنىڭ باشقا ئەھمىيەتلىك يوللىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. زېھنىمىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىللىرى ئەنە شۇنداق مۇھىتتا خورىدى. خۇدا كېچىنى يارىتىپ تولىمۇ ئۇلۇغ ئىش قىلغانىكەن، تۈن نىسپىگە يېقىن بىر چاغلاردا ئەر - ئايال ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاشاتتۇق، لېكىن بۇنداق چاغدا ھارغىن روھىمىز بىر - بىرىمىزدىن ياشلىق ئىستەكلىرىنىڭ ئوتلىرىدىن كۆرە تەسەللىنى كۆپرەك ئىزدەيتتى. يىللار شۇنداق ئۆتۈۋېرىپ، ئەر - ئايال ئىككىمىز سەيلە - ساياھەت، مۇڭدىشىش، بىرلىكتە كىنو كۆرۈش، باللارنى ئوينىتىپ كېلىش دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن بىر ھالەتكە يەتتۇق. بىز بارا - بارا تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يارالغان ماشىنىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇردۇق. بىز ئەزەلدىن ئاشۇنداق ئۆتۈۋاتقان ئەر - خوتۇنلاردەك، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ئۆتىدىغاندەك ھېس قىلاتتۇق. بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ئەر -

خوتۇنلاردىن ئىككەيلىكىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەتتۇق، خۇددى بىر تەقدىرنىڭ سايىسىدە قىمىرلاپ يۈرگەن قېرىنداشلاردەك بولۇپ قالاتتۇق. بىز توي قىلىپ، باشقىلاردەك «شېرىن ئاي» ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدۇق. شۇ چاغدا يەتتە كىۋادرات مېتىرغا يەتمەيدىغان بىر ئېغىزلىق ياتاقنى ئۆي قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئانام ۋە ئەر - ئايال ئۈچىمىز بىرلىكتە ياشىدۇق. مەكتەپ خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ ئادەملىرى ياتاقنى ئۆي قىلىۋاپسىلەر، دەپ بىزدىن جەرىمانە ئالماقچى بولدى، مەن: «سىلەر بىزگە پۈت تىققۇدەك بىر يەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئاندىن بۇنداق گەپنى دەڭلار، دۇنيادا ھېچقانداق تەشكىلىي ئورگىنى بولمىغان قۇرت - قوڭغۇزلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ ئۇۋىسى بار، مەن بولسام سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ پۇقراسى. ئەگەر سەن شۇنداق دېسەڭ، سېنىڭ ئۆيۈڭگە كۆچىمەن، پۇقرالىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەنمۇ سەن ئولتۇرغان ئۆيدە ئولتۇرۇشقا ھەقلىق» دېگەنىدىم. مەن بۇ گەپنى دېگەندە ئايالىم بىر چەتتە كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان ھالدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ھېلىقى ئادەملەر ھازىرمۇ ھايات، ئۇلار بالىلىرىنىڭ تويىنى قىلسا، بىزگە باغاق يېزىۋاتىدۇ.

ياپونىيەدىكى ھىجرەتتە ئەر - ئايال ئىككىمىز ھەممە ئىشنى بىر قور ئەسلەپ ئۆتۈشكە، ئۇلاردىن يەكۈن چىقىرىشقا ئۈلگۈردۇق. بۇ يەردە بىزگە دەخلى قىلىدىغان تۈگىمەس باردى - كەلدىلەر يوق بولغاچقا، ھەممە ئىشنى قىلىپ ئۈلگۈرىدىغانغا ۋاقتىمىز بار ئىدى. بۇرۇنقى ئېھتىياجدىن تاشقىرى كۆڭۈلكەشلىك بىزنى چارچاتقان بولسا، ئەمدى تۆت ئېغىز پاراڭغا شېرىك بولىدىغان خۇمارلىق دوستلاردىن تامامەن مەھرۇم ئىدۇق. بىز بىر - بىرىمىزگە ئەر - خوتۇنلا ئەمەس، دوست - بۇرادەر، كەسىپداش، پىكىرداش بولۇپ كەتتۇق. بۇ يەردىكى يالغۇزلۇق ۋە ھايات كۈرىشى بىزنى شۇ قەدەر باغلىدىكى، ئۇ لابوراتورىيەدە ئولتۇرۇپ بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلالماي بېشى قاتسا ياكى ئىچى پۇشسا ئېلخەت (E-mail) يېزىپ، مېنى سىرتقا تەكلىپ قىلاتتى، بىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى چىملىقلارنى ئايلىنىپ، سىردىشىپ كېلەتتۇق. مېنىڭ ئىچىم پۇشقاندىمۇ ئۇنى چاقىراتتىم.

ياپونىيە قاينام ـ تاشقىنلىق بىر جەمئىيەت. بىز تۇرۇۋاتقان يەر بىر ئالىي مەكتەپ. بۇ يەردە يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بار. لېكىن بىر جۈپ ئۇيغۇر مۇساپىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىدەك يالغۇز ئىدۇق. ئوخشمايدىغان يېرى، بىز تۇرغان مۇھىت جەننەت ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە خالىغانچە يېسە بولىدىغان مېۋە ـ چېۋىلەر، غىزا ـ شەربەتلەر يوق بولۇپ، بىر قېتىملىق تاماق ئۈچۈن پانىي دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكىگە ئوخشاش مېھنەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ۋاقلىق غىزانى يات بىر ئەلدىن تېپىپ يېيىش ئادەمنى يېتەرلىك چارچىتىدۇ. نوپۇس ۋە پۇل بىز ئۈچۈن چەكلەنگەن مېۋە. بىز ئۇنىڭغا ئىغىز تەگمەيلا جىددىيەت بىلەن تولغان ماكانىمىزغا قايتىمىز.

ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىنىڭ يان تەرىپىدە ــ دەل مەن ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق قويۇلغان يەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ھاۋادانىنىڭ تۇم نەيچىسىنى كىرگۈزىدىغان تۆشۈك بار بولۇپ، تۆشۈكنىڭ ئۆي ئىچى تەرەپتىكى ئېغىزى قاپلاپ قويۇلغان، تالا تەرەپتىكى ئېغىزى ئوچۇق ئىدى. بۇ تۆشۈككە بىرەر قۇشقاچ بىمالال كىرىپ چىقالايتتى. دەرۋەقە مۇشۇ ئەتراپتىكى قۇشقاچلار بۇ تۆشۈكنى ماكان قىلىشقانىدى. ئىنچىكە پاخال چىشلەپ ئاشۇ تۆشۈككە كىرىپ كېتىۋاتقان ئاق قۇشقاچنى بىرقانچە نۆۋەت كۆرۈپ قالدىم. بەزىدە قۇشقاچ چۈجىلىرىنىڭ ئاجىز ۋىچىرلاشلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. مەن بۇنداق تەبىئىي ھايات ۋە تەبىئىي ئاۋازدىن سۆيۈنۈپ يايراپ كېتەتتىم. ئانا قۇشقاچ ئۇۋىسىغا كىرگەن ھامان قۇشقاچ باللىرى سورەن سېلىپ كېتىشەتتى. كەچ كىرىشى بىلەن ئاق قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازلىرى بېسىقىپ قالاتتى. پەقەت ئۇلارنىڭ بوش تىپىرلاشلىرىنىڭ يېنىك ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا تەبىئەتتىكى ئەڭ ساپ، دەخلىسىز ئاۋاز بىلەن ئارىلىقىم ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئورتاق بىر

ماكاندىكى بۇنداق دەرقەمتە ھاياتتىن ئىپتىخارلىنىپ كېتەتتىم. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئاق قۇشقاچلار بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنمۇ - قانداق، تۈشۈكنىڭ ئىچىدە زىيادە سۈرەن سېلىپ كېتىشتى. ئۈشتۈمتۈت تۈشۈكنىڭ ئۆي تەرەپتىكى قاپقىقى «تورۇككىدە» يەرگە چۈشتى، قۇشلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۈۋىدىكى پاخاللارنىڭ ئۇچلىرى تۈشۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئورۇندۇقتا دەسسەپ تۈشۈككە قارىدىم. كۆلەڭگەمنى كۆرگەن ئانا قۇشقاچ ئۈركۈگىنىچە ئۇۋىسىدىن پۇرردە ئۇچۇپ چىقتى، ئۇنىڭ چۈجىسى نالە قىلغىنىچە قېپقالدى. ئۆزىنىڭ بوسۇغىسىغا ياتلار كەلسە خەۋپسىرەيدىغان ئىش ھايۋانلاردىمۇ بولىدىكەن، بەزىدە ئىنسان بالىسىدا ئۇنچىلىك سەزگۈمۇ قالماي قالىدۇ. بۇ كىچىككىنە جانغا ھۆرمىتىم قوزغالدى. مەن ھېسداشلىق ۋە ھۆرمەت ئىچىدە قاپقاقنى قولۇمغا ئېلىپ، تۈشۈكنى ئاۋايلاپ ئەتتىم، قۇشقاچلارنىڭ ئۆيى ئاۋۋالقى ھالىتىگە كەلدى.

بىز كەچرەك ياتاتتۇق. قۇشقاچلارنىڭ كىتىرلاشلىرى گاھى - گاھىدا ئاڭلىنىپ قالاتتى. سەھەر ئۇپۇقى ئالما رەڭگىگە كىرگەندە، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاران تۆت - بەش قۇشقاچنىڭ ئاۋازى ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇلار ناھايىتى چوڭ بىر توپ ئىدى. ئۇلارنىڭ سايراشلىرىدا قانداقتۇر كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان پەرياد زىنھار يوق ئىدى، ئەكسىچە زوق - شوق ۋە تەنتەنە نامايان ئىدى. بىر قېتىم ئۇلارنى چاندۇرماي كۆزىتىپ باقتىم، قۇشقاچلار بالكونغا ۋە بالكون سالاسۇنىغا زىچ قونۇۋېلىشقانىدى. دىۋەيلەپ چىقىپ ئۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزغۇم كەلمىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىن مۇراسىمىغا شۇ قەدەر زوقۇم كەلدىكى، شۇ تاپتا بىر قۇشقاچ بولغۇم كەلدى.

بىركۈنى جەمىلە بىلەن لابوراتورىيەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ياپون قىز ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئايالىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇنىڭ ئىسمى ئابې مابىكو بولۇپ، غۇنچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بوي، ئوماققىنە قىز ئىكەن، بىز تەۋەززۇ بىلەن سالاملاشتۇق. چاي ئىچىشكەچ گەپتىن گەپ چىقىپ قۇشقاچلارنىڭ گېپى بولۇپ قالدى. ئۇ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئاددىي بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى (ھەربىر گەپ ئاخىرلاشقاندا، ئايالىم تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى):

كىچىك ۋاقىتلىرىم ئىدى. بىر قۇشقاچ چۈجىسى ئۇچۇرما بولغانىكەن، ئۇ دېرىزىدىن تاقلاپ ئانچە ئېگىز ئۆرلىيەلمەيلا يەرگە چۈشەتتى. ئانا قۇشقاچ ئالمان ـ تالمان بالىسىنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن كۆچلۈك تەشۋىش بىلىنىپ تۇراتتى، ئەتراپتىكى باشقا قۇشقاچلارمۇ ئەنسىز ۋىچىرلىشاتتى. بەلكىم ئۇلار ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچنىڭ ئاكا ـ ھەدىلىرى، تاغا ـ ھاممىلىرى، ھەقەمسايىلىرى بولسا كېرەك. قۇشقاچ بالىسى قاناتلىرىنى كېلەڭسىز يېيىپ ئۇچۇشقا تەمشىلەتتى، ئانا قۇشقاچ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. بىرھازادىن كېيىن قۇشقاچ چۈجىسى غەلىبىلىك ئۇچۇپ، ھاۋاغا ئۆرلىدى. قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ئانا قۇشقاچنىڭ ئەپتىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى، مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا چاۋاك چېلىۋەتتىم. بەلكىم بۇ قۇشقاچلارنىڭ پراكتىكا مۇراسىمى بولسا كېرەك.

مابىكونىڭ چىرايىدا ئەينى دەۋردىكى بالىلىققا خاس جىلۋە ئەكس ئەتتى. مەن ئۇنىڭ قۇشقاچلارنىڭ كەيپىياتىغا قوشۇلۇپ چېلىۋەتكەن چاۋىكىدىن كۈلۈپ تاشلىدىم.

ــ بالىلاردا بولىدىغان شۇ خىل ھېرىسمەنلىك سىزدە ھازىرمۇ بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن.

ــ بولمايچۇ. ئادەمنىڭ يېشى چوڭايسىمۇ، بالىلىققا خاس ھېرىسمەنلىكنى ساقلاپ قالغىنى ياخشى، بولمىسا ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدۇ، ــ دېدى مابىكو.

ياتاقتىكى يالغۇزلۇق بەزىدە مېنى ھېچ ئىشقا خۇشياقماس قىلىپ قوياتتى، تىت ـ تىتلىق ئوي ـ پىكىرلىرىمنى ھەر تەرەپكە چېچىۋېتەتتى. بۇنداق چاغدا تېلېۋىزورنى ئېچىپ BBC نىڭ

نومۇرلىرىنى كۆرەتتىم. دىكتورلارنىڭ سۆزلىشى ناھايىتى تېز بولغاچقا، ئۆزۈم ياخشى بىلىدىغان ئىنگلىزچە تاق سۆزلەردىن باشقىلىرىنى زادىلا ئىلغا قىلالمايتتىم. ئافغانىستان ئۇرۇش مەيدانىدىكى ۋەيرانە كۆرۈنۈشلەر، ئات - ئۇلاغ، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ۋە پىيادىلەر تەڭ قاپسىلىۋالغان شەھەر كوچىلىرىنى كۆرگىنىمدە، قەشقەر شەھىرىنىڭ گۇزەر ۋە چاسا تەرەپلىرىدىكى كوچىلىرىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئافغانىستاننىڭ يەر شەكلى ۋە شەھەر مەنزىرىلىرى، ھەتتا رەستىلەر ۋە ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بەئەينى قەشقەرنىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن بۇگۈنكى قەشقەر بارغانسېرى ئۆزگىرىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەرگە ئوخشاپ كەتمەكتە. BBC نىڭ مۇخبىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، مىكروفوننى سەللىلىك مويسىپىتلەرگە تەڭلىگەندە، ئۇلار مۇخبىرنىڭ سوئالىغا بىۋاسىتە ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىشەتتى. ئۇلار مەھەللە مەسچىتلىرىنىڭ ئىماملىرىدەك قىلىشاتتى. پاكىز ساقال ئۇلارنىڭ كاداڭ بەستىگە، تەمكىن قىياپىتىگە بۆلەكچە سۆلەت ۋە سۇر بېغىشلىغانىدى. ئۇلار سېرىق چاچلىق، ئەپچىل مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق مەغرۇر ئىدىكى، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا يوشۇرۇنغان سىرلارنى چۈشىنىپ، كۆڭلىگە سىغىپ قويغان ھېكىملەرگە ئوخشايتتى، كۆز ئالدىدىكى پاجىئەلەر ئۇلارغا نىسبەتەن تەبىئىيدەك ئىدى. ئۇلار تاھارەت ئېلىش بىلەن كەلىمە شاھادەتنىلا بىلىدىغان ئاقساقاللارغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ئۇلار باشقا ئەڭ ئېغىر كۈن چۈشكەندىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مىسكىن، پېقىرانە تۇرۇشنى ھار ئالىدىغاندەك قىلىشاتتى. مەن ھەيۋەتلىك ساقال ۋە سەللىنىڭ جەڭ مەيدانىغا يارىشىدىغانلىقىنى تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق ھېس قىلىپ يەتتىم. مۇناسىپ غۇرۇر ۋە ئېتىقاد ئورۇن ئالمىغان ۋۇجۇدنى كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن گالستۇكنىڭمۇ ئاچالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

جۇڭگو تېلېۋىيەلىرىدە ياسىر ئەرافاتنى كۆرۈپ كۆنۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتكەنىكەنمەن، ياپونىيە تېلېۋىزىيەلىرىدە ئۇنى كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. پەلەستىنلىكلەرنىڭ كۆرىشىدە ئەرافاتنى مەركىزىي شەخس دەپ تونۇپ قالغانىكەنمەن، ئەمدى قارىسام ئۇنداق ئەمەستەك تۇراتتى، ئۇ پەقەت پەلەستىنىنىڭ سىياسىي قۇتۇپلىرىدىكى بىر تەرەپتەكلا قىلاتتى. مېنى بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى مىلوشىۋىچ بولدى. ئىستالىنچە مۇستەبىتلىكنى شەكىلىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغىچە سۆرەپ كەلگەن كۆرەك، تەكەببۇر بۇ مۇستەبىتنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلايدىغان خەلقئارا سوتتىكى ئۆزىنى ئاقلاپ، چالۋاقاپ سۆزلەشلىرى مېنى ئويغا سالدى. 20 - ئەسىر دۇنيادا مۇستەبىتلىكنىڭ مۇدھىش جۇدۇنلىرى قاتتىق قوزىرىغان، ئىنسانىيەت ئادالەت تۇيغۇسىنى يوقاتقان بىر زامان بولدى. تارىخنى سىياسىي ئەسەبىيلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان لۈكچەكلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرغان قايسى ئەخلاقتۇ، دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورىدىم. جاھاندا ئادالەتنىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرىدىغانلار ئاز بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئادالەتنى قولىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلارمۇ تېپىلماي قالىدۇ. بۇنداق چاغدىكى ئادالەت جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدىكى ئاۋام تەشۋىشلىنىپ تۇرۇپ سېغىنىدىغان بۇتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەتتا بۇ ئادالەت سېغىنغانسېرى، تەشنا بولغانسېرى يوقاپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدىمۇ زالىملار ئەيسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. مىلوشىۋىچنىڭ سوتتىكى ھالىتى نۇرغۇن دەلىلنىڭ پەقەت بىرى. رومىنىيەدىكى مۇستەبىت چىئوسىسكونىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق. ئادالەت بەزىدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەتۈر ئىسپاتلايدۇ، بۇنداق ئىسپات دەل زالىمنىڭ جاجىسى يەنە بىر زالىم تەرىپىدىن بېرىلگەندە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ يېنىك نەپەس ئالدىم.

BBC نىڭ Talk Hard پىروگراممىسىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرەتتىم. Hard Talk نىڭ بىرىنچە مەنىسى «كەسكىن پاراڭ» دېگەن بولىدۇ. بۇ

پىروگىراممىسى يېرىم سائەتلىك بولۇپ، ياپونىيە ۋاقتى بويىچە چۈشكە توغرا كېلەتتى. پىروگىراممىنىڭ رىياسەتچىسى تىم سېباستىئان (Tim Sebastian) سۆھبەتكە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىرى، باش كاتىپلىرى (زۇڭلى)، پادىشاھلىرى، ۋەزىرلىرى، ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ قاپىقى تۈرۈك، سۈرلۈك ئادەم بولۇپ، سۆھبەتدىشىغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆپ ھالدا سۆھبەت شۇنداق كەسكىن تۈس ئالاتتىكى، ئۇلارنى ئۇرۇشۇۋاتامدۇ — نېمە، دەپ ئويلاپمۇ قالىدۇ كىشى. تىم سېباستىئان ئالتە رومان، ئىككى پارچە نەزەرىيە خاراكتېرلىك ئەسەر ئېلان قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم ئاخبارات ۋە ژۇرنالىستلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىشى ئىكەن. ئامېرىكا CNN تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ داڭلىق رىياسەتچىسى فىلىپ لاركىن (Philip Larkin) مۇ پېشقەدەم كىشى ئىدى. ئۇ ئېكران ئالدىدا ئاسما ئىشتان بىلەن پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭدا يۇمۇرىستىك تۈيغۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ خەلقئارادىكى داڭلىق سىياسىيونلارنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سوئاللىرى سىياسىي مۇنبەرلەردىكى زاتلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. چەت ئەل تېلېۋىزىيەلىرىنىڭ رىياسەتچىلىرى چوقۇم ياش ۋە چىرايلىق بولمىسىمۇ بولىدىكەن، بىلىملىك بولۇش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى ئىكەن. بىزدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىلىرى چىرايلىق، ياش بولۇشنى ئالدىنقى ئۆلچەم قىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ دېمەكچى بولغان گەپلىرى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ھەتتا بەزىدە دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى ئاغزىغا سېلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىلىم ئۆزىنىڭ قەدرىنى تاپمىغان جەمئىيەتتە قىزلارغا نىسبەتەن چىرايلىق بولۇش بىلىملىك بولۇشتىن ئەلا بىلىنىدۇ، چۈنكى قىز - ئاياللاردىكى گۈزەللىك بىيۇروكراتلارنى بىر ئىشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە يارايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال.

بەزى رىياسەتچىلىرىمىز بىر بولسا ئىنتايىن شېتىلە ۋە ئاتىكارچى بولۇپ، گەپ - سۆزلەردە زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

ئۆتتۈۋالىدۇ، بىر بولسا ئاڭقاۋ بولۇپ، زىيارەت ئوبيېكتىدىن ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان سوئالىدىن باشقىنى سوراشنى بىلمەيدۇ. دىكتورلىرىمىزدا مىللىي مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىيىم - كېچەك، قىياپەت ۋە گەپ - سۆزلەر يوقنىڭ ئورنىدا، ئۇلار ھە دېسىلا ئۆزىنى ئۇستىباش جەھەتتە زامانىۋى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. تېلېۋىزىيە خادىملىرىمىزدا ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ تۇرغۇدەك تۇرۇم شارائىتىنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان. لېكىن ئۇلار بىر خەلققە مەنسۇپ بولغان تارىخ، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرى ھەققىدە، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەقەللىي ساۋاتلارغا ئىگە بولمىسا زادى بولمايدۇ.

تېلېۋىزىيەلىرىمىزدىكى سۆھبەتلەر سۈنئىي سىپايىگەرلىك، قەلبتە يىلتىزى بولمىغان كەمتەرلىك بىلەن توشۇپ كېتىپ، ھەقىقىي ئىنسانىي پۇراقتا كەلگەندە نامراتلىشىپ كەتكەن. قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز - ئىبارىلەردە سۆز ئىگىسىدە بولىدىغان خۇسۇسىي ھېس - تۇيغۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. BBC، CNN دىكى رىياسەتچىلەر ۋە دىكتورلار بەئەينى ئاخبارات ئورۇشى مەيدانىدىكى ھازىر جاۋاب جەڭچىلەرگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا نوقۇل بۇيرۇقتا تايىنىپلا قالمايتتى، بەلكى ئۆز مەشغۇلاتىنى نەق مەيداندىكى ئىجادىي قىلىق - ھەرىكەتلەر ۋە گەپ - سۆزلەر بىلەن بېيىتاتتى.

ياپونىيە تېلېۋىزىيەلىرىمۇ رەڭدار ئىكەن. ياتىقىمىزدىكى تېلېۋىزور سىمسىز بولغاچقا، چىقىدىغان قانالالارمۇ ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. ياپونىيە ئاخباراتى ئەركىن ئىكەن، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلىرىنى دائىم پىتىدىن چۈشمەي پارقىراپ تۇرىدىغان، ئىلمىي، ۋەزمىن، سىپايە كىشىلەر دەپ ئويلايتتىم. ياپونىيە پارلامېنتىدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ، بۇ خىل ئويۇمدىن يالتايدىم. پارلامېنت ئەزالىرى بىر - بىرىگە قوللىرىنى شىلتىشىپ خىرىس قىلىشاتتى، بىر - بىرىگە دۈۋەيلىشىپ ھەملە قىلىشاتتى، ھەتتا ئىستاكانلىرىدىكى چايلىرىنى

چېچىشاتتى. مەن بۇنىڭدىن سىياسىي ئىشلارنىڭ كەسكىن، رەھىمسىز بولىدىغانلىقىنى، سىياسىي ئىشلاردا شەرتسىز يول قويۇشلارنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇرۇن مەن سىياسىي ئىشلارنى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تولۇق قول كۆتۈرۈپ، ئاۋاز بېرىشى بىلەنلا ھەل بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىدىن سايلانغان باش ۋەزىر جۇنىچىرو كوئىزۇمى سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ ئاشكارا تەنقىدىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي پىروگراممىسىنى ئايىغى چىققۇچە ئىجرا قىلىۋېرىدىكەن.

ياپونىيە تېلېۋىزىيەلىرىدە جەمئىيەتتىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى نەق مەيداندىنلا خەۋەر قىلىنىدىكەن. ئەگەر بىرەر ئەمەلدارنىڭ ھېساباتىدىن چاتاق چىقسا، تەپتىش خادىملىرى ئۇنىڭ ئىشخانىلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار ئورۇنلارنى دەرھاللا پېچەتلەپ، ئىنچىكە تەكشۈرىدىكەن. ئەگەر بىر ئۆسمۈر ناھىيە ھاكىمىنى ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەلدارنى زىيارەت قىلماقچى بولسا، ئۇلار بۇ ئۆسمۈرنى بىۋاسىتە ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىدىكەن. مەن بىر ئۆسمۈرنىڭ بىر ھاكىمنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى تەكشۈرگىنىنى كۆردۈم. كېچىدە بىرەرى بىراۋنىڭ ئىشىكىنى سەۋەبسىز تاراقلىتىپ قويسا ياكى ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى قايرىۋەتسە، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتسە، بۇ چوڭ دېلو سۈپىتىدە تېلېۋىزوردا خەۋەر قىلىنىدىكەن. بىراۋ قوشنىسىنىڭ مۈشۈكىنى قوغلاپ، ئۇرۇپ قويسا بۇمۇ دېلو سۈپىتىدە خەۋەر قىلىنىدىكەن.

ياپونىيە تېلېۋىزىيەلىرىدە بالىلار پىروگراممىسىنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى مول ئىكەن. ناخشا، ئۇسسۇل، كۈي، ھېكايە ـ چۆچەكلەر بولۇش بىلەن بىللە مودېل ياساش، زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. ماڭا ھەممىدىن بەك ئەرزىگەن يېرى، دۇنيادىكى چوڭ ھادىسە ۋە سىياسىي ۋەقەلەرمۇ بالىلارغا خاس تىل ۋە تەپەككۇر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىلەن خەۋەر قىلىنىدىكەن. چېچىنىلەرنىڭ موسكۋادىكى بىر تىياتىرخانىنى گۆرۆگە ئېلىۋېلىشى، ھۆكۈمەت تەرەپ قويۇپ بەرگەن زەھەرلىك گاز بىلەن چېچىنلەر ۋە يۈزلىگەن تاماشىبىنىنىڭ ئۆلۈش ۋەقەسى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ خەۋەر باللارغا يەتكۈزۈلگەندە، مودېل، خەرتىلەر بىلەن تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدى. ئېكراندا ئوتتۇرا ياشتىكى ئەر، ئايال رىياسەتچى، بىرقانچە بالا مودېللارنى نەق مەيداندا تىزدى. بۇنداق ئاخبارات تەھلىلىنى بىر ئاددىي دېھقانمۇ چۈشىنەتتى. باللار پىروگراممىسى دېسە، كۆز ئالدىمغا چىرايلىق كىيىنىپ خور ئېيتىۋاتقان باللار، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان شوخ قىزلار كېلىدۇ. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، دۇنيادىكى ئىشلار پەرزەنتلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلىنىۋېرىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىن خالىي كۆزىتىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان بولۇپ قېلىشى تەبىئىي.

ياپونىيە ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيەلىرى بىزنىڭ بىر قىسىم ناخشىلىرىمىزنىڭكىگە يېقىن كېلىدىكەن، بولۇپمۇ قازاق قېرىنداشلارنىڭ ناخشىلىرىغا بەكرەك يېقىن ئىكەن. ئارىدا بىر باللار پىروگراممىسىنى كۆرۈۋېتىپ، «سۇغۇرنىڭ ھەسرىتى» دېگەن بىر كۈينى ئاڭلاپ قالدىم، كۈيگە ئايدىڭ كىچىدىكى ئۇيقۇسىز سۇغۇرنىڭ يالغۇزلۇق ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدىغان كارتون كۆرۈنۈشلەر قىستۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى تەسىرلىك ئىدى. بۇ ئاھاڭ قەلبىمدىكى ھىجران يارىسىنى قايتىدىن تاتىلاپ، مېنى سۈكۈتكە غەرق قىلىۋېتەتتى. ياپونىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئاھاڭلىرىدىن پايانسىز دالادىكى سەپەرنىڭ كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن تىنىق تاغ ھاۋاسى پۇرايتتى، زۇمرەت دېڭىزنىڭ يىراقتىكى تىنچ كۆرۈنۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى.

ياپونىيەنىڭ ئارتىسلىرى قابىلىيەت جەھەتتە ناھايىتى ئۇنىۋېرسال ئىكەن. بىر ناخشىچى ياكى كىنو ئارتىسى خەلقئارادىكى چوڭ سىياسىي ۋەقەلەرنى ئالىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيەلەردىكى

پىروفېسسورلار بىللە بىللەن ئولتۇرۇپ ئانالىز قىلىدىكەن، چۈنكى ئۇلارمۇ ئۆز كەسپىدە پىروفېسسورلاردىن ئىدى. مەن تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىن ئارتىسلار قاتناشمىغان سىياسىي مۇھاكىمىلەرنى كۆرمىدىم.باش ۋەزىر كوئىزۇمى چاۋشيەنگە بېرىپ، كىم جوڭئىل بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەندە ياپونىيە مېدىيەلىرىدە مۇنازىرە قايناپ كەتتى. كوئىزۇمىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادە، ئۇنىڭ ھەرىكىتى سالماق بولدىمۇ ـ يوق، ئۇ نېمىلەرنى دېدى، دېگەندەك مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىشلار ناھايىتى قىزغىن ئىدى. كوئىزۇمى ۋە كىم جوڭئىلنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ كۆزىتىشىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق مۇھاكىمىلەردە ئارتىسلار بار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارمۇ تەشەببۇسكار ئورۇندىكى مۇھاكىمىچىلەر ئىدى. ئۇلار ياپونىيەدىكى جەمئىيەت مەسىلىلىرى، ئائىلە ۋە مۇھەببەت مەسىلىلىرى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەندىكى يۈزلىنىشلەر ئۈستىدىمۇ پائال پىكىر قىلىشاتتى.

چاۋشيەن بىر قىسىم ياپون پۇقراسىنى يوشۇرۇن گۆرۈگە ئېلىپ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ۋە باشقا ئورگانلاردا ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكى بار بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەمىشە بۇ ئىشلارنىڭ سۈرۈشتۈرمىسىنى قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە يوقالغانلارنىڭ دېرىكىنى قىلىش ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چاۋشيەن بىلەن ئېلىپ بارغان دىپلوماتىيەسىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ئاخباراتتا تىلغا ئېلىنىۋاتقىنى نەچچە ئون ئادەم ئىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى قەدىر ـ قىممىتى شۇنداق يۇقىرى ئىكەن. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پۈتكۈل ياپون خەلقىمۇ ئاشۇ گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى بىلەن باغلاپ چۈشىنىدىكەن. مىللىي كىملىكتىكى بۇنداق ئاڭلىقلىق ھەرقانداق بايلىقتىن مۇھىم ئىدى.

شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، ياپونىيە ئارتىسلىرى سەنئەتكار بولۇش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىللە، مۇناسىپ رەۋىشتە مۇتەپەككۇر ۋە سىياسىيون ئىكەن. بۇ بىزنىڭ كۆپلىگەن ئارتىسىمىزدىكى يەكگىلىتەكلىك ۋە جان باقتىلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. بىزنىڭ بەزى ئارتىسلىرىمىز ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي ئىقتىدار بىلەن بەلگىلىك يۈز تاپتى ۋە بۇ يۈزنى دەستەك قىلىپ پۇل تاپتى. لېكىن بۇ پۇللارنى ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە، چەت ئەللەردە ئوقۇشقا ھەۋەس قىلىدىغانلىرى يوق ھېسابتا. ئۇلار مەدەنىيەت تەلىپى يۇقىرى بولمىغان ئاممىنىڭ ئالقىشلىرى ۋە چوقۇنۇشلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنى يۈكسەك پەللىگە يەتتىم دەپ ئويلىدى. ئۆزلىرىنىڭ سەنئەتكارلارغا خاس ئوبرازىنى رېستورانلاردا نامايان قىلىش بىلەن ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقتى، ئالىي غايىدىن چەتلىدى، ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقتىدىن ئايرىلدى. مول داستىخان، شارابلىق بەزمە ـ مەشرەپلەر، چوقۇنغۇچى بەرنا قىز ـ يىگىتلەر ئۇلارنى قانائەت تاپتۇرۇپ، ھەتتا مەئىشەت جەھەتتە ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان دەرىجىگە ئېلىپ باردى. ئۇلار تۇزۇك جاھان كۆرمىگەن، كۆزى ئېچىلمىغان ئاۋامنىڭ ئىچىدە چولپان بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جىنچىراغ. ئۇلار سىرتقا چىقىپ ئازراق بوران ـ چاپقۇننى كۆرسىلا ئۆچۈپ قالىدۇ.

بىزدە شۇنچە كۆپ ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە رولچى پەيدا بولدى؛ تالاي ئۈنئالغۇ لىنتىسى، CD، VCD پىلاستىنكىلىرى نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەنئەتكە ئوخشايدىغانلىرىمۇ بار، ئوخشىمايدىغانلىرىمۇ كۆپ. خەلق ئىچىدە ئارتىسلىرىمىزنىڭ كەسپىي ئەخلاقى توغرىسىدىكى غۇلغۇلىمۇ كۆپ. لېكىن، ھېچقانداق بىر ئارتىس مۇزىكىنى، شېئىرنى، دېمەك سەنئەتنى چۈشىنىدىغان مۇتەخەسسىستىن بىرقانچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ باقمىدى. بىزدە سەنئەت كېچىلىكلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلار ھەققىدە ھېچقانداق باھا يوق. سەنئەت سورۇنلىرىدا ئەمەلدارلار بىلەن پۇلدارلار تېپىلىدۇ، سەنئەتكە چىن مەنىسىدىن ھەقىقىي باھا بېرىدىغان مۇتەخەسسىس

يوق ھېسابىدا. ئەمەلدار بىلەن پۇلدار سەنئەت سورۇنىنىڭ بېزىكى، سەنئەتكارلار سورۇننىڭ گېزىكى.

ئەجرا قىلىشلا بولۇپ، باھالاش بولمىغان سەنئەتنى مۇكەممەل سەنئەت دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاڭلىق يېتەكلەيدىغان ئەقلىدىن مۇستەسنادۇر. بىزدىكى سەنئەت مەكتەپلىرىنىڭ ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەربىيەلەپ، بىرمۇ سەنئەت ئوبزورچىسىنى تەربىيەلەپ چىقالماسلىقى سەنئەت مائارىپىمىزدىكى تىراگېدىيەنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

103 - نومۇرلۇق ياتاق مەن ئۈچۈن بىر ئىستىقامەتخانا بولدى. دەرۋەقە، بۇ ياتاقتا ياپونىيە جەمئىيىتىنى تېلېۋىزور، كىتاب، ئىنتېر تورى ئارقىلىق كۆزەتتىم. كۆزەتكەنلىرىم ئىنتايىن چەكلىك، لېكىن كۆزىتىپ ئېرىشكەنلىرىم توغرىسىدا كۆپ مۇھاكىمە قىلدىم. بۇ مۇھاكىمىلەردە كۆرگەنلىرىم تۇيەيلى پەيدا بولغان ئەستىلىكلەر، ۋەتەن خاتىرىلىرى، قايسىدۇر بىر مۇتەپەككۇرنىڭ تەسىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولاتتى. ۋەتىنىمدىكى چاغدا ئېرەنسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەربىر ئاددىي كەچۈرمىش بۇ كىچىككىنە ياتاقتا باشقىچە جۇلالىنىپ ئېسىمگە كېلەتتى ۋە جەمئىيەت، تەقدىر ھەققىدىكى گادىرماچ ئوي - خىياللىرىمنىڭ پىلتىسى بولاتتى.

JAIST نىڭ مۇلازىمەت خادىملىرى ئوت ئاپتى ۋە يەر تەۋرىگەندە يۈز بېرىدىغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك مانېۋىرلارنى پات - پات ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ياتاقنىڭ ئەسلىھەلىرى ئەسلىدىنمۇ ياخشى، بىخەتەرلىك كاپالىتى 100% كە بارمىغاندىمۇ، شۇنىڭغا يېقىن. شۇنداقتىمۇ قالغان نىسبەتتىكى سەلبىي ئېھتىماللىقنى ئويلاپ، گاز، سۇ، توك يوللىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدىكەن. ياتاقلارغا زەھەرلىك گاز چىققاندا، سىگنال بېرىدىغان ئۈسكۈنە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خادىملار ئۇنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن.

ۋەتەندە مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۆيلىرىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توك، سۇ ئەسلىھەلىرى ياپونىيەنىڭكىدەك ئىلغار ھەم پۇختا ئەمەس. لېكىن ئارقا سەپ بۆلۈمىدىكىلەر ھەممىدىن بەك خاتىرجەم. پارنىڭ رادىياتورى يېرىلىپ كېتىپ ئۆيگە سۇ چىقىپ كېتىدىغان، جۈمەك بۇزۇلۇپ كېتىپ، سۇ ئىسراپ بولىدىغان، ھاجەتخانىنىڭ ئەۋرەز يولى ئېتىلىپ قالىدىغان ئىشلار سەۋەبىدىن مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرگە تېلېفون بەرگەندە، ئالاقىدار خادىملار يوق بولۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىز چىقىپ ئۇ ئادەملەرنى ئىزدەيمىز. ئۇ ئادەملەرنى مىلك تەستە تاپقاندا، ئۇلارپۇل تۆلەش رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگۈچە مۇلازىمەتكە ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭغىچە پار تېشىۋېرىدۇ، سۇلار ئېقىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا قارىسىڭىز، تامغا «تامچە سۇنىمۇ زايە قىلماي تېجەيلى» دېگەن تەشۋىقات قەغىزى چاپلانغان.

مەن بۇنداق ئەھۋاللارغا تالاي قېتىم دۇچ كەلگەن. ئەگەر بىراۋنىڭ ئالدىدىن بىر چاشقان ئۆتسە، ئۇ بۇ چاشقانغا قارىشى مۇمكىن. لېكىن بىر ئوقۇتقۇچى ئۆيۈمگە سۇ چىقىپ كەتتى، دەپ مۇلازىمەت بۆلۈمىگە كىرسە، بۆلۈمدىكى خادىملار ئۇنىڭغا ئەنە شۇ چاشقانغا قارىغانچىلىك قارىمايدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. بەزىدە قوماندانىسىز جەڭ مەيدانىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىسىز مەكتەپ بولغان ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئوقۇتقۇچى ئىككىنچى، ئۈچىنچى سەپتە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغان ئەھۋالدا، بۇنداق مەكتەپنى نېمىدەپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟! ئۆيۈمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ يۇندىسى ئېقىپ، يېڭى ئاقلانغان تاملىرىم ۋە تورۇسلىرىمنى بۇلغىدى، بۇ ھال خىزمەت تارىخىمدىكى بىر ئىزچىللىق. نېمە ئۈچۈندۇر مەن مۇلازىمەت بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ بىرەر قېتىممۇ ئەستايىدىل مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ باقمىدىم. كۆپ ھالدا جەمئىيەتتىكى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىن ئادەم چاقىرتتىم، ئۇلار مەكتەپتىكىلەر قىلالمايمىز، دېگەن ئىشلارنى قىلالايدۇ.

بىر دۆلەتنى جىگەر دېسەك، ئىشخانا ساقلايدىغان تەييارتاپ

بىيۇروكراتلار ئەنە شۇ جىگەرگە چۇشكەن قۇرت. ھازىر بۇنداق قۇرتلار كۆپىيىپ كەتتى.

103 - نومۇرلۇق ياتاق تۇرلۇك ئوي - پىكىر، ئەسلىمە ۋە ئىجتىمائىي تەسىرات تۇتىشىپ كەتكەن مېگە ئىدى. ئۇنىڭدا مۇلاھىزە ۋە تەنقىد قايناپ تۇراتتى.

ياتىقىمدىكى تېلېۋىزوردىن ئىنگلىزچە، ياپونچە سۆزلەرلا ئاڭلىنىدۇ، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەرمۇ ماڭا يات بولغان ئىقلىم ۋە تارىختىن ئېلىنغان. يات تۇرمۇش، يات مەنزىرە، يات چىراي... ياتىقىمنىڭ سىرتىغا چىققىنىمدا يەنىلا شۇ يات مەنزىرە، يات ئادەم... مۇشۇنداق ۋاقىتتا تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرسىراپ قالىدىكەن كىشى. بىر تال موخوركىنى دوستلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ شورىغان چاغلىرىممۇ بولغان. بەگگى بولمىسامۇ دوستلارنىڭ خۇمارىغا گاھى - گاھىدا شېرىكلىشىپمۇ قوياتتىم. موخوركا تۇتۇنى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن تەقدىر پاراڭلىرى بىزنىڭ روھىي ۋەتىنىمىز ئىدى، بىز ئاشۇ تۇتۇن ئارقىلىق رېئاللىقتىكى ۋەسۋەسىدىن پەيدا بولغان جاراھەتلىرىمىزنى كۆرمەسكە سالاتتۇق. بەزىدە ماڭا موخوركا چەككەن دېھقان ناھايىتى ئەركىن ۋە بىمالال كۆرۈنەتتى، تاماكا چەكمىسەممۇ، ئۇنىڭ پۇۋلىگەن ئىسلىرىدىن ھۇزۇر ئالاتتىم. بىر دېھقان موخوركا ئورىغان چاغلىرىدىكى ھەرىكىتى ۋە موخوركا ئىسىنى قېنىپ شورىغان چاغدىكى قىياپىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەردانىلىك ۋە ئەركەكلىكىنى نامايان قىلاتتى. دېھقان دېسە كۆز ئالدىمغا شوخ ناخشىلارنى ئېيتىپ، قىر ئارىلاپ يۈرگەن سۇچىلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇلار ساپ ھاۋالىق، مەيىن شاماللىق يېشىل دالانىڭ قەھرىمانى.

ئەمدىلىكتە ۋەتەندىن مەھرۇم ھالدا ۋەتەن ھەققىدە ئوي ئويلايدىغان يېگانىمەن. ئايالىمنىڭ ئاغزىدىن ئۇيغۇرچە گەپ ئاڭلىغاندا، ئۇ ماڭا خوتۇن ئەمەس، ۋەتەندەك بىلىنەتتى، ھەر زامان ئۇنىڭ قەھرىمانى بولۇش تەشنالىقىم بار. مەن ئايالىمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۇنىڭ ئايالىقىدىن بەكرەك مەن بىلەن تىلداش،

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىنداش، دىلداش، قېرىنداش بولغانلىقىدىن بايقاۋاتقاندەك قىلاتتىم. بەلكىم بۇ ئايالىمنىڭ ۋەتەندە تۇرۇپ بايقالمىغان بىر قاتلىمى بولسا كېرەك.

ئايالىم لابوراتورىيەگە چىقىپ كەتكەندە ئىچىم تىنىپ قالاتتى ـ دە، كومپيۇتېرنى ئېچىپ ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىدىكى مۇنازىرىلەرنى كۆرەتتىم، ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئاڭلايتتىم. بىر كۈنى ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ «كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن» دېگەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ناخشا ۋەتەندىكى چاغلىرىمدا ماڭا ئۇنچىلىك تەسىر قىلماپتىكەن. لېكىن بۇ قېتىم يىغلاپ تاشلىدىم. بۇ ناخشىدا قەلبىمىدىكى ۋەتەن، مۇزىكىدىكى ۋەتەن، مىسرالاردىكى ۋەتەن، ئابدۇللانىڭ تەلەپپۇزىدىكى ۋەتەن، رېئاللىقتىكى ۋەتەن ئارىلىشىپ، ۋەتەن ھەققىدە مول مەزمۇنلار تۇغۇلماقتا ئىدى.

بىرى ماڭا بەرسىمۇ «جەننەت»،
كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن.

ھېچكىم جەننەتنى ئەجىرسىز بىرىشكە ۋەدە بەرگەن ئەمەس. شۇڭا جەننەت بىراۋنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كەلمەيدۇ، قىلغان ساپ ئەمەللىرى بىلەن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەگرىمۇ ۋەتىنىدىن كەچكەنلەرگە جەننەت بېرىمەن دېگەن ئەمەس. ئەكسىچە، ۋەتىنىدىن كەچكەنلەردىن قاتتىق ھېساب ئېلىنىدۇ. ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈشىنى، غېمىنى يېيىشىنى ئۇنۇتۇپ كەتكەنلەرلا تەركىي ۋەتەن بولۇپ قالماي، ۋەتەنىنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىغانلارمۇ تەركىي ۋەتەندۇر.

رۇسىيە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى ژىرىنوۋىسكىي «رۇسىيەنىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابىنىڭ تۇنجى بابىنى ئاتاقلىق شائىر سېرگىي يېسىنىننىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن باشلايدۇ:

«پەلەكتىن بىر ئاۋاز كېلىپ ماڭا: ‹رۇسىيەنى تاشلاپ، جەننەتتە

ياشا، دېسە، مەن:«ماڭا جەننەت كېرەك ئەمەس، ماڭا پەقەت ۋەتىنىمنىلا بەر، دەپ جاۋاب بېرىمەن.»

ژىرىنوۋسكىي پارچىلىنىپ كەتكەن ئىمپېرىيەنىڭ چوشىنى قايتا چوشەيدۇ. ئۇ يېسىنىنىنىڭ سۆزىنى بەربات بولغان ئىمپېرىيەنىڭ ھەسرىتىدە تىلغا ئالىدۇ. يېسىنىنىنىڭ سۆزى مىللەتچىل روھ بىلەن سۇغىرىلغان، ژىرىنوۋسكىي بۇ روھنى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى يېڭى پانسلاۋىيانىزمنىڭ بىر تۇتقۇرۇقى قىلغان.

ۋەتەن كونا ئىبلىس تەسكە چۈشكەنلەر ئۈچۈن بىر ۋاقىتلىق تاماق ياكى تىرىكچىلىكنىڭ پاناھگاھىدۇر. ئۇنىڭدىن ھالقىغانلار ئۈچۈن ئەجداد ۋە ئەۋلادنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇقەددەس ھالقىدۇر. ۋەتەن ياتلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس نەپسىنى قاندۇرىدىغان بايلىق ماكانىدۇر. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن بەختىنى كۆزلەيدىغانلارنىڭ ۋەتىنى ھەقىقەتنىڭ سايىسىدە بولىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال ئەنە شۇ ھەقىقەتنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىزدەپ تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ ھەقىقەتنى تىكلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ سايىسىنى ئورتاق نىمەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ھەقىقەتمۇ بەربىر كونكرېت بىر دەۋرنى ۋە ۋەتەننى شەرت قىلىدۇ. ئۆز قوۋمىدىن ياكى ۋەتىنىدىن كېچىپ تاپقان ئۇلۇغلۇقلارنىڭ ھەممىسى پۇچەكتۇر. سېنىڭ دىيانىتىڭ ئالدىڭدا تۇرغان يېتىمنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈشۈڭدىن باشلىنىدۇ. تارىختىن بىرى قەھرىمانلار ئۇلۇغلىنىپ كەلدى. لېكىن ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىغان قەھرىمان بولغان ئەمەس. كونكرېت بىر ۋەتەن ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ قەھرىماننىڭ كىملىكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئارقا كۆرۈنۈشلەردۇر.

دۇنيادا قەھرىماننى باشقىلاردىن ئىمپورت قىلىدىغان مەنتىقە يوق، قەھرىمان چوقۇم خەلقنىڭ ئۆزىدىن چىقىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قەھرىماننى ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىدىغان مەنتىقىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى قەھرىمان خەلق روھىنىڭ يۈكسەك سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ، خەلقنىڭ روھىدىن مۇستەسنا ھالدا سامانىنىڭ ئۇچقۇنچىلىكمۇ چاقنىيالمايدۇ. شۇڭا خەلقىمىز «ئەلدىن ئايرىلغان ئەر ئەمەس» دېگەندى. ئەل دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا رۇس يازغۇچىسى سولوۋخىن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «ئەل دېگىنىمىز، تالاي ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا خەلق ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەرسىلەر يەنە تارىخ ۋە ئەخلاقىي غايىنىڭ مۇرەككەپ ھاسىلاتى سۈپىتىدە خەلقنى يارىتىدۇ، خەلقنى ئۇيۇشتۇرىدۇ». دېمەك، قەيەردە خەلقنىڭ ۋە خەلقنىڭ ياراتقان تارىخ ھەم مەدەنىيەت بولسا، شۇ يەر سېنىڭ ۋەتىنىڭ، سېنىڭ كېلەچەكنى يارىتىدىغان بۇرچۇڭمۇ ئەنە شۇ يەردە.

مەندە ئانا ۋەتەن بەرگەن مەنىۋى كىملىك بار. شۇڭا ۋەتىنىمنىڭ سىرتىدا تۇرغىنىمدىمۇ مۇقام ئاڭلاپ تۇردۇم، ئۆزۈم ئېلىپ چىققان VCD پىلاستىنكىلىرى (سىنتەخسە)نى كۆرۈپ تۇردۇم، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى تور ئارقىلىق ئوقۇپ تۇردۇم، ۋەتەندىكى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ۋەتەنداشلىرىم بىلەن تور ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ تۇردۇم. قارىماققا نۇرغۇن ۋەتەنداش ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ ياكى سودا قىلىدۇ. لېكىن ئوخشىمىغان ئىقلىم ۋە مەدەنىيەت قويىنىدىكى ۋەتەنداشلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، يېزىقى، ناخشا ـ كۈيلىرى، ئۇسسۇلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئورتاق تارىخىي قىسمىتى، ئېتىقاد بىرلىكى ئارقىلىق كەڭ يەر شارى مىقياسىدا بىردەكلىك ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. روشەنكى، ۋەتەن ھەرگىزمۇ جۇغراپىيەلىك مەنىدىكى زېمىن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە مىللىي روھ.

بەزىلەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرى ئامېرىكىغا ئايلىنىپ كەتتى، دېيىشىدۇ. بۇ ئىنتېرنېتورى دەۋرىدىكى ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىغا كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن

غەرب مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا چوڭ بولۇپ، كېيىن بۇ چەمبەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان خەلق ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يېڭىچە بىر قىزغىنلىق بىلەن كۆتۈرۈپ چىقماقتا. مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئامېرىكىدىكى «مېكسىكىلىق كۆچمەنلەر تېلېۋىزوردىن مېكسىكىنىڭ كۆپ قىسىملىق تىياتىرلىرىنى كۆرەلەيدۇ. كىچىلىك ئايروپىلاننىڭ ئەرزان بېلىتىنى ئېلىپ، دېگەن ۋاقتىدا مېكسىكىغا تۇغقان يوقلىغىلى بارالايدۇ. كورېيەلىك كۆچمەنلەرلوس ئانژېلىستا تۇرۇپ سېئۇل (كورېيەنىڭ پايتەختى) دىكىلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا كورېيە يېزىقىدىكى گېزىتنى كۆرەلەيدۇ، ھەر كۈنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كورېيەگە قايتالايدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىشنى خالىغان چاغدا قىلالايدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش مەدەنىيەت، پىسخىكا جەھەتتە پايدىلىق، ساغلام بولۇپ، ئادەم ئۆيىدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ ئۆتمۈش بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغاندەك ھېس قىلمايدۇ»*.

سەن كۆتۈرۈۋالغان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى خەلقىڭنىڭ ئەلمىساقتىن بېرىقى ھاياتىنىڭ نىشانى، ئۇ سېنىڭ ۋەتىنىڭ ۋە كېلەچەك ئۇچۇن يول خېتىڭ. سەن ئۇ ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى ئۇلاپ، تەپەككۇرۇڭنى تېخىمۇ كەڭ بوشلۇقلارغا ئىگە قىلىسەن، نى - نى يات ئىقلىملارغا سەپەر قىلىپ، ئۆزۈڭمۇ ئويلاپ يېتەلمىگەن جاۋاھىراتلارنى قولغا كەلتۈرىسەن. غۇرۇرسىزلىقنىڭ مەينەت ھاۋاسى يۈرىكىڭنى سىققاندا ياكى مەنىلەر ئىزدەپ چوڭقۇر دېڭىزغا چۆككىنىڭدە، ئانا تىلىڭ سېنىڭ ئۆشنەڭدىكى ئوكسىگېن خالتىسىغا ئوخشاش سېنى ئۇخۇشسىزلىقتىن قۇتقۇزىدۇ. مەدەنىيەتلەر ئارا ئالاقە كۆچىيىۋاتقان بۇ ئۇچۇر دەۋرىدە سەن ئۆز مەدەنىيىتىڭنى

*رىچارد كاپوسىنىسكىينىڭ سۆزى، «يېڭى ئەسىر» دېگەن كىتابىنىڭ 216 - بېتىگە قاراڭ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 - يىلى ئاپرېل نەشرى.

دەسمايە قىلىپ رىقابەت سەھنىسىگە چۈشەلەيسەن.

سەن قەيەرگە بېرىشىڭدىن قەتئىينەزەر ئۆز مەدەنىيىتىڭدىن ئۈچۈر بېرىدىغان روھ ۋە قىياپەتكە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك. بىز ياپونىيەگە ماڭىدىغان چېغىمىزدا بىر يۈرۈش دوپپا ۋە قەلەمتىراچ ئېلىۋالغانىدۇق، بۇلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىز ئىدى. بىز ئۇلارنى ياپون دوستلارغا ۋە ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن دوستلارغا تەقدىم قىلىپ، تاشلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان پارلاق بىر مەدەنىيەتنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى كۆرسەتمەكچى ئىدۇق. ياپونىيەگە بېرىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۈمىدىمىز كۆپۈككە ئايلاندى: دوپپىنىڭ يېلىمى تېشىغا ئۆرلەپ چىقتى، قەلەمتىراچ داتلىشىپ كەتتى. «ساددىغاڭ كېتەي مىللىي ھۈنەرۋەنلەر، سىلەردىكى كەسپىي ئەخلاق نەگە كەتتى؟!» دېدىم ئىچىمدە. بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئاشۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ رىزقىنى ئاشۇرسا ئاشۇراتتىكى، ھەرگىزمۇ كېمەيتىۋەتمەيتتى. «نىيەت هارام بولسا بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەن گەپلەر ئەنە شۇنداق تەرەپلەردىن كېلىپ چىققان.

بىز «دوپپام باشىمدا» دېگەن VCD پىلاستىنكىسىنى روتاريي (Rotary) كۇلۇبىدىكى بىر ئەپەندىگە تەقدىم قىلغانىدۇق، ئۇ: «پىلاستىنكىدىكى ئادەملەرنىڭ تەق ـ تۇرقى، ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىدىكى روھىي ھالەتلەر بىزنىڭ 1940 ـ يىللاردىكى ھالىتىمىزگە ئوخشاپ كېتىدىكەن» دېدى. بايرام ۋە مەشرەپلەردىكى، سەنئەت كېچىلىكلىرىمىزدىكى تاماشىبىنلار ھەرقانچە پۈزۈر كىيىنىۋالسىمۇ، لېكىن تازا ئىسىل سۈپەت كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى دېگەندەك تولمىغان بولغاچقا، كۆزلىرىدىن چىققان نۇردا بىر بولسا كۆرەڭلىك، بىر بولسا زىيادە كەمتەرلىك، بىر بولسا ھاماقەتلىك ئەكس ئېتىپ قالىدۇ. ئىسىل سۈپەت بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسىل روھ ئىگىسى بولۇشتۇر.

تۈرلۈك مەدەنىيەت گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان دۇنيادا سەن ئۆزۈڭنىڭ مىللىي روھ ۋە ھەزارىي كىملىكىڭنى پۇختا قۇرۇپ چىقمىساڭ، بىر ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش شەرتىڭنىمۇ ھازىرلىيالمىغان بولىسەن. ئۇنداق ئەھۋالدا سەندە ئىناۋەت بولمايدۇ. مەيلى سەن كادىر بول، تېخنىك بول، دوختۇر ياكى ئىنژېنېر بول، تەنھەرىكەتچى ياكى ھەربىي بول، نەشرىياتچى ياكى ئوقۇتقۇچى بول، تارىخچى ياكى سودىگەر بول، سەنئەتچى ياكى ھۈنەرۋەن بول، ئورخۇن تاش ئابىدىلىرىنى بىلمىسەڭ، «ئوغۇزنامە» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئوقۇمىساڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر نەۋايىنى چۈشەنمىسەڭ، نوزۇگۇمدىكى ھايا ۋە ئىپپەتكە قايىل بولمىساڭ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېگىگە يەتمىسەڭ، يۇرتۇڭدىكى تاغ - دەريالار ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىمىساڭ، سادىرنىڭ ناخشىلىرىغا ئەگىشىپ توۋلىمىساڭ، تارىم ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىغا بېرىپ باقمىساڭ، ھېيتگاھنى كۆرمىگەن بولساڭ، تاپىنىڭ تەكلىماكان قۇملىرىدا كۆيۈپ باقمىسا، ئون ئىككى مۇقامنى ئاڭلاپ مۇڭلانمىساڭ، مىڭئۆيلەرنى كۆرۈپ ئويلانمىساڭ، خەلق ناخشىلىرىدىن باغرىڭ ئېرىمىسە، مەشرەپكە قاتنىشىپ ئىچىڭ پۇشسا، دوغاپقا نان تۆگۈرۈپ يەپ باقمىساڭ، ئاتا - ئاناڭ، خوتۇنۇڭ ۋە باللىرىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى قەرزدار ھېس قىلمىساڭ، ئىشقىلىپ، خەلقىڭنىڭ ھاياتىدىكى تۇيغۇ - تەجرىبىلەرنى بېشىڭدىن كەچۈرمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن گۇمان قىلساڭ بولىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا ھەربىر بوسۇغىدا «سەن كىم؟» دەپ سورىماقتا بىزدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاتسۇنوكوچى: يوسۇنلار ۋە پوسۇنلار

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپ ئېگىز بىر دۆڭگە جايلاشقانىدى، بۇ دۆڭنى تاغ دېيىشكىمۇ بولاتتى. قارىغاندا بۇ مەكتەپ قارىغاي بىلەن قاپلانغان بۇ تاغلىق كەنتنىڭ دەرەخ ئۆسمىگەن، تاقىر بىر يوتىسىغا پىلانلانغان بولسا كېرەك. چۈنكى ياپونىيەدە بىنالار ئۇنۇمسىز يەرلەرگە پىلانلاپ سېلىنىدىكەن. قەدىمىي مەھەللىلەر، ئۆيلەر، قەبرىستانلار، ئىبادەتخانىلار ئەجدادلارنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ساقلىنىدىكەن، بىزگە ئوخشاش ئۆرۈپ - چېقىپ تۈزلىۋەتمەيدىكەن. ئوقۇتۇش بىناسى، تەجرىبىخانىلار ۋە ياتاق بىنالىرى بىر - بىرى بىلەن كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان كارىدورلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغانىدى. تاغ جىرالىرى كۆتۈرمە كارىدورنىڭ ئاستىدا شۇ پېتى سوزۇلۇپ ياتاتتى، كۈل رەڭ چاقچۇق يېپىشتۇرۇلغان ئېگىز بىنا ياپيېشىل قارىغايلىق تاغ ئارىسىدا چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. زامانىۋىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان مەكتەپ بىناسى ئەتراپىدىكى تەبىئەت بىلەن مۇمكىنقەدەر ئەپ ئۆتۈشكە تىرىشقانىدى. بىنالارنىڭ چۆرىسىگە سۈنئىي ئەھيا قىلىنغان دەرەخلەر بورانلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ھالدا ياغاچ بىلەن قاشالىنىپ، پۇختىلانغانىدى. بۇ دەرەخلەر ناھايىتى تەستە ئايىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ياۋا كوكاتلار بىنا ئەتراپىدىكى يوتىلاردا، كۆتۈرمە كارىدور ئاستىدىكى جىرالاردا ئېگىز ئۆسۈپ كېتەتتى، ۋاقتى كەلگەندە چۆپ ئورۇش ماشىنىسى بىلەن قىرقىلاتتى. ھەممە ياق قارىغاي ۋە يېشىل كوكاتلار بىلەن قاپلانغان بولغاچقىمۇ، بۇرنىڭىزغا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەمخۇش ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

103 ـ نومۇرلۇق ياتىقىمىز بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى. بالكونغا چىقىپ سىرتقا قارىسىڭىز يىراقتىكى شاللىق، شاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قارىغايلىق تاغ مانا مەن دەپ كۆرۈنىدۇ. تولا كىتاب كۆرۈپ كۆزۈم تالغاندا بالكونغا چىقىپ يىراقتىكى ئاشۇ قارىغايلىق تاغقا قارايمەن. قارىغايلارغا قارىغىنىمچە نەزىرىمنى ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە، ئورماننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نامەلۇم جايلارغا سىڭدۈرۈۋېتىمەن. يەنە هايال ئۆتمەي ئۆزۈمگە قايتىپ كېلىمەن ـ دە، بالكوندا ئىككەنلىكىمنى بىلىمەن. قاياقتىندۇر كەلگەن شامال تېنىمگە ئۇرۇلغاندا بىرئاز ئازادىلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن، بالكوننىڭ ئاستى تەرىپىدىكى گۈللەر ۋە ياۋا گىياھلار لەرزان شامالدا مەيىن ئىرغاڭلىغاندا، تەبىئەت بەخش ئەتكەن بۇ خالىس مەنزىرىدىن تەسەللى تېپىپ قالىمەن.

دېڭىزنىڭ بويى بولغاچقىمىكىن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى دىمىق ئىدى. دىگەر ۋاقتىغا يېقىن قالغاندا ئىسپورت ئايىغىمنى كىيىپ يۈگۈرگىلى چىقىمەن. بۇ يەردە ئىشلىرىمغا دەخلى قىلىدىغان باشقا بىرى بولمىغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇشۇم رەتلىك ۋە پىلانلىق ئىدى، ھەممە ئىشىم پىلان بويىچە يۈرۈشۈۋېرەتتى. مەكتەپنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوكۇچى (大口) دېيىلىدىغان بىر مەھەللە بولۇپ، مەھەللىنىڭ بېشىدا 200 مو ئەتراپىدا (بەلكىم، 200 موغا بارماس) شاللىق بار ئىدى. شاللىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن يىراقتىن سوزۇلۇپ كەلگەن بىر تاش ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتەتتى، ئۆستەڭنىڭ سۈيى ناھايىتى سۈزۈك ئىدى. شاللىقتىن سىزىپ چىققان سۇلار بىر ـ ئىككى مېتىر تۆۋەندە ئۆستەڭگە چىقىرىپ قويۇلغان سولياۋ نەيچىلەر ئارقىلىق ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ تۇرىدىكەن. ئۆستەڭنى بويلاپ كەتكەن تار ئاسفالت يولدا ئىككى پىكاپ بىمالال ياندىشىپ ئۆتەلەيتتى. بۇ يەرنىڭ ئېتىزلىرىنىڭ بويىدىكى تار يوللارنىڭ ھەممىسى ئاسفالت ئىدى. دېھقانلار ئېتىز بويىغا ماشىنىلىرى بىلەن كېلىشەتتى. مەن چېنىقىش ئۈچۈن شاللىقنىڭ چۆرىسىدىكى ئاسفالت يولدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇگۇرەيتتىم. ماڭا ئوخشاش يۇگۇرىدىغانلاردىن ئاندا ـ مۇندا ئۇچراپ قالاتتى. كېيىندىن ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم (ئۇلار پاراڭلاشقاچ يانداش يۇگۇرەيتتى).

شاللىقنى بويلاپ يۈگۈرۈۋېتىپ، ياپون دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتىم. ئۇلار بىلەن روبىرو ئۇچرىشىپ قالغاندا، ماڭا سالام بېرىشەتتى، مەنمۇ «كونىچىۋا» دەپ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بۇ «تىنچلىقمۇ» دېگەن مەنىدە ئىدى. شاللىقنى بويلاپ بىر ـ ئىككى ئايلانغۇچە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كېتەتتىم. مەن مۇشۇنداق تەرلەشنى ياخشى كۆرىمەن. تەر بەدىنىمدىن قۇيۇلۇپ ئاقسا، تەر تامچىلىرى مەيدەمنى بويلاپ سىرغىپ غىدىقلىسا ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن، بەدىنىمدىن كەلگەن ئاچچىق تەر ھىدىنى ھەۋەسلىنىپ پۇراپ كېتىمەن. نەزىرىمدە ئەر كىشى ھەرىكەت ئارقىلىق تەرلىنىپ تۇرۇشى، ئاجىزلىقتىن تەرلەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى.

مەن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرىمنى كېرىپ، بەللىرىمنى قايرىپ، پۇتلىرىمنى بوشلۇققا ئېتىپ تەن ھەرىكىتى قىلىمەن. ئۈستەڭدىكى سۇنىڭ شىر ـ شىر ئاۋازى، قارىغايزاردىن چىقىۋاتقان يېنىك شاۋ ـ شۇۋ ئاۋازلار ئۆزۈمنىڭ تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە سالاتتى. چېنىقىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئالىي تېخنىكا مەركىزى (High Technology Center) نىڭ كەينىدىكى چىملىققا بېرىپ خىيال سۈرىمەن. ئالىي تېخنىكا مەركىزىنىڭ بىر تەرىپىدە يەنە بىر چىملىق مەيدان بولۇپ، ھەر كۈنى مۇشۇ چاغدا ۋېيىتناملىق ئوقۇغۇچىلار پۇتبول ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ شادىيانە چۇقان ـ سۈرەنلىرى خىياللىرىمنى بۆلۈپ تاشلاپ، بۇ يەردە مېنى يېگى بىر خىياللارغا گىرىپتار قىلاتتى. بۇ مەكتەپتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ۋېيىتناملىق ئوقۇغۇچىلار باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا كۆپ ئىدى. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار

بىكار چاغلاردا زاۋۇتلاردا، ماگىزىنلاردا ياكى بولكىخانىلاردا ئىشلەپ، تۇرمۇشىنىڭ كەم ـ كوتا يەرلىرىنى تولۇقلاشقا تىرىشاتتى ياكى ئامال قىلىپ ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە دېگەندەك «جەننەت»لەرگە كېتىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولۇشاتتى. «ئىمكانىيەت بولسىلا چەت ئەللەردە تۇرۇپ قېلىش، ئىمكانىيەت بولمىسا دۆلىتىگە قايتىش» گويا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق قىبلىنەماسى ئىدى. شۇڭا، توپلىشىپ ئويناۋاتقان جۇڭگولۇقلارنى كۆرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئوقۇش ۋە تىرىكچىلىك ئارىسىدىكى نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇزۇن مۇساپىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ مۇشەققەت چېكەتتى.

ۋيېتنامىلىقلار دائىم توپلىشىپ يۈرگەچكە، ئۇلار ماڭا ناھايىتى ئۆم كۆرۈنەتتى. ئۇلار پاكار ۋە دىقماق كېلىشەتتى، ئىككىسى بىر يەرگە كەلسىلا ئانا تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلار چىملىق مەيداندا توپ تېپىشكەنلىرىدە ئۆز ئانا تىلىدا چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، بۇ يات ئەلنىڭ ئاسمىنىنى بېشىغا كىيىشەتتى.

لېكىن مېنىڭ ئانا تىلىمدا گەپلىشىدىغان ئايالىمدىن باشقا ئىرقدىشىم يوق ئىدى. ھازىر مەن ئانا تىلىمدا خىيال سۈرۈشكىلا ھەقلىق ئىدىم. مەن تۇرغان چىملىق ئەمەلىيەتتە بىر دۆڭ ئىدى. چىملىق دۆڭگە ۋە چوڭ يولغا يامىشىپ كەتكەن كىچىك ئاسفالت سەيلە يوللىرى بىلەن بۆلۈپ تاشلانغانىدى، يىلانباغرى يوللار گاھ گىرەلىشىپ، گاھ ئايرىلاتتى، بەزى يەرلەردە يارما تاشلاردىن پەلەمپەي ياسالغانىدى. ھەربىر پەسىلدە ئۆز ھۆسنىنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرسىتىدىغان دەرەخلەر، يول قاسنىقىدىكى تۈرلۈك گۈل چىملىقنى دىلرەبا كۆرسىتەتتى. پەلەمپەيدىكى يارما تاشلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان كوكاتلارنىڭ بەزىلىرى چېچەك ئېچىپ، ئۆزگىچە خاس ھىد چاچاتتى. چىملىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا ئەتەي قويۇپ قويۇلغان يوغان خادا تاشلار ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، چىملىقنىڭ تەبىئىيلىكىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى. ياپونلارنىڭ باغچە مەدەنىيىتى ئالاھىدە نەپىس ئىدى. گەرچە بۇ چىملىقنى تۇجۇپىلەپ قۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىلغان باغچە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ پاكىزلىقى، ئازادىلىكى بىلەن كىشىگە ئارام بېغىشلايتتى. بۇنچىلىك پاكىز، تىمتاس چىملىقنى ئۆرۈمچىدەك مەركىزىي شەھەرلەردىنمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

چىملىقنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە ئولتۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم، شۇ جەرياندا بەدىنىمدىكى تەرلەرمۇ ئاستا ـ ئاستا قۇرۇشقا باشلايتتى. چىملىق ئادەمسىز دېگۇدەك بولۇپ، گويا مەن بۇ يەرنىڭ يېگانە بىر سەيلىچىسى ئىدىم. يىراقلاردىكى تاشيوللار، تاشيوللاردىكى ماشىنىلار ئالدىراش ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ كەيپىياتىنى ئېسىمگە سېلىپ قوياتتى. قۇياش غەربىي ئۇپۇققا بارغانسېرى يېقىنلىشاتتى، يېقىنلا قارىغايزاردىكى ئاللىقانداق ھاشاراتلارنىڭ چىرىلداشلىرى دىمىق ھاۋانىڭ تەپتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى. يىراقتىكى ئېتىزلار دىمىق ھاۋانىڭ تەپتىدە قايناپ لۆمۈلدەۋاتقاندەك، بەزىدە ھالسىراپ جىم يېتىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. يېقىنلا يەردىكى كوماتسۇ ئايروپورتىغا قاراپ پەسلەۋاتقان ئايروپىلانلار ئالدىمدىكى قارىغايلىق تاغنىڭ كەينىدە غايىب بولاتتى. بەزىدە ئايروپىلان ئولتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان قىزىل قۇياشنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، گۈزەل بىر بەدىئىي مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى.

ھەربىر مەنزىرە دىققىتىمنى تارتماي قالمايتتى، بۇ مېنىڭ تەبىئەت ۋە ئەتراپىمدىكى ھادىسىلەر بىلەن بولغان بىر تۇرلۇك سۆزلىشىش شەكلىم ئىدى. تەبىئەت بىلەن ئىچكى بىر تىلدا سۆھبەت قۇرۇش بىگانىلەر ئۇچۇن ئىيتقاندا، مەنۋى ھاياتنىڭ بىر خىل شەكلى. مەن چۆرەمدىكى ھەربىر مەنزىرىدىن ئۆزۈمنى كۆرىمەن، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سىردىشىمەن، كۆز ئالدىمدىكى ھەربىر شەيئى روھىمدىن رەڭ ئالىدۇ.

چىملىقتا ئولتۇرۇپ پايانسىز ئاسماننى تاماشا قىلىش ھەربىر دالا ساياھىتىمدە مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. ياپونىيەنىڭ ئاسمىنى تەڭرىتاغنىڭ ئاسمىنىدىن پەرقلەنمەيدىغاندەك قىلاتتى، ئوخشاشلا زەڭگەر ئىدى، ئوخشاشلا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ

يۇرەتتى، لېكىن زېمىندىكى ئىشلاردا تەسەۋۋۇر يەتكۈسىز پەرقلەر بار ئىدى. خىياللىرىم بۇلۇتلارغا، بۇلۇتلارنىڭ كەينىدىكى زەڭگەر ئاسمانغا، ھەتتا ئاسماننىڭمۇ سىرتىغا پەرۋاز قىلىپ ئۆرلەيتتى. كۆزۈم تالغاندا چىڭ يۇمۇپ بايىقى بىپايان ئاسماننى كۆزۈمگە تاقاپ ھەزىم قىلاتتىم، ئاسمان ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ تومۇرۇمدىكى قىپقىزىل قانلارغا ئۆزلىشىپ كېتەتتى.

بىر قۇش ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇزۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنزىلىنى تاپالىغان قۇش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە چاققان. لېكىن مەن مەنزىلىمنى ئىزدەۋاتقان ئادەم ئىدىم، شۇڭا كاللام تۇتۇق، بەدىنىم ئېغىر ئىدى.

بەدىنىمدىكى تەر قۇرۇغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىملىقنىڭ يوللىرىنى ئارىلايمەن. چىملىقنىڭ ئۇ تەرىپى چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. چىملىقنىڭ چوڭ يولغا تۇتاشقان يېرىدە بىر ھاجەتخانا بار ئىدى، ھاجەتخانىنىڭ چوڭ يول تەرەپتىكى ياقىسىدا كىچىك بىر ماشىنا توختىتىش مەيدانى بار ئىدى. ھاجىتى قىستىغان شوپۇرلار ماشىنىسىنى ئاشۇ مەيداندا توختىتىپ، بىرەر تال سىگارت چېكىشكىمۇ ئۇلگۇرەتتى. مەنمۇ ئاشۇ ھاجەتخانىغا كىرىپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇياتتىم. بۇ بىر خىلۋەت يېزىدىكى ھاجەتخانا، لېكىن ئۇ بۈگۈنكى ياپونىيەنىڭ تازىلىققا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ھاجەتخانا مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيتتى.

ھاجەتخانىنىڭ ئۆگزىسى پىرامىدا شەكلىدە ئىدى. ھاجەتخانا ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تام چىراغ، ئىشىكتىن كىرىشىڭىز بىلەنلا ئەر ۋە ئايال ھاجەتخانىلىرىنى كۆرىسىز. بۇرنىڭىزغا ھەرگىزمۇ سېسىق پۇراق پۇرىمايدۇ، ھاجەتخانىنىڭ كىچىك تەرەت كۆلچىكى چىنىدەك يالتىراپ تۇرىدۇ، كۆزگە چېلىققۇدەك داغمۇ يوق. چوڭ تەرەت ئورنى ئايرىم خانىلانغان بولۇپ، تازىلىق قەغىزى ھەمىشە تەل ئىدى. ئۇ يەرگە كىملەردۇر ئوقۇپ بولغان تېز سىزما رەسىملىك ژۇرناللارنى قويۇپ قويغان بولىدۇ. دېمەك، ھاجەتخانىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالىدىغانلارمۇ بولىدىكەن. ئەگەر بۇ يەردە چىرايىڭىزنى پۇرۇشتۇرىدىغان پۇراق بولسا، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىلى بولماس ئىدى. ھاجەتخانىنىڭ قول يۇيىدىغان يېرىنى بىر گىرىمخانا دېيىشكە بولاتتى، ئالدىڭىزدا پاكىز تاش ئەينەك، سۇ ئوقۇرىنىڭ چۆرىسى سۈت رەڭ مەرمەر تاش، قولىڭىزنى سۇنسىڭىزلا ئاپتوماتىك جۈمەكتىن سۇ چۈشىدۇ، جۈمەكنىڭ يېنىدىلا سۇيۇق سوپۇن.

مانا بۇ بىر چەت يېزىدىكى ھاجەتخانا. تازىلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ پات - پات سەپلىنىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، بۇ يەردە مەخسۇس مۇلازىمەت قىلىدىغان ئادەم بار. لېكىن، مەن بۇنداق ئادەمنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتىپ باقمىدىم. غەربلىكلەر ھاجەتخانىنى كىچىككىنە مەدەنىيەت مۇزېيى دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا ئارامبەخش راھەتخانا دەپ قارايدۇ. شەھەرلەردىكى ئولتۇراق ئۆيلەر ھاجەتخانىسى ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانىلاردىن ئۇيغۇرلار ھاجەتخانا مەدەنىيىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرچە مەدەنىيەت ئاساسىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن ئەمەس. ئۇيغۇر ھاجەتخانا مەدەنىيىتىنى يېزىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ھاجەتخانىنى ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيدىن خېلى يىراققا جايلاشتۇرىدۇ. ھاجەتخانا كوچىدىن، سۇ بويىدىن، مېۋىلىك دەرەخلەردىن، تاماقخانىلاردىن يىراققا سېلىنىشى كېرەك. ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە، سۇ بويلىرىغا، كوچا بويلىرىغا چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشنى ناھايىتى ئېغىر ئالىدۇ، «ئۇنداق قىلسا يامان بولىدۇ» دەپ ئەقىدىگە ئاپىرىپ تاقايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزى ناھايىتى كەڭ ھايات ۋە مۇھىت ئېكولوگىيەسى مەنىسىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشلىرىدا ھەشەمەت يوق بولۇپ، تەبىئەتكە بولغان مايىللىق ۋە بېقىنىدىلىق كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. ئېسىل تەبىئەتلىك ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تەرەت قىلمايدۇ. قالايمىقان تەرەت قىلىش ئەسلىي تەبىئەتنى يوقاتقان شەھەر ساياقلىرىنىڭ ئىشى. ئۇيغۇرلار تەرەت سۇندۇرۇش جەريانىنىڭ ئىنتايىن خالىي، دەخلىسىز بولۇشىنى خالايدۇ. بۇ

جەرياندىكى ھەر خىل غەيرىي ئاۋازنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىغا كۆزى يەتكەن ئۇيغۇرلار ناھايىتى بىئارام بولىدۇ، ئىمكانقەدەر خىلۋەت يەرگە كېتىشنى ئويلايدۇ. يېزىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە دەل مۇشۇنداق ھاجەتخانىنىڭ خالىيلىق مەسىلىسى تۈپەيلىدىنلا كۆنەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى ساقلاشقا قالتىس ئېتىبار بېرىدۇ. تاشقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق دەرسلىك شەكلىگە كەلتۈرەلمەي، تېخىچە ئائىلىدىكى پەند - نەسىھەت شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. مۇنتىزىملىق ۋە سىستېمىسى بولمىغان بۇنداق تەربىيە شەكلى شالغۇت مەدەنىيەت مۇھىتلىرىدا ئۆزىنىڭ رولىنى دېگەندەك كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ. يېزىدىكى ئۇيغۇرلار چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىن تەرەت ئۇستىگە كەتمەن بىلەن يۇمشاق ئەت توپا سېپىدۇ. بۇ، بەتبۇي پۇراقلارنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىۋىنلەرنىڭ قونۇپ، ئەتراپتىكى مېۋىلەرنى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان ھاجەتخانىلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە كونا تاغار ياكى مىشكاپلار مىلەڭزە قىلىپ تارتىپ قويۇلىدۇ، بۇمۇ نەزەردىن خالىيلىق ئۈچۈن بولىدۇ.

بىر چاغلاردا بىر دوستۇمدىن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدىم: بىرى بىرىنىڭ: «قانداق مىللەتنى مەدەنىيەتلىك مىللەت دېگىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئالىغا، مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن: «ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئاشخانىسى، ھاجەتخانىسى ۋە پاھىشىخانىلىرى پاكىز بولسا، شۇنى مەدەنىيەتلىك مىللەت دەپ ھېسابلىساڭ بولىدۇ».

بۇ جاۋابتىن نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدىكى جاۋابنى ھەرگىزمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى نۇرغۇن جەمئىيەتتىكى ھارام - ھالال مەسىلىسى ئىلاھىي قانۇن بويىچە ئەمەس، ئىنسانلار ئۆزى تۈزگەن قانۇن بويىچە ئايرىلىدىغان بولۇپ كەتتى. پائالىيەت ۋە نىيەت - ئەپىئاللىرىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




ھارام، ھالاللىق ئۇقۇمىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئاۋام بىر - بىرىنى يەۋېتىشتىنمۇ تەپ تارتمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى جاۋابتا پەقەت تازىلىقلا ئۆلچەم قىلىنغان بولۇپ، ھەر ھالدا كىشىلەر ئاسانلا ئېتىبارسىز قارايدىغان ئاشۇ ئۇچ تەرەپنىڭ پاكىز بولۇشى جەمئىيەتنىڭ باشقا ئوچۇق - ئاشكارا ساھەلىرىدىكى مۇھىت تازىلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «جۇڭگولۇقلار، ياپونلار ۋە كورېيانلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كورېيان يازغۇچى جىن ۋېنشۆ ئەپەندى شەرقىي ئاسىيادىكى يۇقىرىقى ئۈچ مىللەتنىڭ ھاجەتخانىسى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ياپونلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھاجەتخانىسى قىز ھۇجرىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ يەرگە خۇش پۇراق بويۇملار قويۇلۇپلا قالماي، يەنە خۇددى ھۈنەر - سەنئەت كۆرگەزمىسىدىكىگە ئوخشاش ھەر خىل گۈل ۋە ياپراق زىننەت قىلىپ قويۇلىدۇ. ياپونلار ھاجەتخانىسىنى خۇددى ياتاق ئۆيىنى بېزىگەندەك كۆڭۈل قويۇپ بېزەيدۇ». ئۇ يەنە ياپونىيەنىڭ ئاممىۋى ھاجەتخانىلىرىنىڭ ئالدىغا ھەر خىل تەشتەكلىك گۈل تىزىپ قويۇلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسى ھەقلىق ھاجەتخانىلار بولۇپ، ئىشىكتىن كىرىشىڭىز بىلەنلا بەتبۇي پۇراقلار بۇرنىڭىزغا گۈپپىدە ئۇرۇلىدۇ. كىچىك تەرەت كۆلچەكلىرى قىزغۇچ تازىلىق قەغىزى بىلەن توشۇپ، قەغەزلەر سۈيدۈكلەرگە چىلىشىپ، بوتقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆرە تۇرۇپ سىيىشىۋاتقانلار سۈيدۈكىنىڭ باشقىلارغا چاچرىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. چوڭ تەرەت ئوقۇرلىرىدىكى غەلدى - غەشلەر زومچىيىپ كەتكەن، قويۇپ بېرىلگەن سۇنىڭ كۈچى ئۇلارنى سۈرۈپ ھەيدەشكە يەتمىگەن. كۆلچەكلىك ھاجەتخانىلاردا ئولتۇرغانلارمۇ ئۆزىنىڭ تازىلىقىنى ئۆزى قىلىپ چىقىپ كەتمەي، باشقىلارغا مىراس قالدۇرىدۇ، ھاجەت قىلغۇچىلار بۇ يالدامىلارنى تازىلىۋېتىپ، ئاندىن ئولتۇرۇشى كېرەك.

بىز خىزمەتلىرىمىز ئىشىنىڭ قىيىنلىرىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ قويىمىز، بۇنداق قىلغاندا، ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك تەس ئىشلارنى ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىزنى باشقىلارغا تونۇتۇپ قويالايمىز. بىزگە باشقىلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلىرى ھوزۇر بېرىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئادىمىيلىكىمىزدىكى مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئاددىي يىپ ئۇچى.

بەزى ھاجەتخانىلاردا قول يۇيۇش دېسىڭىز سۇ يوق بولۇپ چىقىدۇ. ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ھاجەتخانىلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇشى تازىلىق ئامىلىنىڭ مۇھىتتا ئەمەس، قەلبتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن قەلب پاكىز بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدا مۇھىتمۇ تەبىئىي ھالدا پاكىز بولىدۇ. شەھەرلىرىمىزدىكى رېستورانلاردا بىرلا ۋاقىتتا 500 دىن 1000 غا قەدەر مېھمان ئۇزاتقىلى بولىدۇ. لېكىن شۇنچە چوڭ رېستوراننىڭ پەقەت بىرلا ۋاقىتتا بەش - ئالتە كىشى ئولتۇرالايدىغان ھاجەتخانىسى بار بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا قەغەز، سوپۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ.

شەپەق تاغدىكى قارىغايلارنىڭ ئۇچلىرىدا، مەكتەپ بىناسىنىڭ تام ۋە دېرىزىلىرىدە ئاخىرقى جۇلاسىنى كۆرسەتكەندە ياتاققا قايتىمەن - دە، ياتىقىمدىكى مۇنچىدا يۇيۇنىمەن. ئىلمان سۇ بەدىنىمگە تەگكەندە ھۇزۇرلانغىنىمدىن قايسىدۇر بىر ۋەتەندىشىمنىڭ «پاكىزلىق يېرىم ھۆرلۈك» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. سۇ بەدىنىمدىكى ھارغىنلىقنى ئاستا - ئاستا ئېقىتىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بەدىنىم ۋە روھىم تەڭلا يېنىكلەپ قالاتتى. يۇگۇرۇش، چىملىقنى ئايلىنىپ تەر قۇرۇتۇش، ياتاققا قايتىپ كېلىپ يۇيۇنۇش... بۇ مېنىڭ ھەر كۈنى كەچقۇرۇندىكى ئادىتىمگە ئايلىنىپ كەتتى. ئىنساننىڭ ياشاش مۇھىتى ساپ، تازىلىقى راۋان بولسا، ئۆزىنى دۇنياغا نىسبەتەن مېھماندەك ھېس قىلىدۇ. ياپونىيەنىڭ پاكىز، گۈزەل مۇھىتى، مۇكەممەل تازىلىق شارائىتى مۇساپىر كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن ئىدى. ياپونلار تازىلىققا شۇنداق ئەھمىيەت بېرىدىكەنكى، بەدىنى ئاز - تولا بۇلغىنىشقا نىسبەتەن پەۋقۇلئاددە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سەزگۈر ئىكەن. ئېپتىشلارغا قارىغاندا، ئەتىياز كېلىپ گۈللەر خۇش پۇراق چاچقاندا، گۈل چاڭلىرى ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا رېئاكسىيە قىلىپ كېتىدىكەن، شۇڭا بىلەن ئۇلار ماسكا تاقاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئادەتتە ياپونلارنىڭ يۆيۈنمايدىغان كۈنى بولمايدىكەن، ياپونىيەدە مۇنچىسىز ئۆيمۇ بولمايدىكەن. ياپونلاردا «ئۆيۈڭ ئاشخانىسىز بولسا مەيلى، لېكىن مۇنچىسىز بولمىسۇن» دېگەن ماقالىنىڭ بارلىقىنى بىر گېزىتتىن كۆرگەنمەن. بىر ئادەمگە بىر ئۆينىڭ بولۇشى ئىنسانىنىڭ شەخسىيىتىنى نەزەرگە ئالىدىغان جەمئىيەتنىڭ نورمال ھالدا ئويلىنىدىغان بىر تەرىپى، بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپتىمۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئايرىم ياتاق بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇنچا، كىرئالغۇ دېگەن نەرسىلەر يېتەرلىك ئىدى.

ياپونلار كەچتە ئىشتىن يانغاندىن كېيىن دۇش مۇنچىدا بەدىنىنى چايقايدىكەن، ئاندىن ۋاننىدىكى ئىسسىق سۇغا چۆمۈلۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىدىكەن. بىر ۋاننىدا بىر ئائىلىنىڭ ئەزالىرى چوڭدىن كىچىككە قاراپ نۆۋەت بويىچە ھاردۇق چىقىرىدىكەن. ۋاننىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىۋەتمەي كىرئالغۇغا قاچىلاپ، كىر يۇغاندا ئىشلىتىدىكەن. مانا بۇ سۇ ئەڭ كۆپ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ سۇغا بولغان قىممەت قارىشى ئىدى. بەزىدە ئاتا ئوغۇللار، ئانا قىزلار بىلەن بىر ۋاننىدا ئولتۇرۇۋېرىدىكەن، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇلار پەردىشەپنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ كېتىشمەيدىكەن. ئۇلار ئىچ كىيىمنىڭ پاكىزلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ۋاننىدىن چىقىشى بىلەنلا ئىچ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇخلايدىكەن. بىرى بۈگۈن تۇنۇگۈنكى كىيىمى بىلەن ئىشقا بارسا، كىشىلەر ئۇنى سىرتتا تۈنەپ قالىدىغان ئەخلاقسىز ئادەم ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدىكەن. ياپونلار ئادەتتە ئويلىغانلىرىنى باشقىلارغا چاندۇرۇپ كەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىگە بەك ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن. شۇڭا، ھەر كۈنى ئىمكانقەدەر پۈتكۈل تاش كىيىمنى ياكى تاش كىيىملىرىنىڭ بىرەر قىسمىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشقا بارىدىكەن.

ھېچبولمىغاندا شىبلىت، كۆڭلەك ياكى گالىستۇك دېگەندەك نەرسىلەردە ئۆزگىرىش بولۇشى لازىم ئىكەن.

قارىسىڭىز ياپون ئاياللىرىنىڭ قولىنىڭ تېرىسى ئانچە سۈزۈك ئەمەس، بارماقلىرىمۇ يۇمران ھەم سىلىق ئەمەس، بەزى ئاياللارنىڭ بارماقلىرى خېلىلا قوپال. قولدىكى ئالامەت قول ئىگىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەلەيدۇ. ئادەتتە ياپون ئاياللىرىنىڭ قولى سۇدىن چىقمايدۇ. مەن بۇ ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ بالكونلىرىغا قاراپ باقتىم، بالكونلاردا يېيىلغان كىرلەرنى ھەممە كۆنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇيۇلغان ئىچ كىيىملەرنىڭ ئاقلىقى سىزدە راھەتبەخش تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ. مەنغۇ تېخى ياپونلارنىڭ ئۆيئىچىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئاياللىمىنىڭ دېيىشىچە، ياپونلارنىڭ ئۇچاق بېشىدا ئىشلىتىدىغان لاتىلىرىمۇ يېڭى ئالغاندىكىدەك ئاپپاق بولىدىكەن، بۇ لاتىلار كۆپ ئىشلىتىلىپ تىتىلىپ كەتسە كېتىدىكەنكى، لېكىن شۇ قەدەر ئاپپاق. ياپونلارنىڭ ھەممىسى ئاق ياكى ئاققا مايىل سۈزۈك ئىچ كىيىملەرنى ياقتۇرامدىكىن، بۇنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، مەن ئۇچراتقان بالكونلاردىكى ئىچ كىيىملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاق رەڭدە ئىدى. مېنىڭچىمۇ ئىچ كىيىملەرنىڭ ئاق بولۇشى بىزنىڭ پاكىزلىق ئېھتىياجىمىزغا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى ئاق رەڭ كىر ۋە مەينەتچىلىكنى سىغدۇرالمايدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى كىر ۋە داغلارنى شۇ ھامانلا چاندۇرىدۇ، بىزنىڭ ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا يۇيۇپ تۇرۇشىمىزغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

تاش كىيىمنىڭ پاكىز بولۇشى ئۆزۈڭ ئۈچۈن شەرەپ، باشقىلار ئۈچۈن مەرھەمەت. بىر چۈشكۈن ئادەم سېنىڭ پاكىز ئۇستىباشلىرىڭنى كۆرسە، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن مېھرى ئۇلغىيىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىچ كىيىمنىڭ پاكىز بولۇشى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھىممەت، ھايات ئۈچۈن قىممەت. ھەقىقىي پاكىز ئىنساننىڭ پاكىز تەبىئىتى ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىراش چاغلاردىكى ئەڭ ئاددىي كىيىنىشلىرىدە تېپىك ئەكس ئېتىدۇ. ھەقىقىي پاكىز ئايال ئۆزىنىڭ كىيىدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىيىملىرىنى رىيا ئۈچۈن تاللىمايدۇ، بەلكى ھايا ئۈچۈن تاللايدۇ. ئۇنىڭ ئىچ كىيىملىرىمۇ ئۆزى ئۈچۈن سەھھەت (ساقلىق)، ئېرى ئۈچۈن ئىپپەت.

بۇ گەپلەر ياپون ئاياللىرىدىكى پاكىزلىقتىن قوۋمىم ئاياللىرىغا نىسبەتەن ئۈيغانغان سەممىي تىلەكلىرىم. بىز ياپونىيە ئاياللىرىدىكى پاكىزلىقنى ئۆزىمىزنىڭ خاس قىممەت قارىشىمىز ۋە ئۆرتاق ئەقىدىمىز بىلەن بىيىتىپ ھەم يۈكسەلدۈرۈپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. تەقۋا خەلقتە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىك ئادەتتىكى گۈزەللىككە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ياپون ئاياللىرى ئەۋزەل، قولايلىق تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئىشچانلىقىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇلار شۇنچە ئىنچىكە، مۇرەككەپ ئاشخانا ئەسلىھەلىرىنى ھەر قېتىمدا يۇيۇپ، ئېيدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا خاس ۋە ئاممىۋى تازىلىقنى، يۈكسەك سەزگۈر مۇھىت قارىشىنى ياپونلاردەك ئومۇملاشتۇرغان مىللەت بولمىسا كېرەك. ئۆزىنى قالتىس چاغلاشمۇ جاھان كۆرمىگەنلىكنىڭ ئالامىتى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز سىياسىي، جۇغراپىيەلىك بېكىنمىلىكتىن ساقىت بولۇپ، جاھانغا ئۆز كۆزى بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولسا، باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تونۇپ يەتكەن بولاتتى.

ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن كۈنلەردە يۈگۈرمەي، ئەتراپتىكى كەنتلەرنى پىيادە مېڭىپ ئارىلايتتىم. بەلكىم، بۇنداق چاغدىكى مۇساپەم تۆت - بەش كىلومېتىردىن ئاشسا كېرەك. بىر كۈنى مەكتەپنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئوكۇچى (大口) مەھەللىسىنى ئايلاندىم. تاشيولنى بويلاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە بارغىلى بولاتتى، ئۇ يەردىكى ئۆيلەر ياپونچە ئۇسلۇبتا ئىككى - ئۈچ قەۋەت قىلىپ سېلىنغانىدى. ھەربىر ئۆينىڭ مەخسۇس ماشىنا توختىتىدىغان لەمپىلىك مەيدانى بولۇپ، مەيداندا ئىككى - ئۈچتىن

پىكاپ بار ئىدى، بۇ بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز ۋە پۇلدارلىرىمىز چوڭ بىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ دەل ئۆزى. بۇ پىكاپلار كۆز ئالدىمدا ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، ئىشكاۋىنىڭ چەت بىر يېزىسىدىكى دېھقان قورۇسىدا داۋراڭسىز ھالدا تۇراتتى. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى غۇرۇر، ئىنساب بابىدىكى ئىككىلىنىشكە، ھەتتا يۈز ئۆرۈشكە سالىغان، بىر توپ جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنى پاياندار قىلىشقا كۆشكۈرتكەن پىكاپ دېگەن بۇ نەرسە چوڭ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ سۆلىتى، ئۇششاق ئەمەلدارلارنىڭ باش ئۇرىدىغان بۇتى. پىكاپ بىزدە سەلتەنەت، بەخت ـ سائادەت، سۆلەت ۋە سىر ـ ھەيۋىنىڭ سىمۋولى، ئۇ پۇرسەتپەرەس پۇلدارلارنىڭ يول خېتى ياكى ئىشرەت سۇرۇشتىكى قانىتى. لېكىن پىكاپنىڭ بولۇشى، بولۇپمۇ بىر دېھقان قورۇسىدا بولۇشى كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقنىڭ ئۆزىدە تامامەن نورمال ئىش ئىدى. كىشىلەر ئۆزىنى پىكاپى باردەكمۇ ھېس قىلىپ كەتمەيتتى ياكى ئۇلار ئۆزىنىڭ پىكاپى بار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالغانىدى. بەلكىم، ئۇلار دۇنيادا مىنەي دېسە ئېشىكى يوق ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ پىكاپى بارلىقىدىن پەخىرلىنىپمۇ قالار.

پىكاپلارنى كۆرگىنىمدە، پىكاپقا مۇناسىۋەتلىك بەزى كەچۈرمىشلىرىم ئېسىمگە كەلمەي قالمايدۇ:

كىچىك ۋاقتلىرىمدا قەشقەر شەھىرىدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئانام ئىككىمىز پىيادە باراتتۇق. يۇرتۇم بەشكېرەم بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلەتتى. بەزىدە مەن يول يۈرۈشكە چىدىماي قالاتتىم. يولدىكى ئۇچلۇق تاشلار پۇتلىرىمغا پېتىپ كېتەتتى. ئازراق قاقشىسام ئانام يول ياقىسىدىكى بىرەر سايىنى تېپىپ مېنى بىردەم ئارام ئالغۇزاتتى، ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ماڭاتتۇق. شۇ چاغلاردا ماڭا ھارۋىسى بار ياكى ئېشىكى بار يولۇچىلار كاتتا بايلاردەك تۇيۇلاتتى. بالىلىقىم يالاڭ ئاياغ يول يۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدۇم، ئوقۇدۇم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خىزمەتكە چىقتىم، تەقدىر خىزمىتىمنىڭ ئۇرۇمچىدە بولۇشىنى بەلگىلىدى. تۆت يىل بويىتاق ئۆتۈپ، ئۆيلىنىپمۇ ئالدىم، قەشقەردە يالغۇز قالغان ئانامنى يېنىمغا ئەكىلىۋالدىم. ئانامنى بىر يەرلەرگە ئاپىرىشقا توغرا كەلسە، كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئاپتوبۇس بېكەتلىرى ئۆيىمىزدىن خېلىلا يىراق بولغاچقا، بېكەتكە ئانامنى ماڭدۇرۇپ ئېلىپ چىقاتتىم. بىر ئۆمۈر كوپىراتسىيەنىڭ ئېتىزىدا قاپ كۆتۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن، ھاياتىدا تۈزۈك راھەت كۆرمىگەن جاپاكەش ئانام ئەمدىلىكتە يول يۈرسە قىينىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مەزگىللەردە ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ مائاشى بىر ئايغا ئاران ئۇلىشاتتى، قورقماي تاكسى توسقۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى. ئانام ئاسقاقلاپ مېڭىپ، بېكەتكە باراتتى. ئانامنى قىستا - قىستاڭ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ - چۈشۈرۈش ئۇنى ئەشەددىي قىيناش بىلەن باراۋەر ئىدى. ماشىنا ئۆزىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا ماڭا راسا تېتىتاتتى. بىر قېتىم ئانامنى نۇرباغدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدىم، «نۇرلۇق» كوچىسىدىكى پىيادىلەر يولىدا ئانامنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، «بوغدا» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يالتىراپ تۇرغان بىر قارا پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى، پىكاپتىن بىر خەنزۇ يىگىت بېشىنى چىقىرىپ «ماشىنىغا چىقىۋالغىن» دېدى. مەن بۇ ئۇشتۇمتۇت سىلە - رەھىمگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرالماي مەڭدەپ قالدىم ۋە ئېسىمنى يىغىپ ئانامنى پىكاپقا ئورۇنلاشتۇردۇم.

— قەيەرگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى شوپۇر يىگىت.

— نۇرباغ تەرەپكە ئۆتمەكچى ئىدۇق، — دېدىم مەن قورۇنۇپ تۇرۇپ.

پىكاپ قىزىلتاغ بېكىتىگە كەلگەندە مەن شوپۇرنىڭ قانداق بولۇپ شەپقەت قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى سورىدىم.

— مېنىڭمۇ بىر قېرى ئانام بار، ئۇمۇ بەك تەستە يول يۈرىدۇ، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— رەھمەت! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپ قىلىپ.

خەنزۇ يىگىت بىزنى تۇغقىنىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى. شۇ يىگىتنىڭ سىماسى 10 نەچچە يىلدىن بېرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئىككى نەپەر قەشقەرلىك خىزمەتدىشىم بىلەن تەتىل قىلىپ يۇرتقا بارماقچى بولدۇق. مەكتەپ مۇدىرىغا يۈك - تاقلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتىۋىدۇق، ئۇ: «بىزنىڭ بولكىۋاي ئەتە ئەتىگەندە سىلەرنى يولۇچىلار بېكىتىگە ئاپىرىپ قويسۇن» دېدى. بىز ئەتىسى ئەتىگەندە شوپۇرنىڭ ئىشىكىنى قاقتۇق. شوپۇر بىزدىن ئون نەچچە ياشلار ئەتراپىدا چوڭ بىر ئۇيغۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بىزگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ:

— ماشىنىنىڭ مېيى يوق، ئاپىرىپ قويالمايمەن، — دېدى.

— مەكتەپ مۇدىرى سىزگە ئېيتمىغانمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ماشىنىنىڭ مېيى يوق، — دېدى ئۇ يەنە.

بىز كۆڭلىمىز ئازار يېگەن ھالدا قايتتۇق، يۈك - تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇزۇن يوللۇق بېكەتكە كوچا ئاپتوبۇسى ئارقىلىق باردۇق. ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس قوزغىلاي دەپ تۇرۇپتىكەن، شوپۇر قاقشاپ يۈرۈپ يۈك - تاقلىرىمىزنى ئاپتوبۇسقا جايلاشتۇردى.

تەقدىر دېگەن قىزىق. شۇ ئىش بولغان يىلى كەچ كۈزدە مۇنداق بىر قىسمەتنى كۆردۇق: تۈن نىسپى ئىدى، بويتاقلار ياتاق بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىر ئېغىزلىق ياتاقتا تۆت بويتاق يىگىت قاتتىق ئۇخلاۋاتقانىدۇق. توساتتىن ئىشىكىمىز قاتتىق ئۇرۇلدى، بىز ئېسەنگىرەپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتۇق. بوسۇغا ئالدىدا بىز تونۇيدىغان بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى تۇراتتى.

— چاتاق بولدى، مەكتىپىمىزنىڭ شوپۇرى دەسسىيەلمەي، ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ياتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— نېمە بوپتىكەن؟

www.uyghurkitap.com

― مەنمۇ بىلمىدىم، شامال دارىدىمۇ، يا باشقا سەۋەب بارمۇ...
ئايالى مېنى ئويغاتتى. ماشىنىغا سىلىشقا كۆچىمىز يەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇلار پەستە قالدى، دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق بولمايدۇ، يۈرۈڭلار ئۇكىلىرىم.

كۆز ئالدىمغا شوپۇرنىڭ بىرگە قىلغان تەكەببۇرانە مۇئامىلىسى كەلدى، بۇ ئىشنى بىزنى ئويغاتقان ئوقۇتقۇچىغا بىر تەگەپ قويدۇم.

― ئۇمۇ ئىنسان بولغاندىكىن قىلغىنىڭلارنى بىلەر، بولۇڭلار ئۇكىلىرىم، مەن چۈشكەچ تۇراي.

ئۈرۈمچىنىڭ كەچ كۈزىنىڭ سوغۇقى جاندىن ئۆتىدۇ. بىز قېلىن كىيىنىپ پەسكە چۈشتۇق. شوپۇرنىڭ ئايالى، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بىزگە قاراپ تۇرغانىكەن. بىز بىرىزبىنت زەمبىلدە كۆزىنى پارقىرىتىپ نائىلاج ياتقان شوپۇرنى دەس كۆتۈرۈپ، يۈك ماشىنىسىغا جايلاشتۇردۇق.

― دوختۇرخانىغا بىرىشىپ بېرىڭلار ئۇكىلىرىم، ئۇ يەردىمۇ چۈشۈرىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ.

ياتاقداشلار بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ قويدۇق، ئاخىر ماشىنىغا چىقىپ قېلىن يوتقانغا يۆركىنىپ ياتقان شوپۇرنىڭ يېنىدا تۇردۇق، ماشىنا قوزغالدى. كەچ كۈزنىڭ نەشتەردەك شاملى يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى چىمداشقا باشلىدى، تومشۇقلىرىمىزنى چاپاننىڭ ياقىسىدا يۆگەشكە باشلىدۇق. ماشىنا ئاخىر ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بىز بىمارنى ئاۋايلاپ چۈشۈرۈپ قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىردۇق. ئۇنى ياتاققا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يۈك ماشىنىسى بىلەن ياتىقىمىزغا قايتتۇق.

ئارىدا بىرەر ئاي ئۆتكەندۇ، بىز ھېلىقى شوپۇرنىڭ ساقىيىپ چىقىپ مەكتەپ قورۇسىدا مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردۇق، ھەتتا بىرقانچە قېتىم دوقۇرۇشتۇق. ئۇ شوپۇردىن بىزگە ئەقەللىي بىر مۇسۇلمانلىق سالىمىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنىڭ يېشى بىزدىن

چوڭ بولسىمۇ، تېخى ئادەم بولۇش لاياقىتىگە توشمىغىنىنى چۈشەندۇق.

ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى ئويلىسام ھازىرمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. شۇنچە ياشقا كىرىپ باشقىلاردىن كەلگەن رەھىمنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى ئۇقماپتۇ. يېشى ۋە مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىپتۇ، لېكىن ئەقلى تەرەققىي قىلماپتۇ. بۇ بىر خىل مېيىپلىك ئەمەسمۇ؟!

بىركۈنى دۆڭكۆۋرۈكتىكى مىللىي ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىن چوڭ يولغا ئۆتەي دەپ تۇراتتىم، بىر ماشىنا مېنى يانپاش تۇرتۇپ، بىر ـ ئىككى قەدەم داجىتىۋەتتى، قارىسام كونىراپ كەتكەن بىر ئاق پىكاپ ئىكەن، ئىچىدە چاچلىرىنى پاكىز قىردۇرۇۋەتكەن، سېمىز، گۆش يۈز بىر ئۇيغۇر ئولتۇراتتى.

ــ ئاۋايلاپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ــ سېنىڭمۇ كۆزۈڭ باردۇ؟ ــ دېدى ئۇ.

ــ سېنىڭ كۆزۈڭنى كەينىڭگە باغلاپ قويغانمىدى، بۇ دېگەن يول ئەمەس، ماگىزىنىنىڭ ئالدى.

ــ سېنىڭمۇ ماشىناڭ بولسا شۇنداق ھەيدە.

ــ سەن ماشىنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم دەپ قارامسەن؟

ــ سەن ئالدى بىلەن ۋېلىسىپىتتىن بىرنى ئېلىپ، ئاندىن بۇ گەپنى دە.

ــ مانا كۆردۇم، سەن مۇشۇ ماشىنىدا ئولتۇرغۇچە ئىچىڭ سېسىپ بوپتۇ.

ياشلىقنىڭ تۇنجى قەدەملىرىدە ھەمىشە يول قويۇۋېرىشكە غۇرۇرۇم ئۇنىمىغان بولسا كېرەك، بىز تۇتۇشۇپ قالغىلى تاس قالدۇق، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن توختاپ قالدۇق.

ــ بۇ مۇشۇ دوقمۇشنىڭ ئەسكىسى، سىز تەڭ تۇرۇپ بولالمايسىز، ــ دېدى ماڭا بىرەيلەن پەس ئاۋازدا، ــ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۆتۈپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم.

بۇرۇن بىرى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، خالايىق ئۇنى تاشبوران قىپتۇ. تاش، چالمىلار تەگكەندە ئۇ غىڭ قىلماپتۇ. ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى چاپىنىنىڭ مېزىنى يۇلۇۋېلىپ پەقەت شەرتىنى قىلىپ قويۇش ئۇچۇنلا ئىنىسىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا «ۋايجان!» دەپ تاشلاپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

– تاش، چالما تەگكەندە غىڭ قىلمىدىڭ، ئاكاڭ چاپىنىنىڭ مېزىنى ئېتىپ قويسا «ۋايجان» دەپ كەتتىڭ، بۇ قانداق گەپ؟

– ياتنىڭ ئاتقان تېشىدىن، بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ ئاتقان مېزى قاتتىق تېگىدىكەن، ياتنىڭ تېشى تېنىمگە تەگدى، قېرىندىشىمنىڭ مېزى يۈرىكىمگە تەگدى.

ياتنىڭ نەشتىرى ساكا مۇقەررەرلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ، قېرىنداشنىڭ زەربىسى ھەممىشە ئۇشتۇمتۇتلۇق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. چۈنكى بىز ھەممىشە نوقۇل ھالدا قانغىلا چوقۇنۇپ، ئاڭنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئاڭداشلىق بولمىسا، قانداشلىقتىن ئەڭ زور خەۋپ يېتىدۇ. 15 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك، ماۋرائۇننەھر ھۆكۈمدارى، تېمۇرىيلەرزادىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ پىتنىچىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن دەل ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

روشەنكى، ئەقىدە بىرلىكى بولمىغان قانداشلىقتىن شۇمبۇيا ئۈنىدۇ.

ھاياتىمدا پىكاپىقا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر خېلى كۆپ. ھەممىسىدە ئادەملىرىمىزنىڭ پىكاپىقا چوقۇنۇشىدىن يېتىلگەن تەكەببۇرلۇقىنىڭ جاراھەتلىرى بار. ئادەملىرىمىزنىڭ پىكاپىنى قانچىلىك چوڭ بىلىدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ پىكاپىنىڭ ئالدىدا قېتىپ ئۆلتۈرۈشلىرىدىن ئاسانلا كۆرەلەيسىز. ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرىنى تەخىراۋاندىكى مانجۇ ئەمەلدارىدەك، باشقىلارنى تەخىراۋان ئالدىدا

باش ئېگىپ تۇرغان ئەرزىمەس پۇقرالاردەك ھېس قىلىدۇ. ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى پىكاپتىن مۇستەسنا ھالدا باھالىشىغا تېخى بالدۇر. زەي تام سۇۋاق تۇتمىغاندەك، ساپاسىز ئادەم ئاز ـ تولا پۇلدارلىقنىمۇ ئۆزىگە ياراشتۇرالمايدۇ.

ئوكۇچى مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭ پىكاپلىرى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىكى سېھرىي كۈچىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. بىر مەھەللىگە پىكاپ كەلسە، بىزنىڭ بالىلىرىمىز جانلىنىپ، چۇقان كۆتۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ماشىنا ـ پىكاپلارنىڭ قەدىمى ئەڭ چەت سەھراغىمۇ پات ـ پات يېتىپ تۇرىدىغان مۇشۇ كۈندىمۇ ئۇ بىر قىزىقارلىق نەرسە. خۇددى غەربىي دىيارنىڭ يىپەك، قاشتېشى ۋە دورا ـ دەرمەكلىرى تاڭ سۇلالىسى خانلىرىنى شادلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، پىكاپ بۈگۈنكى غەربىي دىيارنىڭ ئەڭ غەربىدىكى قىشلاقلاردا ئادەملىرىمىزنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتمەكتە.

ئوكۇچىغا بارغۇچە بولغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئوكۇچى مەھەللىسىنىڭ ئىچىمۇ گۈل ئىدى. كىشىلەر ئىشىكى ئالدىدا گۈل ئۆستۈرگەن بولۇپ، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدە كىچىككىنە باغچە بار ئىدى. بۇ ھال ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۈللۈك ھويلىلىرىنى ئېسىمگە سالدى. لېكىن ئوكۇچى مەھەللىسى بىزنىڭ مەھەللىلىرىمىزگە نىسبەتەن زىيادە تىنچ ئىدى. تۇرۇپلا ئادەمنىڭ بۇ ئۆيلەردە ئادەم يوقمىدۇ دېگۈسى كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلىلىرى بۇ قەدەر پاكىز ۋە رەتلىك بولمىسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. بۇرۇن نىيازخان ئىسىملىك بىر ھاممام بار ئىدى، ئۇنىڭ مېھرى ماڭا كۆپ سىڭگەنىدى. ئۇ ناھايىتى گۈلخۇمار بولۇپ، ھويلىغا گۈل تېرىيتتى. قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا بېھىشانە گۈزەل ئىدى. شۇ گۈزەللىكنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ھويلىمىزمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى


بار ئىدى. ھەر خىل گۈل ئەپچىل ھويلىمىزغا بۆلەكچە ھۆسن قوشاتتى. ئۇ، ھويلىمىزغا كىرگەنلىكى قىزنىڭ چېكىسىگە گۈل قىستۇرۇپ قوياتتى. ئۇسما ۋە خېنىلەر ۋايىغا يەتكەندە، مەھەللىمىزنىڭ قىزلىرى ھويلىمىزغا كىرىۋالاتتى، ئۇلار ئۇسما ۋە خېنىلەردىن يەتكۈدەك ئېلىشىپ چىقىپ كېتىشەتتى. موماي چولىسى تەگكەندە قىزلارنىڭ قوللىرىغا ئۆزى خېنە يېقىپ قوياتتى. قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن چوڭ ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ھامام:

— ساڭا قايسى قىز ياردى، چوڭ بولغاندا ئۇبدان يىگىت بولساڭ، شۇنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپ قوياتتى.

ئوكۇچى مەھەللىسى ماڭا نىسبەتەن ئۇنچىلىك مېھىرلىك بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ خىيابان ۋە جىمجىتلىقى بىلەن ياتسىراپ تۇرغان يۈرىكىمنى بەزلەيتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ تىنىغان خورسىنىشلىرىمنى بىمالال سىغدۇرۇپ كېتەلەيتتى. مەھەللىدە سۇلار ئەلۋەك ئىدى، مەھەللىنى بويلاپ ئاققان تاش ئۆستەڭنىڭ سۇلىرى شۇ قەدەر سۈزۈك بولۇپ، ئۆستەڭ ياقىسىدا بىرەر تال ئەخلەتنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆستەڭنىڭ دىۋارلىرى ۋە ياقىلىرىنى يېشىل موخ قاپلاپ كەتكەن. ئۆستەڭ ياقىلىرىدا ئانچە - مۇندا ياغاچ ئورۇندۇق بار ئىدى. 1990 - يىللارغا قەدەر غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇنداق سۈزۈك سۇلار ئاقاتتى. ئاياللار ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئەكىرىپ تاماق ئېتەتتى. «سۇغا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆستەڭ بويىدا، دەريا بويىدا كىر يۇمايدۇ، ھەتتا سۇغا شاپاق تاشلىغان ئادەمنى كۆرسىمۇ ئاچچىقى كېلىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا سۇ باشتىن - ئاياغ پاكىز ھەم سۈزۈك ئاقىدۇ، سۇغا شەك كەلتۈرۈشكىمۇ ئورۇن يوق ئىدى. «سۇغا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دېگەن مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنىڭ كەينىدە زور ھېكمەت بار، مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە قانچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يازسىمۇ ئەرزىيدۇ. كېيىن ئادەملەر بۇلغاندى، سۇلارمۇ بۇلغاندى، شۇنىڭ بىلەن

«ئىسسىت سۇلار، بۇلغانغان سۇلار» دېگەن ناخشىمۇ چىقتى.

ھەربىر ئۆينىڭ كەينىدە ئېگىز گاز تۇڭى بار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دېھقانلار گاز تۇڭىنىڭ قانداق ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالىدىكەن. گاز شىركىتىنىڭ خادىملىرى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ، گېزى تۈگىگەن تۇڭىنىڭ ئورنىغا گازلىق تۇڭنى سەپلەپ تۇرىدىكەن. ئۆيلەردە ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇ دېگەنلەر ئوخشاشلا تەل ئىكەن.

مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەھەللىنى كېسىپ ئۆتكەن ئاسفالت يول قارىغايلىق تاغ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدىكەن. مەن بۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ باقتىم، يولدا مەندىن باشقا پىيادە ئادەم بولمىغاچقا، ماشىنىدا كېتىۋاتقانلار ماڭا قىزىقىپ قارايتتى. ئەجدادىمدىن ماڭا قالغىنى پىيادە يۈرۈش. مەن تېخىچە تارىخنىڭ پىيادىلەر يولىدا كېتىۋاتىمەن. ئەي شوپۇرلار، سىلەر ماڭا ھەيران بولساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ھەيران، لېكىن بىر - بىرىمىزنى ھەرگىز چۈشەنمەيمىز. يول بارغانسېرى خىلۋەت تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئورمانلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. خىلۋەت يەرلەرگە شۇنچە ئىنتىلسەممۇ، خىلۋەت يەرگە ھەقىقىي ئېرىشكىنىمدە، مېنى بىرئاز سۈر باسقاندەك بولدى. ئۆزۈمنى تەبىئەتكە قويۇپ باققىنىمدا تەبىئەتنىڭ ئالدىدا گاڭگىرىغاندەك بولۇپ قالدىم. ئورۇمچىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك، مەززىسىز ئالدىراشچىلىقىغا ماسلىشىپ كەتكەن مېڭەم بۇ جىمجىت تاغ ئارىسىدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەمدىلىكتە ئاۋاز مېڭەمنىڭ ئىچىدىن كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق، ئىچىمدىكى ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى تېشىمغا تېپىشكە باشلىدى. يوچۇن ئاۋازلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىراق ياپونىيەدىكى خىلۋەت زېمىنغا قويۇۋەتتىم، ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدىكى بىر كۆلچەككە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كۆلچەكتە ئادەم بىلمىگەندەك بېلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. كۈندىلىك تامىقىدا بېلىق گۆشىدىن ئايرىلالمايدىغان ياپونلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زېمىنىدا بۇ بىلىقلارنىڭ دەخلىسىز ياشاپ يۈرۈشى مەندە تەئەججۈپ قوزغايتتى. كىشىلەر بۇ بىلىقلارنى نېمىشقا تۇتۇپ يېمىگەندۇ؟ ۋەتىنىمىزدە بىلىقلارنىڭ بۇنداق تۈرۈپ قىلىشىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ كۆلچەك ۋەتىنىمىزدە بولغان بولسا، ئۇنىڭغا كىمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى توغرىسىدا بىر قاتار قورساق كۆپۈكى پەيدا بولغان بولاتتى.

بۇ يەردە كىشىلەر ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى ئالمىسا كېرەك. بىر چاغلاردا يېزا ئادەملىرىمىز ھەقەمسايىسىنىڭ بېغىدىكى ئۆرۈك، شاپتۇللارنىڭ شېخى ئۆزىنىڭ بېغىغا تۆكۈپ قويغان مېۋىلىرىنى تېرىپ، ھەقەمسايىسىگە ئەپچىقىپ بېرەتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن ياۋا مېۋىلەر ئۆزى تۆكۈلۈپ سېسىپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتە باققاللارنىڭ تارازىسىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلانساق، كۆپ ھالدا ئارتۇقچە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. كۆز كەلگەندە JAIST نىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە قىزىرىپ پىشقان ئاپېلسىنلار ۋە ئەبنۇسلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئېتىز - دالالاردا بولۇپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ ھويلىسىدىمۇ بىر - ئىككى تۈپتىن بولىدىكەن. بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھويلىسى قاشاسىز ياكى تامسىز بولىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئۈزۈۋالىدىغان ئادەم بولمايدىكەن، ئۇلارغا مەكتەپ بالىلىرىمۇ چېقىلمايدىكەن. مەنمۇ بىر جۇڭگولۇق بولغاچقا، بىر - ئىككى تال ئۈزۈپ يەپ باققۇم كەلدى. لېكىن بۇ يەر كىشىلىرىنىڭ ئېسىل ئادىتىگە خىيانەت قىلىشتىن خىجىل بولدۇم. ماگىزىنلارغا بارسىڭىز كىشىلەرنىڭ بەس - بەستە ئاپېلسىن ۋە ئەبنۇس سېتىۋالغىنىنى كۆرىسىز. ئەبنۇسلار شۇنچە قىممەت بولسىمۇ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىكى ئەبنۇسلارنى يېمەي، ماگىزىندىن سېتىۋالىدىكەن. ئۇلار ھويلىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى بىر خىل زىننەت قاتارىدا كۆرىدىكەن. قىش كېلىپ قار ياغقاندىمۇ، مېۋىلەر دەرەخلەردە شۇ پېتى تۇرىدىكەن. ئاپپاق قار قاپلىغان دالالاردىكى غۇژمەك - غۇژمەك ئاپېلسىنلار ۋە ئەبنۇسلارنىڭ قىزىرىپ

تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىڭىز، بۇ خىل گۈزەللىكنىڭ رىشتىسى يۈرىكىڭىزنى ئۆزىگە تارتماي قالمايدۇ. كىمدۇر بىرى گۈزەللىك تەرتىپتە، دېگەنىكەن، مەن بۇ گەپنى ئىجتىمائىي تەرتىپكە باغلاپمۇ چۈشەندىم. بۇ سۆزگە پاراللېل ھالدا گۈزەللىك ئىنسابتا، دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغۇم كېلىدۇ. دالادىكى ۋە ھويلىدىكى مېۋىلەر قىشچە قاردا تۇرۇپ سېسىپ كېتەتتى، بىر بولسا ئۆلارنى قاغا يەپ تۈگىتەتتى.

پۈتۈم تالغاندەك بولۇپ، بىر دۆڭگە چىقتىم ۋە بىر توپ قارىغاينىڭ ئاستىدا ئولتۇردۇم. قارىغايلارنىڭ شاخلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، زەڭگەر ئاسماننى شاخلارنىڭ ئاراچلىرىدىن تەستە كۆرگىلى بولاتتى. قېشىمدىكى يولدا ماشىنا شالاڭ ئىدى. ھەر ئون مىنۇت ئارىلىقىدا بىر ماشىنا ئۆتەتتى دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت شامالنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. يېقىنلا بىر يەردىن سۇنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، بەلكىم بۇ ئەتراپتا بىرەر شارقىراتما بولسا كېرەك. تەبىئەتتىن كېلىدىغان سادالار ئادەمدە مۇزىكىلىق سېزىم ئويغىتىدۇ، شۇڭا ئورمان، يايلاق، تاغ، دېڭىز، ئېكىنزارلار ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىگە ھاۋالە قىلغان، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىغا يارىشا تىل ۋە رىتىمنى بەرپا قىلغان. ئالدىمدىكى ھەربىر مەۋجۇت نەرسە بىر چالغۇ، شامال زەخمەك ياكى كامالچە، تەبىئەت سازەندە. شۇ تاپتا كومپوزىتور بولغان بولسام، «گىياھلار تىلى» دېگەن بىر سىمفونىيەنى ئىجاد قىلغان بولاتتىم.

كۈن غەربىي ئۈپۈققا يېقىنلاشقانسېرى ئورماندىكى قاراڭغۇلۇق قويۇقلىشىشقا باشلىدى، بەدىنىممۇ ئورماننىڭ نەم ھاۋاسىدا سوۋۇشقا باشلىدى. بىردىنلا ئوكۇچى مەھەللىسىدە ئىككى قەۋەتلىك ئۆيۈمنىڭ بولۇشىنى خالاپ قالدىم. چۈنكى بۇ مەھەللە مۇشۇنداق جىمجىت ئورمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، تىنچ مۇھىتى مەندەك شېئىر ئىخلاسمەنى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك

ئىدى. خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئېيىقلار بۇ ئەتراپتىكى مەھەللىلەرگە كېلىپ قالىدىكەن، بەزىلەر تاغدا ياۋا كۆكتات يىغقۇچە ئېيىققا ئۇچراپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەرمىش. مەن بۇ مۇھىتقا قاراپ بۇنداق ئىشنىڭ تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم.

مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم. ئىككى يېنىم ئورمان. ئوكۇچى مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ بولۇپ كەينىمگە قارىدىم، ئوكۇچىنىڭ ئۆيلىرى قويۇق يېشىللىق ئىچىدە تىمتاس تۇراتتى. بۇ هال ياپونىيە پەيلاسوپى تاكېشى ئومېخارانىڭ ياپونىيە مەدەنىيىتى، ئورمان مەدەنىيىتى، دېگەن سۆزىنى يادىمغا سالدى. «ياپونىيە زېمىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئورمان بىلەن قاپلانغان، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 40% ىنى تەبىئىي ئورمان تەشكىل قىلىدۇ. هازىرقى سانائەت چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ ئورمان كۆلىمى بۇنچىلىك چوڭ نىسبەتكە يەتمەيدۇ، پەقەت ياپونىيەلا شۇنداق» دەيدۇ تاكېشى ئومېخارا. ئېيتقىنىدەك، ياپونىيە زېمىنىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 70% تىن ئارتۇق. لېكىن ئۇلار ئورمانلارنى كەسمەيدىكەن، پەقەت زىيادە قويۇق بولۇپ كەتكەن ئورمانلارنى شالاڭلىتىپ پەرۋىش قىلىش يۈزىسىدىن كېسىدىكەن. قارىسىڭىز، ياپونلار ياغاچ جابدۇقلارنى كۆپ ئىشلىتىدۇ، ئۇلار ياغاچ ماتېرىياللىرىنى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونى ۋە رۇسىيەنىڭ سىبىرىيە رايونىدىن كىرگۈزىدىكەن.

ياپونىيەنىڭ هاۋاسى نەم ئىسسىق بولغاچقا، هەممە يەردە يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ تۇرىدىكەن، يەرگە ياتقۇزۇلغان كاهىشلارنىڭ ئاراچلىرىدىن چىققان ئۆسۈملۈكلەرمۇ خېلى ئېگىز ئۆسۈپ كېتىدىكەن. مانا، بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپنىڭ چۆرىسى ياپيېشىل ئورمان، ياپيېشىل ئوت - چۆپ، ئىشىكتىن چىقىشىڭىز بىلەنلا بۇرنىڭىزغا ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلىدۇ.

ئوكۇچى بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپنىڭ بىقىنىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرى. مەكتەپنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مىياتاكى (宫竹) دەپ بىر كەنت

بار. ئۇ يەرگە كۆپرەك باراتتىم. قۇلىقىمغا تىڭشىغۇچنى تىقىۋېلىپ ئىنگلىزچە دىيالوگلارنى ئاڭلىغاچ مىياتاكېنىڭ ماگىزىنلىرى ۋە ئېتىز بويلىرىنى ئارىلاپ كېلەتتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېتەتتى.

مەكتەپتىن مىياتاكېغا بارىدىغان يوللار كۆپ ئىدى. ئالىي تېخنىكا مەركىزىنىڭ كەينىدىكى چىملىقنىڭ يېنىدىكى يول ئىككىگە ئايرىلاتتى: بىرى، سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ ناگاتاكى دېگەن مەھەللىگە تۇتىشاتتى، بۇ يول بىلەنمۇ ناگاتاكىغا كىرمەيلا مىياتاكېغا بارغىلى بولاتتى. يەنە بىرى، ئۇدۇللا مىياتاكېغا ئېلىپ باراتتى. مەن مىياتاكې ئارقىلىق ناگاتاكې تەرەپكە ياكى ناگاتاكې ئارقىلىق مىياتاكې تەرەپكە ئۆتەتتىم، كۆڭلۈم قانداق قىلىشنى خالىسا، شۇنداق قىلاتتىم.

بۇ يوللار ناھايىتى تىنچ ئىدى. ياندىكى تاش ئۆستەڭنىڭ قويما تاشلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان ئۆسۈملۈكلەر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يېقىنلا قارىغايزارنىڭ ئىچى بەئەينى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن قەدىمىي ئورمانلاردەك خىلۋەت ھەم سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. ناگاتاكىغا بارىدىغان بۇ يول رېمونت قىلىنىۋاتاتتى. مەن نېمىشقىدۇر بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتالمىدىم. بۇ يەرلەردە يول ياسىسا پۈتۈن يولنى توسۇۋەتمەيدىكەن، بەلكى تەخمىنەن 20 مېتىر ئارىلىقنىڭ بىر تەرىپىنى توسۇپ تۇرۇپ رېمونت قىلىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن قالغان قىسمىغا يۆتكىلىپ ئىشلەشكە باشلايدىكەن، بۇنداق بولغاندا قاتناشلارغىمۇ تەسىر يېتىپ كەتمەيدىكەن. يول شۇ يولدا ماڭغۇچىلار ئۈچۈن ئاپىرىدە بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ خاھىشى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. يول ياسىغۇچىلارنىڭ بۇ خىل خىزمەت ئۇسۇلى ماڭا ياردى.

مىياتاكېغا بارىدىغان ئىككى يولنىڭ قاسىنىقىدا گۈللەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، يولغا خىيابان تۈس بەرگەنىدى. بۇ يوللاردىن ئۆتكۈچە بەزىدە يىلان ئۇچراپ قالاتتى. يىلان ئالدىراپ ـ تېنەپ

www.uyghurkitap.com

يولنىڭ چېتىدىكى چاتقالغا ئۆزىنى ئالاتتى. بىر قېتىم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىدا بېسىلىپ ئۆلۈپ قالغان يىلاننى ئۇچرىتىپ، تېنىم شۈركۈنگەنىدى. يىلاندىنمۇ خېلى قان چىقسا كېرەك، ئۆلگەن يىلاننىڭ قان داغلىرى يوغانلا يەردە قېتىپ قالغانىدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ، پەسكە چۈشكۈچە سول تەرەپتە بىر چىملىق مەيدان بولۇپ، ئۇ يەردە مىياتاكېنىڭ دېھقانلىرى گولف توپ ئوينايدىكەن. ئۇلار پىكاپلىرىنى بىر چەتتە توختىتىپ قويۇپ توپ ئويىنىشىدىكەن. ئويۇن تۈگىگەندە پىكاپلىرى بىلەن قايتىشىدىكەن.

دۆڭنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە قەبرىستان بار ئىدى، ياپونلار قەبرىگىمۇ ئالاھىدە ئىشلەيدىكەن، قەبرە ۋە ئابىدىلەر مەرمەر تاشتىن ياسىلىدىكەن. بەزى قەبرىلەرگە ئاۋالوكىسۇۋارا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. قەبرىلەر رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك مەرمەر تاشلار بۇ يەرنىڭ جىمجىت مۇھىتىغا سەلتەنەتلىك كەيپىيات بەخش ئېتەتتى. بۇنداق قەبرىستان ھەربىر مەھەللىدە بىردىن بولىدىكەن. پەن - تېخنىكىسى يۈكسەلگەن بىر مىللەتمۇ ئۆزلىرى بىلەن باقىي ئالەمگە كەتكەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلمەي قالمىغان. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەن قېرىنداشلىرىغا ئۆز دىنى بەلگىلەپ بەرگەن يوسۇنلار بويىچە يېقىنچىلىق قىلىپ تۇرىدىكەن. قارىغاندا، ئۇلار ئەرۋاھلارنىڭ ئالدىدا مەن ماتېرىيالىست دەپ تۇرۇۋالمىسا كېرەك. ئىنسان روھ ئىگىسى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى بىلىشكە كەلگەندە بەكمۇ ئاجىز. ياپونلار مەنپەئەت ئالدىدا ماتېرىيالىست، قەبرە ئالدىدا روھانىي ئىكەن. ئۇلارنىڭ روھانىيلىقى دىنىي ھايات ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان مىللەتلەرنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىكەن.

ئاشۇ يوللاردا كۆپ ماڭدىم. ھەر قېتىم ئۆتكىنىمدە قەبرىستانغا سەپسالىمەن. قەبرىگە قويۇلغان گۈللەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ياپونلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ناھايىتى تېز،

ئادەتتە يول ياقىسىدا 5 ~ 10 مىنۇت تۇرۇپ پاراڭلىشىپ قالغان ياپوننى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار يېڭى گۈلدەستىلەرنى تىزىپ قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا چوقۇم ۋاقىت چىقىرىدىكەن. كېسەل يوقلاش، مېيىت نامىزىغا قاتنىشىش، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش بىزدەك مۇسۇلمان مىللەتلەردىمۇ تەكىتلىنىپ تۇرىدىغان سۈننەتلەردۇر. كىشىلەر بۇلار ئارقىلىق ھاياتنىڭ چېكى، ئىنساب، ھىدايەت ھەققىدە تەربىيەلىنىپ تۇرىدۇ. ياپونلارمۇ قەبرە يوقلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پانىي ھاياتىنىڭ چېكىنى تەقلىدىي رەۋىشتە بويلاپ، ئەرۋاھلار بىلەن سىردىشىپ تۇرىدىكەن. دەرۋەقە، ئۆزىنىڭ پانىي ھاياتىنىڭ چېكى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە ئويلىنىپ باقمىغان ئادەملەرنى جاھالەت بەندىسى دېيىش كېرەك. قەبرىستاننىڭ بىر تەرىپىدە مەخسۇس ماشىنا توختايدىغان مەيدان بولىدىكەن. ئوڭ تەرەپتىكى قەبرىستاننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر گىرانىت تاش تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «تىنچلىق قەبرىستانى» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇرۇش توختىغان كۈننى خاتىرىلىشىپ، مۇشۇ مەيداندا پائالىيەت ئۆتكۈزىدىكەن.

بۇ يەردىن ئازراق ئۆتۈپ پەسكە چۈشكەندە سۇپسۈزۈك بىر ئېقىننىڭ بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كونا بىر ئىبادەتخانا كۆزگە چېلىقىدۇ. مەن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ كۆرگەنىدىم. ئىبادەتخانا تاملىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەيكەللەر، ھەتتا ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىمۇ تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى يېشىل موخ قاپلاپ كەتكەنىدى. ئىبادەتخانىدىكى جىمجىتلىق ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. ياندىكى دۆڭلۈكتىكى كاداڭ قارىغايلارنىڭ قاراڭغۇ سايىسى ۋە سۇنىڭ سالقىن ھاۋاسى بىرلىشىپ كىشىنى توڭدۇراتتى. ھويلىدا كىچىك يېشىل پاقىلار سەكرىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلاردىكى مەسۇملۇق يالىڭاچ ھالدا ئۆملەۋاتقان بالىلاردىكى يېقىملىقلىقنى ئەسلىتەتتى. بۇ يەردىمۇ ئىبادەتخانا بىلەن قەبرىستان بىر يەردە بولامدۇ ـ يوق؟ باشقا جايلاردىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىرنېمە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا مازار، مەسچىت ۋە مەدرىسەلەر ئۆزئارا تۇتاش بولىدۇ. ئىبادەت، مەرپەت ۋە ئاخىرەت تۇيغۇلىرىنىڭ بىر تۇتاشلىقى ئادەمنى ھاياتنىڭ ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەپەككۇرغا ئۈندەپ تۇرىدۇ. بىراق بۇنداق قۇرۇلما بىزدە يىمىرىلىشكە باشلىدى. ئەمدى قەبرىلەرنىڭ ئورنىغا رېستوران، شىركەت ۋە مېھمانخانىلارنىڭ سېلىنغانلىقىدىن ئۈنۈم ھېس قىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئىستېمال جەمئىيىتىنىڭ پۇقراسى دەپ ئىپتىخار بىلەن سانايدىغان بولدۇق.

مىياتاكى، تسۇرۇگى، كانازاۋا ئارىلىقلىرىدا خېلى قاتنىدىم، خېلى كۆپ قەبرىستاننى يولۇقتۇردۇم. ئاۋات ئولتۇراق بىنالار، سودا سارايلىرى ئارىسىدا تۇرغان قەبرىستانلارنى كۆردۈم. ياپونلار بۇ قەبرىستانلارنى تۈزلۈۋەتمەپتۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى شەھەر قىياپىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. شىددەتلىك تۇرمۇش رىقابىتى ئىگىلىگەن ئاۋات كوچىلارنىڭ بويىدىكى قەبرىستان گويا ئاڭلانماس بىر ئاۋازدا «تىرىكچىلىكنىڭ چېكى بار، ھەممە ئىشنىڭ چېكى بار، ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار» دەپ توۋلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغانلار شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئىچىدە ھامان بولىدۇ. بىر شەھەر بىر مىللەتنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ماددىي دەلىلى بولۇپ، بۇنداق دەلىللىك ئۇزاق تارىختا ئىگە مىللىي شەھەرلەردە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق شەھەرلەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى سۇبيېكتىپ تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويسا، ئۇنداق دەلىللىك ئۆزىنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر تارىختا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولىدۇ. بۇ تارىختا ھېلىقى مىللىي دۇنيا قاراشنىڭ ئالامەتلىرى تەدرىجىي سۇسلىشىشقا باشلايدۇ. ياپونىيە شەھەرلىرىدىكى ئىچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بارنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئۈستىگە قۇرۇلغان ساپ مىللىيەت قۇرۇلۇشى بولغاچقا، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئىچىنىشلىق دەرىجىدە توقۇنۇشۇپ قالمىغان.

مىياتاكى چىرايلىق، جىمجىت بىر كەنت. بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دوپپىدەك ھويلىلىرىنى گۈل - گىياھلار بىلەن بېزەپ، ئارىسىغا يىلانباغرى كىچىك تاشيول ياساپ قويىدىكەن. بۇ يولدا بىر ئادەم بەخۇدۇك ماڭالايدۇ، تېخى ئۇنىڭدا سۇنئىي تاغ، بىر - ئىككى تۈپ مېۋىلىك دەرەخمۇ بار. ئادەتتە، بۇنداق ھويلىلار مەخسۇس ئۇستىلار تەرىپىدىن لايىھەلىنىدىكەن. مىياتاكىنىڭ ئېتىزلىرىغا بىر بولسا شال، بىر بولسا پۇرچاق ۋە كۆكتاتلار تېرىلىدىكەن. كەنتتە سۇ مول بولۇپ، سۇ ئىنشائاتلىرىمۇ ناھايىتى قولايلىق ياسالغان، كەتمەن كۆتۈرۈپ، لاي ئېلىپ يۈرىدىغان سۇغىرىش ئىشلىرى بۇ يەردە يوق ئىكەن. ئېتىزلارنىڭ ئەتراپىدا ماشىنا ماڭالىغۇدەك ئاسفالت يوللار بار. ئەتراپتىكى ئۆيلەر ئىككى - ئۈچ قەۋەتتىن سېلىنغان، ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككى - ئۈچتىن پىكاپ. مېنىڭچە، بۇ دېھقانلار بۇنداق ئىنتايىن چەكلىك دېھقانچىلىقتا تايىنىپ ئۇ دەرىجىدە بېيىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن پەرقسىزدەك قىلاتتى. ئۇلار كېرەكلىك بولغان ھەرقانداق تۇرمۇش مەنقۇلاتىغا شەھەرلىكلەر بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە ئېرىشكەندى. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيە ئىقتىسادى تېز كۆتۈرۈلۈپ 1980 - يىللارغا كەلگەندە دۇنيادىكى كۈچلۈك سانائەت دۆلىتى سۈپىتىدە ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان. ياپونىيە 1980 - يىللارنىڭ بېشىدىلا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەڭ كۆپ ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان. 1989 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن كىرىم پۇقرالارنىڭ يىللىق دارامىتى (GNP) نىڭ 2% ىنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەن. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 6.4 ىنى ئىگىلىگەن (ئوسامۇ سودا: «يېزا ئىلمى نەزەرىيەلىرى»). يەنە بىر قىسىم ماتېرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 3% ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ياپونىيە ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىكىنى قوغدايدىغان ئالاھىدە سىياسەتلەرنى چىقارغان.

ئېتىمىزلارنىڭ چۆرىسىدە ئاندا ـ مۇندا ئەنجۈر بار ئىدى. ئەنجۈرلەر پىشىپ، خالتىلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنى يەيدىغان ئادەم يوقتەك قىلاتتى. بۇ خىل ئەنجۈرلەرنى ماگىزىندىن سېتىۋېلىپ يەپ باقتىم، تەمى بىزنىڭ بەشكېرەمنىڭ ئەنجۈرىگە يەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەنجۈر يېگەندەك بولدۇم. كىچىكىمدىن تارتىپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق ھەققىدە بېرىلگەن تەربىيە تۇرمۇش ئەقىدەمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمدىن قالغان ئۆلمەس تەربىيەۋى ھېكمەت ئىدى. بۇ ھېكمەت ھېچقاچان يۈزۈمنى سۆرۈن قىلمىدى. ئەگەر بۇ خىل روھىي توقچىلىق بولمىغان بولسا، بۇ ئەتراپتىكى قارا ئەنجۈرلەر ۋە ساپسېرىق ئەبنۇسلار مەھەللىنىڭ زىننىتى بولۇپ تۇرماس ئىدى. ۋاھالەنكى، روھىي توقچىلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەربىيەنىڭ مەھسۇلى.

بىر ئىت تەربىيەلىگۈچى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا سەل سوۋۇشقا باشلىغاندا ئىتلىرىنى موتوسىكلىتىغا باغلاپ يۈگۈرتۈپ، شامالدىتاتتى. ئۇنىڭ قورۇسىدا ھەر خىل ئىت بار ئىدى. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە، بۇ ئىتلار بەس ـ بەس بىلەن قاۋىشىپ، مەھەللىنى بىر ئالاتتى. ئۇلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىتلار بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئىتلارغا تامامەن ئوخشايدىكەن، بىراق تۇرمۇشى ئوخشىمايدىكەن. ياپونىيەدىكى ئىتلارنىڭ تۇرالغۇلىرى بىزنىڭ ئىتلارنىڭكىدىن كۆپ پاكىز ئىكەن. ياپونىيەنىڭ بازارلىرىدا مەخسۇس ئىت ئۈچۈن تىككەن كاستۇملارمۇ سېتىلىدىكەن، ھەتتا مىڭ يوەن خەلق (جۇڭگو) پۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئىت كاستۇملىرىمۇ بولىدىكەن. مېنىڭچە، بىزنىڭ دېھقانلاردىن بۇنداق قىممەت باھادىكى كاستۇمنى كىيەلەيدىغانلىرى يوق ھېسابتا.

بىر كۈنى تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراپ تۇرسام، بىر مۇخبىر بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسىدىن:

ــ ئائىلەڭلاردا قانچە نوپۇس بار؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ئالتە نوپۇس.
ــ ئۇلار...

جاۋاب بەرگۈچى ئىتنىمۇ قوشۇپ سانىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بەش ئادەم بار ئىكەن. لېكىن ئۇ ئىتنى ئادەمدىن غەيرىي مەخلۇق سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەندى. مانا بۇ بىر ياپونىنىڭ نەزىرىدىكى ئىتنىڭ ئورنى ئىدى. ياپونىيە بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئىتنى يۇيۇندۇرىدىغان ۋاننىلار، ئىتنىڭ تەرەتخانىلىرى، ھەتتا ئىتنىڭ كاتتا ئارامگاھلىرى بولىدىكەن. بۇ ئىتلار ئۆپكىسىنى كېرىپ قاۋاپ بەرمىسىمۇ، ھۆرمىتى شۇنچە يۇقىرى ئىكەن، پەقەت غوجايىنىغا ئەرمەك بولۇپ بەرسىلا بولىدىكەن. كۆڭلى ـ كۆكسى توق غوجايىنلار ئۆزلىرىنىڭ مەخلۇقلىرىغىمۇ شۇ قەدەر ھىممەت كۆرسىتىدىكەن.

بايى دۆلەتلەرنىڭ پۇلدارلىرى ئادەمدىن بەكرەك ئىتقا ھېرىس بولىدىكەن. ئۇ دۆلەتلەردە مۈشۈك ۋە باشقا ھايۋانلارنى خورلاش ئەھۋاللىرى ناھايىتى چوڭ دېلو سۈپىتىدە گېزىت ـ ژۇرنال ۋە تېلېۋىزىيەلەردە داۋراڭ قىلىنىدىكەن. ئۇقۇرمەنلەرگە ھايۋانلارنى ئەتىۋارلاش خۇسۇسىدىكى تېپىك بىر ئاخباراتنى تەقدىم قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. 2003 ـ يىلى 30 ـ يانۋاردا http://news·sina·com·cn دا مۇنداق بىر خەۋەرنى كۆردۈم:

## ياۋروپا بىرلەشمىسى دېھقانلاردىن چوشقىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى «بەختلىك» قىلىشنى تەلەپ قىلدى

يېقىندا ياۋروپا بىرلەشمىسى غەلىتە بىر قارار چىقاردى. قارارد دېھقانلار بۇنىڭدىن كېيىن چوشقا قوتىنىدىكى چوشقىلارغا ئوينايدىغان ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى قامىلىدۇ. سەۋەب شۇكى، ياۋروپا بىرلەشمىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قارىشىچە، چوشقىلارمۇ خۇشال ـ خۇرام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ياشىشى كېرەك.

## چوشقا كۆچۈكى توپ تېپىشنى ئۆگەنمەكچى

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ قارارنى كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ ئىجرا قىلماقچى. مۇھىت، ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى ۋازارىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ دېيىشىچە، دېھقان دوستلار چوشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، چۈنكى چوشقا زېرەك ھايۋان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ دوستى، ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۆڭۈللۈك قىلىپ بېرىش مەسئۇلىيىتى بار.

ئىگىلىشىمىزچە، چوشقىلار ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان ئويۇنچۇقلار «ۋاسكېتبول»، «پۇتبول» بولىدىكەن: بۇرنى بىلەن ئوينايدىغىنى «ۋاسكېتبول»، پۇتى بىلەن ئوينايدىغىنى «پۇتبول» ئىكەنمىش. ئەنگلىيە دائىرىلىرى دېھقانلارغا توپلارنىڭ رەڭگىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. «بولمىسا چوشقىلار زېرىكىپ قالىدىكەن.»

يەنە بەزىلەر چوشقا قوتىنىغا زەنجىر ئېسىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندا، چوشقىلار زەنجىرنى بۇرنى بىلەن ئوينىيالايدۇ.

## قانۇنغا رىئايە قىلمىسا تۈرمىگە كىرىشى مۇمكىن

يېڭى بەلگىلىمىگە ھەرگىز سەل قارىماڭلار. ئەگەر دېھقانلار بۇنىڭغا سەل قارىسا مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر ئۇلارغا مىڭ فوند جەرىمانە قويىدۇ ياكى ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسى بېرىدۇ. ئومۇمىي دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرىدىغان نېۋىل مىڭ بۇ خىل جازانىڭ تەمىنى دەسلەپكى قەدەمدە تېتىدى. بۇ غوجايىن يەرلىك يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەگەر ئۇ

64 چوشقا قوتىنىغا ئويۇنچۇق قويمىسا، ئۇنىڭ چوشقىلارغا ماركا چاپلاپ سېتىش ھوقۇقى بىكار قىلىنىدۇ.

## چوشقىلار ئويۇنچۇق ئېيىقنى تالاشماقتا

مىك ئىلاجسىز ھالدا مۇخبىرلارغا شۇنى ئېيتتىكى، ئۇ چوشقىلارغا ئويۇنچۇقلارنى قانداق ئېلىش كېرەكلىكىنى تامامەن بىلمەيدىكەن. تۈنۈگۈن ئۇ چوشقا قوتىنىغا بىر سولياۋ ئايروپىلان بىلەن بىر تىۋىتىلىق ئويۇنچۇق ئېيىقنى قويۇپ قويسا، چوشقا كۈچۈكلىرى قىزىقىپ ئۇلارنى ئورىۋېلىشقان. ئۇلار ئېيىقچاقنى چىشلەپ تارتىپ، ئىككى مىنۇت ئىچىدىلا يۈزىنى يىرتىۋەتكەن. مىك مۇنداق دېدى: «قارىغاندا، پۈختىراق ئويۇنچۇق ئالسام بولغۇدەك». مىك «دېھقانلار ھەپتىلىكى» ژۇرنىلىغا قاقشاپ تۇرۇپ مۇنداق خەت يازغان: «ھەربىر قوتانغا بىردىن توپ ئالسام يېتەرلىكمۇ، ئەمەسمۇ، بىلمىدىم. 20 چوشقا بىر توپنى تالاشسا، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟!»

ئەنگلىيە مال دوختۇرلىرى جەمئىيىتى چوشقا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق دېگەن: «چوشقىلارنىڭ بىر - بىرىنى چىشلەيدىغان ئادىتى بار، بۇ ئۇلارنىڭ قۇلاق ۋە قۇيرۇقلىرىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە زىيانلىق. ئەگەر چىشلەيدىغان ئويۇنچۇق بېرىلسە، چوشقىلار بىر - بىرىنى چىشلىمەسلىكى مۇمكىن. چوشقىلارغا يەنە پۇرۇپكا، پونتون ۋە سولياۋ نەيچىلەر ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك» (ئۈۋخەن).

بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئاچ - يالىڭاچ باللار، تۇرمىلەردىكى مەھبۇسلار، پاسكىنا سۇ ئىچىشكە مەجبۇر بولغان دېھقانلار، بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ يەۋاتقان باللار ئېسىمدىن كەچتى. ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئىگراپ ياتقان ئانىلار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش داغلىرى، باللىرىغا كۆزى قىيماي جان بەرگەن ئانىلارنىڭ ئوچۇق كۆزلىرى، بۇلاپ كېتىلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوغرىلىقىقا سېلىنىۋاتقان ئۆسمۈرلەر، بىچارە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان باللىرى، ئافغانىستان قىشلاقلىرىدىكى پاناھسىز باللار بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىنمۇ تالاي قېتىم كۆرگەنىدۇق.

بۈگۈنكى دۇنيا قارا يۇمۇرغا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆلكە كۆلكە ئەمەس، پەقەت يىغلا يىغىغا ئوخشايدۇ.

مىياتاكېيدىكى ماگىزىنلارغا كىرسىڭىز، تۇرمۇشتا لازىملىق ھەممە نەرسىنى تېپىش بىلەن بىللە، مەخسۇس مۇشۇكلەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆلچەملىك يېمەكلىكلەرنى كۆرىسىز. بۇ يېمەكلىكلەر بېلىق ۋە ئاللىقانداق نەرسىلەردىن ياسالغان. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى بىخەتەرلىك ۋە پاكىزلىق جەھەتتىن پۇختا كاپالەتلەندۈرۈلگەنىدى. ئىت ـ مۇشۇكلەرنىڭ يېمىكى قاتارىدا گازىرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئادەم يەيدىغان گازىرنى شۆپۈكسىزلەپ تەييارلايدىكەن. مۇشۇكلەرنىڭ گازىرى شۆپۈكى بىلەن بولىدىكەن. بۇنى كۆرۈپ سائەت ـ سائەتلەپ گازىر چاقىدىغان كىشىلىرىمىز يادىمغا كەلدى.

ئادەتتە دالا ساياھىتىگە چىققاندا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر، ئوتۇن قاتارلىقلار ماركىلاشتۇرۇپ ماگىزىنغا سېلىنىدىكەن. گازلارمۇ كوكاكولا (Cocacola)قۇتىسىغا ئوخشاش قۇتىلارغا ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ قاچىلانغان. ئىشقىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ھاجىتىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ، چىرايلىق ئورالغان ھالدا ماگىزىنلاردىن ئورۇن ئالغانىدى.

مۇشۇنداق چەت يېزىنىڭ كىچىككىنە ماگىزىنلىرىغىمۇ كىتاب ـ ژۇرناللار سېلىنغان بولىدىكەن. بىر چەتتە 18 ياشتىن تۆۋەنلەر كۆرۈشكە بولمايدىغان ژۇرناللار قويۇلىدىكەن، ئۇ يەرگە «18 ياشتىن تۆۋەن باللار كۆرۈشكە بولمايدۇ» دەپ ئوچۇق يېزىپ قويىدىكەن. بۇ خىل ژۇرناللاردا جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت مەزمۇنلار ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىنىدىكەن. مەلۇم شەھەر، مەلۇم رايوندىكى كەسپىي پاھىشىلەرنىڭ فوتو سۈرىتى، مىجەز ـ خۇلقى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى

ئېلىشتىكى ئۇسلۇبلىرى تونۇشتۇرۇلىدىكەن. ئادەتتە، 20 ياشتىن تۆۋەن ياشتىكى باللارغا هاراق، تاماكا سېتىلمايدىكەن، ئاپتوماتىك سېتىۋېلىش قۇرۇلمىسىغىمۇ يېشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كارتىنى سالمىغۇچە ئۇنىڭدىن بىرنەرسە ئالغىلى بولمايدىكەن. بۇ دۆلەتتە ماشىنا ئوموملاشقان بولغاچقا، پىراۋا خۇددى بىزنىڭ كىملىكىمىزدەك ئىناۋەتكە سازاۋەر ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئاپتوماتىك سېتىۋېلىش قۇرۇلمىسىغا پىراۋىسىنى تونۇتىدىكەن. ماگىزىن ۋە كىتابخانىلاردا باللار يىگىرمە مىڭ يېن (تەخمىنەن 1400 يۈەن خەلق پۇلى) دىن ئارتۇق پۇل خەجلىمەكچى بولسا، ئۇلارغا ئاتا ـ ئانىسى شاهىت بولۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ پۇلغا ياپونىيە ئىستېمال سەۋىيەسى شارائىتىدا ئېسىل تاۋۇزدىن ئۈچ ـ تۆتنى كېلىدۇ. ئىستېمال جەھەتتىن بۇ ئۈرۈمچى شارائىتىدىكى 15 ~ 20 يۈەنلىك تاۋۇز ئىستېمالىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئەگەر يىگىرمە مىڭ يېن ياپون پۇلغا كىتاب ئېلىشقا توغرا كەلسە، 10 ~ 15 پارچە باللار كىتابچىسى كېلىدۇ. بىراق كىتابخانا خادىملىرىمۇ ئۇنچىلىك پۇل خەجلىمەكچى بولغان باللاردىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇ پۇل باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاپچۇقىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىنىۋالغان پۇلمۇ ياكى ئۇلارغا باشقا يوللار بىلەن كېلەمدۇ؟ ئىشقىلىپ، باللارغا ئۇنداق سەگەك مۇئامىلە قىلىش پۇل خەجلەشنى ساغلام ئەخلاقىي ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدى. باللار ئادەتتە ئىشلەپ پۇل تاپمايدۇ، دېمەك، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كىرىم مەنبەسى يوق، بۇنداق ئەھۋالدا يىگىرمە مىڭ يېن پۇلنىڭ بىر بالىنىڭ ئالىقىنىدا بولۇشى نورمال ئىشقا كىرىپ كەتمەيتتى.

مىياتاكې مەھەللىلىرىنى ئارىلاۋېتىپ ئادەتتىكى تېلېفونلاردىن پەسرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېفونلارنى چېلىقتۇراتتىم، بۇ تېلېفونلارغا باللارنىڭ بويى يېتەتتى. بۇلار باللار ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش تېلېفونلىرى بولۇپ، باللار ھوقۇقى بىراۋلار تەرىپىدىن دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىسا، ئاشۇ تېلېفونلار ئارقىلىق ئەھۋال مەلۇم قىلسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكلىرى www.uyghurkitap.com

بولاتتى. لۇ شۇننىڭ «باللارنى قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن سۆزىنى ياپونلار بەكرەك ئاڭلىغاندەك تۇراتتى. مەن ئاشۇ باللار تېلېفونلىرىغا قاراپ ياپون خەلقىنىڭ بىر ئىشلارنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئويلىنىشتا دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتكە قارىغاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. ئىشلار بىيۇروكراتلارنىڭ قارارى بويىچە ئەمەس، بەلكى خەلق ئىچىدىكى ئاقىللارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشىنى چىقىش قىلغان مەسلىھەتلىرى ئاساسىدا ھەقلىقلەشتۈرۈلگەن جەمئىيەتتە يامان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئاز بولىدۇ.

ھەربىر مەھەللىدە ئىلەڭگۈچ، سىيرىلغۇچ، لىڭگىرتاقتاق، ياماشقۇچ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك بىر مەيدان بولىدىكەن. مىياتاكىدىمۇ ئاشۇنداق مەيداندىن بىرى بار ئىدى. ياپونىيەنىڭ ھەربىر ئولتۇراق رايونىدا كىشىلەر پائالىيەت قىلىدىغان ئاممىۋى سورۇنلار ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن، شۇنداق بولغاچقىمۇ، مىياتاكىدىكى بۇ كىچىككىنە چىملىق مەيداندا ئوينايدىغان باللارنى كەمدىن ـ كەم كۆرگىلى بولاتتى. مەن دەم ئېلىش كۈنلىرىدە باللىرىمنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئويىنىتىپ كېتەتتىم. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە سۇپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى، چىرايلىق باراڭغا ياماشقان قولماق ياخشى بىر سايىۋەن ئىدى. سايىدە پاراللېل ياندىشتۇرۇپ ئورنىتىلغان ياغاچ ئورۇندۇق بولۇپ، باللىرىم ئويۇنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچە ئەنە شۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يېتەرلىك خىيال سۈرۈۋالاتتىم. مەيداندىكى مۇشۇكئېيىق، بۆغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەيكەللىرى ئۆلارنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگىدە سىرلاپ قويۇلغانىدى.

مىياتاكىنى تالاي ئارىلاپ چىققاندىمەن، ئىشىك ئالدىدا گەپلىشىپ ئولتۇرغان ئاياللارنى، قارتا ياكى شاھمات ئويناپ ئولتۇرغان ئەرلەرنى زىنھار كۆرگىلى بولمايتتى، ھەتتا چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن كەپسىز باللارنىمۇ ئۇچراتقىلى

بولمايتتى. بىر قارىسا بۇ مەھەللە ھوشىدىن كەتكەندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئاياللار ۋە باللارنىڭ چۇقانلىرى، ئىشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، بالىلارنىڭ سۇغا چۆمۈلۈشلىرى كەبى ھادىسە ۋە قىياپەتلەر پەقەت ئۇيغۇر يېزىلىرىغىلا مەنسۇپ ئالامەتلەر ئىدى. بۇنداق چاغدا ئاشۇ توپىلىق، لېكىن جانلىق ئۇيغۇر سەھرالىرىغا قانات ياساپ ئۇچقۇم كېلىپ كېتىدۇ. كۆز ئالدىمدىكى مىياتاكى پاكىز، باياشات، خاتىرجەم ئىدى، لېكىن كۆڭۈللۈك بىر مەنزىرىنى كۆرۈش تەس ئىدى. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بۇنچىلىك پاكىزلىق ۋە ئەلۋەكچىلىك يوق، دېھقانلارنىڭ كاللىسىدا غەم، ئايىغى چىقماس ئىغىر ئەمگەك ئۇلارنى ئالدىغا سېلىۋالغان. لېكىن ئادەملەرنىڭ توپا چىرايىدا بىر خىل توقلۇق ۋە شوخلۇق بار، ھاياتنىڭ بۇنداق مۆجىزىسى بولمىغان بولسا ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇشكۈل بولغان بولاتتى. ھاياتنىڭ قۇدرىتى ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ چۇشكۇن شارائىتتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شەھەرلىكلەرنىڭ پۇتلىرى شوخا كىرىپ كەتسە يىرىڭداپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىق زاغرىسىدەك يېرىلىپ كەتكەن تاپانلىرى شۇ قەدەر بېجىرىمكى، يەرگە بازغاندەك مەزمۇت دەسسەيدۇ، ئۇچلۇق ئېگىزلار ۋە ئوغرىتىكەنلەر دېھقاننىڭ ئايىغى ئاستىدا مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ يېزىلىرىمىز ئەنە شۇنداق پۇتقا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

لېكىن پاكىت شۇ: مىياتاكى جىمجىت، پاكىز، باياشات، خاتىرجەم بىر كەنت، بەلكىم بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ رىزقىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش مەقسىتىدە قىر ئاتلاپ يىراقلارغا كېتىشكەندۇ. يېزا ياپونىيە دېھقانلىرىنى ئۆزگە باغلاپ تۇرىدىغان قورۇق ئەمەس ئىدى، دېھقانلار پۇرسەت ئىزدەپ ھەممە يەرگە بارالايدۇ. بۇ بىر ئۆمۈر بىر كەنتنىڭ ئىچىدە ياشاپ، «قۇياش ھاشىماخۇننىڭ بېغىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاسىم باينىڭ قورۇقىدا پاتىدۇ» دېيىشتىن كۆپ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟! تاغلارنىڭ كەينىدە تاغلار بار، ئۇپۇقنىڭ كەينىدە ئۇپۇق. ئىنسان تاغلاردىن ئېشىپ، كۆزىنى باغلاپ تۇرغان ئۇپۇق پەردىلىرىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يىرتىپ تۇرمىسا، ئۇ كۆزى كۆرۈپ تۇرۇپ، ھېچنېمىنى بايقىمايدىغان ئەماغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

باۋۇدۇن باينىڭ كۆزى بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ «ئىھە، تويلىق يول» ھېكايىسىدىكى روزەك بەزنىڭ كۆزىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولسۇن!

مياتاكىدا بىر 公民館 بار ئىدى، بۇنى ياپونچە Kouminkan دەپ ئاتايدۇ. بۇ بىرچە ئاممىۋى پائالىيەت كۇلۇبى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ يەردە بىر ئۇستى يېپىق ۋاسكېتبول مەيدانى بار، كىشىلەر خالىغان چاغدا بۇ يەرگە كېلىپ چېنىقالايدۇ. يەنە ئۇ يەردە ۋالىبولمۇ بار ئىدى. مەيداننىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرلۇك چېنىقىش ئەسلىھەسى بار ئۆيلەر ۋە كۇتۇپخانا بار بولۇپ، ھەرقاچان كىشىلەرگە ھەقسىز ئوچۇق. يەنە بىر زالدا تۇرلۇك ئويۇنچۇق بار، باللار بۇ يەردە خالىغانچە ئوينىشىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئاستى سۇنئىي توقۇلما، شۇنداق پاكىز، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن. كەنتتىكى ئالاھىدە پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كۇلۇبتا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ يەردە ئاياللارغا كىيىم تىكىش، تاماق ئېتىش، گۇل تىزىش، چاي دەملەش، بالا تەربىيەلەش قاتارلىق تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان پائالىيەتلەرمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئاياللار بۇ يەردە ئۆزلىرى ئۆگەنگەن قايسىدۇر بىر تۇرمۇش بىلىمىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرىدىكەن، ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىكەن. بۇلار ئېنىق بەلگىلەنگەن ۋاقىت، پىلان بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ياپون ئاياللىرىنىڭ سورۇنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قاتار چايلىرىدىن كۆپ مەدەنىي ئىدى؛ ياپون ئاياللىرى شەھەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك ئالدىغا قورۇمىلارنى پىرامىدا شەكلىدە تىزىۋېلىپ، يەپ ئولتۇرمايدۇ، ۋاقتىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىر دەقىقىسى پىلان بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قاتار چېيىنى بىر مەيدان ئەسەبىي يەپ ـ ئىچىش دېيىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدا يېگەن ـ ئىچكەن، كىيگەن ـ كەچكەنلەر ھەققىدىكى مەزمۇنلار كۆپ، كەسىپ، ۋەزىيەت، مەدەنىيەت ھەققىدىكى

مەزمۇنلار يوق ھېسابتا ياكى پۈتۈنلەي يوق. ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتى ۋە تېمىسى بولمايدۇ، يەپ - ئىچىش جەريانىدا پەيدا بولغان كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسىدە گەپ - سۆزلەر، چاقچاقلار كۆپ بولىدۇ. گەپنىڭ ئاخىرى يوتقان پاراڭلىرى يۇمۇرلىرىدىن چىققان خۇدى يوق كۆلكىلەر بىلەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۈگۈنكى قاتار چېيى ئىستىخىيەلىك ھالدىكى قورساق بوشىتىش جەريانى. ساغرا سىلىپ سەمرىپ كەتكەن، ئېڭەكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىشتان كىيىپ دىسكو ئويناشلىرى قۇيرۇقى يوق مېكىيانلارنىڭ تاقلاشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

مياتاكې (辰口)، تسۇروگې (鶴来)، تاستۇنوكۇچى (宫竹) يېزىلىق ھۆكۈمەت، كوماتسۇ ئارىلىقلىرىدا قولايلىق، راۋان قاتناش تورى بار ئىدى. ئاردا قاتناۋاتقان ئاپتوبۇسلار كۆپ ھالدا قۇرۇق ماڭاتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئاپتوبۇسلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ھەربىر بېكەتتە توختايتتى. چۈشىدىغان ياكى چىقىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ، ئاپتوبۇس چوقۇم ئازراق توختاپ، توختاش ۋاقتىنى توشقۇزۇپ، ئاندىن قوزغىلاتتى. ياپونىيەدە بېكەت تاختىلىرىغا ھەربىر قېتىملىق ئاپتوبۇسنىڭ كېلىپ توختاش ۋاقتى مىنۇت - سېكۇنتلىرىغىچە يېزىپ قويۇلىدىكەن، كىشىلەر ئەنە شۇ ۋاقىتقا رىئايە قىلغان ئاساستا بېكەتكە چىقىپ تۇرۇشىدىكەن، ئاپتوبۇسلار بەلگىلەنگەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كېلىدىكەن. ياپونىيەدە ۋاقىت سېكۇنتلاپ تەقسىم قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى بەلگىلەنگەن توچكىغا كەلگەندە، راستتىنلا ۋاقىت توشىدىكەن.

بىزنىڭ ئۇرۇمچىدە، بىزنىڭ قەشقەردە، بىزنىڭ خوتەندە، بىزنىڭ ئاقسۇدا، بىزنىڭ كورلىدا، بىزنىڭ غۇلجىدا، بىزنىڭ تۇرپاندا، بىزنىڭ قومۇلدا، بىزنىڭ چۆچەكتە، بىزنىڭ ئالتايدا، بىزنىڭ شىخەنزە (سايبالىغ) دە قاتناشنىڭ ۋاقتى قاتناش شىركىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com



مەيلى بويىچە ئۆلچىنىدۇ، شوپۇر ئاپتوبۇسنى قاچان ھەيدىسە، ۋاقىت شۇ چاغدا توشىدۇ. يولۇچىلارنىڭ تېرىككىنى بىكار. شوپۇرنىڭ نەزىرىدە يولۇچى ھاجەتمەن، رول ئىككى بوسۇغا ئارىلىقىدىكى مۇتلەق ھوقۇق، يولۇچىلار شوپۇرنىڭ خاھىشىغا مۇتلەق بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بەندىلەر. ۋاھالەنكى، ۋاقىت ئىنسانلارغا ئەڭ ئادىل تەقسىملەنگەن مۈلۈك، لېكىن بۇ مۈلۈكنىڭ سەرپىياتى ۋە ياراتقان قىممىتى ھەربىر جەمئىيەتتە، دەۋردە ۋە تۈزۈمدە ئوخشاش ئەمەس. ياپونىيەدە ۋاقىت ئادەمگە ئەمەس، ئادەم ۋاقىتقا بويسۇنىدۇ، كىشىلەر بىراۋنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىشنى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ.

ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى فورما كىيىپ ماشىنا ھەيدەيتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىققاندا شوپۇرغا Onegaisimasu (سىزدىن ئۆتۈنىدىغان بولدۇم) دەيدىكەن، شوپۇرمۇ جاۋابەن «تىنچلىقمۇ؟» دەيدىكەن. ماشىنىنىڭ ئىچى شۇنداق پاكىز، ھاۋادان بولغاچقا، قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن. بىر ئاپتوبۇس يول ئۈستىدە يەنە بىر ئاپتوبۇس بىلەن روبىرولىشىپ قالغاندا، شوپۇرلار بىر ـ بىرىگە سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شوپۇرلار بېكەتتىن قوزغىلىدىغاندا، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ دەيدىكەن، بەلكىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى قاتناش بەلگىلىمىلىرىدىكى بىرەر باسقۇچ بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندىم.

قاتناپ يۈرگەن ئاپتوبۇسلارنىڭ ئىچىدە بىز تۇرغان مەكتەپنىڭ، ھۆكۈمەت، خۇسۇسىي دوختۇرخانىلارنىڭ مەخسۇس سېلىپ قويغان ئاپتوبۇسلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار ھەقسىز ئىدى. شوپۇر ئاپتوبۇسقا كىمنىڭ چىقىشىنى سوراشتۇرۇپ يۈرمەيدۇ، ئاپتوبۇس پەقەت بېكەتتىلا توختايدۇ، ئۇچرىغانلا يەردە توختىمايدۇ، شۇڭا يولۇچىلار چوقۇم بېكەتكە بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. شوپۇرلار تۈزۈمگە ئۇيغۇنلۇق ئاستىدا مۇمكىنقەدەر يولۇچىلارغا قولايلىق يارىتىشقا تىرىشىدىكەن. ئاپتوبۇسلاردا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ياشانغانلار كۆپ بولاتتى، ئۇلار دوختۇرخانىلارغا، ماگىزىنلارغا، ئارىشاڭلارغا بېرىشاتتى، بەزى

مومايلارنى تىسۇروگىمدىكى تۇرلۇك ماللار سودا سارىيىدا دائىم دېگۇدەك ئۇچىرىتىپ قالاتتىم. ماگىزىنلارنى ئايلىنىپ بىرەر تال نەرسە سېتىۋېلىش ئۇلارنىڭ كۇن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ئىدى. بوۋاي - مومايلارنىڭ يېتەرلىك ماددىي شارائىتى بار، لېكىن ئەسرالىشىدىغان ھەمراھلىرى يوق دېگۇدەك ئىدى. ئۇلار روھىي غېرىبلىقنى يوقىتىش ئۇچۇن پۇل خەجلىشەتتى. ياپونىيەدە داۋالاش ھەققىنىڭ كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئۇستىگە ئالىدىكەن، دۆلەت ئۇستىگە ئالغان داۋالىنىش ھەققى نىسبىتى كىشىلەرنىڭ ياش قۇرامىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆپىيىدىكەن، پۇقرالار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ كىرىمىگە بېقىپ تۇرۇپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تاپشۇرىدىكەن. ئاردا بىزمۇ تىسۇروگىمدىكى دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى باردۇق، دوختۇرخانىدا ياشانغانلار كۆپ ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ كۇتۇش زالى ئازادە بولۇپ، يۇمشاق دىۋانلار يېتەرلىك قويۇلغان، كىشىلەر تېلېۋىزور كۆرگەچ نۆۋەت ساقلايدىكەن. ئادەتتە كىشىلەر كېسەل كۆرسىتىپ، دورىلىرىنى قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن پۇل تاپشۇرىدىكەن. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا بىر ئاي ئىچىدە پوچتا ياكى بانكا ئارقىلىق ھەق تاپشۇرسا بولىدىغانلىقى پۇل تۆلەش ئورنىنىڭ ئۇستىگە يېزىپ قويۇلىدىكەن. دىققىتىمنى تارتقىنى بىمار كېسەل كۆرسەتكەندە دوختۇر بىلەن بىر ئۆيدە ئايرىم كۆرۈشىدىكەن، بۇنداق بولغاندا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ كېسەللىرىنى كۆرسىتىش ياكى ئېيتىشتا ئەپسىزلىك ھېس قىلمايدىكەن. ئاردا بىزمۇ بىرقانچە قېتىم ئۆزىمىزنى تەكشۈرتكىلى ھەم دورا ئالغىلى باردۇق. بىزدەك چەت ئەللىك ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنىڭ 70% نى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىكەن.

ئېسىم قۇرۇسۇن، ماشىنا ۋە قاتناش ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقاندا، بىرنەرسىنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇنى ئەمدى ئەسكەرتىپ ئۆتسەممۇ بولار. ياپونىيەدە ئىمكانقەدەر ماشىنا ئادەمگە ئاۋۋال يول بېرىدىكەن، سىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان شوپۇر سىزنىڭ يولدىن ئۆتمەكچى بولغىنىڭىزنى

www.uyghurkitap.com



كۆرسە، توختاپ ئۆتۈۋېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، سىز يولدىن ئۆتكۈچە ئۇنىڭغا رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك ئىكەن. بۇ يەردە شوپۇرنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ساقچى ۋە باشقا تاشقى كۈچ يوق. باشقا بىرى مەجبۇرلىمىسىمۇ، تەبىئىي ئىجرا بولىدىغان ئەخلاقنىڭ ئۆزى ھەقىقىي مەدەنىيەتتۇر. شوپۇرمۇ ئالدىراش، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلار پىيادىلەر ئۈچۈن ئۆتۈنۈۋەتكەن بىرقانچە دەقىقىنى ئۇ يەنە تولۇقلىۋالالايدۇ. يەنە ماشىنا ئادەمگە يول بەرگەندە، خەتەرنىڭ نىسبىتى تېخىمۇ ئازلايدۇ، چۈنكى ھەر زامان پىيادىلەرگە يول بېرىش خاھىشى ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئاز - تولا تىزگىنلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز كېلىۋاتقان ماشىنىنى بىردىنلا توختىتىش تەس.

بىزنىڭ يۇرتلاردا ماشىنا تولا كۆرەك نېمە، پىيادىلەر ھەمىشە ماشىنىغا يول بېرىشى كېرەك. پىيادىلەر ئۆز جېنىغا ئۆزى مەسئۇل بولمىسا، شوپۇردا ئەنسەنچ يوق. شوپۇرلار ئالدىغا خىرىس قىلىپ كەلگەن ماشىنىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن يولۇچىلارنى كۆرگەندە ھۇزۇرلىنىپ يايراپ كېتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈستۈنلۈكىنى بايقايدۇ. يامغۇر ياغقانلاردا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئويمانلارغا چاقنى شىددەت بىلەن سىلىپ ئۆتۈپ كەتسەك، ئىككى تەرەپكە پاتقاق چاچرايدۇ، بۇنداق كۆرۈنۈش سىنى يولۇچىلارغا قارا قويۇن ئەزىمەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. پىيادىلەرنىڭ كىيىمىگە پاتقاق چاچراپ كەتسىمۇ، ئۇ نېمە قىلارنى بىلمەي ئارقاڭدىن قاراپلا قالىدۇ، خالاس. ماشىنىلار چوڭ قاتناش يوللىرىدا ئەلۋەتتە شۇنداق. بىراق، ئۇلار تار كوچىلاردا، پىيادىلەر رەستىلىرىدىمۇ كېتىۋاتقان توپ - توپ پىيادىلەرگە لابا (زۇۋۇك، زۇۋانەك) ئۇرۇپ ماڭىدۇ، ئەگەر پىيادىلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا، شوپۇر ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ «ئۆلگۈك كەلدىمۇ؟» دەپ تىللاپ قويىدۇ. تاكسىلار ئالدىراش پەيتلىرىدە ئىچىدە ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەي قول كۆتۈرۈپ سالغان كىشىلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ، لېكىن كەچلەردە كوچىدا سەيلە قىلىۋاتقان ئادەملەرگە لابا ئۇرۇپ، ماشىنامغا چىقمامسەن، دەپ

بېشارەت بېرىدۇ. ئادەم زاتىدىن سېسىق كېكىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ كەچقۇرۇندىكى مۇرەسسە ھالىتىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

ئاددىي پۇقرالارمۇ ماشىنا (پىكاپ)نى كۆرسە ھېيىقىدۇ، ماشىنىدا ئولتۇرغان ئادەملەرنى چوڭ بىلىدۇ. بۇرۇن - بۇرۇندىن تارتىپ تەختىراۋان، مەپە، ھارۋىلاردا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدار ئىدى، كېيىنچە ئەمەلدارلار سېرىق لاتا پىكاپتا، قوڭغۇز ماشىنا (پىكاپ)دا، «قىزىلبايراق»، «مېرسىدىس»، «ئاۋدى» لاردا ئولتۇرىدىغان بولدى. بۇلارغا ئۇشتۇمتۇت بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەرمۇ قوشۇلدى. بارغانسېرى سودىگەر بىلەن ئەمەلدارنىڭ داستىخىنى بىللە بولىدىغان بولۇپ كەتتى، شۇڭا ماشىنا (پىكاپ) پۇقرالارنىڭ كۆزىگە سۈرلۈك ئىمتىياز بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولۇپ كەتتى. شوپۇرلار ئاددىي پۇقرالاردىكى بۇنداق روھىي ھالەتنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىپ ئويناپدىغان بولۇپ كەتكەن. جۇڭگودا ماشىنا (پىكاپ) نىڭ سۈرلۈك نوپۇزىنىڭ پەسىيىشىگە خېلى بارەدەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇششاق ئەمەلدارلارنىڭ ماشىنا (پىكاپ) خۇمارى تېخى قانمىدى .

تاتسۇنوكۈچى تەخمىنەن يىگىرمە مىڭ نوپۇسقا ئىگە بىر يېزا ئىكەن. ياكۇبا (ھۆكۈمەت مەھكىمىسى) بىز تۇرغان مەكتەپتىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. قاتناشلار قولايلىق. ئۇ يەرگە ۋېلسىپىت بىلەن يىگىرمە مىنۇتلاردا بارغىلى بولىدىكەن. مەن ئۇ يەرگە تۇنجى قېتىم ۋېلسىپىت بىلەن بارغانىدىم. مەكتەپتە مەخسۇس ئوقۇغۇچىلارغا ئارىيەتكە بېرىدىغان ۋېلسىپىتلەر بولاتتى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىگە ئاساسەن ۋېلسىپىتنى ئارىيەتكە ئالسا بولاتتى. ئەر - ئايال ئىككىمىز ئىككى ۋېلسىپىت ئارىيەتكە ئالدۇق. ياكۇباغا بارغۇچە بولغان تەسىراتىمنى كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنداق يازغانىكەنمەن:

«يوللار نېمىدېگەن گۈزەل، ھەممە يەردە گۈل، ھەممە يەردە

www.uyghurkitap.com



يېشىللىق، پاكىز تاشيول، سۈزۈك ئېقىن. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېتىلىقلار، مەھەللىلەر... ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇرىقى ئادەمگە خۇشياقىدۇ. ئىككى قاسناقتىكى يېشىل تۆپىلىكلەر ۋە دەرەخزارلاردىن سالقىن ھاۋا ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

سەھرا مەنزىرىسى بىلەن زامانىۋى تەرەققىيات ئېلېمېنتلىرى شۇ قەدەر ياخشى بىرلىشىپ كەتكەنكى، كىشىنىڭ روھىنى سىقىدىغان ناتەبىئەت ئالامەتلەرنى ئۇچراتمىدىم.»

بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئورنى تاتسۇنوكۇچى يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، قائىدە بويىچە چەت ئەلدىن كېلىپ مۇشۇ يەردە تۇرغۇچىلارمۇ يەرلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ھۆكۈمەت بىناسى يېشىل تۆپىلىك ۋە چىملىق مەيدانلارغا ئورالغان ھالدا سىپتا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىز بىنا ئىچىگە كىردۇق. چوڭ بىر زال يېرىم بوي ئېگىزلىكتىكى ئادىلار بىلەن خانىلارغا ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئىش ئۈستەللىرى، كومپيۇتېر، خىزمەتچى خادىملار بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئالدىمىزغا بىر قىز يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ياپونچە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن: «نېمە ئىش بار؟» دەپ سورىدى تەبەسسۇم بىلەن. ئايالىم مۇددىئانى ئېيتتى، بېرىلگەن ئانكېت، جەدۋەللەرنى تولدۇردۇق. ئەسلىدە مەن ئۇلارغا سۈرەتىمنى تاپشۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن. سۈرەت ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. سۈرەتنى پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەرسەك، ئۇلارمۇ ماڭا بىر يىللىق تۇرۇش ئىجازەتنامىسىنى پوچتا ئارقىلىق يوللاپ بېرىدىغان بولدى. ھەممە ئىش ئون بەش مىنۇت ئىچىدە تۈگىگەندۇ. بۇ يەردە ئىش بېجىرىش شۇنداق ئاسان ئىكەن، خادىملار پرىنسىپقا ئۇيغۇن شەرت ئاستىدا ھاجەتمەنلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىدىكەن. خانىلار ۋە خادىملار كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، خىزمەت داۋامىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئاسانلا ھەمكارلىشىپ، ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتمەيدىكەن. مانا بۇ ھازىرقى زامانغا خاس ئېچىۋېتىلگەن سىستېمىدىكى ئىشخانا قۇرۇلمىسى. بۇنداق ئىشخانىدا خادىملار بىر ـ

بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، كىرىش - چىقىش ئوڭاي، نەق مەيداندىلا ھازىر جاۋاب كېڭەشكىلى بولىدۇ، خۇسۇسىي ئىش قىلىشقا ئورۇن قالمايدۇ. ھەربىر ئىشخانا ئايرىم بىر قورغان سۈپىتىدە بىر - بىرىدىن قىلىن تام، مەزمۇت ئىشىك، سۈرلۈك تۆرچىلىك بىلەن ئايرىلىپ تۇرغاندا، دەرىجىلەر ئارا ئالاقە پەقەت بۇيرۇق بىلەنلا يۈرۈشىدۇ، ئىشخانىلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئۈچۈن تالاي ۋاقىت سەرپ بولىدۇ. ياكوبادىكى بۇنداق ئىشخانا ئىستىلى ماڭا ياقتى، ئۇ ئاشكارا ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كۈتۈش شىرەسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان پۇقرا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرى بىلەن قانۇن بەرگەن ئىمتىيازدىن توسالغۇسىز بەھرىمەن بولىدىكەن. خادىملار ۋە پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە ئادەمگەرچىلىك بىلەن پرىنسىپ ئۆزئارا زىتلاشمىغانىدى.

ھەپتىدىن كېيىن پوچتا ئارقىلىق ياپونىيەدە بىر يىللىق تۇرۇش ئىجازەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆتۈپخانىلارغا كىرەلەيدىكەنمەن.

2002- يىلى 24 - ئاۋغۇست تاتسۇنوكۇچى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىق خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن 21 - قېتىملىق بايرام ئۆتكۈزۈلدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ 54 يىللىق خاتىرە ئىكەن. ھۆكۈمەت ئەتراپىدىكى رەستىلەر چىراغلار، پانۇسلار بىلەن بېزەلگەن، تېخى شۇ كۈنىلا تۈزۈلگەن بازاردا يېمەك - ئىچمەك سودىسى قىزىپ كەتكەن. مەركىزىي يۇرتتىن چىققان مەشھۇر چولپانلار بۇ مۇراسىمغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇلار ناخشا ئوقۇشتى، بۇ يىل تاللانغان يۇرت گۈزىلىنىڭ ئۇسسۇللىرى نامايىش قىلىندى. ئارقىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ داغدۇغىلىق مىللىي ئۇسسۇلى باشلاندى. بۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل بولۇپ، «جوڭ كارا ئودورى» دېيىلىدىكەن. ئۇسسۇلچىلار سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرەر كىلومېتىردىن ئاشسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يېزا تەۋەسىدىكى ھەربىر كوللېكتىپ ياكى ئورگان بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۆزگىچە ئىدى، لېكىن ھەممىسىلا ياپونچە مىللىي كىيىملەردىن ئىدى. گۇرۇپپا سەپىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئالدىدا ماشىنالارنىڭ قولىدا پانۇس بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ تەۋەلىكى يېزىلغان. ئۇسسۇلچىلار سېپى ياكوبانىڭ ئالدىدىكى يولدا ئۇزۇنچاق ئېللىپس شەكلىدە ئايلىنىشتى. بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش كۆپ بولمايدىكەن، بىر خىل ھەرىكەتنى ئىككى سائەت داۋامىدا داۋاملاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس. ھەرىكەت بىر خىل رىتىمدا بولۇپ، زېرىكىشلىك ئەمەس دېگىلى بولمايتتى. لېكىن بۇ غايەت زور ئۇسسۇلچىلار سېپىدىكى ھەربىر شەخس ئۇسسۇلنى باشتىن - ئاخىر بىر خىل قىزغىنلىق ئىچىدە ئەستايىدىل ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە سۇنئىيلىك، ئەپتىدە بىزارلىق يوق ئىدى... مانا بۇ ياپون مىللىتىنىڭ روھىدىكى كوللېكتىپقا بولغان ساداقەتمەنلىك، ئىنتىزام ۋە سەۋرچانلىق.

ياپون خەلقى نېمە ئۈچۈن ئىگىلىكتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؟ دەپ سورالسا، مۇنداق بىر ۋارىيانتتا جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ: چۈنكى ئۇلار ھەربىر كىچىك ئىشتا ئەستايىدىل، سەۋرچان ۋە پۇختا. كوللېكتىپ ھەمكارلىق، تەشكىللىي مۇستەھكەملىك، تەرتىپ، پىداكارلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر تۈزۈك نەرسە چىقمايدىغان سوزۇنچاق ئارالدىكى بۇ خەلقنى غالىبلىق تەنتەنىسىگە ئېرىشتۈرگەن.

شاڭخەي دېسۇن ھەزارەت تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ساۋ شىچاۋ ئەپەندى «文化战略» («ھەزارىي ئىستراتېگىيە» ياكى «كۇلتۇر ئىستراتېگىيەسى») ناملىق ئەسەرىدە قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ:

ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەتنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرى پاراڭلىشىۋېتىپ، ھەممىسى ئۆز قىسىملىرىنىڭ ئىنتىزامىنىڭ قاتتىقلىقى، ئەسكەرلىرىنىڭ بۇيرۇققا قاتتىق بويسۇنىدىغانلىقى ھەققىدە راسا ماختىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيەلىك گېنېرال: «بولىدى، تالاشماڭلار، مەن سىلەرگە گېرمانىيەلىكلەرنىڭ بۇيرۇققا قانداق بويسۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپتۇ - دە، ئەسكەرنى 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ماچتىغا

چىقىپ چاس بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. گېرمانىيەلىك ئەسكەر لام ـ جىم دېمەي بۇيرۇقنى ئىجرا قىپتۇ. ئارقىدىن ياپونىيەلىك گېنېرال ئۆزىنىڭ بىر ئەسكىرىگە 20 مېتىرلىق ماچتىغا چىقىپ ئىككى قېتىم چاس بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. ياپونىيە ئەسكىرى دەرھال ئىجرا قىپتۇ. ئەنگلىيەلىك گېنېرال ئولتۇرغان پېتى بىر ئەسكىرىگە بۇيرۇپتۇ: «سەن 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ماچتىغا چىقىپ ئۈچ قېتىم چاس بېرىپ، ئاندىن ئۆزۈڭنى دېڭىزغا ئات». ئەنگلىيە ئەسكىرى بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ: «باشلىق، بۇ ھەربىي ۋەزىپىمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىغا چاقچاق قىلماڭ». شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەلىك گېنېرال بولدى قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ياپونىيە ئەسكەرلىرىدە سامۇراي روھىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار بۇيرۇققا بويسۇنۇش بىلەن بىللە، بۇيرۇقنى ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپونىيە ئايروپىلانلىرى تاشلىغان بومبىلارنىڭ ئوت كۈچى ئامېرىكا ئاۋىياماتكىسىنى پارتلىتىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ياپونلار ئامېرىكا ئاۋىياماتكىسىنىڭ تۇرخۇنىغا ئايروپىلان بىلەنلا شۇڭغۇپ كىرىپ، بومبىنى بىۋاسىتىلا تاشلىغان. بۇ ھال سامۇراي روھىدىكى «مەلۇم پائالىيەت مىزانىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇق ئەقىلدىن كېلىدۇ، ئۇرۇش قىلىشقا تېگىشلىك بولسا ئۇرۇش قىلىش كېرەك، قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك بولسا قۇربان بېرىش كېرەك، بۇنىڭدىن يانماسلىق كېرەك؟ (نىتوبى ئىنازۇ: «سامۇراي روھى») دېگەن ماددىلار بىلەن تامامەن بىردەك ئىدى.

ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىنى مېھمانغا كۆپ چاقىرىشىدۇ، لېكىن مېھمان ھەمىشە دېگۈدەك چاقىرىلغان يەرگە 10 ~ 20 مىنۇت كېچىكىپ بېرىشىنى راۋا كۆرىدۇ، بۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ساھىبخانىنىڭ «ئاران تۇرۇپتىكەنمۇ ـ نېمە» دەپ قېلىشىنىڭ

ئالدىنى ئالالايدۇ. بىز بىر يەرگە چاقىرىلماي قالساق، بىئارام بولۇپ كېتىمىز، ئەگەر چاقىرىلىپ قالساق، كىيىنىمىزنى سىپايە يوللار بىلەن كۆرسىتىپ قويمىساق پۇخادىن چىقمايمىز. ئادەتتە، مېهمانلىرى سائەت تۆتكە چاقىرىلغان تويلىرىمىز سائەت يەتتە يېرىم ياكى سەككىزلەردە باشلىنىدۇ. كىچىككىش ئۇيغۇرلارنىڭ قېلىچ بىسىدا تۇرۇپ ئوينىغان تەقدىر ئويسۇلى. ئېسىمگە بىر ھېكايە كەلدى، بايان قىلىپ ئۆتەي:

تەڭرى ھەربىر قەرنەدە قوۋملارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا قاراپ بىر قېتىم يەر تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇ، دۇنيادىكى قوۋملارنى چاقىرىپ، يەر تەقسىم قىپتۇ. نەق مەيداندا بىرمۇنچە داۋايى دەستۇر، ئەرز ـ شىكايەتمۇ بوپتۇ. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۇلارنى ئۆز يولىدا رازى قىلىپ ئۇزىتىپتۇ. قوۋملار تەڭرى كېسىپ بەرگەن يەر خېتىگە گاھ ھاياجان، گاھ ھەيرانلىق، گاھ ھودۇقۇش بىلەن قاراپ نەق مەيداندىن تارقىلىشىپتۇ.

تەڭرى بىر ئىشتىن ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ: «بۇ نېمە ئىشتۇ، ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟» دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلىپتۇ:

— مەرھەمەت!

بىرەيلەن قورۇنغىنىچە ئاستا كىرىپ كەپتۇ ۋە سالام بېرىپ تۇرۇپتۇ.

— ھە، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تەڭرى.

— كەچۈرگەيلا، كېچىكىپ قالدىم.

— نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟

— ئۆيۈمگە مېهمان كېلىپ قالدى.

— قوۋمىڭنىڭ ئېتى نېمە؟

— ئۇيغۇر.

— ئۇيغۇر؟ ئەجدادىڭ ئات مىنىپ يۈرگەنلىرىدە ناھايىتى چاققان ئىدى. سەن ئايرىپىلان، پويىز دەۋرىدە تۇرۇپمۇ نېمانچە پالاكەت؟

ئۇ بېشىنى ئېگىپ جىم تۇرۇپتۇ.

— بويپتۇ، — دەپتۇ تەڭرى، — ئەجدادىڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۆزۈمگە باغچە سارايي قىلىپ تاللىغان زېمىننى ساڭا ھەدىيە قىلاي، مەن بۇ زېمىننى ئۆز نامىم بىلەن «تەڭرىتاغلىرى» دەپ ئاتىغانىدىم.
— تەڭرىتاغ؟ ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدە چۆل - باياۋان ۋە قۇملار بار، تەڭرىم. ماڭا چۆرىسىدە دېڭىز - ئوكيان دولقۇنلاپ تۇرغان زېمىننى ئىنئام قىلغان بولسىلا.
— تەڭرىتاغلىرى دېگەن يۇرتلارنىڭ سەلتەنەتى، بۇ يەردە ئاتا - بوۋاڭنىڭ تەۋەررۈك ئىزلىرى بار. نىيەت - ئىقبالىڭ شۇ بولسا، قايتىپ مېھمىنىڭنى كۈتكىن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مېھمان كۈتۈش ۋە مېھمان بولۇش بىلەن ئاۋارە ئىمىش. لېكىن، بىر - بىرىدىن رازى ئەمەس ئىمىش.
كىچىك بىر ھېكايىدىن بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى كۆرگىلى، كىچىك بىر ئىشقا قىلىنغان مۇئامىلىدىن بىر ئادەمنىڭ، ھەتتا بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىنى بىلگىلى بولىدۇ. تاتسۇنوكۇچى يېزىلىق ھۆكۈمەت مەركىزىدە كۆرگەن بىر ئاخشاملىق مەنزىرە مېنى ئۆزىمىزدىكى ئاڭقاۋلىقلار ھەققىدە بىر قاتار ئويغا سالدى. «ئەگەر ياپونلاردىكى سەمىمىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىزنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىزدە بولغان بولسا، قانداق بەلەن ئىش بولاتتى - ھە؟!» دېدىم ئىچىمدە.
تاتسۇنوكۇچى بىر يېزا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئىكەن. بۇ ئەتراپلاردا ھەر خىل كۆلۈب، سۇ ئۈزۈش كۆلى كۆپ ئىكەن. مەن باللىرىم ياپونىيەگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن باغچىغىمۇ بېرىپ باقتىم. باغچىغا كىرىش ھەققىلا تاپشۇرىدىكەنمىز، باغچىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ھەربىر بۆلەك ئۈچۈن قايتا ھەق تاپشۇرىدىغان ئىش يوق ئىكەن. كىچىك بىر يېزىغا تەۋە باغچىدىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسىنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. باغچىغا كىرىش ھەققىمۇ ئىنتايىن ئەرزان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



بۇ ئەتراپتا يەنە ئارىشاڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. مەن كىرگەن ئارىشاڭ شۇنداقمۇ، بىلمىدىم، ئومۇمەن قېرىلار ئارىشاڭغا چۈمۈلگىلى كېلىدىكەن. ئارىشاڭنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنىدىكەنمىز، ئاندىن بەدىنىمىزنى سۈرتۈۋېتىپ ئارىشاڭنىڭ پورۇقلاپ تۇرغان سۈيىگە چۈشىدىكەنمىز.

ئارىشاڭنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، بۇلدۇقلاپ ئۆرلەپ تۇراتتى. سۈزۈك ئەينەك تام ئارىشاڭنىڭ سۇ كۆلچىكىنى سىرت بىلەن ئايرىپ تۇراتتى. ئەينەكتىن قارىسىڭىز سىرتنىڭ سوغ ھاۋا ئىلكىدىكى جۇدۇنلۇق ھالىتى، لېكىن ئەينەكنىڭ بۇ تەرىپىدە ھورلىنىپ تۇرغان ئىسسىق ئارىشاڭ سۈيى. بۇ ھال سىزدە تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇش ھېسسىياتى پەيدا قىلىدۇ.

ئارىشاڭغا چۈمۈلگۈچىلەرنىڭ مەندىن باشقىسى قېرىلار دېسەممۇ بولىدۇ. ھە راست، يېشى مەندىن سەل چوڭ كېلىدىغان ئىككىيلەنمۇ باردەك قىلىدۇ. كىشىلەر ئاندىن تۇغما ھالدا يالىڭاچ ئىدى. ئۇلار شەكلى ئۆزگىرىپ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ كەتكەن گۆش خالتىلىرىنى چاتلىرىغا قىستۇرۇشقان ھالدا ئارىشاڭ كۆلچىكى ئەتراپىدا بىمالال مېڭىپ يۈرۈشەتتى، ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى. ئۇلار بۇ جەھەتتە پەردىشەپ دېگەننى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىسە كېرەك. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئۇلارنىڭ قۇرامىغا كەلگەندە ئۆزئارا تەگتۇشلار، پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەممە نېمىسى ئاشكارا بۇنداق يۈرۈش نى ئات، نى نومۇس!

بەزى قېرىلارنىڭ قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، يوتىلىرىنىڭ گۆشى قورۇلۇپ، چاپلىشىپ كەتكەن، كاسىلىرى سولىشىپ خالتىلاشقانىدى. ئۇلار كۆۋەجەپ تۇرغان سۇدا گاھ لەيلەيتتى، گاھ ماڭاتتى، بەزىلىرى بىر يەرگە كېلىشىپ، ئارىشاڭ سۈيىنى مۈرىلىرىگە قۇيۇشقاچ پاراڭلىشاتتى. بۇ مەنزىرە ئېسىمگە ياپونىيە يازغۇچىسى كاۋاباتا ياسۇنارىنىڭ «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» ناملىق پوۋېستىنى سالدى. ئەسەردە بىر قېرى مەخسۇس بىر مۇلازىمەتخانىغا كىرىپ

يۇمران ساھىبجاماللار بىلەن بىللە ياتىدۇ. بوۋايغا ھەمراھ بولۇپ ياتقان ساھىبجامال تۇنبويى ئۇخلاپ چىقىدۇ، بوۋاي ئۇنىڭ ھۆسنى ۋە پۇرىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياتىدۇ، باشقا تەرەپلەردىن ئۇنىڭغا چېقىلمايدۇ. بۇ ھال ماڭا چەكسىز تەنھالىق ئىچىدىكى بوۋاي ئۇچۇن بىردىنبىر تەسەللىدەك بىلىنگەندى. بۇ مەنزىرە بوۋاينىڭ مەنىۋىيىتىدىكى غېرىبلىقنى تېخىمۇ ئېچىپ تاشلىغاندەك كۆرۈندى.

ياپونىيەنىڭ «ساھىبجامالالار مەدەنىيىتى» ھەقىقەتەن غەلىتە بولسا كېرەك. ئارىدا مەن ئىنتېر توردىن «ساھىبجامال زىياپىتى»گە ئائىت بىر ـ ئىككى پارچە ماقالىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ماقالىلەرنى ساقلاپ قويىمەن دەپ، ۋاقتىدا شۇنداق قىلالماي، ئاخىر ئۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەڭ چىرايلىق نارەسىدە قىزدىن بىرنى تېپىپ، بەدىنىنى پاكىز يۇيۇپ، خۇش پۇراق بويۇملارنى سۈرىدىكەن، قىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى پاكىزلايدىغان بىر قاتار جەريانىنىمۇ ئىشلەيدىكەن. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قىز رەڭگارەڭ گۈللەر، سەدەپ، رەڭلىك تاش، يۇمران نوتىلار ئارىسىغا يالىڭاچ پېتى ياتقۇزۇلىدىكەن، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تىنچ ۋە بەخۇدۇك ياتقان قىزنىڭ بەدەنلىرىدىكى سۇزۇكلۇك ۋە لاتاپەت كىشىنى مەھلىيا قىلىش بىللەن بىللە، بەدىنىدىن چىققان خۇش پۇراق دىماقلارنى غىدىقلايدىكەن. قىزنىڭ كۆكسىگە جەلپكار رەسىم ۋە شەكىللەر چېكىلىدىكەن، يۈزى، كۆكسى، يوتىسى ۋە نۇقتىسىغا ھەر خىل غىزا تىزىلىدىكەن، مېھمانلار ئۇلاردىن بەھرىمەن بولىدىكەن. قىز بەدىنىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىن ئېلىپ يېيىلگەن غىزانىڭ تۈيغۇسى پەرقلىق بولىدىكەن. بۇنداق زىياپەتنى كاتتا پۇلدارلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنى چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭغا داخىل بولغانلارمۇ ئۆزىنى ئالاھىدە ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولدۇم، دەپ ھېسابلىشىدىكەن.

خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيەنىڭ تۈيغۇنى غىدىقلاپ، ھايۋانىي ئىشتىھانى ئۆرلىتىدىغان بۇ خىل مەدەنىيىتى جۇڭگونىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە پەيدا بوپتۇ. يوسۇنلارنىڭ ھەممىسى ياپونىيە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى



ئەندىزىسى بويىچە بويتۇ. 1000يۇەن خەلق پۇلى بەدىلىگە بۇ خىل زىياپەتكە داخىل بولغىلى بولىدىكەن. كىشىلەر بۇنداق زىياپەتنى ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەنقىد قىلىشىپ، جىق غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ ھەر ئىككىسى شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى، كۈڭزىنىڭ روھى ھەر ئىككىسىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۈڭزى تەلىماتى گەرچە بىر قىسىم كىشى تەرىپىدىن دىن دەپ قارىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىلاھىي مۇقەددەسلىك يوق، مۇكەممەل سىستېما تۈسى ئالغان ئىلاھىي بەلگىلىمىلەر ۋە قانۇنلار يوق ھېسابتا. كۈڭزى تەلىماتىنى ئەگەر بىر خىل دىن دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە دائىر رېئال تەلەپنى چىقىش قىلغان ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ نوپۇزى كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا كۈڭزىنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى فېئودال خان - پادىشاھلارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشىدىكى ياخشى قورال بولۇپ كەلدى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە دەرىجە مۇناسىۋەتلىرىگە ئۆزلەشسىپ كەتكەن كۈڭزى روھى سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، لېكىن ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاددىي خەلقلەرنىڭ روھىدا چوڭقۇر ئىزنالارنى قالدۇرغان. كۈڭزى تەلىماتىدىكى فانىيەتچىل ئەقىدىلەر پادىشاھلار ۋە بەگ - تۆرىلەرنىڭ پۇقراغا قاراتقان پىروگراممىلىرى بولۇپ، پۇقرالار ئۇلارغا ئەمەل قىلمىسا، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ياكى جازالانغان. ئەمما پۇلدارلار ۋە مەنسەپدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن ئىجتىمائىي ئورنىدا تۇرۇپ، ئۇ خىل ئەقىدىلەرگە ئەمەل قىلمىسىمۇ بولۇۋەرگەن. شۇنداق قىلىپ، كۈڭزى تەلىماتى ھەرقايسى سۇلالىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىدىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەگە ئايلىنىپ، بارغانسىرى ئۆزىنىڭ ماداراچىلىق خۇسۇسىيىتىنى بىيىتىپ بارغان. گەرچە ئاددىي كىشىلەر كۈڭزى ئەقىدىسىگە مۇخالىپ ئىشلارنى ئەيىبلىسىمۇ، ئۇلارمۇ بەگ - تۆرىلەرگە ئايلانسا، كۈڭزى ئەقىدىسىنى

ئۆزلىرىنى نىقابلاشتىكى ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دېمەك، كۆڭزىچە ئەخلاق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولسا پەقەت تەكەللۇپ ئىبارىلىرىگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ. «ساھىبجامال زىياپىتى» كۆڭزى تەلىماتىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان شەرقىي ئاسىيا قىممەت قارىشىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتى ئالدىدىكى ئىجادكار ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا كۆڭزىچە ئەخلاق زىياپەت زالىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ، قاچان ئۇ ئاقسۆڭەكلەرگە لازىم بولسا چاقىرىلىدۇ.

بىزنىڭ تاتسۇنوكۇچى يېزىسىدىن ئىزدەيدىغىنىمىز ئاز ئەمەس. بۇ يەردە دىققىتىمىنى تارتقان مۇنداق بىر ئىش بار، بۇنى ئاڭلاپ قويۇشقا ھەقىقەتەن ئەرزىيدۇ. بۇ يەردە خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كومىتېتى دەيدىغان مەخسۇس بىر ئورگان بار ئىكەن. ئادەتتە بۇنداق ئورگانلار ھەربىر شەھەر، رايون ۋە يېزىلاردا ئۆز دەرىجىسىگە بېقىپ بولىدىكەن. بۇ كومىتېتنىڭ خىزمىتى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىش ۋە بۇنىڭغا دائىر ھەر خىل ئاممىۋى پائالىيەتنى تەشكىللەش ئىكەن. بۇ ئورگاندا چەت ئەلدىن كەلگەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خادىمى بولۇپ، ئىككى يىل تۇرۇپ، مەخسۇس شۇ خىل ۋەزىپىنى ئۆتەيدىكەن. ئىككى يىللىق ۋەزىپە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر دۆلەتتىن يېڭى خادىم كېلىدىكەن. ئۇلار ياش، جۇشقۇن بولۇپ، ساھىبخانا دۆلەتنىڭ تىلىنى ياخشى بىلىدىكەن. بۇ خادىملار ئۆز دۆلىتىدىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق جاي بىلەن ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقان جايدىكى ئادەملەرنىڭ دوستانە باردى - كەلدىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۇركۇم - تۇركۇم ساياھەتچى توپى يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئۆزلىرى مۇناسىۋەت ئورناتقان ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇ

www.uyghurkitap.com



يەرنىڭ كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىكەن، ئۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىشىدىكەن. ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى بىرلىكتە ئويۇن قويۇش، ئۆرپ ـ ئادەت تونۇشتۇرۇش، تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خادىمىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا بولىدىكەن. بۇ خادىم يەنە باللارغا تىل ئۆگىتىدىكەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئەھۋالىنى، تارىخىنى تونۇشتۇرىدىكەن. ئادەتتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇ دۆلەتكە چىقىپ «ۋاقىتلىق مېھمان» (ئىنگلىزچە home stay) بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ تەرەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇ دۆلەتكە كېلىپ تۇرىدىكەن. بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلار يات دۆلەت كىشىلىرىنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىقلىمى، ياشاش ئۇسۇلى، پىسخىكىسى ھەققىدە بىۋاسىتە بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ياقا يۇرتلارغا ماسلىشىپ ياشىيالايدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرىدىكەن.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مىياتاكىدا مەن ئۇچراتقان كىشىلەرنىڭ تۇرقى ۋە كەيپىياتى يېزا ئادەملىرىگە ئوخشىمايتتى، ئۇلاردا بېكىنمە رايون كىشىلىرىدە بولىدىغان ياتسىراش، يېتىرقاش، گاڭگىراش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ياتلارغا ھەددىدىن زىيادە قايىل بولۇش، ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراش كەبى روھىي ئىللەتلەر يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە غەيۋەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق قاتارلىق ئىللەتلەر پەقەت تۇزۇك جاھان كۆرمىگەن بېكىنمە رايون كىشىلىرىدە كۆپ بولىدۇ. ئۇلاردا يات ئىقلىمدىكى يات مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئادەتلىرى، خۇلق ـ مىجەزى، دىنىي ئېتىقادى، سودا ـ سېتىقلىرى ھەققىدە ئازادە پاراڭلىشىشتىن كېلىدىغان لەززەت تۇيغۇسى، تىلى، رەڭگى ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئىنسانىي باراۋەرلىكتە تۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن تۇغۇلىدىغان ھۆرلۈك تۇيغۇسى كەم بولىدۇ. ئادەم جاھاننىڭ ئوخشىمىغان ئىقلىملىرىنى قانچە كۆپ كۆرسە، ئۇ يەر

كىشىلەرنى بىلەن قانچە كۆپ ئارىلاشسا، ئادەم بولۇش يوللىرى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە شۇنچە مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ.

مىياتاكې كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىمدا ئالدىمغا ئۇچرىغان ھەربىر بالا ماڭا سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. سالام سىلەرگە مىياتاكېدىكى ئوماق بالىلار، سىلەرنىڭ سالىمىڭلارنى سېغىنىپ قالدىم. سالام قىلىشنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى خاسىيىتى ھەققىدە بىزنىڭ بالىلارغا سىلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بەردىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئادەملەردىن ساۋاق

مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپ ــ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىم ئۈچۈن رۇخسەت قىلغان ۋاقتى ئۈچ ئاي ئىدى، بۇ ۋاقىتمۇ ئۆيگە بېكىنىپ كىتاب ئوقۇش، تىل ئۆگىنىش بىلەن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئويلاپ باقسام، ياپونىيە جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئۇچراتقانلىرىم يوق ھېسابتا بوپتۇ. ياپونلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يات ئىقلىملاردىن كەلگەنلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، ئۆيلىرىگە چاقىرىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئارىدا نامەلۇم ئارىلىق ساقلايدۇ. شۇڭا ھەقەمسايە ياپونلارمۇ بۇ ئۈچ ئاي داۋامىدا مەن ئۈچۈن يوچۇن ئادەم پېتى قېلىۋەردى. تۇرۇۋاتقان يېرىم بىر ئالىي مەكتەپ، ۋەتىنىمدە ئىشلىگەن يېرىممۇ بىر ئالىي مەكتەپ، ياپونىيەگە مىڭبىر مۇشەققەتتە چىقتىم، بىرقانچە بىنا، يول ۋە تاغ ـ ئورمانلارنى كۆرۈپلا قايتىپ كەتسەم بولماس، ھېچبولمىغاندا ياپونىيە ئالىي مائارىپى ھەققىدە ئاز ـ تولا تەسىراتقا ئىگە بولۇپ قايتىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئايالىم ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ Knowledge Science (بىلىمشۇناسلىق) تارمىقىغا كىرىپ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە ئوقۇش قارارىغا كەلدىم. بۇ قارارىمنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى رەھبەرلىكىگە تېلېفون ۋە خەت ئارقىلىق مەلۇم قىلدىم. مۇدىر مۇنداق ئىنكاس قايتۇردى:

— سەن ئاۋۋال قايتىپ كەل، تەلىپىڭنى رەھبەرلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، تەستىقلايلى، سەن ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيەگە قايتا چىقساڭمۇ بولىدۇ.

— ۋەتەنگە بېرىپ ـ كېلىشىم ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن ئاسان ئەمەس، — دېدىم مەن.

— ئىشقىلىپ، قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ.

100 يۈەن قىممىتىدىكى مۇكاپاتنى كىمگە بېرىش مەسىلىسى توغرۇلۇق تەكرار يىغىن ئاچىمىز. مېنى 10 مىڭ يۈەنگە تەۋەككۇل قىلدۇرغانلىڭ ئورنىغا بىۋاستە يىغىن ئېچىپ ئىجازەت بەرسەڭلار بولمىدىمۇ، دېدىم مەن يەنە.

مۇدىر قايتىپ كېلىشىمنى جېكىلەپ، تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى.

تېلېفوننىڭ يېنىدا بىرھازا تۇرۇپ كەتتىم، شۇ ۋاقىتتا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. خىزمەتكە چىققان 16 يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي كەلدىم. خىزمەتداشلىرىم كەم دېگەندە بىر ـ ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ كېلىشتى، لېكىن ئېغىر خىزمەت ھامان زىممەمدە. كۆپ قېتىم ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنلىرىغا چاقىرىلىپ ئۇقتۇرۇش كەلدى، ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەرلەرگىمۇ بارالمىدىم. باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىش توغرۇلۇق تەكلىپ كەلسە: «سىز بىزدىكى ئىختىساس ئىگىسى» دەپ تۇرۇۋېلىپ، رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۇنداقتا مەن نېمە؟ مەن ئۆزىگە خاس تەپەككۇرغا، تاللاش ۋە شاللاش ئېڭىغا ئىگە ئادەممۇ ياكى دەرس ئۆتىدىغان بىرلا فۇنكسىيەگە ئىگە مۇلۇكمۇ؟ مانا ئەمدى ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇي دېسەممۇ ھېسداشلىقتىن مەھرۇممەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پايتىمامنى تەتۈر ئورىماي ياشاپ كەلگىنىمگە شۈكۈر دېسەم بولغۇدەك.

گادىرماچ ئوي ـ خىياللار بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى مەن ئىشلەۋاتقان فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدىم. مۇدىر مەقسىتىمنى ئۇققاندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى قوشۇلسا ئۆزىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئىنستىتۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىغا تېلېفون قىلدىم ۋە فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدۈم.

— مەكتەپ رەھبەرلىكى قوشۇلغان ئەھۋالدا فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ قوشۇلماي نېمە ھەددى. قائىدە بويىچە ئاۋۋال فاكۇلتېت

www.uyghurkitap.com

مۇدىرىغا ئىلتىماس يازسىز، فاكۇلتېت رەھبەرلىكى قوشۇلۇش پىكرىنى يېزىپ بىزگە يوللايدۇ، ئاندىن مەكتەپ رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىدۇ، ــ دېدى ئىشخانا مۇدىرى.

مەن ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، فاكۇلتېت مۇدىرىغا فاكس قىلىپ يوللىۋەتتىم. ئارىدا كۆپ تالاش - تارتىش بولۇپ ئۆتتى. فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ دەرھال تەستىق سالالماسلىقى مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ بارماسلىقىمدىكى ئاقىۋەتكە مەسئۇل بولۇشىغا بېرىپ تاقىلاتتى. مانا بۇ بىيۇروكراتىزمنىڭ كۆلكىلىك ئەپت - بەشىرىسى. ئۇ يەر مېنىڭ ۋەتىنىم، مەن قەيەردە راھەت بولسا ۋەتەننى تاشلاپ شۇ يەرگە كېتىدىغان سايىقالاردىن ئەمەس، بەلكى راھەتنى ئۆز قولۇم بىلەن يارىتىشقا ئىنتىلىدىغانلاردىن. چۈنكى، باشقىلار قۇرغان راھەتتىن نېسىۋەمنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان، باشقىلار قۇرۇپ چىققان راھەتنىڭ تىلەمچىسى بولغۇمۇ يوق.

تالاي قېتىم تېلېفون قىلىش ۋە فاكس يوللاشلاردىن كېيىن ئاخىرقى ھېساباتتا تەلىپىم ماقۇللانغان بولدى. لېكىن فاكۇلتېت مۇدىرى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنقىغا نىسبەتەن سوغۇق بىر كەيپىيات پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبكارى ئۆزۈم ئەمەسلىكىم ئۆزۈمگە ئايان، شۇڭا خاتىرجەم يۈرۈۋەردىم. سوغۇق كەيپىيات بىزدە ئاسانلا يۈز بېرىدۇ، بىزمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك. دېمەنكى، ھەرقانداق بىر ھوقۇقشۇناس ئالدى بىلەن ئىنسانشۇناس بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى قانداق ئاياشنى بىلەلەيدۇ.

ئايالىم ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ سالاھىيەت تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى ئېلىپ، ئۇنى تولدۇرۇپ تاپشۇرۇپ بەردىم. ئۇن كۈندىن كېيىن ئوقۇش ئىلتىماسىمنىڭ مەكتەپنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەنلىك ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئەمدى مەن JAIST نىڭ تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىسى بولۇش لاياقىتىگە رەسمىي ئېرىشكەندىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ بىر

پارچىسى بولغان ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويالىدىم ۋە بىر تۈركۈم ئادەم بىلەن يۈزلەشتىم. ئۇلار ماڭا ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىدىن نۇرغۇن تەسىرات ئاتا قىلدى، بەزىلىرىدىن نۇرغۇن بىلىمگە، بەزىلىرىدىن كۆپ ئىنسانىي ياردەمگە ئېرىشتىم. ئادىمىيلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى نىسبەتەن كەڭ دائىرىدە كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، ئۆزۈمدىكى سەۋەنلىكلەرنى ھېس قىلىپ يەتتىم. كىتابىمنىڭ بۇ باسقۇچىدا ھادىسىلەرگە جاۋاب ئىزدەشنى ياقتۇرىدىغان ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئاشۇ مەن ئۇچراتقان شەخسلەر خۇسۇسىدا ئورتاقلىشىشنى مەنزۇر كۆردۈم. قېرىنداشلار ئۆزى قوبۇل كۆرگەن ئىشلارنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشنى راۋا كۆرىدۇ. مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئالغان ساۋاتلار سىزنىڭ دىل كۆزىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، دىل كۆزىمىزنىڭ نۇرلىرى بىر مەنبەدىن كەلگەن بولسا، يەكۈنلىرىمىز قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى چىڭىتقاي.

## ئۇمېموتو سېنسېي(Umemoto Sensei)

ئۇنىڭ فامىلىسى ئۇمېموتو ئىدى، تولۇق ئىسمى كاتسۇخىرو ئۇمېموتو. بىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ «ئۇمېموتو سېنسېي» دەپ ئاتايتتۇق. «سېنسېي» (Sensei) دېگەن سۆز خەنزۇچىدىكى «先生» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىكى «تەقسىر، ئەپەندى» دېگەن سۆزلەرگە يېقىن. بۇ يەردىكى ئىستۇدېنتلار ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاشۇنداق نام بىلەن ئاتايتتى.

مەن ياپونىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ بىلەن ئىنتېر تورى ئارقىلىق سۆزلەشكەنىدىم. تەتقىقات پىلانىم سۈپىتىدە «ئۇيغۇر ئالىي مائارىپى توغرىسىدا» دېگەن تېمىنى ئىنتېر تورى ئارقىلىق ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، پىكرىنى ئالغانىدىم. بۇ جەرياندا دوستلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ياردىمىگە تايانىدىم. ئۇ ماڭا بۇ تېمىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۈچ يىللىق دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا تاماملاپ

www.uyghurkitap.com

بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، كونكرېت بولغان بىرەر تارماق تېمىنى تاللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ تەپسىلىي خەت يازغانىدى. شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىنچىكە، تەلەپچان، ئەستايىدىل ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدىم. ئۇ يەنە ياپونىيەگە بالدۇرراق بېرىپ تىل جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمنى جىددىي تولۇقلىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەنىدى. مەن ئۆزۈمگە پاسپورتۇم ۋاقتىدا چىقسا، چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم.

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاخىر ئۆزۈمنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. ئائىلەم تۇرغان مەكتەپتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر ئوقۇش تۈرى يوق ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئۆچۈن كانازاۋا شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىشىمغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنداق بولغاندا، ياتاق، قاتناش ۋە تاماق مەسىلىلىرى مەن ئۈچۈن قىيىنغا توختاپ كېتەتتى. شۇڭا، ئىلكىمىزدە بار بولغان تۇرمۇش شارائىتى ئاستىدا مائارىپقا ئالاقىسى يېقىنراق بولغان بىلىمشۇناسلىقنىڭ «بىلىم باشقۇرۇش» (Knowledge Management-知识管理) ساھەسىدە ئوقۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

مەن ياپونىيەگە بېرىپ بىر ئاي بولاي دېگەندە ئۆزۈمنىڭ بىلەن يۈز تۇرا كۆرۈشتۇم. بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشىمىز ئىدى. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە ئائىلەم ماڭا ھەمراھ بولدى. كۆرۈشۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرىكى ئاخشىمى ئۇمېموتو ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە دېيىلىش مۇمكىن بولغان سۆزلەرنى پەرەز قىلىشقا تىرىشتىم، ئاندىن ئۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئىنگلىزچە بويىچە تېپىك جۈملىلەرنى تۈزۈۋالدىم ۋە ئۇنى كۆڭۈل خاتىرەمگە بېكىتىۋالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە سۆزلىشىشتە ئۆزۈمگە ئىشىنەلمىگەنلىكىمدىن بولدى. ئۆزىڭىز چالا بىلىدىغان تىلدا باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش سىزگە ئېغىر روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ، مەن بۇنداق روھىي بېسىمنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان ئادەممەن. ئۇمېموتو لابوراتورىيەسى 7 ـ قەۋەتتە ئىدى، بىز لىفىتكە

چىقتوق، كەينىمىزدىن بىر ـ ئىككى ئادەم لىفىتكە چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا تونۇش بىلىندى، خاتالاشمىسام بۇ ئۇمىبموتو ئەپەندى ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئۇنىڭ تور بېتىنى ئاچقاندا كۆرگەنىدىم. ئايالىم ئۇنىڭ بىلەن تونۇشاتتى، ئۇلار لىفىتتا سالاملاشتى، ئايالىم مېنى تونۇشتۇردى، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى ياپون تىلىدا بولدى.

ئۇ ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى، ئورۇق بولۇشىغا قارىماي ئاسمىلىق شىم كىيىۋالغان، ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، چاچلىرى سىپتا ياسالغان بولۇپ، قورچاقتەكلا كۆرۈنەتتى. ئۆڭى سېرىققا مايىل، مەڭز سۆڭىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىز، نېپىز كالپۇكلىرى ھىملىشىپ تۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان شىبلىتىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

ـ كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، ـ دېدى ئۇمىبموتو ئەپەندى مەن بىلەن كۆرۈشكۈچە ئىنگلىز تىلىدا.

ـ مەنمۇ خۇشالمەن، ـ دېدىم ئىنگلىز تىلىدا.

ـ كەلگىلى قانچىلىك بولدى؟

ـ بىر ئاي بولدى.

بۇ گەپلەرنى دېيىشكۈچە يۇرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئارىدىكى بىرەر گەپنى چۈشىنەلمەي قېلىپ، ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم. مەندە «يۈز ئېگى» ناھايىتى كۆچلۈك بولۇپ، يۈزۈمنى ئاياش تۇيغۇسى ياتلار بىلەن سۆزلەشكەندە ھەر زامان تەييار ئىدى.

ئۇمىبموتو ئەپەندى بىزنى ئۆز لابوراتورىيەسىگە باشلىدى. پاراڭ ئاساسەن ئۇنىڭ بىلەن ئايالىم ئارىسىدا بولدى. ئۇ، تەتقىقات تېمامنىڭ ئېنىق بولۇشىنى، ئوقۇشقا كىرگەن ھامان ئۇ ھەقتە ئۆزىگە دوكلات سۇنۇشۇم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ، تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇشۇمنى قوبۇل كۆردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خاس كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئىككى پارچە كىتابنى ئالدىمغا قويۇپ، ماڭا ئۇلارنى ئەكەلدۇرۇپ كۆرگەچ تۇرۇشۇمنى جېكىلىدى. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«بىلىم دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئىدىيە»، يەنە بىرى «مائارىپتا بىلىم باشقۇرۇش» ئىدى. كىتابىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنگلىز تىلىدا ئىدى.

ئۇمېموتو ئەپەندى بىزنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ بىردەمدىلا مەن ئوقۇيدىغان كىتابلارنى بەلگىلەپ بولدى، مەن بۇنىڭدىن ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى يېتەكلەش ئۇسۇلىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇ يەردە ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش مەقسىتى، قىلىدىغان ئىشى، مەقسەتكە يېتىشىنىڭ كونكرېت قەدەملىرى ئېنىق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەنە شۇ نىشانى بويىچە ئىندىۋىدۇئال رەۋىشتە يېتەكلەيتتى. ئۇمېموتو ئەپەندى مېنىڭ مائارىپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىمنى بۇرۇنقى تور ئالاقىمىزدىنلا بىلگەچكە، ماڭا يۇقىرىقىدەك كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

2003 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئۇمېموتو لابوراتورىيەسىگە كىرىپ تەتقىقات ھاياتىمنى رەسمىي باشلىدىم. بۇ قېتىم مەن ئۇمېموتو ئەپەندى بىلەن مۇستەقىل كۆرۈشتۈم ۋە مۇستەقىل سۆزلەشتىم. ئۇ ئالدىمىزدىكى بىر ئاي ئىچىدە تەتقىقات پىلانىم ۋە بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ تاپشۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئىنگلىزچەمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ئۆزۈمگە ئايان، قەلبىمدە ھودۇقۇش، لېكىن ئامېرىكىدىكى جورجى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتە يىل ئوقۇغان ئۇمېموتو ئەپەندىنىڭمۇ ئىنگلىزچە سۆزلىشى ئانچە راۋان ئەمەس ئىدى. بۇ ھال ماڭا «ھودۇقما» دېگەندەك قىلدى. مەن توردىن بۇ ئەپەندىنىڭ ئىنگلىزچە ماقالىلىرىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ بىلىم ۋە مۇلازىمەتچىلىككە دائىر بىرقانچە كىتابنى ئىنگلىزچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. يەنى ئۇ ساھەسىنىڭ پۇختا ئادىمى ئىدى. لېكىن ئىنگلىزچە سۆزلەشكە كەلگەندە ئانچە راھەت تۇيۇلمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇمېموتو ئەپەندى دوكتورلۇقتا ئوقۇش پىلانىمنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىدى. مەن يوق ئەمەسلىكىنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئوقۇش

پۇلى، تۇرمۇش پۇلى ۋە تەتقىقات پىلانىم توغرىسىدىكى بىرمۇنچە مەسىلىنى زېرىكمەي ئىنچىكىلەپ سورىدى. مەن ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىمنى قانداق قىلىشىم توغرىسىدا ئۇنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمىدىم، چۈنكى مەندە ئۇنداق يېتەرلىك ئىقتىساد يوق ئىدى، ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلەپ، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجىتىمنى قامدايمەن دەپ جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئوقۇشقا قاراتقان بىر ئادەمنىڭ جاۋابى بولماي قالاتتى.

ئۇ پۈتىنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئارتىپ قويۇپ قەھۋە ئىچكەچ سوئال سورايتتى. چالا ئىنگلىزچەم بىلەن تەرلەپ ـ تەپچىرەپ جاۋاب بېرەتتىم. ئويلىغانلىرىمنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان، بەلكىم ئۇمېموتو ئەپەندىگىمۇ چۈشىنىشلىكتۇ. بۇ جەريان ماڭا 10 مىڭ چاقىرىملىق تىكەنلىك يوللارنى يالاڭ ئاياغ باسقاندىنمۇ مۇشەققەتلىك بىلىندى.

سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇمېموتو ئەپەندى ماڭا ئولتۇرىدىغان ئورنۇمنى كۆرسىتىپ قويدى. ئورنۇم ئايرىم بىر بۆلۈمچىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، كومپيۇتېر، كىتاب ئىشكاپى قاتارلىقلار تەل ئىدى. پۇتكۇل لابوراتورىيە ئادەم بويى ئېگىزلىكىدىكى سۇنئىي تاختايلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈمچىلەرگە ئاجرىتىلغان، ھەربىر بۆلۈمچە تۆت ـ بەش كىۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن تامامەن خاس ۋە ئەركىن مۇھىت ئىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمچىنىڭ كىرىش ئىشىكىگە مېلەڭزە تارتىۋالغان، بەلكىم ئۇلار مەخپىيەت تۇيغۇسى ئالاھىدە كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلاردۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدۇ، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قىلىدۇ، تاماق يەيدۇ، ھەتتا ئۇخلايدۇ. بۇنداق بۆلۈمچىدىن بىر لابوراتورىيەدە ئون ئالتىسى بار، بىراق ئوقۇغۇچى ئۇنداق كۆپ بولۇپ كەتمەيدىكەن. ياپونلار ئولتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇخلاشقا ناھايىتى ئۇستا كېلىدىكەن، ئۇلار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپ، يەنە تەتقىقاتىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


داۋاملاشتۇرالايدىكەن.

لابوراتورىيەنىڭ ئىچى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا ناھايىتى قولايلىق ئىدى. ئۇيچە ئىشلىتىلىدىغان تولاتقۇ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، توك قازانلارنى ئوقۇغۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا ئىشلەتسە بولاتتى. لابوراتورىيە ئالدىدىكى كارىدورنىڭ بىر تەرىپىدە گاز ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئايرىم ئۆي بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدا تاماق ئەتسىمۇ بولىدۇ. ياپونىيەدە پوتكول يېمەكلىك ئۆلچەملەشتۈرۈلۈپ، تەييار ھالەتتە ئوراپ قاچىلانغان بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەپتىدە ياكى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تاللا ماگىزىنلارغا بېرىپ يېمەك - ئىچمەك ئەكېلىۋالاتتى. ئۇلارنى خالىسا ياتىقىدىكى تولاتقۇغا، خالىسا لابوراتورىيەدىكى تولاتقۇغا سېلىپ قوياتتى، قورساق ئاچقان ھامان ئىسسىتىپ يەيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن بار - يوقى 15 مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. ئۇلار ئاتايىتەن قورساق ئۈچۈن بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنى خالىمايتتى.

لابوراتورىيەدە تۇرمۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرەيلەن بولىدىكەن، ئۇ ھەر خىل ئىچىملىكنى ئەكېلىپ تولاتقۇغا سېلىپ قويىدىكەن. ھاجەتمەنلەر تولاتقۇنىڭ يېنىدىكى پول قاچىسىغا پول تاشلاپ ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ ئىچىدىكەن. ئىچىملىكلەرنى پۇلسىز ئىچىۋالىدىغان سەتچىلىكلەر يۈز بېرىپ باقمايدىكەن. كۆرۈپ قالىدىغان بىرى بولمىسىمۇ، كىشىلەر ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرگە ھەرگىز تەگمەيدىكەن. بىز «ساپا مائارىپى» دەپ ۋارقىراپ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلار بۇ يەردە تەبىئىي بىر خۇلق ئىدى.

لابوراتورىيەدە مۇزاكىرە قىلىدىغان ئايرىم بىر بۆلۈمچە بولۇپ، چارچىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە تېلېۋىزور كۆرسە بولاتتى، تولاتقۇمۇ ئاشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇسسىغانلارنىڭ ئىچىملىك ئېلىپ ئىچىشىگە ئەپلىك ئىدى، ئۇ يەردە قايناق سۇ ۋە قەھۋە چوگۈنلىرى بار ئىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز ئىچىدىغان ئۈزۈم ھاراقلىرى ئاشۇ يەردە بولاتتى، بەلكىم ئۇ چارچىغان چاغلىرىدا ھاراقتىن ئىككى يۇتۇم

ئوتلاپ قويسا كېرەك.

لابوراتورىيەنىڭ بىر تەرىپىدە ئىككى ئىشخانا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە بىزنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىز ئۇمبېموتو تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ تۆت تېمىدا لىق كىتاب، ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىتابلار دۆۋىلەنگەن، پەقەت ئادەم ماڭالايدىغان ئارىلىقلا قالدۇرۇلغان، ئۇمبېموتو ئەپەندى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشەتتى. ئۇ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كىتابلارنى قالايمىقان قويۇپ قوياتتى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لابوراتورىيەگە پەقەت قورال خاراكتېرلىك، قوللانما خاراكتېرلىك كىتابلارنى تىزىپ قوياتتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئوپچە پايدىلىناتتى. كىتابلارنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەتتىن بولىدىكەن، كىتاب ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خىراجەت چوقۇم خەجلەپ تۈگىتىلىشى كېرەك ئىكەن. كىتابلارنى ھەربىر لابوراتورىيە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە تاللاپ، زاكاز قىلىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار كىتابلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆرمەكچى بولسا، كىتاب جازىسىغا ئېسىپ قويۇلغان دەپتەرگە كىتابنىڭ نامى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇپ، ئاندىن ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئىشىكتىن كىرگەندىلا دوسكا كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇنىڭغا لابوراتورىيەنىڭ مەشغۇلات پىلانى يېزىلىپ، ئىشلار شۇ تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈلىدىكەن. سول تەرەپتە يەنە بىر دوسكا بولۇپ، ئالاھىدە ئەھۋاللار ئەسكەرتىلەتتى، ئۇمبېموتو ئەپەندى بىر يەرگە كەتسە، ئۇنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنى پۈتۈپ قويۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار دوسكىغا قاراپلا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نېمە ئىشلاردا ئىكەنلىكى ۋە لابوراتورىيەنىڭ پائالىيەت يۆنىلىشىنى بىلىۋالاتتى.

ئۇمبېموتونىڭ ئىشخانىسىغا بارىدىغان كىچىك زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ كىتاب بار ئىدى، چوڭ - چوڭ لۇغەتلەر ئېچىپ قويۇلۇپ، لوپا ئەينەك بىلەن باستۇرۇلغان. سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېتىدىغان سېۋەت كەمپۈت بىلەن توشۇپ تۇراتتى. بەلكىم بۇ كەمپۈتلەر زېرىكىشنى ئالدىغان ئەرمەك سۈپىتىدە يېيىلسە كېرەك.

لابوراتورىيەدە نۇسخىئالغۇ (复印机)، خەت باسقۇلار تەييار ئىدى. قەغەزلەر يېتىپ ئېشىپ تۇراتتى. ئىشلىتىلگەن قەغەزلەر ئېلېكترون كارتا ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ لابوراتورىيەنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە نۇسخىلاش ئۈچۈن قانچىلىك قەغەز ئىشلىتىلگەنلىكىنى چىرىلاسى بىلەن خاتىرىلەپ قوياتتى.

ھەربىر لابوراتورىيەگە بىر پىروفېسسور يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان تەتقىقات ۋەزىپىسى ئوخشىمايتتى. بىر پىروفېسسورنىڭ ئىلكىدە بىردىن ئىككىگە قەدەر ياردەمچى تەتقىقاتچى بولاتتى، بۇلار دوكتورلاردىن بولاتتى، يەنە بىر ياردەمچى پىروفېسسور (خەنزۇچە 助教授، ئىنگلىزچە Assistant Professor) مۇ بولاتتى، ياردەمچى پىروفېسسورلارنىڭ قول ئاستىدا ياردەمچى تەتقىقاتچىلار بولمايدىكەن. ياپونىيەدىكى ياردەمچى پىروفېسسور بىزدىكى دوتسېنت بىلەن تەڭ بولۇپ، ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىش، يېتەكلەشتە ئۇنىڭ ھوقۇقى بەلگىلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدىكەن، پۈتۈن بىر لابوراتورىيەگە بېرىلگەن خىراجەتنىڭ تەسەررۇپى ئۇنىڭ قولىدا بولىدىكەن.

مەن لابوراتورىيەدىن رەسمىي ئورۇن ئالغان كۈنلا ئىسمىم لابوراتورىيەنىڭ ئالدىغا چاپلانغان ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ بولۇندى، بۇنىڭ قاچان قىلىنغانلىقىنى بىلمەيلا قالدىم. تىزىملىكتە ئولتۇرغان جايىم خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىلگەنىدى. سىرتتىن كەلگەن بىرى ئارىمىزدىكى بىرەرىمىزنى ئىزدىمەكچى بولسا، ئاشۇ خەرىتىگە قاراپلا ئورنىمىزنى تاپالايتتى. شۇ كۈنى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم، بىرى كېلىپ ئۆزىنى ماڭا تونۇشتۇردى:

— مەن ياماموتو بولىمەن، بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ تورمۇش ياردەمچىڭىز بولدۇم. ياردەملىشىدىغان ئىشلار بولسا مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويدى ۋە بىر كارتىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭدا «تومويو ياماموتو» دەپ يېزىلغانىدى.

بۇ يەرنىڭ قائىدىسىدە يېڭى كىرگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا بىر تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى سەپلەپ بېرىلىدىكەن. بىر يەرگە بېرىش، بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىسا، ئۇ ئېرىنمەي ياردەم بېرىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەق بېرىدىكەن. ياماموتو بىزنىڭ لابوراتورىيەدىكى دوكتور ئاسپىرانت بولۇپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىلىم مۇلازىمەتچىلىكى تېمىسىدا تەتقىقات قىلىدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئالدىراش بولسا كېرەك، ئۇنى تولا چاغدا كۆرگىلى بولمايتتى. لابوراتورىيەدە كاۋادا ئىسىملىك بىر ماگىستىر ئاسپىرانت بار بولۇپ، ئىككىمىز خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ لابوراتورىيەدىكى ئۇيۇشما ئىشلىرىنى قىلاتتى. پات ـ پات يېنىمغا كېلىپ ئەھۋال سوراپ قوياتتى. ئۇ خۇش پىچىم، چىرايى ئوچۇق يىگىت بولۇپ، رايىش ئىدى. قىزىق يېرى، ئىنگلىزچىنى قولاشتۇرۇپ سۆزلىيەلمەيتتى، تىلى ياپونچىغا كېتەتتى، مەن بولسام ياپونچىدا ساۋاتسىز ئىدىم. بۇ ھال ماڭا ئىككى گىرىنىڭ بىر يەرگە كېلىشىدەك تۇيۇلۇپ، كۈلگۈمنى كەلتۈرەتتى. ئۇ گېپىنى ئۈقتۇرۇپ بولالماي بىرھازا تۇرۇپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن مېنى دوسكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باراتتى ـ دە، بىر يەردىن موي قەلەمنى تېپىپ كېلىپ، ماڭا ئۇقتۇرماقچى بولغان گېپىدىكى ئىنگلىزچە تۇپ سۆزنى دوسكىغا يازاتتى، ئاندىن پېئىلنى يازاتتى، ئۇلارنى ئىستىرېلكا بىلەن تۇتاشتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ غەرىزىنى دەرھال چۈشىنىپ، ئىنكاس قايتۇراتتىم.

ياپونلار قارىماققا ساڭا دىققەت قىلمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىر يەرلەردە ئۇچرىسىمۇ ساڭا سەپسېلىپ قاراپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلار سەن ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئۇچۇرلارنى ئاللىبۇرۇن ئىگىلەپ بولغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىلگەنلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرگىز چاندۇرمايدۇ. لابوراتورىيەدىكىلەر ئىچىدە مەن يېشى چوڭلارغا كىرەتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن دوتسېنت ئىدىم، يېشى كىچىكلەر ماڭا مەندىن تەپ تارتقاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. لابوراتورىيەدە شەرقىي ئاسىيا چىراي تىپىدىكىلەرگە ئوخشىمايدىغانلاردىن ئىككىمىز بار ئىدۇق، بىرى مەن، يەنە بىرى بىرازىلىيەلىك مارسېلو ماچادو ئىدى. مىجەزلىرىمىزمۇ شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمەيتتى. كۆڭلىنىڭ ئېھتىياتچان بولۇپ پەم بىلەن ئىش كۆرۈش پوزىتسىيەسى شەرقىي ئاسىيا ئادەملىرىنىڭ ھەربىر ئۇششاق ھەرىكىتىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مەن ياپونلارنىڭ ئىمتاس، ئېھتىياتچان، رىقابەتلىك ھايات مۇھىتى ئىچىدە چوڭ ـ چوڭ دەسسەپ گۈرسۈلدەپ مېڭىپ يۈرەتتىم. ئۆزۈم ساددا، لېكىن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق بولمىسام كېرەك، ئۇلار مېنى غەربلىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان جۇڭگولۇق دەپ قارايتتى. ئۇلار جۇڭگودا ئۇيغۇر دەپ بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايتتى.

مەن ئۇمېموتو ئەپەندىدىن ئۆزى ماڭا ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان كىتابلارنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇشنى سورىدىم. ئۇ، ئۇ كىتابلارنى ئۆزىنىڭ تەرجىمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، سېتىۋالمىسام بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا ئاخىرغىچە لازىم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ـ كىتابلارنى نۇسخىلاش ياخشى ئىش ئەمەس، ئۇ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا چېقىلىش بولۇپ سانىلىدۇ، ـ دېدى ئۇ ئەسكەرتىپ.

ـ بۇ گەپ ماڭا بىرئاز قوپال تۇيۇلدى.

ـ مەن ئۇنداق قىلىشنى ئويلىمىدىم، ـ دېدىم مەن.

ـ بەزى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار تازا دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ـ دېدى ئۇ.

ـ مەن ئۇ خىل جۇڭگولۇقلاردىن ئەمەس، جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ـ دېدىم مەن.

ئۇمېموتو بىلەن ئارىمىزدا بولغان بۇ قىسقىچە سۆزلەشمە مېنى خېلى لەرزىگە سالدى، ئۇچرىغانلىكى ئىلىم ئەھلىدىن ساپ ئىنسانىي

چۈشىنىشىنى كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىۋالدىم. بۇ گەپلەرنى ئايالىمغا دەپ بەردىم. ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىر ياپون ئوقۇغۇچى بولسا، ھەرگىز چاندۇرمىغان بولاتتى، — دېدى ئۇ.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ياپون ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭگەندى. ئۇلار كىتابلارنىڭ لازىم بولۇپ قالغان ئايرىم بابلىرىنىلا نۇسخىلايتتى، ھەرگىز بىر پۈتۈن كىتابنىڭ ھەممىسىنى نۇسخىلىمايتتى. ئۇنتاسىما ۋە پىلاستىنكىلارنىمۇ كۆچۈرۈپ يۈرمەي، سېتىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كىتاب نۇسخىلاش ھەقىقەتەن خىجىل بولىدىغان ئىش ئىدى. بىراق، كىتابلار ناھايىتى قىممەت بولۇپ، ئويلاشمايلا سېتىۋالغىلى بولمايتتى. يانچۇقۇم بىلەن ھېسابلاشماي ئېيىغا يۈز دوللارلىق كىتاب سېتىۋالدىم، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇمېموتو تەۋسىيە قىلغان ھېلىقى ئىككى پارچە كىتابمۇ بار. كىتابلار بىر - بىرىدىن ئېسىل ئىدى، بەزىلىرىنى سېتىۋالاي دېسە تاپقىلىمۇ بولمايتتى. ئامالسىز ھالدا بۇنداق كىتابلاردىن بىر - ئىككىنى نۇسخىلىۋالدىم. ئۇمېموتو ئەپەندى بۇنى كۆرگەن بولسا «سىلەر جۇڭگولۇقلارزە...» دەپ قويغان بولاتتى خاپا بولغان ھالدا.

ھاياتلىق مۈلكى دائىرىسىدىكى جىددىيلىككە گىرىپتار بولغان ئادەمدىن ئەقلىي مۈلۈككە دائىر ئەخلاقتا يۈزدە يۈز رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا ئەقلىي مۈلۈك مەسىلىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەسىلە. لېكىن دۇنيا تەكشى ئەمەس. دۇنيادا ئۆزگىچە تەبىئىي مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئىزدەپ ھالسىراۋاتقان كىشىلەر تالاي. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق مۈلكى مەسىلىسىمۇ دۇنيا خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدا ئەقلىي مۈلۈك قانۇنىنى چىقارغانلارنىڭمۇ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتى بار. باشقىلارنىڭ مۈلكىي ھوقۇقىنى قوغداش تارىخىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونىدا تەكشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سەۋىيەدىكى قانۇن ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئايلانغان بولسا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە ئەزاسى ئۈچۈن ئورتاق قىممەت قاراشقا ئايلانغان بولاتتى.

بىركۈنى كىتاب نۇسخىلاۋاتسام ئۇمپموتو كېلىپ قىلىپ مەندىن:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— كىتاب نۇسخىلاۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

— قانچىلىك؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىككى باب.

ئۇ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ماڭا بۇنچىلىك دىققەت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئازراق روھىي بېسىم پەيدا قىلدى. ئادەتتە ياپون ئوقۇغۇچىلارمۇ كىتاب نۇسخىلاپ تۇرۇشاتتى.

بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇ تەتقىقات پىلانىمنى يېزىپ تاپشۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنى دېگەن ۋاقىتدا پۈتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى، ئاۋۋال ئۇيغۇرچە يېزىپ باقتىم، ئاندىن ئۆزۈم بىلگەنىمچە ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدىم، بۇ جەرياندا دوستلارنىڭ مەلۇم ياردىمىگە تايانماي تۇرالمىدىم. بىلىم مۇلازىمىتى ھەققىدە بىرقانچە ماقالىنى ۋە بىر كىتابنىڭ بىرقانچە بابىنىلا ئوقۇشقا ئۈلگۈرگەنىدىم. بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەۋى بىلىمىمنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى بىر ئەمەلىيەت ئىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم مېنى قانداق نەزەردە كۆزىتىدۇ، مەن قايسى نۇقتىدىن چىقىشىم كېرەك، بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەخمىنگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. يات بىر مەدەنىيەت، يېڭى بىر كەسىپ مۇھىتىدا تېتىشقا تېگىشلىك خىجالەتنىڭ تەمىنى تېتىشقا باشلىدىم. بۇ تەم مەندەك ئىززەت ـ نەپسى نازۇك ئادەم ئۈچۈن شۇ قەدەر ئاچچىق ئىدىكى، ئادەمنى ئۆز مەھەللىسىدىن چىقىسىلا تەمتىرەيدىغان قىلىپ قويغان جەمئىيەت ۋە مائارىپ مۇھىتىنى ئۆرتىنىپ تۇرۇپ تالاي رەت ئەسلەپ چىقتىم. يىغىن، ئولتۇرۇش، يەنە يىغىن، يەنە ئولتۇرۇشلار ھەققىدىكى ئۆكۈنۈشلۈك ئەسلىمىلەر خۇددى كۆمىقاپنىڭ ئىچىدىن تۇرۇلۇپ چىققان قارا

تۇتۇندەك تولغىنىپ كېلىپ كانىيىمنى سىقاتتى. نەپسىم بوغۇلۇپ، تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالاتتىم. ئادەمدە بار بولغان تالانت بىلەن ۋاقىت ئاددىي تۇرمۇش ئۈچۈن دەسمايىگە ئايلانغان شارائىتتا قىمىرلاپ يۇرگەن نۇرغۇن گەۋدە تالانتنىڭ تىرىك مۇمىياسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇمېموتو ئەپەندى تەتقىقات پىلانىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن بىلەن سۆزلەشتى. تەتقىقات پىلانىمنىڭ تېمىسى «ئۇيغۇر دەرسخانىلىرىدىكى بىلىم مۆلازىمىتى» ئىدى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇستىدە توختىلىپ، شامان، بۇددا، ئىسلام دىنلىرىنى تىلغا ئالغانىدىم.

— سىز بۇ دىنلار ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇمېموتو ئەپەندى.

— شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— مېنىڭچە، بۇنداق بولغاندا ماقالىڭىزنىڭ تېما دائىرىسى كېڭىيىپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا سىزگە بېرىلگەن ۋاقىت يەتمەيدۇ.

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى، مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل تىڭشاۋاتقانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

— دىنلار ئۇستىدە توختىلىش سىزنىڭ رايونىڭىز شارائىتىدا مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىلىم نۇقتىسىدىن توختىلىشقا ئاز - تولا ئىمكانىيەت بار، — دېدىم مەن.

— ئۆزىڭىزنى قىيناپ قويىسىز. بۇ تېما ھەقىقەتەن چوڭ تېما ئىكەن، مۇبادا دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنىسىڭىزمۇ، ئۈچ يىل ئىچىدە تاماملاپ بولالمايسىز.

ئۇ ماڭا قارىدى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگىنىمنى بىلدۈردۈم.

— يازغانلىرىڭىز ئىلىم تەتقىقاتى پىلانىنىڭ يېزىلىش قائىدىلىرىگە دېگەندەك ئۇيغۇن ئەمەس. سىز يەنە بۇ تەتقىقات ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com



كېتىدىغان ۋاقىت، ئۇنىڭ باسقۇچلىرى، مېتودى، ئۇنۇمى قاتارلىق تەرەپلەرنىمۇ ئوچۇق دەپ بېرىشىڭىز لازىم، بىزدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بار، كۆرۈپ باقارسىز. ئىنگلىزچە سەۋىيەڭىزنى جىددىي ئۆستۈرمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

مەن هوشيارلىق بىلەن چىڭقىلىپ ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ۋاقتىمىزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئوقۇتقۇچۇمغا رەھمەت ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ياتاققا قايتىپ كىرىپ بايا بولۇپ ئۆتۈلگەن گەپ - سۆزلەرنى تەھلىل قىلدىم. بۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئۇخلىدىم.

بۇ قېتىملىق سۆھبەت مەن ئۈچۈن ئەھمىيىتى زور بىر قېتىملىق دەرس بولدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمدىكى نۇرغۇن كەمتۈك تەرەپنى ھېس قىلىشۇالدىم. ئىلمىي تەتقىقاتى پىلانى يېزىش دەرۋەقە ئادەتتىكى يېزىقچىلىققا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ قېلىپى ۋە تەلىپى بولىدۇ. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە ئىلمىي تەتقىقاتى يېزىقچىلىقى يوق بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قىسىم جايلاردا ئازراق ئۆتۈلۈشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ ئىلمىي تەلەپتىن كۆپ يىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئابستراكت، چوڭ گەپلەرنى قىلىپ ئۆگەنگەن. ياپونلار تەتقىقاتنى ئەمەلىي، كونكرېت، كىچىك تېمىلار بويىچە قىلىپ، چوڭ بىر سىستېمىغا تەدرىجىي يېقىنلىشىدىكەن. تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشچان، ئەمەلىي قوللىنىلىشچان بولۇشى ئاساسىي مەقسەت ئىكەن. ئۇلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولمىغان ھەرقانچە ئۇلۇغ قۇرۇق گەپنى رەت قىلىدىكەن. بىز ئەمەلىيەتنى ئەمەس، غايىنى چوڭ بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەندۇق. بۇ غايە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن غايە بولۇپ، كىمكى ئاشۇ غايە ھەققىدە ئەڭ جىق گەپ قىلالىسا، ئەنە شۇ قابىلىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۇمېموتو ئەپەندى مېنى ئاياپ ئولتۇرمىغانىدى. ئۇ مەندىكى مەسىلىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاشكارىلاپ ئوتتۇرىغا قويغاندا،

گويا ئۇ ماڭا ئەتەي ھۇجۇم قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ گىجىڭ ئادەملەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان تەلەپپۇزى ئۇنداق تۇيغۇمنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. ئۇ مەن كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىمۇ ئالدىمغا تاشلىدى. ياپونلار ئادەتتە كۆڭلىدىكى گەپنى بىۋاسىتە ئېيتمايدۇ، كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دېگەندەكلا گەپ قىلىدۇ. مەن بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ماڭا قىزىقمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بەلكىم يېرىم ئاي ئۆتكەندۇ، بىركۈنى كەچتە ئۇمېموتو ئەپەندى مېنى يېنىغا چاقىردى.

— بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟ — دېدى ئۇ خەت باسقۇدا بېسىپ چىقىرىلغان بىر مۇندەرىجىنى كۆرسىتىپ. قارىسام لاتىن ھەرپىدىكى بىر ئىسىم ئىدى، بۇ «غەيرەتجان ئوسمان» ئىدى.

— تونۇيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

— بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، مەنمۇ شۇنداق تېمىلارغا قىزىقىمەن، — دېدى ئۇمېموتو.

— سىز بۇنى كۆرەلەمسىز؟ ياپون يېزىقىدىكى خېلى كۆپ خەتلەر جۇڭگو يېزىقى بىلەن بىردەك، ئامال قىلىپ ئوقۇپ چىقىڭ، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا.

ئۇ، غەيرەتجان ئوسمان ياپونىيەگە چىققاندا سۆزلىگەن لېكسىيەنىڭ تېزىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغانىدى. تېزىس ئىنتېر توردىن بېسىپ چىقىرىلغانىدى. بۇ تېزىس ياپون يېزىقىدا ئىدى.

ئوقۇتقۇچۇمغا رەھمەت ئېيتىپ تېزىسنى قولۇمغا ئالدىم. ئەتىسى چىقسام كومپيۇتېرىمنىڭ ئالدىدا بىر يۇرۇش ياپونچە ماتېرىيال تۇرۇپتۇ. بۇنى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تاشلاپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. قارىسام ئۇ فۇكۇئوكا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى كوئىچى ئىكارىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ياشانغانلار بىلەن باللارنىڭ دەرقەمتە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تورۇشى» دېگەن تەكشۈرۈش ماقالىسى ئىكەن. چۈشەندىمكى، ئۇمېموتو ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدىكى بىلىم مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىق قىلىشىمنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدى. مەن بۇ ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. بۇ ياپونچە ماتېرىياللارنى ئايالىمنىڭ ياردىمىدە ئاخىر ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئوقۇتقۇچۇم ھاۋالە قىلغان تېما ئۈستىدە تەتقىقات پىلانى يېزىشنى قارار قىلدىم.

2002 - يىلى 13 - يانۋار ئۇمېموتو ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئاسپىرانتور كاۋادا بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرىلا ھەربىرىمىزدىن 1000 يېندىن پۇل يىغدى، ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئۇمېموتو ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىمەكچى بولۇشتۇق. بۇنداق ئىشلارغا ئانچە رايىم بولمىسىمۇ، ياپونلاردا تۇغۇلغان كۈننىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باققۇم كېلىپ، قاتنىشىشنى لايىق تاپتىم. ئولتۇرۇش بىزنىڭ لابوراتورىيەنىڭ بۇلۇڭىدىكى چوڭ بىر بۆلمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تاماقلار ۋە قورۇمىلار سىرتتىكى بىر ئاشخانىغا زاكاز قىلىندى. سائەت بەش بولغاندا ھەممىمىز يىغىلدۇق.

ياپونلارنىڭ داستىخىنى كۆركەم ھەم رەتلىك بولىدۇ، ئۇلار داستىخان ئەسلىھەلىرىنى ناھايىتى ئىبدىتلىق قىلىپ، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قورۇمىلار، تائاملار، مېۋە - چېۋىلەر، ئىچىملىكلەرنىڭ رەڭگى بىر - بىرىگە شۇنداق ماسلاشتۇرۇلغان. مېۋە - چېۋىلەر چىرايلىق توغرالغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ياپونلار داستىخان تۈزۈشنى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىمايدۇ، ئۇنىمۇ مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، غىزا ۋە داستىخان كۆرۈنۈشلىرىنى كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان ئۆزلۈك پەللىسىگە يەتكۈزۈشنى ئويلايدۇ. بۇ چوقۇم مۇلازىمەت كەسپىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى كېرەك.

ئۇمېموتو ئەپەندى كىرىپ كەلدى، سىنئالغۇلار ۋە فوتو ئاپپاراتلار ھەرىكەتكە كەلدى، چاۋاكلار چېلىندى. ئۇمېموتو ئەپەندى جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئورنىمىزغا ئولتۇردۇق. سورۇننى ئانچە

ئازادە دېگىلى بولمايتتى، ئاز ـ تولا چاقچاقىسىمان گەپلەر بولۇنغاندىن باشقا غەيرىي سۆز ـ ھەرىكەتلەر يوق ئىدى. سورۇندا ئىككى مۇسۇلمان بار ئىدۇق: بىرى مەن، يەنە بىرى ھىندونېزىيەدىن كەلگەن توتوك. داستىخان شۇنچە كۆركەم بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى غىزالارنىڭ ھالاللىقىدا شەك بار ئىدى. ئۇلار مېنى بىرنەرسە يېيىشكە زورلاپ قالسا، قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشىدە ئولتۇردۇم. سورۇننى كاۋادا باشقۇردى. ھەممىمىز بىرلىكتە «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك» دېگەن ناخشىنى ئوقۇپ، ئۇمېموتو ئەپەندىنى قۇتلۇقلىدۇق، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدۇق. بۇ لابوراتورىيەدىكىلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تۇنجى ئۇچرىشىشىم ئىدى. كاۋادا مېنى باشقىلارغا تونۇشتۇردى ۋە ماڭا سۆز بەردى. مەن باشقىلار بىلەن ئۇچراشقىنىمدىن خۇرسەن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. ئارىمىزدىكى دوكتور ئاسپىرانتلاردىن ئوگوشى ماساكىنىڭ بىر پارچە ماقالىسى بىلىمشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولغانىكەن، ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلىدۇق. ئوگوشىمۇ ئازراق سۆز قىلدى. ئارقىدىن غىزاغا مەرمەھەت قىلىندى. مەن مېۋە ـ چىۋىلەردىن ئەبنۇس يەپ ئولتۇردۇم. ياپونىيەنىڭ ئەبنۇسلىرى چوڭ ھەم شېرىن بولىدىكەن، بۇ ماڭا بەك ياقاتتى. گۆشلۈك قورۇمىلار ۋە غىزالارغا تېگىش قىلمىدىم، توتوكمۇ پەخەسلىك بىلەن ئىش كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ياپونلار ئادەمنى غىزاغا زورلاپ تۇرۇۋالمايدىكەن، شەك بار نەرسىلەرنى يەپ تاشلاشقا مەجبۇر بولمىدىم. بەزىلەر بىرەر ئىستاكاندىن پىۋا ئىچىشتى، مەن ئۆزرە قويدۇم، ئۆزئارا گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلار باشلاندى.

ـــ تاماقلارنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇمېموتو ئەپەندى مەندىن.

ـــ ئۆزىمىز ئېتىپ يەۋاتىمىز، ـــ دېدىم مەن.

ـــ ئۇھ، ئۆزۈڭلار تاماق ئېتەلەيدىكەنسىزلەر ـ دە، بۇ قالتىس ئىش ئىكەن.

ـــ شۇنىڭدا تېجەشلىك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مۇسۇلمان، بۇ ئەتراپتىن مۇسۇلمانچە تاماق تاپقىلى بولمايدىكەن.

ئۇمېموتو ئەپەندى «دەرۋەقە شۇنداق» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. بوگۇنكى ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلىدە تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىپ كېتىشكەنمىش، ئۇلار ۋاقىتنى تېجەيمىز دەپ ماگىزىندىن تەييار تاماق ئەكېلىپ، ئۆيلىرىدە ئىسسىتىپ يېيىشىدىكەن. شۇڭا ياپونىيەدە تاماق ئېتەلىگەن ئادەمنى ھۈنەر ئىگىسى دەپ بىلىدىكەن.

— ماگىزىنغا نېمە بىلەن بېرىۋاتىسىلەر؟ ۋېلىسىپىتلار بىلەنمۇ؟

— ۋېلىسىپىتىمىز يوق، مەكتەپنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەن بارىمىز.

ئۇمېموتو ئەپەندى تۇنجى قېتىم تونۇشقىنىمىز ھەققىدە سوئال سوراۋاتاتتى، ھەيران قالدىم. مۇشۇ يېشىغىچە تېخى ئۆيلەنمىگەن بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئاددىي تونۇشقا ئائىت تەپەككۇر يوقمىكىن دەپ ئويلايتتىم. ئۇ يول يۈرگەندە يەرگە ئېڭىشىۋالاتتى، كاللىسى ئالدىدا، پۇتى كەينىدە قالاتتى. ئۇ ماڭا ھەمىشە كىتاب ئوقۇپ، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان، ھەمىشە ئاغزىدىن «Knowledge Management» (بىلىم باشقۇرۇش) دېگەن گەپ چۈشمەيدىغان ماشىنا ئادەمدەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ تونۇشۇم ھەققىدە سوئال سورىشى مەن ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى.

سۆھبىتىمىز زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەر، ئوبيېكتىپ ئىشلار دائىرىسىدىكى بىرقانچە ئېغىز سۆزلەشمە بىلەن چەكلىنەتتى. كىشىلىك ھېسسىيات، سېغىنىش، زېرىكىش ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ ئارىمىزدا بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇمېموتو ئەپەندى باشقىلار بىلەن قانداقكىن، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇ ماڭا مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپە دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ئىنسانلىق مېھرىنى كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تەلەپ قىلغاندەك بىر ئىش ئىدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولسا، ئۇنى بىر - ئىككى قېتىم ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، تەپسىلىي سىرداشقان، ئۇنىڭغا يۇرتىمىزنىڭ

چىرايلىق يەرلىرىنى كۆرسەتكەن بولاتتىم. لېكىن بۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلاردىلا بولىدىغان دىلكەشلىك بولۇپ، ھەممە نەرسە مەنپەئەت، پايدا، پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان مەدەنىيەتنىڭ يامرىشى ئارقىسىدا ئۇنداق دىلكەشلىك ھاماقەتلىك بولۇپ سانىلىدىغان بولدى. ئەگەر لابوراتورىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇرلار بولسا، يېڭى كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا دوستلۇق قولىنى چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ساددا ھەم ساپ ھېسسىيات بىلەن ئۇزاتقان بولاتتى. ئەلۋەتتە، ياپون ئوقۇغۇچىلارنى دوستانە ئەمەس دېگىلى بولمايتتى، لېكىن بۇ دوستلۇقنىڭ ئىسسىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بەلكىم ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پۇختا بولۇش ئاساسىدىكى يۈكسەك ئەقلىيلەشكەن دوستلۇقتۇ. سانائەت ۋە ئىقتىسادىي ھەزارەتنىڭ بۆشۈكىدە چايقىلىپ چوڭ بولغان يۈرەكلەردە ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت يولىدىكى رىقابەت تۇيغۇسىلا بولىدۇ، بۇ يەردىكى ئەخلاق ئەنە شۇ رىقابەتنى ھۆرمەت قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. بۇ ھال سەل - پەل يىراقتىن كەلگەنلىكى يات ئادەمگە باغرىنى ئېچىپ چۈۋۈپ كۆرسىتىدىغان، بار نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ بېرىدىغان، ئاخىرىدا ھېچكىمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمەيدىغان ساددا ئۇيغۇرنىڭ مەندەك پۇشتى ئۈچۈن تامامەن يات ھەم سوغۇق رېئاللىق ئىدى. ئارقا كۆرۈنۈشى يوچۇن، يات ئادەملەرنى باغلىرىدا يايلىتىپ، ئۆيلىرىدە قوندۇرىدىغان ئادەملەردىن پەقەت ئۇيغۇرلا قالغان بولسا كېرەك. بىز بوسۇغىمىزغا كەلگەن ئادەمنى كىملىكىنى سورىمايلا ئۆيىمىزگە باشلايمىز، ئاندىن نام - ئەمەلىنى سورايمىز. ئەمەلىيەتتە ئۆي بىزنىڭ ئەقىدىمىزنىڭ سىمۋولى، ئەقىدىداش بولمىغانلارنى ئۆيگە باشلاش ئۆينىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ. بوسۇغا ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئەقىدە، مول پەلسەپە بار، ئۇنىڭدىن قانداق ئادەمنى ئاتلىتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز ئۆيىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولالمايدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىرداشلىق ۋە ئىچەركىشىش بىلىم مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فورمىلاشقان تىل بىلەن دەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىلىملەرنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن مەن تۇرغان بۇ لابوراتورىيەدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ھالىتى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى.

سورۇندا بىرازىلىيەدىن كەلگەن مارسىلو ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالى ـ مۇھەببەت، نىكاھ، ئەر ـ ئاياللار مەسىلىلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بەردى. ئۇمېموتو ئۇشتۇمتۇت ماڭا بۇرۇلۇپ:

ـ سىز ياپونىيەگە قانداق كەلدىڭىز؟ ـ دەپ سوراپ قالدى. ئۇ مەندىن قاتناش ھەققىدە سوراۋاتاتتى.

ـ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا پويىز بىلەن كەلدىم، بېيجىڭدىن توكيوغا ئايروپىلان بىلەن كەلدىم، ـ دېدىم مەن.

ـ ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا پويىز بىلەن بارغاندا، قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

ـ ئىككى سوتكا.

ئۇمېموتو ھەيران قالدى، ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلىرىغا دەپ بەردى. مەخسۇس ئىككى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىكەن. چۈنكى ياپونىيە كىچىك دۆلەت، قاتناش ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر پويىز بىلەن ئىككى ـ ئۈچ سائەتتە بارىدىغان يەرگە ئايروپىلان بىلەن بارىدۇ. ياپونىيەنىڭ يېڭى غول لىنىيەلىرى شۇنداق راھەت، شۇنداق تېز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئايروپىلاندا ئولتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىز ئولتۇرغان پويىزنى كۆرگەن بولسا، سەپىرىمىزنىڭ مۇشكۈلاتلىرىدىن تېخىمۇ ھەيران قالغان بولار ئىكەن.

سورۇندا ھاراق ئىچكەنلەر بولمىدى، ھېچكىم بىرەر تال تاماكا چەكمىدى. تاماكا چېكىدىغانلار سىرتقا چىقىپ مەخسۇس تاماكا چېكىش ئۆيىدە چېكىشەتتى. ياپونىيەدە ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىش ناھايىتى ئېغىر ئىلىناتتى. سورۇندا ھېچكىم تېلېفون قوبۇل قىلمىدى ياكى تېلېفون قىلمىدى. كىشىلەر بىر ئىشنى پىلانلىسا، پەقەت شۇ ئىشنىلا قىلىدىكەن، ھەتتا شۇ ئىشقا تېلېفونمۇ

ئارىلىشىپ قالمايدىكەن.

بىز كۆڭۈل، قىزغىنلىق، ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسىلەرنى ئەخلاقتا، بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى باھالاشتىكى ئۆلچەمگە ئايلاندۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن «ياخشى ئادەم» بولمىز دەپ، ۋاقتىمىز ھەم زېھنىمىزدىن ئايرىلىپ، بورانلىق دالادىكى دوڭغاق جىگدىگە ئايلانغان خەلقمىز. ھاراق بىزدە مەدەنىيەت ئەمەس، ئاپەت. ئۇ بىزنى مەسئۇلىيەت ھەم جاۋابكارلىق تۇيغۇمىزنى يىگىلىتىپ، رىئاللىق ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان، باشقىلار ئالدىدا قەدرى يوق ئەخلەت ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى بىر يېرىم سائەت ئىچىدە ئاخىرلاشتى، بىردىن ـ ئىككىدىن تارقاشتۇق. مەقسەت يولىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات لابوراتورىيە بويىچە بىر يېرىم سائەت توختاپ، يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئەتىسى كاۋادا ھەربىرىمىزگە ئايرىم ـ ئايرىم ھېساب تاپشۇردى. ئۇ يىغىلغان پۇلنىڭ سەرپىياتىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، بىر ۋاراق قەغەزگە بېسىپ چىققانىدى. مەن ياپونلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى زىللىقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم.

لابوراتورىيەدە ھەپتىدە بىر قېتىم سېمىنار (研讨会) ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىر پارچە كىتابنىڭ ھەرقايسى بابىنى ئوقۇغۇچىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلاردىن بېيىتقان ھالدا دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇراتتى. دوكلات بەرگۈچىلەرنىڭ ۋاقىت تەرتىپى بىرەر ئاي ئىلگىرى بېكىتىلىپ، دوسكىغا چىقىرىپ قويۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىمۇ دوكلات بېرەتتى. دوكلات ئاڭلاپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلار ئۇلارغا ھەر خىل نۇقتىدىن سوئال تاشلايتتى. دوكلاتچى جاۋاب بېرەتتى، ئاڭلىغۇچىلار تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى تەكلىپ ـ مەسلىھەتلەرنى بېرىشەتتى. دوكلاتچى دوكلاتتىن بۇرۇن مۇھىم نۇقتىلار تىزىسى تۈزۈپ، سېمىنار قاتناشقۇچىلىرىغا يەتكۈدەك بېسىپ تەييارلاپ، دوكلاتتىن ئاۋۋال ئاڭلىغۇچىلارغا بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرەتتى. سېمىنار ناھايىتى ئەستايىدىل، مۇنتىزىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن، نەتىجىدە ھەركىم ئۆزىگە لايىق ئۇچۇر ۋە بىلىمگە ئىگە بولىدىكەن. بۇ يەردە، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئالاقىدار خادىملار يىراق يەرلەردىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنىپ، ئۇلارغا ئىشتىراكلىشىش پۇرسىتى تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن.

سېمىناردا ئۇمېموتو ھەممىدىن كۆپ سوئال سورايتتى، چالا قالغان تەرەپلەرگە تولۇقلىما بېرەتتى، بەزى سوئاللارنى قامۇسلارنى ئەكېلىپ تۇرۇپ سورايتتى.

نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇمېموتو ئەپەندى ئىشلەشتىن ھوزۇر ئالىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا لابوراتورىيەدە پەيدا بولاتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ لابوراتورىيە ئىشىكى ئالدىدىكى بەلگىسى «IN» («بار» دېگەن مەنىدە) بولاتتى. ھەر كىم لابوراتورىيەگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىغا توغرا كەلگەندە، قەغەز سۈرگۈچىنى سۈرۈپ «IN» قىلىپ قوياتتى، قايتقاندا «OUT»(«يوق» دېگەن مەنىدە) قىلىپ قوياتتى. ئۇ چۈشتىمۇ بار ئىدى. كېچە سائەت ئىككى بولغاندا ئاندىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتاتتى. ئادەتتە، ئۇنىڭ بارىدىغان ئەڭ يىراق يېرى مەكتەپ ئاشخانىسى، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى ۋە قىرائەتخانىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ كۈنىگە 18 سائەت ئىشلەيدىغانلىقىغا ئۆزۈم گۇۋاھ. بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى ياپونىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىمغا ئېيتسام، ئۇلارمۇ ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىزمىتى ھەققىدە ماڭا ئوخشاش تەسىراتتا ئىكەن. ئۇمېموتو ئەپەندى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدىمۇ ئوخشاش ئىشلەيتتى. «ئۇ ئارام ئالمامدىغاندۇ، يوقلايدىغان دوستلىرى ياكى تۇغقانلىرى يوقمىدۇ» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ئايالىنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىكى رولىنى تەتقىق قىلىش ئۇمېموتو تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئايالىنى ئىشخانىسىدا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ياكى كىتاب كۆرۈپ تەتقىق قىلالمىدىكىنتاك، بىلگىلى بولمايتتى.

بىرازلىيەلىك مارسېلو بىلەن ئانچە ـ مۇنچە پاراڭلىشىپ

قالاتتىم. ئۇ يېڭىلا تۇوي قىلغان بولۇپ، ياپونىيەگە ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئائىلىسىنى قويۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان، ئائىلىنى ئەكېلىشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە لابوراتورىيەدە ئولتۇرمايتتى، كانازاۋاغا كېتىپ قالاتتى. بۇ ياش بويتاقنىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇرغۇسى كەلمىگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەتتىم.

— بىزنىڭ لابوراتورىيەگە قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىركۈنى مەندىن.

— زېرىكىشلىك، قەبرىستاندەك جىمجىت، — دېدىم مەن.

— ياپونلار ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئاكىموتو بىلەن پاراڭلىشالىق بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ، ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئاكىموتو بىزنىڭ لابوراتورىيەدىكى بىردىنبىر ئايال بولۇپ، ئەللىك ياشلاردىن ئاشقانىدى.

— لابوراتورىيەدە تۆرۈك قىز بالىمۇ يوق، بۇنداق بولسا ئەجەب تۇرىدىكەن، — دېدى مارسېلو.

— سەن قىز بالا ئىزدەپ كانازاۋاغا بارالايسەن، لېكىن بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىغا ئۇۋال، ئۇ ھېچ يەرگە بارمايدۇ، — دېدىم مەن.

مارسېلو كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىموتو خانىم لابوراتورىيەدە ئاساسەن ئولتۇرمايدۇ، — دېدى.

مارسېلو ياپونلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئوچۇق - يورۇق، چىقىشقاق ئىدى، مىجەزىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۆزىمۇ قاملاشقان ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئاردا مەن كاۋاداغا ئاياللار توغرۇلۇق چاقچاق قىلغانىدىم، ئۇ خۇددى كىچىك باللاردەكلا ئىنكاس قايتۇرمىدى. خىزمەت، ئوقۇش بېسىمى ياپونىيە ئەرلىرىنى بېسىپ، ئاياللار توغرىسىدىكى نازۇك چاقچاقلارغا ئېرەنسىز قىلىپ قويسا كېرەك. ئاكىموتو خانىمنىڭ ئىككى قىزى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېدىكەن، ئۆزىمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇماقتا ئىدى.
جۇڭگودىن كەلگەن لى مىڭ ئىسىملىك بىر دوكتور ئاسپىرانتى بولۇپ، ئۇ باشقا لابوراتورىيەدە ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئۇمېموتو ئەپەندىنى ياخشى تونۇيدىكەن.
— ئۇنىڭ خوتۇنى يوق، يەنە تېخى ئاياللارنى تەتقىق قىلىدۇ، قىزىق ئىش، — دەيتتى ئۇمۇ.
ئۇمېموتو ئۆزىنى خىزمەت ۋە تەتقىقاتقا بېغىشلىغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا خىزمەت يۈزىسىدىنلا كۆيۈنەتتى، مەسئۇل بولاتتى. مەن بىر ئالىي مەكتەپتە 16 يىل ئىشلىدىم، ئۇ يەردە ئۇمېموتودەك ئىشلەيدىغان ئادەمدىن بىرنىنىمۇ ئۇچراتمىدىم، ئۇمېموتونىڭ خىزمەت سالمىقىنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى سەممىمي ھالدا ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەملەرمۇ يوق. ئۇمېموتو ماڭا ياپونىيە خىزمەت ئىستىلى ۋە ياپونلار روھىنىڭ تىرىك سىمۋولىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزى يەۋاتقان نانغا يۈز كېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى شەرەپلىك مەيدان بىلەن ئىگە ئىدى.
ئۇمېموتو ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قالتىس ئىشلەيدىغان ئادەم. لېكىن نەزىرىمدە ئۇنىڭ بىر يېرى كەمتۈك ئىدى. ئۇ بىر ئالىم، لېكىن ئۆيلەنمىگەن، ئۆز پۈشتىدىن بولغان بالىنى ئاتىلىق تەربىيەسىگە ئېلىپ باقمىغان. بىر نوتا تاكى ساز بىلەن ئورۇنلانمىغۇچە ھەقىقىي مۇزىكا ئەمەس، ساغلام بىر ئەر تاكى خوتۇن ئېلىپ پەرزەنتلىك بولمىغۇچە مۇكەممەل ئەر ئەمەس.

## ئۇمېموتو ئەپەندى ھەققىدە بىر قىستۇرما

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئۇنتۇغاقلىقىمنى كەچۈرۈڭ. ئۇمېموتو ئەپەندى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن خەيرخاھلىقىغا ئائىت مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھېلىھەم ئۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم:

2003 - يىلى 24 - فېۋرالدا BBC تېلېۋىزىيەسىدىن ۋەتىنىمنىڭ مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيەلىرىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، خەلقىمگە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپ، پىغانىم ئۆرلىدى. ئەتىسى ئەتىگىنى لابوراتورىيەگە چىقسام، ئۇمېموتو ئەپەندى يېنىمدا ئولتۇرىدىغان ئوگۇشى ماساكى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا: «يۇرتۇڭلاردا يەر تەۋرەپتۇ، جەمەتىڭلارغا قازا يەتمىگەندۇ؟» دېدى.

— ياق، شۇنداقتىمۇ ئاخشام ئۇخلىيالمىدىم، — دېدىم مەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپەت ئەھلىگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ، — دېدى ئۇمېموتو. ئوگۇشى بۇ گەپكە ئەگىشىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— رەھمەت سىزگە پىروفېسسور، — دېدىم مەن تەسىرلىنىپ.

بىردەمدىن كېيىن ھىندونېزىيەدىن كەلگەن توتوك كېلىپ، مەندىن ھال سورىدى.

شۇ كۈنى مەندىن ھال سورىغانلار پەقەت شۇلارلا بولۇپ قالدى. جۇڭگولۇق ساۋاقداشلىرىمدىن ئۇنداق ئىنكاس چىقمىغانسېرى، ئۇمېموتونىڭ ھال سورىشىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ قىممىتى شۇنچە بىلىندى. ئۇمېموتوغا دائىر مەندىكى ئەڭ ئىللىق سېزىم ئەنە شۇ ھال سوراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى.

## دى جوۋاننىي ئەپەندى

ھەربىر ئوقۇغۇچى مەۋسۇمدا قايسى خىل دەرسنىڭ ئۆتۈلىدىغانلىقى، قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئۆتۈلىدىغانلىقى ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى تەرىپىدىن كومپيۇتېردا ئېلان قىلىناتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسى، قىزىقىشى ۋە پىلانىغا ئاساسەن دەرسلەرنى تاللاپ ئاڭلايتتى، بەلكىم بۇ تاللاشقا پىروفېسسورلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەرسخانىلارنى ئۆزىمىز تىپىپ باراتتۇق، ئاڭلىغۇچىلار ھەر خىل دۆلەتتىن كەلگەن ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرى ئىدى.

دى جۇۋاننىڭ ئەپەندى ئامېرىكىنىڭ مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تەكلىپ قىلىنغان پىروفېسسور بولۇپ، ئۇنىڭ «ProfessIonal Communications» («كەسىپىي ئالاقە»)، «Everyday Technical Documents» («دائىمىي تېخنىكىلىق ھۆججەتلەر») قاتارلىق دەرسلىرى بار ئىكەن. بۇ دەرسلەر ئىلمىم تەتقىقاتى يېزىقچىلىقىغا ئائىت بولغاچقا، ئۇلارنى ئاڭلاش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە نۇتقىنى ئاڭلاش ئىنگلىزچە سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە زور تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن تەبىئىي بىر قىزىقىش ئىچىدە دى جۇۋاننىڭنىڭ دەرسىنى تاللىدىم.

قىزىق يېرى، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلايدىغانلار ئۇنىغا بارمايتتۇق. ئاڭلايدىغانلار ئىچىدە مىنى قوشقاندا بەش نەپەر جۇڭگولۇق بار ئىدى، يەنە ئىككى نەپەر تۈنىسلىق قىز بار ئىدى. تۈنىسلىق قىزنىڭ بىرى ئۇيغۇر قىزلىرىغا بەك ئوخشايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي بولۇپ، خۇددى بورتالادىن كەلگەندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن يېنىك سالاملىشىپ قوياتتۇق. يەنە بىر قىز ئاقپىشما ھەم ئېگىز بوي ئىدى، ئۇنىڭ زىلۋا بويى ۋە مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇرغان سومبۇل چېچى ئۇنى جازىبىلىك كۆرسىتەتتى، بىراق يۈز قىسمى ئوغۇل بالىنىڭ يۈزىگە ئوخشاپ كېتەتتى. دەرس ئاڭلاش داۋامىدا جۇڭگولۇق ساۋاقداشلىرىم بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم، ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن كەلگەنىكەن، مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنى «جۇڭگولۇق» دەپ تونۇشتۇرغاندا، ئۇلار سۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— شىنجاڭدىن كەلدىم، ئۇ يەردە «ئۇيغۇر» دەيدىغان ئاساسلىق بىر مىللەت بار، مەن ئەنە شۇ مىللەتتىن.

جۇڭگولۇق ساۋاقداشلىرىم روشەن ئىنكاس قايتۇرالمىدى.

— بىز سىزنى چەت ئەللىك دەپ ئويلاپ قاپتۇق، شۇڭا سىزنىڭ

خەنزۇچە سۆزلىگىنىڭىزدىن چۆچۈپ كەتتۇق.
— سىلەر ئىبىسكىمۇس دېگەن بىر مىللەتنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم ئۇلاردىن.
— تونۇيمىز، ئۇلار شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشايدۇ، — دېدى ئۇلار.
— سىگانلارنى تونۇمسىلەر؟
— تونۇيمىز.
— ئەمىسە بىزنى نېمىشقا تونۇمايسىلەر. جۇڭگونىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنى تونۇيدىكەنسىلەر، ئۆزۈڭلار بىلەن بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنى تونۇمىساڭلار قانداق بولىدۇ؟
ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى.
— ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ — دەپ سورىدى لى فامىلىلىك بىر ساۋاقداش.
— ھۆكۈمەت مەتبۇئاتى كۆپ ھالدا 8 مىليون دەيدۇ، چەت ئەلدىكىلەرنى قوشقاندا 10 مىليونمۇ دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.
— شۇنداقمۇ، نوپۇسىڭلار خېلى باركەن.
— لېكىن سىلەر بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى تونۇمايدىكەنسىلەر، بەك ئەپسۇسلاندىم. سىلەرگە تارىخ، جۇغراپىيە دەرسىدە بىز ھەقتە سۆزلىمىگەنمۇ؟
ساۋاقداش لى تازا ئېنىق ئەسلىيەلمىدى.
1994 - يىلى چاڭچۈندىكى شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۈچ ئاي تۇرغانىدىم، شۇ چاغدىمۇ نۇرغۇن كىشىگە ئۆزۈمنىڭ مىللىي سالاھىيىتى ھەققىدە يېڭىباشتىن چۈشەنچە بېرىشىمگە توغرا كەلگەنىدى، ھەتتا جىلىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كاتىپ بولغان ئادەمگىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېيتقاندا، ئىنكاس قايتۇرالماي قالغانىدى. مېنىڭچە، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ تۇپراقتا ياشايدىغان ئاپتونومىيەلىك بىر مىللەتنى ھەرقانداق بىر جۇڭگولۇق تونۇشى كېرەك ئىدى. بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇۋلاردا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئالدىغان كىتابلىرى



ئۇيغۇرلارنى تونۇيدىغان ئاددىي خەلقلەر يوق ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇرلارنى كاۋاپچى مىللەت سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ئۇيغۇرلارنى مەدەنىي بىر خەلق سۈپىتىدە تونۇيدىغانلار بەلكىم «24 تارىخ» نى ئوقۇغان بىلىملىكلەر ئىچىدىن تېپىلىدىغاندۇ. بەرىبىر ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىماي، «شىنجاڭلىق» (新疆人) دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھال نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇمۇ زور ئىجتىمائىي پەن تېمىسى.

تۇنىسلىق قىزلار مېنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ياكى شەرقىي ياۋروپالىق دەپ ئويلاپ قالغانىكەن، ئۇلارمۇ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىمدىن ھەيران قالدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ ھەم جۇڭگولۇق ساۋاقداشلىرىمۇ مېنىڭ تۈركىي تىل تۈركۈمىگە تەۋە ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىمنى بىلىپ كەتتى. شۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيرانمەنكى، جۇڭگولۇق ساۋاقداشلىرىمغا خەنزۇچە گەپ قىلسام، ئۇلار ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتى، ئۇلار ماڭا گەپ ئاچسا ئىنگلىزچە سۆزلەيتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا كىملىكىم ھەققىدىكى تونۇش رەسمىي يىلتىز تارتىپ كېتەلمىگەن بولسا كېرەك. تۇنىسلىق قىزلار بىلەن بولغان سالام ـ سەھەت بارغانسېرى ئىللىق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئۇلار مېنى كۆرگەندە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم»نى دانە ـ دانە قىلىپ ئېيتاتتى، ياپونىيەگە مەندىن كېيىن كەلگەن ئوغلۇمنى كۆرگەندە ئەركىلىتىپ، سۆيۈپ قويۇشاتتى.

دى جۇۋاننىي ئەپەندىنىڭ دەرسى ئەنە شۇنداق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشۇمغا سەۋەبچى بولدى. مەن ئۇلار بىلەن ئۆزۈم ۋە كەسىپ ھەققىدە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مانا ئەمدى دى جۇۋاننىينىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەش نۆۋىتى كەلدى. يۇقىرىدىكى بايانلارمۇ دى جۇۋاننىي سەۋەبىياتىدىن ئويغانغان تۇرمۇش ھېسلىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە دى جۇۋاننىي تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

دى جوۋاننىي ئاپپاق چاچلىرى ئۆزىگە ياراشقان، يۈزى قىپقىزىل، تەمبەل، سىپمىز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سىپمىزلىكى ئارتۇقچە بىلىنمەيتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ سالاپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. ئۇ يول يۈرگەندە شۇنداق تەمكىن ئىدىكى، پەقەت پىشقان، ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرلا شۇنداق ماڭىدۇ. مەن ئۇنى ياپونىيەگە يېڭى كېلىپ ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە مەكتەپكە كىرمىگەن چېغىمدىمۇ كۆرگەنىدىم. ئۇ ھەر كۈنى كۈن ئولتۇراي دېگەندە مەكتەپنىڭ سىرتىدىكى تۇرالغۇسىغا قايتاتتى. مانا ئاخىر مەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم.

ئاق چاچ، قىزىل يۈز دى جوۋاننىي ئەپەندى بىزگە دەرسكە كىردى. ئۇچىسىدا يەنە شۇ ئۇزۇن يەڭلىك ئاق كۆڭلەك، كۆڭلەككە گالىستۇكنىڭ رەڭگىمۇ ئوبدان ماسلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇ دەرس ئۆتىدىغان ئېلېكتىر ئۇسكۈنىلىرىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ تەييار قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ لېكسىيە تېزىسىنى ھەممىمىزگە بېردىن تارقاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تەمكىن ھەم تەبىئىي ئىدى. ئۇ پىروېكسىيە ئاپپاراتى ئارقىلىق تېزىسنى ئېكرانغا چىقىرىپ سۆزلەيتتى، شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ نۇتقى بىلەن يېزىق كۆز ئالدىمىزدىلا بىر گەۋدە بولۇپ كېتەتتى. كۆز ۋە قۇلىقىمىزنىڭ سەزگۈلىرى بىرلىشىپ، يېڭى سۆزلەر تەلەپپۇزىنىڭ ئېنىق ئۆزلەشتۈرۈلىشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرەتتى. مەن بۇ پىروفېسسورنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشنى توغرا تاللىغانلىقىمنى چۈشەندىم. پىروفېسسور دى جوۋاننىينىڭ ھەرىكىتى ئىپادىگە باي ئىدى، چىرايىغا ئۆزى كۈلمەي تۇرۇپ يۇمۇرلۇق تۈس بېرەلەيتتى. بۇنىڭ ياردىمى بىلەن ماڭا نىسبەتەن مۇجمەل بولغان بەزى ئىنگلىزچە ئىبارىنىڭ مەنىسى كاللامدا سۈزۈلۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئېنىق، ئىنتوناتسىيەسىمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇ تەتقىقات تېمىسىنى تاللاش، قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، تېزىس تۈزۈش، گرافىك، تەجرىبە دوكلاتى يېزىش، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش، ئېلخەت (E-mail) يوللاش قاتارلىق ئىشلارنى زامانىۋى تېخنىكا ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇھىتىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھەر قېتىملىق دەرس مەزمۇننى يېرىم سائەت ئەتراپىدا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلىي مىسالدىن بىر ـ ئىككىنى بېرىپ، بىزنى 15 مىنۇتلۇق مەشغۇلاتقا ئۇيۇشتۇراتتى، ئاندىن كۆزقارىشىمىزنى سورايتتى، توغرا بولمىغان يەرلىرىنى تۈزىتەتتى. مېنىڭ ئىنگلىزچەم ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە تۆۋەن ئىدى، تېزىستا مەن بىلمەيدىغان سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار جىق ئىدى، شۇڭا ھەدەپ لۇغەت ئاختۇراتتىم، بۇ ھال مېنى قاتتىق ئازابلايتتى.

ئۇ بىزنى مەشغۇلاتقا ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇپ، دەرسخانىدىن چىقىپ كېتەتتى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاپتوماتىك قورۇلمىدىن ئىچىملىك ئېلىپ دەرسخانىدىلا ئىچىۋېرەتتى. «ۋاھ، نېمىدېگەن ئىسسىق، بولالمايلا كەتتىم» دەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە سىرتنىڭ ھاۋاسى سوغۇق ئىدى. دەرسخانىنىڭ ئىچى بولسا ھاۋادان ئارقىلىق ئىسسىتىلاتتى، ئۇ كۆڭلەكچان تۇرۇپمۇ ئىسسىپ كېتەتتى. ئۇ دەرس ئارىلىقىدا ئانچە ـ مۇنچە ياپونچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى، ئۆزى بىلىدىغان بىرنەچچە ياپونچە ئىبارىنى ئىشلىتىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. چەت ئەللىكلەرنىڭ تىل ئۆگىنىش پىسخىكىسىدا «خىجىل» بولۇش دېگەن ئۇقۇم بولمىسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار قانچە سۆز بىلسە شۇلارنى ئىشلىتىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ.

ئاخىردا يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ئۇمۇمىي تەتقىقات پىلانىمنى سوراپ قالدى، مەن ئۇنى يېزىشقا تۇتۇنۇپتىمەن. لېكىن «چوڭلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىلىم مۇلازىمىتى» بولدى. ئۇنى باشتا ئۇيغۇرچە يېزىۋالدىم، ئاندىن جۈملىمۇجۈملە ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدىم، ئىنگلىزچە جۈملىلىرىمدە مەسىلە بارلىقى ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئىدى. ئۇنى تاماملاپ بولۇپ باشقىلارغا كۆرسەتتىم، ئۇنىڭ ساغلام جۈملىگە ئىگە تەتقىقات پىلانىغا ئايلىنىشى جەريانىدا دوستلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم. چەت ئەللىكلەر سۆزلەشتە ياكى يېزىشتا خاتالاشسىڭىز ھەرگىز سىزنى كەمسىتمەيدۇ، مەسخىرىمۇ قىلمايدۇ، خاتا سۆزلىسىڭىزمۇ ئۇلار مۇمكىنقەدەر ئېيتقانلىرىڭىزنى توغرا چۈشىنىشكە

تىرىشىدۇ. ئىنگلىزلار بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئۇلار ئىنگلىز بولمىغانلارنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئاڭلىغاندا چىراي ئىپادىسى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ھەرگىز خاتالىقىڭىزنى دېمەيدۇ، بەلكى سىزنىڭ توغرا تەرەپلىرىڭىزنى ئالدى بىلەن كۆرۈپ، شۇلارنى ماختايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ خاتا جۈملىڭىزدىنمۇ مەقسىتىڭىزنى چۈشىنىۋېرىدۇ ۋە سىز بىلەن چاندۇرماي سۆزلىشىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز باشتا شەكىللەنگەن خۇدۇكسىرەش، تەپ تارتىش قاتارلىق پىسخىكىلىق توسالغۇلاردىن ساقىت بولۇپ قالىسىز - دە، قارشى تەرەپنى ئۆز بىلىشكە باشلايسىز، تىل ئۆگىنىشىڭىزدىكى ئىمكانىيەت ئەنە شۇ ئاساستا كېڭىيىپ بارىدۇ. چەت ئەللىكلەر ھەرگىزمۇ قابىلىيىتىڭىزنى نوقۇل ھالدىكى سۆزلەش بىلەنلا ئۆلچىمەيدۇ، ئۇلار سىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. ئادەم كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگەنمەي، كېيىن ئۆگەنگەن بىر تىلنى شۇ تىلنىڭ ھەقدارلىرىدەك سۆزلىيەلمەيدۇ، بۇنىسى ئىنتايىن تەبىئىي. يات بىر مىللەتنى ئۆزىدەك ئۆلچەملىك سۆزلەشكە مەجبۇرلاش ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى شۇ بويىچە ئۆلچەش ئىنسان خاراكتېرىدىكى بىر خىل مۇستەبىتلىك. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆزىمۇ باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ جاپاسىنى بىلگەچكە، تىل مەسىلىسىگە كەڭ نەزەردە قارايتتى. ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرۈپ، تەتقىقات پىلانىمنى دى جۇۋاننىي ئەپەندىگە كۆرسەتكۈدەك بىر ھالغا ئەكەلدىم. ئەمدىكى مەسىلە مۇۋاپىق پەيتتە دى جۇۋاننىي ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئىدى. بىر - ئىككى ھەپتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي كەلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈمنى تالاي ئەيىبلىدىم.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆزلىشىشكە ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ دەرسى بار ئىدى، دەرستىن چۈشۈپ بولۇپ، باشقىلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى كۈتتۈم. ئۇ دەرسخانىدا ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئىشىكنى چەكتىم. ئىچكىرىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«كىرىڭ!» دېگەن ئاۋاز چىقتى، كىردىم .
— ئازراق ۋاقتىڭىز بارمىدۇ؟ — دېدىم مەن جىددىيلىشىپ.
— بار، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟
— ئىنگلىزچەم ناچار، كەچۈرسىز.
— تارتىنماڭ، قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭىز؟
— جۇڭگودىن.
— جۇڭگودىن؟ بۇ راستمۇ؟ ھەيرانمەن، سىز باشقا جۇڭگولۇقلارغا ئوخشاپ كەتمەيدىكەنسىز.
— مەن جۇڭگودىكى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتتىن.
— ئۇيغۇر؟ — دى جۇۋاننىي ئەپەندى «ئۇيغۇر» دېگەن ئىبارىنى تۇزۇك تەلەپپۇز قىلالمىدى.
— ھەئە، ئۇيغۇر، — دېدىم مەن، — جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بىر يەر بار، مەن شۇ يەردىن كەلگەن.
— تىلىڭلار قانداق؟
— تىلىمىز تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە تەۋە. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان كىشىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتىمىزگە تەرجىمان كەتمەيدۇ، تىلىمىز ئۇلارنىڭ تىلىغا تۇغقان كېلىدۇ.
— شۇنداقمۇ، — دېدى پروفېسسور سالاھىيىتىمنى ئەمدى ئېنىق چۈشەنگەندەك بولۇپ، — قىزىق ئىش، مېنىڭ بوۋاممۇ تۈرك ئىكەن، ناھايىتى ئەپسۇس، مەن ئۇلارغا ئوخشىماي قالدىم.
— بىر تەتقىقات پىلانى يېزىپ چىققانىدىم، كۆرۈپ پىكىر بېرەمدىكىن دېگەن ئۈمىدتىمەن.
— بولىدۇ، كۆرۈپ بولۇپ، سىزنى چاقىراي.
ئۇ تەتقىقات پىلانىمنى ئېلىپ قالدى، ئۇنىڭ قېشىدىن چىقىپ «ئۇھ» دېدىم. زىممەمدىكى ھەممە يۈك بىردىنلا ئىرغىپ چۈشكەندەك يەڭگىللەپ قالدىم.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پىروفېسسور دى جۇۋاننىي مېنى چاقىردى، ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ مېنىڭ تەتقىقات پىلانىمنى شۇ قەدەر ئەستايىدىل كۆرۈپتۇكى، جۈملىمۇجۈملە، سۆزمۇسۆز، ھەتتا باغلىغۇچىلاردىن تارتىپ كۆرۈپ، تولا يېرىنى ئۆزگەرتىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقىدىسىدىن ناھايىتى خىجىل بولدۇم. ئۇ ماڭا ھەربىر سۆزنى نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرتكەنلىكىنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ ئۆتتى.

— ئىشلىرىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — دېدى ئۇ مېنى ئۇزاتقاندا.

مەن ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتتىم.

تەتقىقات پىلانىمنى دى جۇۋاننىينىڭ پىكرى بويىچە تۈزىتىپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمغا سۇندۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمېموتو ئەپەندى ماڭا تەتقىقات پىلانىمنى تۈزىتىش ھەققىدە گەپ قىلمىدى. بەلكى مەن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئېنىق ئىقتىسادىي كاپالەت ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولدى. ئۇ مەندىن بۇ جەھەتتىكى ھەربىر ئىنچىكە نۇقتىنى ئەسكەرتىپ، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مەندە يېتەرلىك تەييارلىق ۋە ئېنىق پىلان زادىلا يوق بولۇپ، ئۇمېموتو ئەپەندىنى قايىل قىلىشتا مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق ئىدى. «ماڭا ئوقۇش مۇكاپاتى بەرسەڭلار ئوقۇيالايمەن» دېيىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

بىركۈنى دى جۇۋاننىي «يېتەكچى ئوقۇتقۇچىڭىزنىڭ باھاسى قانداق؟» دەپ سورىدى. ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى.

— ئېخى پىكرىنى ئېيتمىدى، — دېدىم مەن.

— سىز ئۇنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى ياخشى مۆلچەرلەڭ، بەزى پىروفېسسورلار باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە باھا بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— چۈشەندىم پىروفېسسور، سىزگە كۆپ رەھمەت.
— تۈزۈت قىلماڭ.
پىروفېسسور دى جۈۋاننىي بىلەن ئارىمىزدا بولغان گەپ - سۆزلەر ئاشۇنچىلىك، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار ئىدىم. ئاق چاچلىق، قىزىل يۈزلۈك بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاپپاق كۆڭلەكلىك يوغان بەستى بىلەن كۆز ئالدىمدا خاسىيەتلىك بۇلۇتتەك نامايان بولىدۇ.
مەن ئۇنىڭ دەرسىدىن نۇرغۇن يېڭىلىقنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئەركىن سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ يات بىر مەملىكەتتە ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتۈشنىڭ راھەتىنى ھېس قىلاتتىم. ئۇ سۆزلەۋاتقان تىل ئىنگلىز تىلى، بۇ تىل بۈگۈنكى دۇنيادا مۇتىۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ھەممىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ھەممە مىللەت چوك بىلگەن تىل دەل سىنىڭ ئانا تىلىڭ بولسا، سەن بۇ تىلدا سۆزلەپ ھۆرمەتكە ۋە نەپكە ئېرىشسەڭ، كىشىلەرنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى ساڭا قايىللىقتا تىكىلىپ تۇرسا، بۇ قانداق ئىپتىخار، قانداق بەخت - ھە؟! بۇنداق تۇيغۇ، بۇنداق ھېسسىياتنى مەندەك ئورۇندا تۇرغان ئادەم تېخىمۇ روشەن ھېس قىلىدۇ. دەرس ئۆتۈش پىروفېسسور دى جۈۋاننىي ئۈچۈن ئويۇننىڭ ئورنىدا ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەم چوك بىلىدىغان ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەۋاتاتتى. دى جۈۋاننىينىڭ قانداق شەخسىي ھەسرىتى بار، بۇنى پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ. ئۇ سۆزلەۋاتقان تىل ئىنگلىزلارنىڭ بۈگۈنكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان تىل ئىدى. بۇ تىل ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە يازغۇچىسى بېرناردشاۋ شۇنداق دېگەنىكەن: «سىنىڭ تىلىڭ شېكىسپىرنىڭ تىلى، مىلتوننىڭ تىلى ۋە ئىنجىل تىلى. كېسەل تەگكەن كەپتەردەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرما». بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئۆزىگە لايىق شانلىق ئۆتمۈشى بار. لېكىن ئۇ تىللاردا سۆزلەيدىغان خەلقنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئوخشىمايدۇ، ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ.

پىروفېسسور دى جۇۋاننىي، سىزنىڭ ئىنسانىي قەلبىڭىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

## خو پىروفېسسور

ئەمەلىيەتتە، پىروفېسسور خو ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇنى يېزىشنى نېمە ئۈچۈن خالاپ قالدىم؟ بۇنىسى ئۆزۈمگىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس. ئەگەر ئۇنى يازمىسام، ئوقۇرمەنلىرىمگە ئېيتىپ بېرىشكە تېگىشلىك قىسقا، ئەمما مۇھىم بىر مەزمۇن چۈشۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدى. قېنى، ئوقۇرمەنلىرىم، بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىرنېمە دەڭلار.

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى خوباۋتۇ (HO Bao tu). ئۇ ۋىيېتنامدىن ياپونىيەگە كېلىپ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى سەككىز يىل بوپتۇ. ئۇ «Knowledge Creating Methodology» («بىلىم ئىجادىيەت مېتودولوگىيەسى») لابوراتورىيەسىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ مەخسۇس «Data mining» («سانلىق مەلۇمات قېزىش») نى تەتقىق قىلىدىكەن.

ئۇ پاكار ئىدى، يۈزلىرى دۈگىلەك ھەم كىچىك، قاش - كۆزلىرى، ئېغىز ۋە بۇرنى يۈزىگە سىغدىلىپ قالغاندەك، بىر - بىرىگە يېقىن جايلاشقانىدى. ئۇنىڭ يۈز قىسمىدا پەقەت قاڭشىرىلا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەمىشە شىلەپە كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، ئۇنىڭ ئاق شىلەپىسى سەل ئېگىز بۇرنىغا نەقىلىشىدۇ. قالغانلىرىنى خېلى قىدىرىپ ئەسلىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ماڭا كارىدوردا، لىفىتتا ۋە مەكتەپ قورۇسىدا ئۇچراپ قالاتتى، بېشىنى ئازراق ئېگىپ «Hi» دەپ قوياتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ تارتىنچاق ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

پىروفېسسور خو ھەققىدە بىۋاستە بىلىدىغانلىرىم ئاشۇنچىلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ھاسىل قىلغۇدەك بىرەر باھانە ياكى تۈرتكە بولماي كەلدى.
بېنگاللىق ئوقۇغۇچىلار ئۇچرىشىدىغان بىر ئۆي بار ئىدى، بۇ ئۆي ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى بىر پائالىيەت ئۆيى بولۇپ، بېنگاللىقلار بۇ يەردە ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچرىشاتتى. مەن ئۇلاردىن ھاپىز ئىسىملىك بىرى بىلەن خېلى يېقىن ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا ئېغىزچە ئىنگلىزچەمنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەپتىلىك ئۇچرىشىشىغا داخىل بولۇشۇمنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچىغا ياخشى ئىدى، ئارىسىدا بىرەر چەت ئەللىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىپ كېتەتتى، ئادەتتىكى چاغلاردا ئانا تىلىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ، قۇلىقىمنىمۇ خېلى پىشىپ قېلىشۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.
بىر كۈنى ھاپىز بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرسەك، ۋيېتناملىق ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇپتۇ، ئارىسىدا خو پىروفېسسورمۇ بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىدا دەپتەر، قەلەم، ئۇلار ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ نېمە ئىشتۇر، دەپ ئويلاپ قالدىم.
توساتتىن يېنىمدىكى بىر تىكلەنمە دوسكىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭدا ۋيېتناملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت تەرتىپى يېزىلغانىدى. قارىغاندا، ئۇلار ياندىكى پائالىيەت ئۆيىدە ئۇچراشسا كېرەك، بۈگۈن ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. روشەنكى، خو پىروفېسسور ئۆزىنىڭ ۋەتەنداش ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇراتتى.
خو پىروفېسسور كۆپ ھالدا ۋيېتناملىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە يۈرەتتى، بىللە تاماق يەيتتى. ۋيېتناملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى خو پىروفېسسورنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولاتتى دېسەكمۇ، بۇ گەپ مۇبالىغە بولمايدۇ. ئىگىلىشىمچە، خو پىروفېسسور ۋيېتناملىق

ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ، ھەپتىدە ئىككى سائەت ئەتراپىدا دەرس ئۆتىدىكەن. بۇ دەرس ھەرگىزمۇ مەكتەپ بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپە دەرسى ئەمەس ئىدى، بەلكى ۋەتەنداشلىق مېھىر ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسئۇلىيەت دەرسى ئىدى. بۇ يەردىكى «دەرس»نىڭ مەزمۇن دائىرىسى بەك كەڭرى بولسا كېرەك. خو پىروفېسسور ۋىيېتناملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستازى ھەم ئاتىسى ئىدى. ئۇ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، غۇرۇر، ۋەتەن، مەسئۇلىيەت جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

بەلكىم خو پىروفېسسور ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە ئەدەبىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازمىغاندۇ، ئۇ بىر ماتېماتىك. لېكىن ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەتنىڭ ئەمەلىي ئىجراسى ئىدى. ئۇ ئۆز كاللىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىلىرىنى كونكرېت ھەرىكىتى ئارقىلىق پىروگراممىلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشنى ئوبدان بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئاڭلىسام، ۋىيېتنامدىكى تالاي ئىلىم تەلەپكارى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا بۇ يەرگە ئوقۇشقا كېلىدىكەن. بۇ مەكتەپتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن قالسىلا ۋىيېتناملىق ئوقۇغۇچىلار جىق. ۋىيېتناملىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خو پىروفېسسورنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇش مۇكاپاتىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. ئۇ ئۆگىنىشتە ئاجىزراق ۋەتەنداشلىرىنى كۈچلۈكلەرنىڭ ياردىمىگە تاپشۇراتتى. ئوقۇغۇچىلاردىكى روھىي زىددىيەت ۋە باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن ئازىياتتى.

مەكتەپتە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ھەممىدىن كۆپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن يول ئۈستىدە ئانچە - مۇنچە سالاملىشىپ قويىمەن، لېكىن ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلاردا «ۋەتەنداش» سۈپىتىدە ئارىلىشىپ بولالمىدۇق. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇلار بىكار چاغلىرىدا ئىش تېپىپ ئىشلەپ، تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىملەر ئاچقۇچى
www.uyghurkitap.com



خىراجىتىنى غەملەشنىڭ كويىدا بولاتتى.

خو پىروفېسسور ياپونىيەنىڭ ئەۋزەل تەتقىقات شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى كۆزلەپلا ياشىمىغاندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراستىگە يارىشا پاراۋان ياشاشقا ھەقلىق. ئۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ ۋېيىتنامىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيەگە كۆپرەك ئەكېلىشكە تىرىشىدىكەن. ئۇ ئۆز ۋەتىنىدىن يىراقتا، لېكىن ئۇنىڭ ئوي - پىكرى ۋە قەلبى ھەممىشە ۋەتىنىدە ئىدى. ئۇ ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتاتتى.

«ھۆببول ۋەتىنى مىنەلئىمان» (ۋەتەننى سۆيۈش ئىماندىن جۈملىسىدىن) دېيىلىدۇ «ھەدىس شەرىف»تە. ئەپسۇس، ئارىمىزدا بىر ئۆمۈر ۋەتەننىڭ تۈزىنى يەپ، ۋەتەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى سۆيۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغانلار تالاي. ئۇلار ئويلىنىدىغان ئەمەس، تاماق يەيدىغان ئىنسانلار. ئارىمىزدا يەنە چەت ئەللەرگە چىقىپ، نىسبەتەن خاتىرجەم تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىششۈپلىپ، ئۆز خەلقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار تېخى ۋەتەنداشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن چەت ئەلدە قانداق يول تاپقانلىقىنى سىر تۇتىدۇ. ۋەتەنداشلىرىغا يول كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئازغىنە پۇل ئۈچۈن قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. خو پىروفېسسور ئۆزىنىڭ مەيدىسىنى مۇشتلاپ «ئەلھەمدۇلىللا، مۇسۇلمانمەن» دېمىسىمۇ، شۇنداق دەپ تۇرۇپ ئۆز قوۋمىغا چىشىنى بىلەيدىغانلاردىن مىڭ ياخشى.

## گۇ پىروفېسسور

ئۇنى مەن تۇنجى قېتىم مەكتەپ بىلەن تسۇرۇگى ئارىسىدا قاتنايدىغان مىنىبۇستا كۆرگەنىدىم. ئايالىم ئىككىمىز تسۇرۇگېدىكى ماگىزىندىن مېۋە - چېۋە، ئوتياش ئېلىپ مىنىبۇسقا چىقساق، ئۇ

شوپۇرنىڭ كەينىدىكى قوش كىشىلىك ئورۇندۇقتا خانىمى بىلەن ئولتۇرغانىكەن. بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق.

ئايالىم ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى ۋە مېنى تونۇشتۇردى. خەنزۇ تىلىدا قىلىنغان پاراڭدىن ئۇنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئاتمىش ياشلارغا بارمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ گەۋدىلىك، ئېگىز، قامىتى سەل - پەل پۈكۈلگەن بولسىمۇ، ئولتۇرغان ھالىتىدىنمۇ ئۇنىڭ ئېگىز بەستىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئاپپاق چاچ ئۇنىڭغا بوۋايلارغا خاس مويسىپىتلىك سالاھىيىتى بەرگەنىدى، ئادەمگە قارىسا مۇلايىم تۇيغۇ بېرەتتى. بىز ئازراق ئەھۋاللاشقۇچە مەكتەپكە كېلىپ قالدۇق. ئاخىرقى بېكەتتە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق.

ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى گۇ جىفا ئىكەن، ئۆزى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئىشلەيدىكەن، بۇ يەرگە تەكلىپ بىلەن كەلگىلى ئۈچ يىل بوپتۇ. JAIST نىڭ بىلىمشۇناسلىق تارمىقىدا «سوتسىيال - تېخنىكال مۇرەككەپ سىستېمىلار» دىن لېكسىيە سۆزلەيدىكەن. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ بېشىدىلا سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ھېسابلاش ماتېماتىكىسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانىكەن. ئۇ بۇ يەردىكى دەرسنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھەۋىسىم كەلدى. ئۇ يەنە رۇس تىلىنىمۇ ياخشى بىلىدىكەن، ئۇ دۆلەت ئاتلاپ دەرس ئۆتىدىكەن. خەلقئارالىق ئوقۇتقۇچى بولۇش ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىكى ئارزۇيۇم بولغاچقا، پىروفېسسور گۇ جىفانىڭ سىماسىدا ئەمەلىيلەشكەن رېئاللىق مېنى ئۆزۈم ھەققىدە دەردلىك ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىگىلىشىمچە، ئۇ ئىنگلىز تىلىنى كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغانىكەن. 1994 - يىلى ئۇ ئەنگلىيەدىكى خۇل ئۇنىۋېرسىتېتىغا زىيارەتچى ئالىم سۈپىتىدە بېرىپ، سىستېما تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. ئۇ سىستېما نەزەرىيەسى بويىچە جۇڭگونىڭ خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمى بولۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ پەلسەپە

www.uyghurkitap.com



قاراشلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا مۇستەقىل سىستېما ئۇسۇلىنى ياراتقانىكەن. بۇ نەزەرىيەنىڭ ئىسمى «ماددىي - ئىپپىي - ئىنسانىي سىستېما ئۇسۇلى» (物理-事理-人理系统方法) ئىكەن. ئۇ ئىنگلىزچە «Wuli-Shili-Renli System Approach» دەپ ئېلىنىدىكەن. بۇ سىستېما «»جۇڭگو - ياپونىيە ئالىملىرى بىرلىكتە تۈزۈپ چىققان «شەرقىيانە سىستېما مېتودولوگىيەسى» (Oriental Systems Methodologies) نىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ئىكەن.

گۇ پىروفېسسور بىلەن مەكتەپ قورۇسىدا پات - پات دوقۇرۇشۇپ قالاتتۇق. بىز يېقىنلىشىپ سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. مەن بۇ مەكتەپنىڭ رەسمىي ئوقۇغۇچىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاشقا كىردىم. قارىسام ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلايدىغانلار كۆپ ئىدى. بۇنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى لېكسىيە ئاڭلاش داۋامىدا ھېس قىلىپ يەتتىم. بۇ دەرس ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەيدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاڭلىشى زۆرۈر بولغان دەرس ئىكەن. بۇ دەرس سىستېما نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك قاراش ۋە نەزەرىيە، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرنى كۆزىتىش، ئېنىقلاش، ئايرىباشلاش، تۈركۈملەش، مەسىلە تۈرغۇزۇش، ھەل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇراتتى. ئۇ بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتى ئېھتىياجىمىزغا مۇۋاپىق مېتود تاللاپ، تەتقىقاتىمىزنى سىستېمىلىق، رەتلىك قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەتتى.

مەن گۇ جىففانىڭ «ماددىي - ئىپپىي - ئىنسانىي سىستېما ئۇسۇل»ىغا قىزىقىپ قالدىم. جۇڭگونىڭ كىلاسسىك پەلسەپە قاراشلىرىنى ئۇل قىلغان بۇ نەزەرىيە تەتقىقات ۋە ئەمەلىي ئىشلەشتە جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشتىن ئىبارەت تەلەپنى ئورۇنلىغانىدى. گۇ پىروفېسسور 1993 - يىلى ياپونىيەلىك كەسپىدىشى پىروفېسسور ساۋاراگىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا شەرقنىڭ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان سىستېما ئۇسۇلى يارىتىشقا

تۇتۇنغان. چۈنكى پىروفېسسور ساۋاراگىنىڭ قارىشىچە، شەرق غەربنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ ئىككى پىروفېسسور دەۋاتقان شەرق پەقەت شەرقىي ئاسىيانى كۆرسىتەتتى. كۇڭزى، بۇددىزم ۋە داۋئىزم روھىنى مەركەز قىلغان جۇڭگو، ياپونىيە پەلسەپىسى ئۇلار ياراتماقچى بولغان سىستېما ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى بولماقچى ئىدى. يۇقىرىقىلار جۇڭگونىڭ سىياسىي تەپەككۇر ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم داۋام قىلىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا لايىق ئۇسۇل بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش تەتقىقاتنىڭ ئۇنۇمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. جۇڭگو پەلسەپىسىدە «天» (ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت)، «道» (ئالەمنىڭ ھەرىكىتى)، «人» (ئىنسانىي مۇناسىۋەت) قاتارلىقلارنىڭ بىرلىكى، «阴-阳» (مۇئەننەس - مۇزەككەر) بىرلىكى، «知 - 行» (بىلىم - قىلىم) بىرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(天人合一， 阴阳合一， 知行合一)پىروفېسسور گۇ جىفا يۇقىرىقىلار ئاساسىدا «ماددىي - ئېپىي - ئىنسانىي» دېگەن ئىبارىلەرنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ماددىيلىق (物理) — ماددىي دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بىلىش.

ئەپ (事理) — ئىشلارنى بېجىرىشنىڭ يوللىرى.

ئىنسانچىلىق (人理) — كىشىلىككە دائىر بىلىملەر.

يۇقىرىقىلارنىڭ بىرىنچىسى فۇنكسىيەلىك ئانالىز (مىسالەن، x دېگەن نېمە؟)نى، ئىككىنچىسى لوگىكىلىق ئانالىز (مىسالەن، x ئىشنى قانداق قىلىش)نى، ئۈچىنچىسى، ھەزارىي — مەدەنىي ئانالىز (مىسالەن، ھەرىكەت ئۇسلۇبى) نى ئۈستىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇقۇملارنى ئاممىبابلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر كونكرېت ئىشنى مىسال قىلايلى: مەلۇم بىر يۇرتتا تۆمۈريول قۇرۇلۇشى قىلماقچى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە ئۇ يەرنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىنى ئىگىلەش زۆرۈر، بەلكىم ئۇ يەردە تاغ، دەريا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يايلاق بار. ئىككىنچى قەدەمدە ئىشلارنى قانداق يولغا قويۇش ھەققىدە بىرىنچى قەدەم ئاساسىدا كېڭەش قىلىنىشى ۋە ئىش باسقۇچلىرى، تەرتىپى توغرۇلۇقى كېرەك. ئۈچىنچى قەدەمدە يەرلىك كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئارزۇسى، مەدەنىيىتى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. ئەگەر يۇقىرىقى ئۈچ قەدەم بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىسە، ئىشنىڭ ئۈنۈمى كۆزلىگەندەك بولمايدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى قەدەمگە سەل قارالسا، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك ۋەقەلەر توغۇلۇشى مۇمكىن.

پىروفېسسور گۇ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سۆز ئاچسا، تەپەككۇرى تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيەسىگە كىرىپ كېتەتتى. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەنئەنىۋى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ خورۇجلىرى بار.

بىركۈنى بازاردىن قايتقۇچە پىروفېسسور گۇ بىلەن يەنە مىنىبۇستا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مەندىن ئەھۋال سورىدى، مەن ئىنگلىز تىلىدا قىينىلىۋاتانلىقىمنى دېدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ــ ئەسلىدە ئىنگلىز تىلىدىن ئاز ـ تولا ئاساسىم بار ئىدى، چۈنكى شاڭخەيدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەۋرىمىزدە بىزگە ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈلەتتى. كېيىن ھەرقانچە تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ باللىقتا ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدىكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئىنگلىزچىنى رەسمىي قولغا ئېلىپ، بىر مەزگىل قىينالدىم، بۇرۇن ئۆگەنگەن نەرسىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسەتتى.

ــ ياش چوڭايغاندا يات بىر تىلنى ئۆگىنىش ئاسان ئەمەس، ــ دېدىم مەن تەكەللۇپ ئارىلاش، ــ شەخسەن ھازىرقى يېشىمنى چوڭ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن قىينىلىۋاتىمەن.

ــ سىز چىداپ تۇرۇپ يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز بىردىنلا ئازادلىقتا چىقىپ قالىسىز، تىل ئۆگىنىشنىڭ قىيىن باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەم روھىي جەھەتتىكى خۇدۇكسىرەشتىن

ساقىت بولۇپ قالىدۇ، بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

— مەن ئىنتايىن خىجىلچان، — دېدىم ئەسكەرتىپ.

— خىجىلچانلىق تىل ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى، شۇڭا يۈزىڭىزنىڭ تېرىسى قەلەيدەك بولۇشى كېرەك.

— ئەپسۇسكى، قەلەي يۈزنى بىر كۈندىلا ياسىۋالغىلى بولمايدىكەن.

— سىز ئەدەبىياتچى ئىكەنسىز، مەن بىر ماتېماتىكچى. تەبىئىي پەنچىلەر بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشتە چىڭ تۇرىمىز. بىز دۇنيانى ئەقلىيلىك پرىنسىپى بويىچە چۈشىنىشكە مايىل كېلىمىز.

— بۈگۈنكى دۇنيادا ئەقلىيلىك كۈچىيىپ كەتتى، سىلەردەك تەبىئىي پەنچىلەرگە ھاكىمىيەتمۇ ئامراق، ئامراق بولمىغاندىمۇ ئۆچ ئەمەس، — دېدىم مەن.

— ئامېرىكا، ياپونىيەگە ئوخشاش يۇقىرى سانائەتلەشكەن ئەللەرنىڭ كىشىلىرى ئەقلىيلىك پرىنسىپىنى تېخىمۇ بەك ئۆلچەم قىلىدۇ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئۇششاق تەرەپلىرىگىمۇ سىڭىپ كەتكەن. مەن بىر ماتېماتىكچى، شۇنداقلا سىستېما نەزەرىيە تەتقىقاتچىسى. بىر ئۆمۈر ئەقلىيلىك بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

بىز ئولتۇرغان مىنىبۇس ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى ئاسفالت يولدا كېتىپ باراتتى. ئېتىزلارنى قار باسقان، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى ئەبنۇس ۋە ئاپېلسىنلارنىڭ غۇژمەك مېۋىلىرى يىراقتىنمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ئىختىيارسىز ھالدا سىرتقا بىردەم سەپسالدۇق.

— مەن شۇنداق قارايمەنكى، — دېدى گۇ پروفېسسور سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەقلىيلىك پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئاساسلىق ئورۇن تۇتسىمۇ، ئىجتىمائىي ساھەدىكى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردا ھېسسىياتنى چۈشىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئادەمدە ھەم ماددىي ئامىل بار، ھەم روھ، ھېسسىيات ئامىللىرى بار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ماددىي - ئېپىي - ئىنسانىي سىستېما ئۇسۇلى» بويىچە ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ماددىي دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئۆزئارا پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى ئەقىل ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ، لېكىن ئادەمنى ئادەم قىلىدىغان ئامىل روھ ۋە ھېسسىياتتۇر. ئامېرىكا ئىراققا ھۇجۇم قىلىشتا نېفىت، ئىقتىساد، قورال كۈچى دېگەنلەرنى ئويلىشىش بىلەن بىللە، ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشى ئۆزلىرىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان خەلقنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك.

— مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىدا تارىختىن بۇيان ئۇنداق ئويلىغان ئوبدان ھۆكۈمدارلارنى تېپىش تەس، ئۇلارنى پەقەت رىۋايەتتىنلا تاپقىلى بولىدۇ.

— مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. بەزى مىللەتلەر ئەقلىي پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭغا بۈگۈنكى گېرمان، ئىنگلىز، ياپون مىللەتلىرىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بەزى مىللەتلەر ئېتىقادىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىش كۆرۈشى مۇمكىن، بۈگۈنكى يەھۇدىيلار ۋە مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق. يەنە بەزى مىللەتلەر ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرۈشى مۇمكىن، ئۇلاردا سەنئەت پىشقان ياكى پىشمىغان ھالدا نىسبەتەن ئومۇملاشقان بولىدۇ، دۇنيانى سەنئەت بىلەن چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ.

— بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنى مىسال قىلسىڭىز بولىدۇ.

— قىشلاق ۋە يايلاق مىللەتلىرى ئاساسەن شۇنداق كېلىدۇ.

— بىز يەرمەنكىلەرگە مەھسۇلاتلىرىمىز بىلەن ئەمەس، ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن قاتنىشىمىز.

— گېپىمىزگە كەلسەك، مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تەرەپلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ياخشى ئويلاشماي، ھەدېسىلا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ.

— توغرا دېدىڭىز. لېكىن بىر مىللەتنى ئەينەن چۈشىنىشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە، ئۇلارنى قانداق مەيدان، قانداق پوزىتسىيە، قانداق مەقسەتتە چۈشىنىشنىڭ ئۆزى ئايرىم بىر مەسىلە. پايدىلىنىش ئۈچۈن

چۈشىنىش بىلەن سۆيۈش ئۈچۈن چۈشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە سىياسەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر قوۋمنى يەنە بىر قوۋم سۆيۈش ئۈچۈن تەتقىق قىلمايدۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ھىندىستانلىق داڭلىق سىياسىيون نېھرو ئىنگلىزلارنىڭ ھىندىلار ھەققىدە يازغان تارىخلىرىنى «ئۆزلىرى ئوقۇشسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭكىنى ئوقۇيلى» دېگەنىكەن.

— شۇنداق. ئامېرىكا ئىراقتىكى يادرو قوراللىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىللە، ئىراق خەلقىنىڭ كەيپىياتىنىمۇ تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك.

— ئامېرىكا ئىراق خەلقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىسلامنى تەتقىق قىلىشى مۇمكىن. بەلكىم، ئىنگلىز ئالىملىرى ئىسلامنى بىر قىسىم ئەرەب ئالىملىرىدىن ئوبدان چۈشىنىشى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى سۇدەك بىلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئىسلام ھەققىدە مەلۇماتى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان بىر ئادەم مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ يەردە قەلب، مۇھەببەت، ئىخلاس مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ.

— شۇڭا، بىر جەمئىيەتنى نوقۇل ئەقىلگە تايىنىپلا ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ، تارىخنىمۇ ھەم شۇنداق. ئەينى ۋاقىتتا ماۋ زېدۇڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى بىلەن ياخشى ئۆتىمىز دەپ، شۇنداق قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نوقۇل ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ھازىر كىمنىڭ تېخنىكىسى ئىلغار بولسا، كىمنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور بولسا، شۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز. ئەمدى بىز ئۇلارنى جاھانگىر دەپ ئولتۇرماي ئۆگىنىدىغان يەرلىرىدىن ئۆگىنىۋاتىمىز. بۇرۇن بايلارنى كۈرەش قىلدۇق، ئەمدى ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىۋاتىمىز. مانا بۇ تارىختىكى غەيرىي ئەقلىيلىك (非理性). دېمەك، تارىخنىڭ خۇي-پەيلىنى ئۇققىلى بولمايدۇ.

مىنىبۇس ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ قالدى، پارىكىمىز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى. بۇ قېتىمقى پاراڭ گۇ پىروفېسسورنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەزەرىيەسىنى ئاممىباب شەكىلدە چۈشىنىشىمگە شارائىت ياراتتى.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتتى، بۇ چاغدا مەن تەتقىقات پىلانىمنى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمغا تاپشۇرۇپ بولغانىدىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بىلەن پات ئاردا ئۆتكۈزۈلۈش ئېھتىمالى بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى ئۈچۈن گۇ پىروفېسسوردىن مەسلىھەت ئالماقچى بولدۇم. چۈنكى ئۇ ئۇمېموتو ئەپەندىنى ئوبدان چۈشىنىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئويۇمنى گۇ پىروفېسسورغا ئېيتىمۇدىم، ئۇ ئۆزىنى 30 - دېكابىر ئىزدىشىمنى ئېيتتى.

يۇتۇشكەن ۋاقىت بويىچە گۇ پىروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭغا تەتقىقات پىلانىمدىن بىر نۇسخا سۇندۇم، ئۇ تەتقىقات پىلانىمنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتى.

— بىرى، تەتقىقات پىلانىمغا قارىتا پىكىر بەرسىڭىز، يەنە بىرى، ئۇمېموتو ئەپەندى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز، — دېدىم گۇ پىروفېسسورغا.

تەتقىقات پىلانىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ياشانغانلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەلىم - تەربىيە مۇناسىۋىتىنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭدىكى بىلىملەرنى تېما قىلغانىدى. گۇ پىروفېسسور گەپنى مۇشۇنىڭدىن باشلىدى:

— بەزى ئاتا - ئانىلار بار، ئۇلار بالىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قانداق ئادەم بولۇش توغرۇلۇق ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلىسە، پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئوڭۇشلۇق باسقان بولىدۇ. ئاتا - ئانا بۇ جەھەتتە سىستېمىلىق بىرنەرسە بىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما ئۇلار بىر مىللەتتىكى تەربىيە ئەنئەنىسىنىڭ تىرىك مەۋجۇدىيىتى بولۇپ، ئۇلاردا شۇ مىللەتكە خاس روھنىڭ ئېلېمېنتلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇ ئېلېمېنتلار ئۇلارنىڭ تەلىملىرىدە بولماستىن، ئىش - ھەرىكىتىدە بولىدۇ. شۇڭا

بىر ساۋاتسىز ئاتا ـ ئانىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىلىپ ـ بىلمەستىن پەرزەنتلىرىگە تەربىيە ئاتا قىلالايدۇ. بۇنىڭ ۋەزنىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئاز ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كەسپىي جەھەتتىن ياكى بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلار مەلۇم بىر كەسىپنىڭ مۇكەممەل ئىگىسى بولۇشى كېرەك.

— سىزنىڭچە، قايسىسى مۇھىم؟

— بالىلىرىغا ئادەم بولۇشنى ئۆگىتەلمىگەن ئاتا ـ ئانىنى تەربىيەدە مەغلۇپ بولدى دېسەك خاتالاشمايمىز.

— ئۇ ئادەم بولۇشنى نېمىگە ئاساسەن ئۆگىتىدۇ؟

— ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ غايىسى بويىچە ئۆگىتىدۇ.

— بىزدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ توقسان پىرسەنتى دېھقان، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات. ئۇلار كەسپىي يېتەكچىلىك قابىلىيىتى يوق بولۇش بىلەن بىللە، قورساق بېقىشنىڭ غېمىگە چۈشۈپ قالغان.

— جۇڭگودا كىشىلەر مائارىپ دېسە مەكتەپنىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋالىدۇ، بۇ خاتا. ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئامىل ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئىگە، بۇ جەھەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنى غايەت زور مائارىپ ئەسلىھەسى دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگودا دېھقانلارنىڭ قالاق بولۇشى مائارىپقا زور مەنپىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. نامراتلىق بىلەن قالاقلىق بىر ـ بىرىگە شېرىك. دېھقانلارنىڭ ساپاسى ئۆسسە جۇڭگودەك غايەت زور يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدە مائارىپتىكى سۈپەتنىڭ ئەقەللىي شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ.

— سىزنىڭچە، بۇ ئىشتا قانداق قىلىش كېرەك؟

— بىز پىكىردە ۋە ئىشتا باشقىلار بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن قورقىمىز، ئۇستىمىزدىكىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن تېخىمۇ قورقىمىز. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئاياش يۈزىسىدىن كۆڭلىدىكىنى ئېيتمايدۇ. «不» («ياق») بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«行» («ماقۇل») ئوتتۇرىسىدا ئوبيېكتىپ باغلىنىش بار، ئۇنى قەيەردە ئىشلىتىش ئەمەلىيەتنىڭ تەقەززاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىراق، كىشىلىرىمىز «行»(«ماقۇل»)نى كۆپ ئىشلىتىدۇ، بۇ، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بەلگىسى. بىرەر ئىش ئۆزى خالاپ قىلىنسا ئۇنۇملۇك بولىدۇ. بىزدىكى «ماقۇل» لاردا ئىشەنچ يوق، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى يوشۇرىدۇ. نەتىجىدە، جەمئىيەتنى تەدبىر بىلەن تەمىنلەيدىغان نۇرغۇن ئەقلىي بايلىق كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئەمدىكى مەسىلە كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان، ئادەملەرنىڭ خاسلىقىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئىجتىمائىي ھاۋانى يارىتىشتا.

— جەمئىيىتىمىزدە مۇشۇنداق گەپلەر ئاممىۋى تاراتقۇلار (مېدىيە) دا دېيىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل سادا كىشىلەرنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققانمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس.

— جامائەت پىكرىنىڭ ھۆكۈمەت ساداسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن جەريان كېتىدۇ، مەسىلە بۇ جەرياننى قانداق يارىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە. جۇڭگودا ئالىملار كۆپەيدى، بىراق زىيالىيلار ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

گۇ پروفېسسور بىردەم جىمىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە تالاغا نەزەر تاشلىدى، سىرتتا قار بىلەن چۇلغانغان قارىغايلىق دۆڭ بار ئىدى.

— پروفېسسور، ياپونىيەدە بىرقانچە يىل تۇرۇپسىز، بۇ يەرگە كۆنەلەمدىكەنسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن بىرنەرسە بىلەي دەپ.

— كۆنمىسەم بۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتىم، — دېدى پروفېسسور بۇرۇلۇپ، ئورنىغا قايتىپ كەلگەچ، — بۇ يەرنىڭ تەتقىقات، ئۆگىنىش شارائىتى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەتقىقاتچى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەمكارلاشسا يېڭىلىق يارىتىشتا يېڭىچە تۈرتكىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بىراۋنى

چۈشىنىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنىڭ تىلىنى بىلىش. مەن ھەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت ياپون تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن.

– بۇ روھىڭىزدىن تەسىرلەندىم، ئۇنداقتا مەن ئۈمىدسىزلەنمىسەم بولىدىكەن.

– ئۆگىنىمەنلا دېسىڭىز جىق نەرسىنى ئۆگىنەلەيسىز.

– بىر ئۆمۈر ئۆگەنمىسە بولمايدىغان دەۋردە ياشاۋېتىپتۇق.

– ئۈمىد ۋە خىرىس دېگەن ئەنە شۇ.

ئازابلىق بىر ئوي كاللامدىن كەچتى: بىزدە ئۆمۈر بويى كىتاب ئەمەس، بىر ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئېلىپ باقمايدىغانلار قانچىلىكتۇ؟ بىزدە ئۆز خەلقى ئارىسىدىن چىققان ئەدىب، ئۆلىمالارنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئەمەلدارلار سامانىدەك. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن نەۋرە يېتىلەپ، قارتا ياكى بورت ئويناپ ئۆتۈپ كېتىدىغان كادىرلار تالاي. مانا ئالدىمدىكى گۇ پىروفېسسور ئاتمىش ياشقا كىرەي دېگەندە بىر تىلنى يېڭىدىن باشلاپ ئۆگىنىۋېتىپتۇ. ياپونلارمۇ پېنسىيەگە چىقىپ بولۇپ، ئۆزى ئارزۇلىغان ئىشلارغا تۇتۇش قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىدىكەن. ھۆكۈمەت ئىشقا سالمىسا، قىلىدىغان ئىشنى تاپالماسلىق ئادەملەردىكى غايىسىزلىكنىڭ ئالامىتى. غايىلىك ئادەم بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئۇ ئەڭ مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئۆزى چىن كۆڭلىدىن خوپ كۆرگەن ئىشلار ئۈچۈن قاقشىماي ئەقىدە قىلىدۇ. قوللاش ۋە قارشىلىق، مۇكاپات ۋە جازا ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر.

كاتتا بىر باي بولغانىكەن، ئۇ ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھەر خىل ئامالنى قىلىپ داۋالىنىپتۇ، كېسىلى شىپا تاپماپتۇ. نۇرغۇن پۇلنى دۇنيادىكى نامرات قوۋملارغا ياردەم قىپتۇ ۋە بۇنداق ياردەمنى ئۇدا نەچچە ئون يىل داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لېكىن ئۆلاردىكى نامراتلىقنى زىنھار تۈگىتەلمەپتۇ. باي خەزىنىسىنى تۈركۈمگە ئايرىپ، بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ كېسىلىنى تەتقىق قىلىدىغان جەمئىيەتكە ۋەخپە قىپتۇ، بىر قىسمىنى پەرزەنتلىرىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مىراس قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ مۇنداق بىر ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ: «كىمكى بۇ دۇنيادىكى نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىپ جاۋاب تاپالىسا، بايلىقىمنىڭ زور بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا مۇكاپات ئۈچۈن قالدۇردۇم. بۇ بايلىق تۆمۈر ئىشكاپتا. ئۇنىڭ ئۈچ ئاچقۇچى بولۇپ، بىرى ئوغلۇمدا، بىرى ئادۋوكاتىمدا، بىرى ئايالىمدا. بۇ ئۈچ ئاچقۇچ بىرلىكتە ئىشلىتىلمىسە، ساندۇق ئېچىلمايدۇ». باينىڭ ۋەسىيىتى دۇنيادىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇمۇشلۇقلار نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىشىپ، جاۋابلارنى يېزىشىپ، باينىڭ ئادۋوكاتىغا يوللاپتۇ. جاۋابلار كۆرۈپ چىقىلىپ تۈرى بويىچە رەتلىنىپتۇ. ئاندىن ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كېلىپ تۆمۈر ئىشكاپنى ئېچىپتۇ. ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقىپتۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلىپتۇ: «كىمكى ئارزۇ ۋە ئۈمىدتىن مەھرۇم بولسا، ئۇ ئەڭ ئېچىنىشلىق نامراتتۇر». بۇ جاۋاب 18 ياشلىق بىر قىزنىڭ جاۋابى بىلەن بىردەك چىقىپتۇ. قىز جاۋاب بىلەن بىللە قويۇلغان زور بايلىققا ئېرىشىپتۇ.

روشەنكى، ئارزۇ ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ كۈچ مەنبەسى، ئۈمىد ئىنسان ھەرىكىتىدىكى ئىزچىللىقنىڭ كاپالىتى. ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان ئادەمنىڭ قولىدىكى پۇل بايلىق ئەمەس، بەلكى قەغەز ياكى مېتال. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزدە پۇلى بار گادايلار ئاز ئەمەس. پۇلغا لايىق يېتەكچى ئىدىيە ۋە غايىنىڭ بولماسلىقى نامراتلىق سايىسىنىڭ باش ئۇستىدە ئەگىپ يۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گۇ پروفېسسور بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسى ياپونىيەگە كۆچتى. ئۇ ياپونىيەدىكى دەرىجە قارىشىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مەكتەپلەر ئۇستىدە ئازراق توختالدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ياپونىيە گەرچە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ياپونلار ياپون پېتى تۇرۇۋەردى. بىر قىسىم مىللەتلەر بىر مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىمەن دەپ ئۆزى يوقاپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزى قوبۇل قىلغان مەدەنىيەتكە ھەزىم بولۇپ كەتتى،

دېگەن گەپ. بۇ خۇددى تاماق يەيمەن دەپ، تاماقنى ئاشقازىنى بىلەن ھېسابلاشماي يەپ ئىشى ئارتىپ، ئاخىر قارنى يېرىلىپ ئۆلگەنگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەتنىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغۇدەك دەرىجىدە سوغۇققان تۇرۇپ قوبۇل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تومۇرىنى ئوبدان تۇتۇپ، ئۆزگە پات - پات دىياگنوز قويۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

— جۇڭگودىمۇ غەربكە چوقۇنۇش ئىدىيەسى خېلى كۈچلۈك. بەزىلەر غەربلىك بولمىغىنىغا ئۆكۈنىدۇ، بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۆزىدىن زېرىكىپ باشقىلارغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— مانا مەن ئۆزۈمنى ئالسام، جۇڭگو مەدەنىيىتى مېنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشۈم ۋە يىلتىزىم بولغاچقا، مۇرەككەپ سىستېمىنىڭ جۇڭگوغا ئائىت قىسمىنى تەتقىق قىلىشنى زىممەمگە ئېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. دېمەك، تەپەككۇرۇمدىكى ئالاھىدىلىك جۇڭگوچە ئەنئەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، نەگە بارسام، ۋۇجۇدۇمدىن جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىم چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەن ئۆزۈمدىكى ئۇ خىل ئالاھىدىلىكنى يوقاتسام، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت شەكلىمدىن ئايرىلىمەن، جەمئىيەتتىكى خاس ئورنۇم يوقىلىدۇ.

— پىروفېسسور، گېپىڭىز بىرئاز ئابستراكت بولۇپ قالدى، بىرئاز گاڭگىراپ قالدىم.

— سىز شەھەر كوچىلىرىدىكى مەنزىرە قارىغايلىرىنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى پىروفېسسور مەندىن.

— ھەئە، — دېدىم مەن دەرھاللا.

— ھە، ئەنە شۇ مەنزىرە قارىغايلىرى تاغ قارىغايلىرىنىڭ ئەۋلادى. مەنزىرە قارىغايلىرى چىرايلىق مېھمانخانىلارنىڭ ئالدىدىن، ئاۋات رەستىلەردىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، تاغ قارىغايلىرىدەك مەزمۇت، ھەيۋەتلىك ئەمەس. دېمەك، قارىغاي پەقەت تاغدىلا ساغلام ئۆسىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋەتىنى تاغ.

— دېمەك، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت يىلتىزىدىن ئايرىلغان ئادەم تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشايدىكەن - دە؟ تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسى ئەجدادىنىڭ روھىدىن خوشلاشقان بىزەكلەر، شۇنداقمۇ؟

— تەشتەكتىكى گۈللەرنىڭ ئۆسۈشى تەشتەكنىڭ ھەجمى كۆتكەن تەلەپتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى گۇ پىروفېسسور، — ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى تاشلاپ باشقا مەدەنىيەتكە ئۆتكۈچىلەرمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

— دېمەك، ئۇلارنى مەدەنىيەت كۆچمەنلىرى دېسەك بولىدىكەن - دە؟

— دەل توغرا، كۆچمەن دېگەن بەربىر كۆچمەن.

— ئېيتقانلىرىڭىز مېنى ئويغا سالدى، — دېدىم گۇ پىروفېسسورغا، — «مەدەنىيەت» ھەقىقەتەن مۇھىم مەسىلە ئىكەن.

— مەدەنىيەتلەر ئارا باردى - كەلدى كۆچيېيۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە مەدەنىيەت خاسلىقى روشەن بولغان خەلقلەرنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ، — دېدى گۇ پىروفېسسور، — ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادىتى، ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى بولىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى ئىستىقباللىق ئادەم مۇئەييەن بىر كەسپنىڭ ئەھلى بولۇش بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى مەدەنىيەت رايونىنى چۈشەنگەن بولۇشى كېرەك. بۇنى بىز «人理» («ئىنسانچىلىق») دەيمىز. بۇ ئادەتتە دىن، تىل، ئېتىقاد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. «物理» دېگىنىمىز تەبىئىي پەن، تېخنىكا ساھەلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇپ، نىمىگە ئىشلىتىش جەھەتتە پەرق بولىدۇ. «事理» («ئەپ») دېگىنىمىز بىر ئىشنى باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئادەتتە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. «ئىنسانچىلىق»نى بىلمىگەن ئادەم باشقۇرۇش، تەشكىللەشنى بىلمەيدۇ. بىر مىللەتتە توغرا بولغان يوسۇن يەنە بىر مىللەتتە توغرا بولمايدۇ، بىر مىللەتكە ئۇيغۇن كەلگەن تۈزۈلمە يەنە بىر مىللەتكە تولۇق ئۇيغۇن كېلىپ كېتىشى ناتايىن. بىر مىللەتنى چۈشىنىش ئۇنىڭ تىلى ۋە ئېتىقادىنى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىن

ئىبارەت. بۇنىڭدا تىل نازۇك ئورۇن تۇتىدۇ، شۇڭا تىل ئۆگىنىش ئاساسىي ماتېرىيالنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىرىنىڭ بىرى.

گەپ تەبىئىي هالدا ئانا تىل مەسىلىسىگە كۆچتى:

– ئانا تىل بىلەن ماتېرىيالنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟ – دەپ سورىدىم مەن.

– ئانا تىل بىر ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى بەرپا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. كېيىنكى مۇرەككەپ بىلىشلەرنىڭ ئاساسى پەقەت ئانا تىل بىلەنلا سېلىنىدۇ. ئانا تىل ئادەمگە ئادەم بولۇشنى، نېمىنى سۆيۈش ۋە نېمىدىن نەپرەتلىنىشنى ئەڭ ياخشى ئۆگىتىدۇ. ئىنسان خاراكتېرى ئانا تىل ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ تاكامۇللۇقىنى يارىتىدۇ. بىز ئانا تىلىمىز ئاساسىدا ئىنگلىز تىلى ۋە باشقا تىللارغا ئۆتەلەيمىز. ئىنگلىز تىلى بىز ئۈچۈن خەلقئارا ئىلىم - پەن تىلىدۇر، خالاس.

– جىمى مىللەتنىڭ چۈشىنىش، ھېس قىلىشىغا ئورتاق ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىل بولمىسا كېرەك.

– «ئوخشىمىغان تىل ئوخشىمىغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. دېمەك بۇ، بىر تىل يەنە بىر تىلغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، دېگەن گەپ.

– ئۇنداقتا، «ئىلغار تىل»، «قالاق تىل» دېگەن گەپلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

– سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى ئۈستۈن مىللەت تەبىئىي ھالدا ئۆز تىلىنى ئىلغار ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تىلدىكى ئۈستۈنلۈك ئەمەس، ھوقۇق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، خالاس. دۇنيادىكى ھەربىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە يېتەرسىزلىكى بار. بىر تىلدىكى مەلۇم بىر سۆز يەنە بىر تىلدىكى مەنداش ئىبارىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا، ياپونىيەدە ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي ئاتالغۇلار تەلەپپۇزى بويىچە قوبۇل قىلىنغان. مىسالەن، Knowledge Management (بىلىم باشقۇرۇش)، Curriculum (دەرس). ئىنگلىز تىلىدىكى «tacit» دېگەن سۆز خەنزۇچە «隐性» دەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئېلىنىۋاتىدۇ. يەنە مىسالەن، «tacit Knowledge»نى بەزىدە «隐性知识» دەپ، بەزىدە «默认知识» دەپ ئېلىۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇلار ئىنگلىز تىلىدىكى «tacit»دېگەن سۆزنى ھەقىقىي ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ «只可意会，不可言传» (ھېس قىلغىلى بولىدىغان، دەپ بەرگىلى بولمايدىغان) دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭدىن باشقا agent (代理人)، chaos (混乱)، fuzzy(模糊的) قاتارلىق ئىبارىلەرنىمۇ خەنزۇچە تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. خەنزۇچە «物理» دېگەن سۆزنى «wuli»، «事理»دېگەن سۆزنى «shili» دەپ ئالساق، ئىنگلىزلار بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

— بىر تىلنى شۇ تىلنىڭ ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆگەنسە توغرا بولىدىكەن ـ دە.

— ئەڭ ياخشىسى شۇنداق قىلغان تۈزۈك.

— بۈگۈن سىزدىن جىق نەرسىنى بىلىۋالدىم، پىروفېسسور، رەھمەت سىزگە!

— ئىشلار بولسا ئىزدەڭ.

بىز ئىككى سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشىپتۇق. گۇ پىروفېسسور جۇڭگولۇق بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن تاماقتا چىقماقچى ئىكەن، ھەر ئىككىمىز ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق.

ئۇ نەزىرىمدە بىر ماتېماتىكلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىيەت ساھەسىدىمۇ كەڭ نەزەر ئىگىسى بولۇپ قالدى.

## دوكتور زۇبەيدە

بىنگاللىق بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ھاپىز بولۇپ، ئۆگى قارامتۇل، ئوتتۇرا بوي يىگىت، قىرقىلغان قويۇق ساقاللىرى ئۇنى سۆلەتلىك كۆرسىتەتتى. «ھاپىز» دېسە ھۆكمەت ئوقۇپ تەلقىن قىلىدىغانلار كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. لېكىن ئالدىمدىكى ھاپىز ئافغانىستان جەڭگاھلىرىدا

كۆزگە چېلىقمىغان سۈرلۈك جەڭچىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىز گۆشلىرىمىزنى توكيودىكى مۇسۇلمانچە گۆش دۇكىنىدىن كەلتۈرەتتۇق. ئاڭلىسام، ئۇ پاكىستانلىقلارنىڭ دۇكىنى ئىكەن. بىز ئۇلارغا تېلېفون قىلىپ قانچىلىك توخۇ گۆشى، قانچىلىك كالا گۆشى لازىملىقىنى ئېيتاتتۇق، گۆش ئەتىسىلا يېتىپ كېلەتتى. مۇلازىمغا پۇلنى ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىلا بېرىۋېتەتتۇق. بۇ يەردە مۇلازىمەت تولىمۇ قولايلىق بولۇپ، ئىشلار تېلېفون بىلەنلا پۈتەتتى. بۇ قېتىم مەن گۆش ئېلىشنى ھاپىزغا ھاۋالە قىلىۋەتكەنىدىم.

كەچتە ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، ئايالىم ئىشىكنى ئاچتى. بىر ئايال ئىنگلىزچە سۆزلىدى، ئايالىم مېنى چاقىردى. ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. بوسۇغا ئالدىدا بېشىغا رومال ئارتقان، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال تۇراتتى، لەمپە چىرىغىنىڭ سۇس يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىنى روشەن كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ توكيودىن گۆش كەلگەنلىكىنى، ئۆزىمىزگە تېگىشلىكىنى ئېلىۋېلىشىمىزنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەلەپپۇزى جەنۇبىي ئاسىيالىقلارنىڭ تەلەپپۇزى ئىدى.

ئۇ يېنىمىزدىكى ئۆيگە بىزنى باشلىدى. ئون - يىگىرمە كۈن ئىلگىرى بۇ ئۆيدە نورمان، سىكىف ئىسىملىك شوتلاندىيەلىك ئەر - خوتۇنلار تۇراتتى، ئۇلار كۆچۈپ كېتىپ، بۇ ئايال كۆچۈپ كەلگەنىكەن - دە. بىز ئۆيگە كىرمەيلى دەپ تەكەللۇپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇق، چۈنكى چەت ئەللىكلەر ساھىبخانا تەكلىپ قىلمىغۇچە ئۆيگە كىرمەيدۇ.

— بۇرادەر، سىز بىلەن مەن مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ ئىشىكى مۇسۇلمانغا ئوچۇق، — دېدى ئايال.

ئەر - ئايال ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق، بىز ئۇنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۆيىگە كىردۇق. بوسۇغىدىن ئۆتۈپلا ئايىغىمىزنى سالدۇق، بۇ ئۆي ئۈچ ئېغىزلىق بولۇپ، دوكتور ئاشتىلار تۇراتتى. ئۆينىڭ ئەسلىھەلىرىمۇ بىزنىڭكىگە قارىغاندا تولۇق ئىدى. ئايال بىزنى دىۋانغا باشلىدى ۋە دەرھال

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىككى ئىستاكان ئاپېلسىن شەربىتى قويدى.

بۇ ھالدىن تەئەججۇپلەندىم، چۈنكى بىر چەت ئەللىكنىڭ باشقىلارغا بۇنچە ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. ئاپال بىزگە ناھايىتى قىزغىن ئىدى.

— مەرھەمەت بۇرادەر، تارتىنماڭ، — دەيتتى ئۇ.

ئۇ «بۇرادەر» دېگەن بۇ سۆزنى ئىنگلىزچىدىكى «brother» دېگەن سۆز بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى «بۇرادەر» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەلەپپۇز قىلاتتى. ئۇنىڭ «بۇرادەر» دەپ چاقىرىشلىرى ماڭا بۆلەكچە يېقىملىق ئاڭلاندى. بۇ بىزدە «ئاغىنە»، «يولداش» دېگەن مەنىدە ئىدى. يات بىر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر سۆزنى تېپىۋالغىنىمغا خۇشال بولدۇم.

ئاپالنىڭ چىرايى قارا ئىدى، ئورۇقلۇقىدىن مەڭز سۆڭەكلىرى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ، دۈپدۈگىلەك يوغان كۆزلىرى چاناقلىرىدىن تېشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن كۆڭلەك ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قالغاندەكلا ئىدى، تامبىلىنىڭ پۇچقىقىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتلىرىمۇ ئورۇق ۋە قارا ئىدى، پۇتىدىكى ساپما كەش ھېلىلا چۈشۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ بىزگە چاي دەملەپ ئەكەلدى.

بىز ئۇنىڭغا جۇڭگودىن كەلگەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى، مىللىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، پاكىستان، ئافغانىستانغا چېگراداش بىر رايوندا ياشايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈردۇق. ئاپال ئىسمىمىزنى سورىدى، بىز ئىسمىمىزنى دەپ بەردۇق. ئۇ، بۇ ئىسىملارنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشلۇق — مۇسۇلمانچە ئىسىملار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇمۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئىسمى زۇبەيدە بولۇپ، تولۇق ئىسمى زۇبەيدە ئەنسارى مۇھەممەد ئەمىن ئىكەن. ئۇ ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ، ھىندىستاندا چوڭ بوپتۇ. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى ھىندىستاندا تاماملاپتۇ. كەشمىردە بىر مەزگىل تۇرۇپتۇ. سىنگاپور، ئىتالىيەلەردىمۇ بىر مەزگىل ئوقۇپتۇ. فىزىكا

ئىلمى بويىچە دوكتورلۇقنى كورىيەدە ئاپتۇ. ئارقىدىنلا بىز تۇرغان مەكتەپنىڭ ماتېرىيال ئىلمى تارمىقىغا دوكتور ئاشتى سۈپىتىدە كېلىپ، نامى تېخنىكىسى بويىچە تەتقىقاتىنى باشلاپتۇ. ئۇ بۇ يەردە ھېچبولمىغاندا ئىككى يىل تۇرىدىكەن. ئۇ توي قىلغىلى ئىككى ئاي بولغانلىقىنى، كۈيۈسىنىڭ كورىيەدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە تەتقىقات ئۇستىدە ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. زۇبەيدەنىڭ ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقانلىقىدا گەپ يوق ئىدى.

— توي قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئېرىڭىزدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپسىز. بۇ ئاسان ئەمەس، — دېدىم مەن.

— بۇرادەر، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق، — دېدى زۇبەيدە، — پۇرسەت كەلگەن ۋاقىتتا ئوقۇۋالمىساق، دۆلىتىمىزدە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش تېپىش تەس.

— ئېرىڭىز بۇ يەرگە كېلىشىڭىزگە قوشۇلۇپتۇ، بۇ تەس گەپ، — دېدىم يەنە زۇبەيدەگە. بۇ گەپلەرنى ئىنگلىزچە بىلەن تەستە ئۇقتۇرۇۋاتقان بولسام، ئۇنىڭدىن كۆپرەك تۇرمۇش ئۇچۇرى ئىگىلەشنى كۆزلەۋاتاتتىم.

— ئېرىم تولىمۇ ئېسىل يىگىت، ئاجايىپ تەقۋادار، بەكمۇ تىرىشچان. تۇرمۇش ئىشلىرىدىمۇ قولى ئەپلىك. ئۇ ماڭا بەك مەدەتكار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا مەن بەكرەك چىدىماي قېلىۋاتىمەن،— زۇبەيدەنىڭ كۆڭلى بىرئاز بۇزۇلغاندەك بولدى، ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى.

— سىز يالغۇز ئەمەس، بۇرادەر، — دېدىم مەنمۇ «بۇرادەر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، — بىز سىزنىڭ ياخشى قوشنىڭىز بولۇشنى خالايمىز.

— كۆپ تەشەككۈر، بۇرادەر. بۈگۈن سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن خۇشالمەن، غېرىب كۆڭلۈم تەسەللى تېپىپ قالدى. بۇ يەر تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىكەن! كورىيە كۆڭۈللۈك جاي ئىدى، بىردىنلا بازاردىن مازارغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم.

«بازار»، «مازار» دېگەن سۆزلەرنى ئۇلارمۇ ئىشلىتىدىكەن. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدۇم ھەم ھەيران بولدۇم.

بىز زۇبەيدە خانىمغا ياخشى چۈش تىلىدۇق، ئاندىن گۆشنى ئېلىپ ئۆيىمىزگە يېنىپ چىقتۇق. ئەگەردە ھاپىز گۆش ئەكېلىشنى بۇ ئايالغا ھاۋالە قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشىمىز كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتەر ئىكەن. ھازىرغا قەدەر شۇ كۈنى مەن ئۇچۇن ئىنگلىزچە ئارقىلىق ئەڭ كۆپ پاراڭ سالغان بىركۈن بولۇپ قالدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈمدىن خۇرسەن ئىدىم. ئۆيگە يېنىپ چىققاندىن كېيىن زۇبەيدە ھەققىدە ئويلاندىم. ئۇنىڭ تەق - تۇرقى، روھىي ھالىتىدىن خېلى كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشكەنىدىم. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇمۇ قوللىنىدىكەن، ئۇنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلى ئۇيغۇرلارغا يېقىن تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىمۇ ئۇيغۇر سەھرالىرىدىكى قايسىدۇر بىر ئايالغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ شۇنچە دىلكەش بولۇپ، بىردەمدىلا يالغۇزلۇق ھەسرىتىنى ئاشكارىلاپ، ئېرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئەگەر ئۇ ئىنگلىز ياكى ياپون بولغان بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلماس ئىدى. بولۇپمۇ ياپونلار باشقىلارغا ئۆز شەخسىيىتى ھەققىدە گەپ ئاچمايدۇ. ئەگەر ئۇ كۆڭلىنى بىزگە ئاز - تولا يېقىن تۇتمىسا، ئالدىمىزدا كۆز يېشى قىلارمىدى؟ زۇبەيدەنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەر بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىگە شۇنچە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ تەقۋادار، ھايالىق بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى ئىدى. بۇ كىيىملەر شۇنچە ئاددىي - ساددا ئىدىكى، بىزدىكى ئاز - تولا مەكتەپ تەربىيەسى ياكى شەھەر كۆرۈپ قالغان كۆپ ساندىكى قىز - ئايال ئۇنداق كىيىملەرنى كىيىشنى ھار ئالىدۇ. لېكىن دۇنياۋى كاتتا شەھەرلەرنى كۆپ كۆرگەن، زامانىۋى بىلىملەردىن ئالىي دەرىجىدە تەربىيە كۆرگەن، يۇقىرى قاتلام ئىلىم ئادەملىرى بىلەن كۆپ ئەسىرالاشقان دوكتور زۇبەيدە خانىم ياپونىيەنىڭ بىر ئالىي مەكتىپىنىڭ تەتقىقات ئورنىدا ئاشۇ سەھراچە كىيىمى بىلەن بەھۇزۇر

يۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەپتىدىن كىيىمى تۇپەيلى قورۇنۇشنى زىنهار تاپقىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا كىيىملىرى ئۇنىڭ ھەممىنى كۆرگەن توق قەلبى بىلەن تەبىئىي جىپسىلىشىپ كەتكەنىدى. بىزدە بولسا يېزا ياكى ناھىيە بازىرىغا بىر ـ ئىككى قېتىم ئاياغ بېسىپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرى بەل ۋە ساغرىلىرىنى گەۋدىلەندۇرمىسە، كۆڭلى بىر قىسما بولىدۇ. رەستىلەردە ماچىلدىتىپ سېغىز چايناپ، ياشلىق زىبالىقىدىن كۆرەڭلەپ، ئەتراپىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سوغۇق نەزەر تاشلاپ يۇرگەن بەزى ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزلىرىنى ئەڭ مودا ئېقىمنىڭ ۋەكىلى دەپ ئويلىشىدۇ تېخى.

زۇبەيدە لابوراتورىيەسىگە قايسى ۋاقىتتا ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇ ھەر كۈنى قاش قارايغاندا ئۆيىگە يېنىپ كېلەتتى. ئۇ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچە ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ، بىز بىلەن سالاملىشاتتى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم بۇرادەر، بۇگۇنكى كۇنۇڭلار قانداق ئۆتتى؟

ــ ئەلھەمدۇلىللا شۇكۇر، قېنى، ئىچكىرىگە مەرھەمەت!

زۇبەيدە «خوش» دەپ ئۆتۇپ كېتەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆيىمىزگە كىرىپ بىردەم ئولتۇراتتى، بۇنداق چاغلاردا بىز كەچلىك تاماق يەيتتۇق. ئۇ بىركۇنى كەچتە كىرىپ كەلدى، بۇ كۇنى جەمىلە توگرە ئەتكەنىكەن، ئۇنى توگرىگە تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ تاماققا ئىنچىكە سەپسېلىپ سورىدى:

ــ بۇ قانداق تاماق؟

بىز توگرە ھەققىدە چۈشەنچە بەردۇق. ئۇ، توگرىنىڭ قىيمىسىدا گۆش بارلىقىني ئاڭلاپ يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ مەن Vegetarian (كۆكتاتخۇمار)، گۆش يېگۇم كەلمەيدۇ، ــ دېدى ئۇ.

ــ بۇ ھالال گۆش تۇرسا، نېمىشقا يېمەيسىز؟

ــ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۇرادەر، شۇنداق ئادەتلىنىپتىمەن.

ــ بىرئاز كۇتۇڭ، ــ دېدى جەمىلە زۇبەيدەگە. ئۇ توڭلاتقۇدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


پالەكنى ئىلىپ يۇيۇپ، قىغراقلاپ سوقۇۋشقا باشلىدى. ئۇ پالەكنى سوقۇپ بولۇپ، تەييار خېمىردىن زۇۋۇلا ئۈزدى، مەن جىلىت ئىچىپ بەردىم. ئوتتۇز ـ قىرىق دانە پالەك تۈگرىسى تەييار بولدى. جەمىلە پىشقان تۈگرىنى زۇبەيدەنىڭ ئالدىغا قويدى.

زۇبەيدە بىر تال تۈگرىنى ئېتىپ كۆرۈپ، قالغانلىرىنى خاتىرجەم يېيىشكە باشلىدى. «مەززىلىك ئىكەن» دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ.

ــ ئېتىغان بولسا، مۇشۇنداق تاماق ئەتكەن كۈنلىرى سىزنى تەكلىپ قىلاي، ــ دېدى جەمىلە.

زۇبەيدە تەكەللۇپسىزلا قوشۇلدى.

ــ سىلەر «پالۇ»نى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ ــ دەپ سوراپ قالدى زۇبەيدە. مەن «پالۇ» دېگەن گەپنى «پولۇ» دەپ چۈشەندىم. لېكىن ئۇنىڭدىن قانداق تاماقلىقىنى سورىدىم. چۈشەنچەم خاتا ئەمەس ئىكەن. دېمەك، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى پولۇ يەيدىكەن، بۇ تاماقنىڭ ئىسمىمۇ ئەينەن ئوخشايدىكەن.

ــ پولۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ دائىمىي تامىقى، ــ دېدۇق ئەر ـ ئايال ئىككىمىز. مەن پولۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ جامائەت سورۇنلىرىدا، نەزىر ـ چىراغ ۋە توي ـ تۆكۈنلىرىدە ئاساسلىق تاماق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم.

زۇبەيدەنىڭ ئانا تىلى ئوردۇ تىلى ئىكەن. پاراڭ جەريانىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن «تانۇر» (تونۇر)، «سامسا»، «نان» دېگەن تونۇش سۆزلەرنى ئىشىتتىم ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ شۇنداق دېيىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. زۇبەيدە ھەيران قالدى، مەنمۇ ھەيران ئىدىم. بىز بارغانسېرى بىر ـ بىرىمىزگە قىزىقىپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا ھىندىستاندىكى موغۇللار ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان بابۇر، ھۇمايۇن، ئەكبەرلەر بىلەن پۈشتىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئوغلۇمنىڭمۇ ئىسمىنىڭ بابۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، زۇبەيدە تېخىمۇ ھەيران قالدى. بىز يەنە ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىي، ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال

قاتارلىقلار ئۇستىدە سۆزلەشتۇق. پارىسچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زۇبەيدەگە تونۇش ئىدى. زۇبەيدە ئاتىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئاتىسى كاتتا ئۆلىما بولۇپ، ئەقىدىسى مۇستەھكەم كىشى ئىكەن، ئۇنى كىچىكىدىن ئىسلامىي مەلۇماتلىق قىلىپ تەربىيەلىگەنىكەن. زۇبەيدەگە ئوردۇ تىلىدىكى كىلاسسىك ئەدىبلەر ئومۇمەن تونۇش ئىكەن.

زۇبەيدە بارغان يەرلىرىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كەشمىر ئۇ كۆرگەن يەرلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن گۈزەل ئىكەن.

— كەشمىر تاغلىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ قالىمىز، ھىندىستانىي كەشمىر بىلەن پاكىستانىي كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەرنى بىزدە كۆپ كۆرسىتىشىدۇ. كەشمىر تاغلىرى قاقاس كۆرۈنگەنىدى، — دېدىم مەن.

— ياق، كەشمىر ناھايىتى گۈزەل ماكان، مەن ئۇ يەرگە بارغان ھەم تۇرغان، — دېدى زۇبەيدە خۇددى ھازىرمۇ شۇ يەردە تۇرغاندىكىدەك ھەۋەسلىنىپ.

ئۇ سائەتكە قارىدى ۋە قايتىشقا ئىجازەت سورىدى.

— ئولتۇرۇڭ، پاراڭلىشايلى، — دېدىم مەن، — سىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئىنگلىزچە سەۋىيەم ئۆسۈپ قالىدىغان بولدى.

— رەھمەت، مەن ئەمدى نامازغا تۇرۇشۇم كېرەك، نامازدىن كېيىن قۇرئان ئوقۇيمەن.

بىز زۇبەيدە خانىمنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

زۇبەيدە خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدا پەن بىلەن ئېتىقاد بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى پەن غۇرۇرلۇق ھايات ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۈچۈن ئىبادەتمۇ قىلاتتى. گەرچە ئۇ فىزىكا پېنى بويىچە دوكتور بولسىمۇ، كىيىنىپ يۈرىدىغان ھەشەمەتخور ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى دوكتورلۇق شاھادەتنامىسى گويا دېھقاننىڭ قولىدىكى كەتمەن، ناۋاينىڭ قولىدىكى رېپىدىدەك نەرسە ئىدى. دېھقان بىلەن

ناۋاي ئۇ نەرسىلەرنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن قورال قىلاتتى. زۇبەيدە ئەقىل يورۇقلۇقىدا ياشىمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن دوكتور بولدى، تىرىكچىلىكىنىڭ ھالاللىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلاتتى. دىپلوم پەقەت مۇئەييەن تۈزۈلمىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئۈچۈنلا كۆرسەتكۈچ بولالايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانچىلىقنىڭ بەلگىسى بولالمايدۇ.

بىز تۇرغان مەكتەپتە زۇبەيدەدىن باشقا ھىندىستانلىقلارمۇ بار ئىدى. زۇبەيدەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددىست ئىكەن، زۇبەيدە ئۇلار بىلەنمۇ نورمال كىرىش - چىقىش قىلاتتى. بىرما (Myanmar) دېگەن دۆلەتتىن كەلگەن سو (SO)ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى، جەمىلە ئۇنىڭ ئايالى تيەنگي بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن. بىز ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى سو ئەپەندىنىڭ پىكاپىدا بازارغا بېرىپ لازىمەتلىك ئېلىپ كېلەتتۇق. ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئۇنىڭ پىكاپىغا چىپپىدە كېلەتتۇق. سو ئەر - خوتۇنلار بۇددىغا ئىشىنىدىكەن، گۆش يېمەيدىكەن. ئۇ ھەرقاچان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى، كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرى ئۇزۇن ئىدى، ماڭا خىجىلچان كەيپىياتتا گەپ قىلاتتى. ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، سو دوكتورلۇق ئوقۇغىلى كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئايالى كەلگەنىكەن. تيەنگي خانىم ئۆيدە بىكار بولغاچقا، ياپون تىلىدىكى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تولا كۆرۈپ ھەم ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، بىر يىل ئىچىدىلا ياپونچە كۈندىلىك ئالاقە قىلالايدىغان بوپتۇ، ھازىر ئۇ تسۇرۇگىدىكى بىر ماگىزىندا ئىشلەيدىكەن. تيەنگي خانىم ھەرگىز گىرىم قىلمايدىكەن، بىلەكلىرىگە ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدىن چىقىدىغان بىر دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى سۈرىدىكەن، قوۋزاقتىن خۇش پۇراق چىقارمىش. سو ئەپەندى ۋە تيەنگي خانىم تىرىشچان ھەم تېجەشلىك ئىدى، كىيىملىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇلار (Ohnma) ئىسىملىك يەنە بىر قىز بولۇپ، جەمىلە ئۇنىڭ بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ قىزمۇ بىرمىلىق ئىكەن، ھەم سو ئەر - خوتۇنلار بىلەن دىنداش ئىكەن. ئۇما

خانىممۇ كەڭ، ئازادە كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. ئۇمۇ گۆشلۈك نەرسىلەرگە قەتئىي يېقىن كەلمەيدىكەن. ئۇلارنى خوراپىي دەيمىكىن دېسە، ئۇلار ئۆتكۈر، نازۇك پەن ساھەلىرى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت. گۆش يېيىش پەننىڭ نەزىرىدە ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا مەنئىي قىلىنغان. ئۇلار بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلىشنى بەكرەك چۈشىنىدىكەن. ئايالىم ئۇما خانىمدىن بۇ ھەقتە سورىغانىكەن، ئۇ: «ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئادەمنىڭ ھەرقانداق يەردە قىممىتى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

زۇبەيدە بىلەن جەملە بىر - بىرىگە تاماق سۇنۇشىدىغان بولۇپ كەتتى. بىركۈنى زۇبەيدە بىر تەخسە تاماق كىرگۈزدى، تاماق بىزگە تېتىدى. بۇ غىزانى ئېتىشنى ئۇ بىزگە ئۆز قولى بىلەن كۆرسىتىپ قويدى. ئاۋۋال پىدىگەننى ئاقلاپ، نېپىز قىلىپ توغرايدىكەن، ئاندىن ئۇنى سۇغا چىلايدىكەن. يەنە ئۇنى چېلىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرىدىكەن (ئەلۋەتتە، ئۇماچتا تۇز بار)، قازانغا سۇ مېيىنى قۇيۇپ، ماي چۈچۈگەندىن كېيىن نېپىز پىدىگەن ياپراقچىسىنى ئۇماچقا مىلەپ، مايغا تاشلايدىكەن ۋە ئۇنى بىر تەرەپتىن سۈزۈۋالىدىكەن. جەملەمۇ گۆشسىز قورۇمىلار بىلەن تەييارلانغان لەگمەنلىرىنى زۇبەيدەگە سۇنۇپ تۇردى. بۇ تاماقمۇ زۇبەيدەگە ياردى. زۇبەيدە بىزگە ھىندىستاننىڭ چايلىرى، دورا - دەرمەكلىرىنى بېرىپ تۇردى. ھىندىستاننىڭ زىرىلىرى دانلىق بولۇپ، بۇغدايدەك كېلىدىكەن، پۇرىقىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ، پولۇنىڭ قورۇمىسىغا بەش - ئالتە تال تاشلىۋەتسە، تاماقنى مەززىلىك پۇرىتىدىكەن. سەھرالاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىدارچىلىقىدا مۇنداق بىر ئادەت بار: بىراۋ تاماق ئەتسە، قوشنىسىغىمۇ بىر قاچا كىرگۈزىدۇ. چۈنكى سەن تاماق ئەتكەندە قوشناڭ ئۇنى پۇراپ قالىدۇ، ئۇنىڭ رىزقىنى بېرىپ يېمىسەڭ بولمايدۇ. بىزنىڭ زۇبەيدە بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىقىمىز دەل شۇنداق بولدى. بۇ ھەقتە بىز ئالدىن

www.uyghurkitap.com



بىرلىككە كېلىشىۋالمىدۇق، ھەممىسى تەبىئىي بولدى. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت چەمبىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھىندىستاندىن يۇنانغىچە بولغان تۇپراقلاردىن ئۆزىمىزگە ئورتاق بولغان كۆپ نەرسىنى تاپالايمىز. ھىندىستاننىڭ مۇسۇلمانلار ئۆلكىسىدىن كەلگەن زۇبەيدە ماڭا بەشكېرەمدىكى قايسىدۇر بىر مېھرى ئىسسىق قوشنىمىزنى ئەسلەتتى.

كۇنلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. يىل ئاخىرىدا ئىككى پەرزەنتىمىز بۇلبۇلناز بىلەن بابۇر قېشىمىزغا يېتىپ كەلدى. زۇبەيدە بابۇرغا ئالاھىدە ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۇنى كەچتە ئۆيىمىزگە كىرىپ بابۇر بىلەن چېقىشىۋالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قۇرۇق كىرمەيتتى. بابۇر يەيدىغان شاكىلات، كەمپۈت، ھەر خىل مېۋە - چېۋە ۋە شەربەت زۇبەيدە تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان بولدى. «بابۇر مەن بىلەن بىللە تۇرسۇن» دەيتتى ئۇ. لېكىن بابۇر ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى.

— ئۆيۈڭلار تار، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىدىغان شارائىتى ياخشى ئەمەس، ئۇلار ئۆيۈمدە ئۆگىنىش قىلسۇن، قاچان كىرسەڭلار بولىدۇ، — دەپ زۇبەيدە ئاچقۇچنى تەڭلەيتتى.

بىركۇنى زۇبەيدە بىزنى ئائىلە بويىچە مېھمانغا چاقىردى. ئۇنىڭ داستىخىنى تولىمۇ مول ئىدى، تۇرلۇك مېۋە شەربەتلىرىنى تىزىۋەتكەنىدى، ئىسسىق بەلباغ مېۋىلىرىمۇ بار ئىدى. شەربەتلەرنىڭ ئىچىدە ھىندىستاننىڭ شەربەتلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ نوقۇت، پۇرچاق ۋە كۆكتاتلاردىن ئالتە - يەتتە خىل قورۇما تەييارلىغان بولۇپ، ھەممىسى گۆشسىز ئىدى. زۇبەيدە بۇ كۇنى پولۇ ئېتىپتۇ. ئۇ پولۇنى سەۋزە قورۇمىسى بىلەن ئەتمىگەنىدى، پولۇ چۇچۇمەل دورا - دەرمەكلا تېتىيتتى، گۇرۇچىمۇ بىز يەپ كەلگەن ئادەتتىكى گۇرۇچلەردىن ئەمەس ئىدى. زۇبەيدە بىزگە بۇنداق پولۇنى يېيىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى. ئاۋۋال پولۇنى كىچىك بىر تەخسىگە ئالىدىكەنمىز، ئاندىن پىشىپ مىلىچلاپ كەتكەن پۇرچاق ۋە كۆكتاتلارنى ئۇستىگە

سېلىپ، بىۋاسىتە قول بىلەنلا ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىكەنمىز. پولۇ دورا - دەرمەكلا پۇرايتتى، گۈرۈچمۇ چاينىغانسېرى ئۈۋۈلىدىغان گۈرۈچ ئىكەن، بۇ گۈرۈچ مەخسۇس تايلاندتىن كېلىدىكەن. ئۆزۈمچە مەن بۇ گۈرۈچنى «زاغرا گۈرۈچ» دەپ ئاتىۋالدىم. زۇبەيدە يەنە چەلپەك تەييارلاپتۇ، لېكىن ئۇ بۇنى بىزگە ئوخشاش «چەلپەك» دېمەي، «چەلپەتى» دەيدىكەن. بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالدىم. بۇ گەپ ئۇلاردىن بىزگە تارالغانمۇ ياكى بىزدىن ئۇلارغىمۇ، بۇ ھەقتە دەررۇ بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تار رايون مەدەنىيىتى ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى مەدەنىيەت ئىكەنلىكى مۇشۇنداق ئىنچىكە نۇقتىلاردا غىل - پال ئايان بولىدۇ. بەلكىم، بىز بۇنى سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق دېگەن ئىلىمنى بەرپا قىلساق، بەكرەك چۈشىنەرمىز. زۇبەيدەنىڭ چەلپەك ئېتىش ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن. چەلپەك ئىككى قەۋەت بولۇپ، چۆرىسىدىن تۇتاشتۇرۇلغانىدى، چەلپەكنىڭ قەۋىتىمۇ قەغەزدەك نېپىز ئىدى. چەلپەكنى يىرتىپ ئېلىپ، پۇرچاق ۋە قورۇمىلارنى سېلىپ، يۆگەپ يەيدىكەنمىز، بۇ ئۇسۇل جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆردەك كاۋپىي يېيىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. تەييارلانغان قورۇمىلارغا قاراپ، زۇبەيدەنى پالەك بىلەن پىدىگەنگە ئالاھىدە ئامراق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم.

زۇبەيدە ئۆزى دوكتورلۇقتا ئوقۇغان كورىيەنىڭ گېپىنى كۆپ قىلاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كورىيەدە نەرسە - كېرەك ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر ياپونىيەگە باققاندا ئەرزان ئىكەن. پايتەخت سېئۇلدا تۈرك مۇسۇلمانلىرى سالغان كۆركەم بىر مەسچىت بولۇپ، جامائىتىمۇ كۆپ ئىكەن. ياپونىيەنىڭ توكيو، ناگويا شەھەرلىرىدە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئىنتېر تورىغا قارىسام ئىسلامىي ئەقىدىلەرنى، پەرز ۋە سۈننەتلەرنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ياپونچە تور بەتلىرى بار ئىكەن. مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيەدە مۇسۇلمانلار 50 مىڭدىن ئاشىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياپونلارمۇ خېلى بار ئىكەن.

— كورېيانلارنىڭ سىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسى قانداق؟ — دەپ سورىدىم زۇبەيدەدىن.

— بۇرۇن ياخشى ئىدى، 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئانچە ياخشى ئەمەس، — زۇبەيدە كورېيەلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان كۆزقارىشىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

— مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپى مۇسۇلمانلار ئىستىقامەت قىلىدىغان شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ ناچار ئىمىش، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— «شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، سېنىڭ دىنىڭ ئوچىقىڭدىكى چوغقا ئوخشاپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىسەن»، — زۇبەيدە بۇ سۆزلەرنى ئىنگلىزچە دېدى (ئىنگلىزچىسى:

«There will be a time when your religion will be like a hot piece of coal in the palm of your hand; you will not be able to hold it») .

— ئەجەب يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن دېيىلگەن گەپ ئىكەن، — دېدىم مەن قايىل بولۇپ.

— بۇ دېگەن ھەدىس. پەيغەمبەر دېگەن يىراقنى كۆرمەي قالامتى!؟ زۇبەيدە ئېرى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئېرىنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالاتتى.

— ئېرىمگە گېپىڭلارنى قىلىپ بەردىم. ئۇ، قوشنامنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەندىن بىرئاز خاتىرجەم بولدى، — دېدى زۇبەيدە.

— ئېرىڭىزنىڭ بىزگە ئىشەنگىنىگە رەھمەت. مۇسۇلمان سۈرىتىدىكى كاززاپلار مۇسۇلمانلارنى بىر - بىرىگە ئىشەنمەس قىلىپ قويىدى، — دېدىم مەن.

زۇبەيدە ھۇجرا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي مېنى چاقىردى، ئېرى بىلەن كومپيۇتېردىكى ئۈن - سىن ئالاقىسىنى

ئۇلاپ، مېنى ئېرى بىلەن سۆزلەشتۈرمەكچى بولغانىكەن. تىڭشىغۇچنى قولىقىمغا قىستۇرۇپ زۇبەيدەنىڭ ئېرى بىلەن سۆزلەشتىم. ئېكراندا زۇبەيدەنىڭ ئېرىنىڭ نەق مەيدان ھالىتى، ئۇ ناھايىتى سالاپەتلىك، قاملاشقان يىگىت ئىكەن. تۆت ئېغىز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن تىڭشىغۇچنى زۇبەيدەگە بەردىم.

— ئېرىڭىز قاملاشقان يىگىت ئىكەن، سىز بەختلىك ئىكەنسىز، — دېدىم زۇبەيدەگە.

— ئىنشائاللا، دائىم شۇنداق بولسۇن، — دېدى زۇبەيدە.

بىز پاراڭلاشقاچ تېلېۋىزور كۆردۇق. BBC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ب د ت (UN) خادىملىرىنىڭ ئىراقتىكى يادرو قوراللىرىنى تەكشۈرۈشى ھەققىدە سۆزلىدى. ئارقىدىن جورجىي. ۋ. بۇشنىڭ ئەلپازى بوزۇق ھالدا سادام ھەققىدە سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىدۇق.

— ساداممۇ بىر زالىم ئىكەن، ئەمدى زالىمنىڭ زالىمى چىقىپتۇ ـ دە، — دېدىم مەن.

— ئىراق بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ، ئۇ ئىراق مەسىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىۋالسا، ئىران ۋە پاكىستانغا ئۆتىدۇ، — دېدى زۇبەيدە.

گەپتىن گەپ چىقىپ تېما ھىندىستانغا كۆچتى:

— ھىندىستاندا بەك ئەرزانچىلىق، مېۋە ـ چېۋىلەر مول، — دېدى زۇبەيدە.

— ئۇنداقتا، ۋەتەنگە نېمىشقا قايتىپ كەتمەيسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— بۇ يېتى بارساق، ياخشى يەرلەردىن خىزمەت تاپقىلى بولمايدۇ، دوكتور ئاشتىلىق ئوقۇشىدا بىرەر نەتىجە چىقىرىپ، ۋەتەنگە بارساق، ئاندىن بىر گەپ بولۇشى مۇمكىن.

— بىزدە دوكتورلار بەك ئەتىۋار، ئۇلارغا ئوبدان يەرلەردىن دەرھال خىزمەت چىقىدۇ، — دېدىم مەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىن تارىيسى



— لېكىن بىزدە، — دېدى جەمىلە، — ياپونىيەدە دوكتورلۇقنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلارمۇ بار ئىكەن.

— ئىشلار مۇرەككەپ، بەزىدە ئالىي تېخنىكوم پۈتكۈزگەنلەر دوكتوردىن ئەتىۋار، گەپ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىشتە، — دېدىم مەن.

زۆبەيدە ھىندىستان مائارىپى توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 130 مىليونغا بارىدىكەن، بۇ پۈتكۈل ھىندىستان نوپۇسىنىڭ 11 ~ 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. ھىندىستان فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولۇپ، ھىندى تىلىنى ئانا تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغانلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 30% ىنى ئىگىلەيدىكەن، بۇلار ئاساسەن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىكەن. ھىندىستاندا ئۇنىڭدىن باشقا 800 خىل تىل بار ئىكەن. ھىندىستان 1965 - يىلىغا قەدەر ئىنگلىز تىلىنى ئومۇمىي ئىشلاردا قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئاساسىي قانۇندا باشقا تىللار تىلىنى بىرلىك قىلىغان ھەرقايسى فېدېراتسىيەنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بەلگىلەنگەنىكەن. ھىندىستاندا 21 فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بولۇپ، ھەربىرى ئۆزىنىڭ مائارىپ قانۇنىنى بېكىتىدىكەن. زۆبەيدە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئوردۇ تىلى ۋە ھىندىستاندا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئىنگلىز تىلىغا پىششىق ئىكەن. زۆبەيدەنىڭ دېيىشىچە، ھىندىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي مائارىپ ئورنىدىن ئىش تېپىشى قىيىنراق ئىكەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مەقسىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان بىرەر ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىكەن.

ئۇزايدىغان ۋاقتىمىزدا زۆبەيدە مەندىن:

— خاتىرە بۇيۇم يىغىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن:

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم. زۆبەيدە ماڭا گەندىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھىندىستان قەغەز پۇلى ۋە تەڭگە پۇلىنى سوۋغا قىلدى.

— ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى گەندىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ياخشى كۆرمەيمىز، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلاتتى، — دەپ جاۋاب بەردى زۇبەيدە.

رامىزان ئېيى يېتىپ كەلگەندە، زۇبەيدە لابوراتورىيەگە ئەتىگەندە چىقىپ كەتكەن پېتى كەچتە قايتاتتى. ئۇ ئىپتاردا بىزنىڭ ئۆيدە بولاتتى. ئۇ ئىپتاردىن كېيىن ماڭا ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسىدىن دەرس ئۆتەتتى. زۇبەيدە بىلەن ئۆزلىشىپ كەتكەنسېرى ئۇنىڭدىن تارتىنمايدىغان بولۇپ كەتتىم. زۇبەيدەمۇ خاتا بولۇپ قالغان سۆزلىرىمنى تۈزىتىپ چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ، سۆزۈمنىڭ گىراماتىكا جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى ئەسكەرتىپ قوياتتى. زۇبەيدە بىلەن بولغان پاراڭلىرىمىزنىڭ تېما دائىرىسى بەك كەڭرى بولۇپ، بەزىدە ئىنگلىزچە سۆزلۈكلىرىم يېتىشمەي قالاتتى.

زۇبەيدە بىز بىلەن شۇ قەدەر ئىچەركىشىپ كەتتىكى، ئۇ ھەر كۈنى ئېرى بىلەن تېلېفوندا قانچە مىنۇت سۆزلەشكەنلىكىنى، نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىزگە دەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىمىزنى، داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇپ ئۆتۈشىمىزنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەتىيازدا ۋەتەنگە قايتىشىمىز قارار تېپىپ قالدى: پىروفېسسور ئۇمېموتو بىلەن ئوقۇش ئىشلىرىم ھەققىدە ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىز ئىقتىسادىي مەسىلىگە كەلگەندە، ئۇنى خاتىرجەم قىلالمىدىم. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرمۇش مەسىلىسى تۈپەيلى قىيىنلىپ قېلىپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈشۈمنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك. ئۇ مېنى تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە يەنە يېرىم يىل تۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلدى، ئاڭغىچە بىرەر ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، دېدى. لېكىن تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىق پۇلىنى ھەل قىلىشىم بەرىبىر ئاسان ئەمەستەك تۇراتتى. زۇبەيدە قايتىش ھەققىدىكى قارارىمىزنى ئاڭلاپ تولىمۇ مەيۈسلەندى. ئۇ كورىيەگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىپ، ئېرى تۇرۇۋاتقان مەكتەپتە ئوقۇشۇمنى تەۋسىيە قىلدى، ھېچبولمىغاندا ھىندىستاندا ئوقۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. بىز بىر قاتار سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ زۆبەيدەنى قايىل قىلدۇق. قايتىدىغان چېغىمىزدا بىر بولەك ئۆي سايمىنىمىزنى ئۇنىڭغا قالدۇردۇق. مەكتەپتىن كانازاۋاغا ماڭىدىغان ئاخشىمى زۆبەيدە بىزنى بىر ۋاق تاماق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، «بۈنىڭدىن كېيىنكى كۈنۈم تەستە ئۆتىدىغان بولدى» دېدى ئۇ. ئۇ بىزنى ئۇزىتىپ بېكەتكە چىقتى. ئۇ بابۇرنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيدى ۋە بابۇرنىڭ قولىغا يۈز دوللار تۇتقۇزۇپ: «مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىن» دېدى. زاۋال ئىدى، زۆبەيدەنىڭ كۆلەڭگىسى زاۋال قويىنىدا كۆزىمىزدىن يىتتى.

بابۇر زۆبەيدە بىلەن ئولتۇرۇپ «ئۆمۈچۈك ئادەم» دېگەن كىنونى كۆرگەنىدى. ئۇ ھازىرمۇ زۆبەيدە بىلەن يېڭى كىنولارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

## جون سۇگاۋارا ئەپەندىگە ئىككى ئېغىز لوقما

كېيىنكى بىر ـ ئىككى ئەسىردىن بۇيان بېكىنمە ھالدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى مەستۇ ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى سىرتتىن ئىشىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن كاتتا ئىشلار ۋە كاتتا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان زېمىنىنىڭ سىرتىدا مەيدانغا كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆز قوۋمىدىكى تەكداشسىز باتۇرلۇقلار ۋە پاراسەت بابىدىكى مۆجىزىلەرمۇ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەستىن، پەقەت بىر ـ بىرىدىنلا ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇلار قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ئېلىپ كېتەتتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سۇلتان سەئىدخان، پوپېز، ئېلېكتىر چىراغ، مۇسا جارۇللا، ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن،

ئىستالىن قاتارلىق ئۇقۇملار يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يېرىم رېئال، يېرىم ئەپسانىۋى ئۇقۇملار ئىدى. يېڭى ئىشلار ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ھە دېسىلا سىرتتىنلا تارىلىشىدەك ئىجتىمائىي قىياپەتنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى مۆجىزىلەر ئۆزىمىزدە ئەمەس، باشقىلاردا يۈز بېرىدۇ، دېگەن خاتا مەنتىقىي قاراشنى كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋەتتى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن بەكرەك ياتلارغا قىزىقىدىغان ۋە قايىل بولىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇ خىل ئاڭنىڭ ئالامەتلىرىنى تەربىيە كۆرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان ئاددىي خەلقتىنلا ئەمەس، قەلەم ۋە ئەلەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئادەملىرىمىزدىنمۇ خېلى روشەن دەرىجىدە كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ بىزدىكى مىللىي ئۆزلۈك ئوقىدىن چەتلەش ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەنگلىيەلىك، گېرمانىيەلىك، شىۋېتسىيەلىك، ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر خېلى كۆپ خاتىرە قالدۇرۇشقان. ئۇلار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارابە شەھەرلىرىمىز ۋە قۇملۇق باياۋانلىرىمىزدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، نۇرغۇن مۆجىزىنى بايقىغانىدى. بۇ چاغدا بۇ سىرلىق، مۇقەددەس زېمىننىڭ ئىگىلىرى بولسا غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىدى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە رۇس تۈركولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى ناھايىتى كۆپ. لېكىن ئۇيغۇرلار ئامىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇلاردىن بىخەۋەر. ئۇلارنى بىر قىسىم بىلىم ئەھلى بىلىدۇ دېگەندىمۇ، تەلتۆكۈس ئەمەس. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى قادىر ئەكبەر ئەپەندى ياپونىيەلىك مېھمانلارغا ھەپتە ـ ئون كۈن ھەمراھ بولۇپ بىر قىسىم جايلىرىمىزنى ئايلاندۇرغانىكەن. ياپونىيەلىك مېھمانلار كېتىدىغان چاغدا قادىر ئەكبەر ئەپەندى ئۇلاردىن سوراپتۇ: «سىلەر بىز ھەققىدە ئاز ـ تولا تەكشۈرۈشتە بولدۇڭلار، بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتىڭلار، لېكىن بىز ھەققىدىكى تەسىراتىڭلارنى دېمىدىڭلار، بۇ ھەقتىكى قارىشىڭلار قانداق؟» ياپونىيەلىك مېھمانلار بىرپەس تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


مۇنداق دەپتۇ: «سىلەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ناھايىتى كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەنسىلەر، ئەمما بىلگەن نەرسەڭلارنى چۈشەنمەيدىكەنسىلەر ۋە ئۇنى ئىشلەتمەيدىكەنسىلەر.» قادىر ئەكبەر ئەپەندىنىڭ قەلىمىدىن بۇ قۇرلارنى كۆرۈپ، ياپونىيەلىك مېھمانلارنىڭ قارىشىغا شۇ ھامان قوشۇلغانىدىم. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ مۇلاھىزىسىگە قالدۇرىمەن.

قانداقلا بولمىسۇن، تەكلىماكان ۋادىسىدا ئۇيغۇرۇدەك بىر خەلقنىڭ ياشاپ كەلگەن ۋە ياشاۋاتقانلىقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدىكى دۇنيا بىلمەيدۇ، بىلىدىغانلىرىمۇ پەقەت يوق ھېسابىتىكى بىر ئۈچۈم مۇتەخەسسىسلەر. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بىلىدىغانلىرىمۇ ئۆزگىلەر ھەققىدىكى بىلىمىدىن كۆپ ئاز. ئۆزىنى بىلىشكە ئەمدىلەتىن قىزىقىشقا باشلاۋاتقان خەلق يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن تۇتاشقان ھالدا ئۆزگىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۆزىتىش ۋە باھالىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇ قاتاردا مەنمۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ بىز ھەققىدىكى يازغانلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ قويىمەن. بۇ ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئۇسۇلىدىكى بەزى تەرەپلەرنى ئۆگىنىشكە پايدىلىق.

2002 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جون سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ تور بېتىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەلۋەتتە، ياپون تىلىنى بىلمەيمەن. بەختىمگە يارىشا ئايالىم جەملە جون سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ بىر قىسىم خاتىرىسىنى ئوقۇپ بەردى. سۇگاۋارا ئەپەندى ياش بولۇشىغا قارىماي (ئۇ مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىكەن) ناھايىتى ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئادەم ئىكەن، بۇنى ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات تۇرمۇشىدىكى ھەربىر ئۇچراشقان ئىشنى زېرىكمەي يېزىپتۇ، تېخى ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۈرەت ۋە ھۆججەتنى قىستۇرۇشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇ بىر ئىشنى تۈجۈپىلەپ قىلىدىغان ياپون مىللىتىنىڭ پۇشتى بولغاچقا، بىز ئۇيغۇرلار سەل قارايدىغان كىچىك ئىشلارغا ناھايىتى

ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى نۇرغۇن ئۇششاق ئىشنى قۇراشتۇرۇپ قارىسا، جون سوگاۋارانىڭ خاراكتېرىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئايرىم ساھەلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇنى جون سوگاۋارانىڭ مەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر تەرىپى ئىكەن، دەپ قارىدىم.

بۇ خاتىرىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرىمۇ جون سوگاۋارا ھەققىدە ئاڭلىغانمەن. ئۇنىڭ يۇرتىمىزغا پات - پات كېلىپ ئىلىم ساھەبلىرىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقى، شەھەر ۋە قىشلاقلارنى ئارىلاپ تەتقىقات ئۇچۇن ماتېرىيال ھەم ئۇچۇر يىغىدىغانلىقى توغرىسىدا قېرىنداشىمىز ئابلىز ئورخۇن، ئەسئەد سۇلايمانلار گەپ قىلىپ بېرەتتى. ئابلىز ئورخۇن سوگاۋارا ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تاماقلىرىغا، بولۇپمۇ لەغمەنگە بەك ئامراقلىقىنى خۇشخۇي زوۋان بىلەن بايان قىلاتتى. بىز ئۇيغۇرلار تاماقلىرىمىزدىن سۆيۈنىمىز، چەت ئەللىكلەر تامىقىمىزنى يەپ «قالتىسكەن» دەپ قويسا، خۇشال بولۇپ كېتىمىز. چەت ئەللىكلەرمۇ بىزنىڭ مىجەزىمىزنى بىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئالدىغا كەلگەن تاماقلارنى مۇغەمبەرلىك بىلەن ماختاپ قويۇپ يەۋېرىدۇ. ناھايەت، ساھىبخانا ئەجنەبىيلەرگە ياراپ كەتكەن تامىقى توغرىسىدا ھېكايە توقۇغۇدەك خام ماتېرىيالغا ئىگە بولىدۇ.

جون سوگاۋارا ئۇيغۇرلارنىڭ رىساللىرى ۋە يېزىقلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات يۈرگۈزگەندەك قىلىدۇ، بۇنىڭغا يانداشقان ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئويلاش شەكلى، قىممەت قارىشى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىدىكەن. ئۇ يىلدا كەم دېگەندە بىر - ئىككى قېتىم يۇرتىمىزغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولىدىكەن. ناۋاي، موزدۇز، زەرگەر، مىسكەر... قاتارلىق ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن گەپ ئالىدىكەن. قەدىمىي كىتاب بازارلىرىغا بېرىپ رىسالە، قول يازمىلارنى يىغىدىكەن. ھەتتا ئۇ ئوخشىمىغان ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ دۇئا قىلىش رىسالىسىگىمۇ قىزىقىدىكەن. ئۇ تاشكەنت، ئوش شەھەرلىرىگە بارغاندىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئائىت يىپ ئۇچلىرىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىزىپ، ئۇنى تەكلىماكان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چاتىدىكەن. ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن سىستېما (Context) غا قويۇپ قىلىش ناھايىتى توغرا. ئۇيغۇرلاردىكى تەتقىقاتچىلاردا يوق شارائىت جون سوگاۋارا ئەپەندىدە بولغاچقا، ئۇ شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ توي نۇتۇقلىرىنىمۇ توپلاپتۇ. سوگاۋارا ئوقۇغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى دەۋالىدىغان ئۇيغۇرلىرىمىز ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ يۇرتىمىزدا بارغان يەرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. ئۇنىڭ كۆرگەن يەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئايلىنىش ئوتتۇرا ھال سەۋىيەسىدىن يۇقىرى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئادەملىرىمىزنىڭ بارىدىغان يەرلىرى يېڭى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان رايونلاردىكى ياسىداق بىنا ۋە رېستوران بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن سوگاۋارا ئەپەندىنىڭ قەدەملىرى ئاددىي خەلقلەر ياشايدىغان قەدىمىي خالتا كوچىلاردا، ھۆپىگەرلەر مېڭىپ يۈرگەن بازارلاردا، ئۇلۇغلىرىمىز ياتقان مازارلاردا. ئۇنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى، تارتقان فوتو سۈرەتلىرى ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن بىر تەتقىقاتچىغا خاس ئىزدىنىش روھى، قىدىرىش روھى، جاپا چېكىش روھى ۋە پاكىت ئىزدەش روھى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ، ياپونىيەگە ئوخشاش ئۇنۇم ۋە ئەقلىي پرىنسىپ دۆلىتىنىڭ مائارىپ ئوچىقىدا تەبىئىي يېتىلگەن مەسئۇلىيەت ئەخلاقى ئىدى.

سوگاۋارا ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە كۈندىلىك خاتىرىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنى مۇپەسسەل ئوقۇپ چىقىشىم ئۈچۈن ياپون تىلىنى بىلىشىمگە توغرا كېلىدىكەن. ھېلىھەم ئايالىمنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۇنىڭ قىسمەن قەلەم ئىزنالىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىكى بىرقانچە ئىش دىققىتىمنى تارتتى ۋە ئويلاندۇردى.

بىر كۈنى سوگاۋارا ئەپەندى ئۈرۈمچىدىكى بىر شىنخۇا

كىتابخانىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال خەنزۇچە كىتاب تىزىلغان تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كۆرۈپتۇ. ئۇ يەردىكى مۇلازىملارنىڭ مۇئامىلىسى ناھايىتى سىلىق تۇيۇلۇپتۇ. ئارقىدىن ئۇيغۇرچە كىتابلار سېتىلىدىغان تەرەپلەرگە كەپتۇ ۋە بىرقانچە كىتاب سېتىۋاپتۇ. لېكىن مۇلازىملارنىڭ مۇئامىلىسى سوغۇق، سۇس تۇيۇلۇپتۇ. ھەتتا ئۇيغۇرچە كىتاب بار يەرلەر رەتسىز ھەم قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ كىتابخانىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭدىن: «ئەھۋال نېمىشقا ئوخشىمايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. مىرسۇلتان ئەپەندى: «بىزنىڭ كىتابخانا مۇلازىملىرىمىزنىڭ ئۆزى بىلىدىغان غېمى جىق بولۇشى مۇمكىن؟» دەپتۇ. ئەمما سۇگاۋارا ئەپەندى بۇ جاۋابقا ئانچە قايىل بولماي، «ئوخشاش بىر ئورۇندا تۇرغان ئادەملەرنىڭ غېمى ئىككى خىل بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىغا قىزىقىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، مەنمۇ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ دائىملىق خېرىدارى. خېرىدارلارغا بولغان سوغۇق مۇئامىلە ۋە پەرۋاسىزلىق مېنىڭچە، ھەر ئىككى تەرەپتە ئوخشاش كۆرۈلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى كىتاب ۋە كىتاب خېرىدارلىرى بىلەن ئالاقىسى يوقتەكلا ھېس قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىتاب خېرىدارلىرى تولا كىرىپ ئۆزلىرىنى ئارام ئالغىلى قويمايۋاتقان ھاماقەت كىتاب خالتىلىرى ياكى قەغەز قۇرتلىرى، ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەميانلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىۋاتقان كىشىلەر ئەمەس. خادىملارنىڭ چىرايىدىن بىزارلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، مېنىڭ بۇ خىل تەسىراتىمدا ئازراق سۇبيېكتىپلىق باردۇ، لېكىن خادىملارنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ مۇلازىمەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىدە ھەرگىز شەك يوق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆزۈمگە كىتاب بىلەن ئىشى يوق، لېكىن كىتابنىڭ شىلىمىغا سېرىك چاشقانلاردەكلا كۆرۈنىدۇ.

ھەر ھالدا جون سۇگاۋارا ئەپەندى يەنە بىر تەرەپتىن بولسىمۇ ئىللىق مۇئامىلىگە ئۇچراپتۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مەندىن پەرقلىق يېرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇنىڭ مىرسۇلتان ئەپەندىنىڭ جاۋابىغا نىسبەتەن باشقىچە قاراشتا بولۇشىمۇ، ئۇنىڭ مىرسۇلتان ئەپەندى بىلەن بولغان پەرقلىق يېرى. سوگاۋارا بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى مەنتىقىي نۇقتىدىن چۈشەنسىمۇ، قەلبىدىن چۈشەنمىسە كېرەك. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە نان بېرىۋاتقان كەسپىگە نىسبەتەن قىزغىن بولمىغان مۇلازىملار ھەققىدىكى ئەجەبلىنىشىگە قوشۇلىمەن.

يەنە بىركۈنى سوگاۋارا ئەپەندى توكيونىڭ شىنجۇكو رايونىدىكى بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا بىر ـ ئىككى مېھماننى باشلاپ كىرىپتۇ. ئايال غوجايىن بۇيرۇلغان تاماقلارنى ئەكېلىپ بېرىپ، يېقىنلا بىر يەردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپتۇ. تاماقلار سوگاۋارا ئەپەندىگە ھەقىقىي ئۇيغۇر تامىقىدەك تېتىماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىگە نىسبەتەن ئايال غوجايىن ئىرىنچەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىپتۇ. ئايال غوجايىن (ئۇيغۇر)نىڭ سوگاۋارا بىلەن ھەمراھلىرىنىڭ گېپىنى تىڭشاش ئورۇنۇشلىرىدا بولغىنىنى سوگاۋارا ئەپەندى سېزىپىمۇ قاپتۇ. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئايال غوجايىن كېلىپ «مېھمىنىمىز بار ئىدى» دەپ ئۇلارنى ھەيدەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گېپى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى ياپون چايخانىسىغا بېرىپ پارىڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سوگاۋارانىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بىرى ھېلىقى ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا بېرىپ قاراپ باقسا، ئاشخانىدا مېھمان كۆرۈنمىگۈدەك، ئايال غوجايىن ئۆزى يالغۇز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سوگاۋارا ئەپەندى كېيىن بېيجىڭغا بارغاندا بىر ئۇيغۇر تونۇشىغا بۇ ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. مەلۇم بولۇشىچە، ھېلىقى ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ غوجايىنلىرى بېيجىڭدىمۇ ئاشخانا ئاچماق بولۇپ، راۋاج تاپالماي تاقىۋەتكەنىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ مۇلازىمەت كۆلىمى چوڭىيدى، مۇلازىمەت شەكىللىرىدىمۇ ئاز ـ تولا ئۆزگىرىشلەر بولدى. مۇلازىمەت شەكىللىرى ۋە تاماق تۈرلىرىدە ئۇيغۇرچە،

جۇڭگوچە، غەربچە ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسى بار. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە تەرەققىيات بولدى، لېكىن بۇ تەرەققىياتلار ئىستىخىيەلىك ھالدا كېتىۋاتىدۇ. ئاشخانا غوجايىنلىرى ئاشخانىنى زىننەتلەش جەھەتتە ئازراق ئىزدەندى ياكى ئۆزلىرى كۆرگەن غەيرىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى رېستورانلارغا تەقلىد قىلدى. لېكىن ئاشخانا مۇلازىمىتىنىڭ ھۇزۇربەخشلىكى، ئىلمىيلىكى، ھالاللىقى، دەۋرىي يۈكسەكلىكى ئۈستىدە ئاڭلىق ئىزدىنىشتىن تېخى يىراق. ئۇلار جەمئىيەتتىكى تەقۋادارلار ۋە بىلىم ئىگىلىرىدىكى ئەقىللەرگە مۇراجىئەت قىلىپمۇ كۆرمىدى. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ئۇرۇمچىدەك شالغۇت مەدەنىيەتلىك چوڭ شەھەردە ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى بىرقەدەر ئۈستۈردى. خېرىدارلاردىكى «مۇسۇلمانچە تائام» قارىشى بولمىغىنىدا، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالغان بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بولغان خېرىدارلارنىڭ ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشىنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇناسىپ مۇلازىمەت تۈرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشى كېرەك. ئۇيغۇر تائاملىرى باشقا مىللەت تائاملىرىغا قارىغاندا ئەرزان ھەم قۇۋۋەتلىك، بۇ ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ باشقا مىللەت خېرىدارلىرىنى جەلپ قىلىشىدىكى بىر سەۋەب. ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ تازىلىقى يەنىلا مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپلىرىدىن، شۇنداقلا تەرەققىي تاپقان ئەللەردىن كەلگەن ساپالىق خېرىدارلارنىڭ تەلەپلىرىدىن يىراق. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ قوپاللىقى ھەققىدە تالاي مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇلازىمەتچىلەر ۋە غوجايىنلار ئۆزلىرىدىكى سەۋەنلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بىلىپ بېقىش ۋە تۈزىتىشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار زامانغا لايىق مۇلازىمەت سۈپىتى ھەققىدە تۇزۇك تەربىيە كۆرمىگەن. ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ تەمى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن بىللە، تاماقنىڭ رەڭ گۈزەللىكى، قاچا ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تەخسىلەرگە ئېلىنىشى جەھەتتىكى سەنئەتلىكى ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىش كېرەك، بۇ جەھەتتە بىز ساددا بىر باسقۇچتا تۇرۇۋاتىمىز. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى يۇقىرىقىدەك ئەقەللىي تەرەپلەرنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، خەلقئارا بىر مۇھىتقا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئوبرازىنى تىكلىيەلمەيدۇ.

توكيودەك بىر شەھەردە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئىجابىي بىر ئورۇنۇش. مەن بۇ ئاشخانىنىڭ بارلىقىنى ئىنتېر توردىن كۆرۈپ (ئەگەر شۇ بولسا) غوجايىنلارنىڭ شىجائىتىدىن سۆيۈنگەنىدىم. لېكىن سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدىن زامانىۋى بىر شەھەردىكى تىغدەك يالغۇز بىر ئاشخانىنىڭ مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. قارىغاندا، غوجايىن تازىلىققا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ياپونىيەنىڭ پايتەختىدە ئاشخانا ئىچىشتىكى ئىقتىسادىي شارائىتنى هازىرلاپ، مەدەنىيەت ۋە ساپا شەرتىنى هازىرلىمىغاندەك تۇرىدۇ. ئادەتتە، تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا يەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرىمۇ شۇ يەرنىڭ ئىلىم هاۋاسىدىن يېتەرلىك ئوزۇق ئالمىدى. ئەكسىچە، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىرىمۇ كۆپ. بۈيۈك پارس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي: «ئاچچىق مېۋىلىك دەرەخنىڭ كۆچىتىنى جەننەتكە تىكىپ، ئۇنى كەۋسەر ۋە هەسەل بىلەن سۇغارسىمۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى يەنە ئاچچىق بولىدۇ» دېگەنىكەن. بۇ سۆزنى ئىككىنچى ئەۋلاد مۇهاجىرلىرىمىزغا تەتبىقلىساق ئارتۇق كېتەر، لېكىن بىر قىسىم ئەھۋاللار فىردەۋسىينىڭ پىكرىنى تەبىئىي هالدا ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ئاش ئىگىسى بىلەن مەززىلىك» دېگەن گەپ بار. مانا بۇ مۇئامىلىگە قارىتىلغان سۆز بولۇپ، ئاش ئىگىسىنىڭ خۇلقى ساز بولسا، تەبىئىتى پاكىز، ئاشنىڭ لەززەتلىك بولىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. توكيودىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ غوجايىنى ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان بۇ سۆزنىڭ تېگىدىكى هېكمەتنى سەزمىگەن

بولسا كېرەك، بەلكىم سېزىشتىنمۇ يىراق بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقى ماقالنى تولۇقلايدىغان يەنە بىر ماقال بار، ئۇ بولسىمۇ «ئاش تاۋۇقى كېرەك ئەمەس، قاش - قاپىقى كېرەك.» ساھىبخانىنىڭ چىرايىدىكى ئىللىقلىق ۋە خۇش تەبىئەتلىك خېرىدارلارنىڭ روھىغا سۆيۈنۈش بېغىشلايدىغان ئالدىنقى ئامىل.

بۈگۈنكى شارائىتتا خۇلقى ۋە تۇرقى بىلەن، خۇيى ۋە بويى بىلەن، ئويى ۋە ئۆگى بىلەن ئۆزگىلەردە قايىللىق پەيدا قىلالىغان خەلقنىڭ قازىنى تۆشۈك بولىدۇ.

جون سوگاۋارا ئەپەندى ئىجتىھاتلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ھاجى نۇرھاجى ئەپەندىنىڭ 2002 - يىلى 4 - ئىيۇن ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت بەشتە ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئەتىسى دوستلىرى يوللىغان ئېلخەت (E-mail) ئارقىلىق ئۇقىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەر خىل تۆھمەت ۋە شۆھرەت خىرىسىغا تولا ئۇچرىغان بۇ ئۇستازنىڭ ۋاپاتىغا قانچىلىك ئېچىنغانلىقى خاتىرىسىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھاجى نۇرھاجى ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئەسرالاشقان چاغلىرىنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەپ چىقىدۇ. ئۇ خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق بىر ئابزاس بىلەن چۈشۈرگەن: «مەن بۇ كۈننى قارىلىق كۈنى قىلىپ بەلگىلىدىم، بۇ كۈننى ئەپەندىمنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ، قەلەم ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكۈزمەكچىمەن.»

بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ، شۇلارنى ئويلاپ قالدىم: بىز ئۇيغۇرلاردا بىلىم ئىگىلىرى ئاز، ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاز، تارىخنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئەۋلادلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغانلار ساناقلىقلا. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇلارغا كۆڭلىدە بولسىمۇ تەشەككۈر بىلدۈرىدىغانلار بىزدە قانچىلىكتۇ؟ يالقۇن روزى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى» دېگەن ماقالىسىدە «بىر نازىر ئۆلسە، ئورنىغا ئونلاپ نازىر تەييار تۇرىدۇ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەمدى قېنى كىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئورنىغا چىقالايدۇ» دېگەنىدى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنگە قانداق باھا بېرىش تارىخنىڭ ئىشى. تارىخنىڭ ئىچىدىمۇ تارىخ بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە يالقۇن روزى بىرلا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى كۆزدە تۇتمىغان بولسا كېرەك. ئۇ: «بىر ئالىم ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىنى دەرھال باسالايدىغانلار چىقمامدۇ» دېمەكچى. بۇ كۈن، بۇ ئايلاردا مەنسەپنى كىمگىلا بەرسە، ئۇستىگە ئالالايدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مەنسەپنىڭ ئۆز دەرىجىسىگە تۇشلۇق نەپلىرى بولىدۇ. بىراق، ئالىم بولۇپ كۆڭلى ئىللىغان، ۋۇجۇدى يايرىغان ئادەملەرنى تېخىچە كۆرمىدىم. قەلىمىدىن ئەلگە لازىملىق ئەقىل تامىدىغان نۇرغۇن كىشىمىزنىڭ جان بېقىش ئۈچۈن كۈنجۈرە ۋە كېپەك بازىرىدا يۈرگىنىنى تالاي قېتىم كۆردۈم. بىزدە ئىلىم ئەھلىنى بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغانلار ئىلىم ئەھلىلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلىم تەتقىقاتى ۋە قەلەم ئارزۇلىرى ئۈچۈن مەبلەغ سالىدىغانلار بەلكىم ئارىمىزدا باردۇ، لېكىن مەن ئۇنداقلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. زوردۇن سابىر ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي «ئانا يۇرت» رومانى نەشردىن چىقتى. كىشىلەر «ۋاي ئىسىت، ئۇ ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەنمىز» دەپ قېلىشتى. ئىلىم ئەھلىگە داستىخان سېلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇشمۇ خېلى ساپالىق ئادەملەرنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. بىراق ياپونىيەدىكى بىر ياپون كىشىسى بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، مەخسۇس بىر كۈننى قارىلىق كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىخلاس بىلدۈردى، بىز مۇشۇنداق قىلالامدۇق!؟ ھېچكىم تەشكىللىمىگەن، ھېچكىم زورلىمىغان ئەھۋال ئاستىدا سوگاۋارا ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن بولمىغان ئالىمنى خاتىرىلىدى. مانا بۇ ئىلىم ئەھلىگە خاس بولغان ئەقەللىي بىر ئەخلاق.

ئۆزىنىڭ كېرەكلىك ئالىملىرىنى دىتلاپ چىقالايدىغان ۋە ئۇنىڭ

قىممىتىگە ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن ئىنكاس قايتۇرالايدىغان خەلق تارىختىن ئىبارەت پاراخوتنىڭ يولۇچىسى ئەمەس، بەلكى رولچىسى بولالايدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرالمىغان خەلقنىڭ ئايىغى ئاللىبۇرۇن خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ نىجاسەتلىرىگە پېتىپ بولغان بولىدۇ.

سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ خاتىرىلىرى يات بىر مىللەت كىشىسىنىڭ بىز ھەققىدىكى ئىنكاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەندە تولۇقلىما خاراكتېرلىك پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر ئويغاتقانلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇ بىز تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن نەرسىلەردىن يېڭىلىق ھېس قىلغان، بىز سەل قارىغان نەرسىلەرگە دىققەت قىلغان، بىزنى ئۆزگىچە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەن. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز تەتقىقاتى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن تەنقىدىي نەزەردە بەلگىلىك ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ «مېھماندوست» نامىدىكى ئەدەبىي خاتىرىسىگە نەزەر سېلىشنىڭ خېلى قىزىقارلىق تەرىپى بار، دەپ ئويلايمەن.

سۇگاۋارا بۇ ئەدەبىي خاتىرىسىنىڭ ماۋزۇسىنى «مېھماندوست» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ئاھاڭى بويىچە كاتاكانا (ياپون يېزىقىنىڭ بىر شەكلى) ئارقىلىق يازغان.

ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندىكى قىزغىنلىقى ۋە ئۆيگە تەكلىپ قىلىشلىرى، داستىخان سېلىش قائىدىلىرى، داستىخاندىكى ھەر خىل نېمەت ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە يازىدۇ ۋە داستىخىنى كەڭ بولۇشنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى مېھماندوستلۇقنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. «چىقىرىلغان تاماقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاماقلارنىڭ مىقدارى ياپونلارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدىغان دەرىجىدە كۆپ بولىدۇ» دەپ يېزىپتۇ سۇگاۋارا ئەپەندى. دەرۋەقە، ياپونلار ئۇيغۇرلارغا باققاندا ئاز تاماق يەيدۇ، لېكىن ئۇلار بىر ۋاقلىق تامىقىنىڭ خۇرۇجىنى كۆپ قىلىپ يەيدۇ، شۇنداقلا تامىقىنىڭ كالورىيە مىقدارىنى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مىقدارى بىلەن نىسبەتلەپ يەيدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن ياپونلار ماشىنىلاشقان خەلق بولۇپ، ئۇلاردا بىۋاستە جىسمانىي كۈچ بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلار ئاز. ئۇيغۇرلارنىڭ قارا ئەمگەكلىرى كۆپ بولىدۇ. سوگاۋارا ئەپەندى ھۆرمەت ساھىبى سوپىتىدە ئۇيغۇر داستىخانلىرىغا داخىل بولغاچقا، گۆشلۈك، قۇۋۋەتلىك تائاملارغا ئېغىز تېگىش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ ياكى غورىگىل داستىخانلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، ئۇ قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى بەدەن ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك دەرىجىدە يېيەلمەيدىغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلمەيدۇ. دەرۋەقە، سوگاۋارا ئېيتقاندەك، قول ـ ئىلكىدە بارلارنىڭ داستىخىنى مول بولىدۇ، چەت ئەللىكلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇيغۇرلاردىكى قول ـ ئىلكىدە بارلار ئۇششاق ـ چوڭ ئەمەلدارلار ياكى تىجارەتچىلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى ياسىداق ئۆي، مول يېمەك ـ ئىچمەك، خوتۇن ـ قىزلار بىلەن ئۆلچەيدۇ. «گادايىنىڭ بىر قېتىم تويغىنى بىر باي بولغىنى» دېگەندەك، ئۇلارمۇ بىرەر قېتىملىق داستىخانغا ئېرىپ كېتىپ، بىراۋنىڭ ئىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئۇستىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىمۇ ئىش يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارغا داستىخان سالىدۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى «ئۇششاق بۇرژۇئازىيە» خاراكتېرى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كارامەت ئىگىلىرى دەپمۇ چۈشىنىدۇ. شۇڭا، چەت ئەللىكلەر ئاددىي خەلقنىڭ ساددا قەلبىنى ئەمەس، يېرىم شەھەرلەشكەن، يېرىم بازارلاشقان ئاز ساندىكى توق قورساقلارنىڭ غەرەزلىك داستىخانلىرىنى، چېكىدىن ئاشقان داغۋازلىقىنى، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدىغان ئىسراپچىلىقلارنى كۆرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۆمىن تاماق يېسە بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر تاماق يېسە يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ» دېگەن سۆزىگە، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»دىكى «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارغا ئەمەل قىلىپ كەلگەنىدى. بۇنداق پەزىلەتلەرنى خەلق ئارىسىدىكى ئېسىل سۈپەت، تەقۋادار كىشىلەردىن

بۈگۈنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن قەلبىدىن «مۆمىنلىك» تۇيغۇسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىلىرىمىز بىر قېتىملىق يەپ - ئىچىشنى زور بىر تەنتەنە ھېسابلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىر ئولتۇرۇشىدا بەش - ئالتە يۈز يۈەنلىك ھاراق ئىچىپ قويۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ تەخمىنەن بىر دېھقاننىڭ يېرىم يىللىق دارامىتىگە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ «يەتتە ئۇچەيگە يېيىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشىكتىن مېھمان كىرسە رىزقى بىللە كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ مېھمان كۈتۈشتىكى خالىسلىقى مۇشۇ گەپتىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. كېيىنچە، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ ھوقۇق ۋە بازارنى ئىگىز قىلغان مۇناسىۋەت قاراشلىرىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ھازىر شەھەر ئۇيغۇرلىرىمۇ شىرەسىگە بىرمۇنچە قورۇمىنى تىزىپ قويۇپ، مەززە قىلىشىدىغان بولدى. ھەتتا تېلېۋىزورغا چىققاندىمۇ شىرەلىرىگە يەيدىغان نەرسىلەرنى تىزىپ، ئۆزلىرىنى دۆلەتمەن كۆرسىتىشىدىغان بولۇشتى. «تاماق يېدىڭمۇ» دەپ ئاشكارا بىر - بىرىمىزدىن سوراشمىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە يەيدىغان - ئىچىدىغاننى چوڭ بىلىدىغان بولۇپ كەتتۇق. بىز ھازىر بىر داستىخاننىڭ بېشىدا بەش - ئالتە سائەت ئولتۇرالايمىز، بۇ ياپون ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھەرگىز سىغمايدۇ. ئۈرۈمچىدىن قەشقەر ياكى خوتەنگە بارساق، رېستوراندا، ئىشقىلىپ تۆت تامنىڭ ئىچىدە مېھمان بولۇپ قايتىمىز. ساھىبخانا بىزنى يېمەك - ئىچمەككە قانچە زورلىيالىسا، شۇنچە مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ. ۋەتەنداشلىرىمىز يۇرتىمىزغا كەلگەندە، ئۇلارغا يۇرتىمىزنىڭ قىياپەت - ئەھۋاللىرىنى، يېزا - قىشلاقلىرىنى كۆرسىتىشىمىز، ئۇلارغا ئانا ۋەتىنىنىڭ بىر پارچىسىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. قېرىنداشلار ئارا يۇرتلىرىمىزنى، مەھەللىلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ ئاخىر بىر پۈتۈن ۋەتەن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



«ئاياللار كۆپ يەپ كېلەڭسىز سەمرىپ كېتىشىدىكەن، بۇ ھال ئىقتىسادنى بىراقلا كەينىگە سۆرۈۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن» دەپتۇ سۇگاۋارا يەنە. بەلكىم، سۇگاۋارا رېستوراندىكى ئايالالارنى كۆرگەندۇ، بۇ تەسىرات راستتىنلا شۇلارغا قارىتىلغان بولسا باشقا پىكرىم يوق. ئايالالارنىڭ كۆپ يەيدىغان بولۇپ كېتىشى بىر مىللەت ئاياللىرىدىكى لاتاپەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن، تولا گەپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى بىر مىللەت ئاياللىرىدىكى نازاكەتنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھالدا ئەرلەر ئاياللىق باياۋاندا ئۇسسۇزلۇق ئىزدەپ يۈرگەن بولىدۇ. رېستوران مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا نىمىلەرنى ئېلىپ كەلدى، بۇ فولكلور مەدەنىيەتشۇناسلىرى ئۈچۈن بىر تېپىشماق.

جون سۇگاۋارا ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى خەنزۇلارنىڭ مېھماندارچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، خەنزۇلار زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر - بىرىنى ئىزدىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجىل بۇرادەرلەردىن بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇساپە كېتىدۇ، مۇبادا بۇرادەرلەرگە ئايلىنىپ كەتسە ئاسانلىقچە تاشلىشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن بىرقانچە ئۇيغۇر تاسادىپىي بىر سەۋەب بىلەنلا ھەمداستىخان بولۇپ كېتەلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇشى ئاسان، دوست بولۇشىمۇ ئاسان، ئايرىلىشىمۇ ئاسان. سۇگاۋارا خاتا كۆزەتمەپتۇ. ئۇيغۇرلار ھېسسىياتلىق مىللەت، ئۇلار ھېسسىياتسىز ماددىي توقچىلىقتىن مەنىسىزلىك ھېس قىلىدۇ، ئۇلار «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېگەن سۆزنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ داستىخان تۈزۈشىدە كۆپ ھالدا ھەل قىلىدىغان بىرەر ئىستراتېگىيەلىك مەسىلە بولمايدۇ، بىرەر مۇرەككەپ مەقسەتمۇ يوق. پەقەت كۆڭۈللا ياكى زېرىكىشتىن قېچىش روھىي ھالىتى بار. دېمەك، بۇ سورۇندا ھېسسىيات ئامىلى قويۇق. شۇنداق ئىكەن، تېپىشقان دوستلار يەنە بىر ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىر - بىرىنى ئىزدەشمەس بولۇپ قالىدۇ ياكى باشقا

بىر ئىشنىڭ مەلىكە قىلىشى بىلەن بىر - بىرىنى ئىزدەشكە چولىسى تەگمەي قالىدۇ. بۇلارنى تاسادىپىيلىق بىلەن چۈشەندۈرسەك مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار بىر قېتىملىق سورۇن ئۈستىدە ئۇنچە مۇرەككەپ ئويلىشىپ كەتمەيدۇ. ئىشلارنى زىياپەت ئۈستىلىدە پىلانلاپ، زىياپەت ئۈستىدە پۈتكۈزىدىغان تەدبىرلەر خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئۈچۈن يەنىلا ناتونۇش. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر - بىرىگە بېرىشكەن تۇزنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ يەنىلا تۇزۇك جاھان كۆرۈپ، دۇنيادا بىر پىيالە سوغۇق سۇنى بىكارغا بېرىدىغان ئۇيغۇردىن باشقا بىر خەلقنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرمىگەنلىكتىن بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئاسمىنى كەڭ زېمىندا ياشاپ ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارغا باققاندا سانى ئاز، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىزدىششتىن تەسەللى تاپىدۇ، يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. لېكىن بۇ خىل بېقىنىشنى بىر ئەقلىي مىزان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. «جۇڭگوغا تۇنجى كەلگەن ياپون سەيياھلىرى مېھمانغا دەرھاللا قىزىقىپ كەتمەيدىغان خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن سېھىرلىنىپ كېتىدۇ» دەيدۇ سۇگاۋارا ۋە مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قارشى تەرەپكە قانچىلىك مېھماندوستلۇق كۆرسەتسە، قارشى تەرەپتىنمۇ شۇنچىلىك جاۋاب كۈتىدۇ». سۇگاۋارا بۇ خۇلاسىسىنى مۇنداق مىساللار بىلەن دەلىللەيدۇ: «ئۇنى مېھمان قىلغانلار ئارقىدىنلا ‹ئاق توشقان› ماركىلىق كەمپۇت، توقاچ، ھەتتا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان سېرىق ماي قاچىلانغان خالتىلارنى تەييارلىشىپ، ياپونىيەدىكى تۇغقانلىرىغا ئالغاچ كېتىشىنى ھاۋالە قىلىدۇ». سۇگاۋارا ئۆزىگە ساھىبخانىلىق قىلغانلارنىڭ بۇ ئىشىدىن راسا قاقشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىغانلىقىنى چۈشەنمەپتۇ. ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ ئەمەس، شۇڭا كىلولاپ خالتا بېرىشنىڭ ئېغىرىنى نۇرغۇن ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىملەر ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. ساددىلارچە بۇ قىلىقنى ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىدىغان سۇگاۋارا چۈشەنمەي قاپتۇ. «ئۇيغۇرلار مېھماندوستتەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ، گۇمانخور، ھەسەتخور، غەيۋەتخور كېلىدۇ. بىر ئۇيغۇرغا يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ گېپىنى قىلماسلىق ئاقىلانىلىكتۇر» دەپ يېزىپتۇ سۇگاۋارا. بۇنىسى راست، لېكىن ئۇ قانچىلىك ۋە قايسى خىل ئۇيغۇرلارغا ماس كېلىدۇ، ئۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنىڭ خاراكتېرىمۇ ياكى ھەممە ئۇيغۇرنىڭ خاراكتېرىمۇ؟ سۇگاۋارا ئەپەندى بۇ ھەقتە جاۋاب بەرمەپتۇ. ئىجتىمائىي ئىللەت تەبىئىي بولمايدۇ، بەلكى سۈنئىي بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇقتۇرغۇچىلىرى ۋە يۇقتۇرۇلغۇچىلىرى، باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبكارى بولىدۇ. سۇگاۋارا ئەپەندى كېيىنچە جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە جاۋاب بېرىپمۇ قالار. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «مېھماندوستلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ يوروق بىر تەرىپى بولۇپ، باشقا تەرىپىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ قويۇشىمىز زۆرۈر!» نېمىدېگەن غەلىتە ئاگاھلاندۇرۇش! سۇگاۋارا ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن قانداق چوڭ زىيانلارنى تارتقاندۇ، دەپ ئويلىغۇسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇقىدا نادانلىق تۈپەيلى سادىر قىلىنغان ھاماقەتلىك ۋە ئۆتەر جۇۋاپ كېتىشلەر بار، لېكىن بىراۋنى ئالداشتىكى ئىستراتېگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن قاقباشلىق يوق. ئەگەر ئۇلاردا ئىستراتېگىيەلىك قاقباشلىق بولغىنىدا ئىدى، ئۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خىلۋەتىدە تۇرۇپ ئەيىبلەشلەرگە قالمىغان بولاتتى. مانا ئۇلار ئاخىر مېھماندوستلۇق تۈپەيلى يەنە بىر خاتا چۈشەنچىگە ئېرىشتى.

بۇ يەردە شۇنداق بىر ھەقىقەت ئۆز ـ ئۆزىدىن ئايان: بىر مىللەتنى ئەقىل بىلەن چۈشىنىش باشقا مىللەتلەرنىڭ قولىدىنمۇ كېلىدۇ، لېكىن مۇھەببەت ۋە قەلب بىلەن چۈشىنىش پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

مەن سۇگاۋارا ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى ئەدەبىي خاتىرىسىنى كۆرۈپ،

شۇ هامانلا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئېلخەت (E-mail) يېزىپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىشىمىغا قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقىنى سورىدىم. سوگاۋارا ئەپەندى ئۆزبېكىستاندا تۇرۇپ قىسقىچە بىر جاۋاب يېزىپ، «قەيەردە ئېلان قىلىسىز؟» دەپ سوراپتۇ. مەن «‹شىنجاڭ مەدەنىيىتى› ياكى ‹تەڭرىتاغ› ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىمەن» دېگەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سوگاۋارا ئەپەندى يوقاپ كەتتى. قانچە سۈيلىسەمۇ ئىنكاس بىلدۈرمىدى. بۇنىڭدىن سوگاۋارا ئەپەندىنىڭ پەشنى قانداق قېقىشنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

جون سوگاۋارا ئەپەندىدە بىزدە يوق پەزىلەتلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۇق. بىز ئۇنىڭ بۇ خىل تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىمىز ھەم ئۇنىڭ بىزگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق كۆزىتىشلىرىدىن سۆيۈنىمىز. تەپەككۇر ئىنكاس ۋە ئىنكاسقا ئىنكاس قايتۇرۇش يوللىرى بىلەن بېيىپ بارىدۇ.

## كوئىچى ئىكارىي نېمە دەيدۇ

— كوئىچى ئىكارىينىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىنى تەكشۇرۇشىگە باھا

ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇر جامائىتى ياتلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىگە ناھايىتى قىزىقىدۇ. بۇ قىزىقىش ھېسسىيات ئامىللىرىغا شۇ قەدەر بايكى، يات بىر مىللەتنىڭ بىر مۇئەللىپى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم بىر تەرەپىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەنلىكى سەۋەبلىك كىشىلەر ئۇنىڭ پىكىر قىلىش يوللىرى ۋە مەقسىتى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈشنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. نەتىجىدە، بىزگە باھا بەرگۈچىلەر ئەسلىدىكى رېئال قىياپىتىنى يوقىتىپ، رىۋايەت تۈسىنى ئېلىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىمىز كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىغا ياپونلار قىزىقىۋاتقانمىش، ئۇلار بۇ جەھەتتىكى قايىللىقىدىن مەخسۇس كىتاب يېزىپتۇ، دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى ئۆرۈمچىدە ئاڭلىغانمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ماڭا ئۇ گەپلەرنى دېگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى ياپونىيەلىك مۇئەللىپنىڭ ئەسلىي ئەسىرىنى كۆرمىگەن ياكى ئەسەر ھەققىدە بىرەر يازما ئىنكاسىنى كۆرمىگەن. يەتكۈزەرلەرنىڭ چىرايىدا ھاياجان ۋە ئىپتىخار! ئاللىبۇرۇن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن دىنازاۋۇرلار ھەققىدە ئالىملار جىق كىتاب يېزىشتىكى، بۇ كىتابلاردىن دۇنياۋى بىر كۈتۈپخانىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن. خېلى چوڭ بىر ئېتنىك تۈركۈم سۈپىتىدە ياشاپ، 21 - ئەسىرگە ئۆلىشىپ، دۇنياغا مۇشۇكئېيىقچىلىك تونۇلالمىغان ئادەملەرنىڭ پىسخىكىسىدا دۇنياغا مەنسۇپ ئەلدىن چىققان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئېلىنىش تەقەززاسىنىڭ بولۇشىدىن تولا ئەجەبلىنىپ كەتسەمۇ بولماس. سىنىڭ چۈشىنىشىڭگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۇنيانىڭ تەسۋىرىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇرۇپ چىقساڭ، ئاندىن دۇنيادىن ئۆزۈڭنى كۆرۈش لاياقىتىگە ئېرىشىسەن. دۇنيادىكى ھەربىر ئىش ۋە ھەربىر پىكىر دولقۇنى سىنىڭ نەزىرىڭگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق. ئۇلار سىنىڭ ئالىمىڭنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا چۈشكەن يۇلتۇزلارغا ئايلانغاندىلا، ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئىسپاتلىغان بولىسەن.

چۈمۈلىلەر ھەققىدىكى بىلىمنىڭ تارىخى بار دېسەك، بۇ يەنىلا چۈمۈلىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلىگەن ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر جەريانى. بۇنىڭ پايدىسى چۈمۈلىلەرگە ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. بىز ھەققىدە كىتاب يازغانلارغا نىسبەتەنمۇ مۇشۇ تەقلىدتىكى گەپلەرنى ئېيتىش مۇمكىن.

2002 - يىلى ئۆكتەبىردە ئۇيغۇرلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازغان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلدىم. ئۇ كوئىچى ئىكارىي ئىدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ئۇمېموتو ئۇنىڭ ئەسىرىنى بېسىپ چىقىرىپ، ئۇستىلىمىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويغانىدى. ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە ماۋزۇسى:

«The Symbiotic Relationship between the Infant and the Old In Uighur»

(«ئۇيغۇرلاردا ياشانغانلار بىلەن بالىلارنىڭ دەرقەمتىلىكى»)

ئىدى. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ئىنگلىزچە، تولۇق تېكىستى

ياپونچە ئىدى. ئاپتور كوئىچى ئىكارىي ياپونىيە فوكۇئوكا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ پىروفېسسورى، شۇنداقلا نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرى ئىكەن. ئۇ بىر قىسىم ياپون ئۆسمۈرنى باشلاپ «كارۋان بۇيۇك» ــ «يىپەك يولى»نى ساياھەت قىلدۇرغان. جۈملىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئائىلە تۈزۈلمىسى، پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ناتۇرال شەكىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ـ مامات قاراشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە تەھلىل يۈرگۈزگەن.

ئەسەرنىڭ بىر قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ياپونىيەدىن ئىبارەت سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدە كۆرۈلگەن جاراھەتلەرنى تامامەن ئەنئەنىۋى شەكىلدە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان، ئاساسىي گەۋدىسى سەھرادىن ئىبارەت بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن داۋالاش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. ئاپتور ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ياشانغانلارنىڭ توپا ـ چاڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تەبىئىي ھاياتىدىن، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن خالىي ھالدىكى بىخەم روھىي ھالىتىدىن، ساددا، پەردازسىز (تۈز) گەپ ـ سۆزلىرىدىن، پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى ۋە ئەۋرىلىرى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىدىن سۆيۈنىدۇ. قانداشلىق، تۇغقاندارچىلىق، مەھەللىدارچىلىق، يۇرتدارچىلىقنى ئاساس قىلغان بىرقانچە ئەۋلاد ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ جاپالىق، نامرات سەھرا مۇھىتىدىكى روھىي كېسەللىكتىن خالىي بىخەم تۇرمۇشى ئاپتورنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان. توخۇ، كەپتەر، كالا، ئېشەك، ئات ۋە قويلارنىڭ ئاۋازى، تۇپراق ھىدى، توپىلىق يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن سەھرا مۇھىتىدىكى بۇ دېھقانلار جان باققۇدەكلا مۇلۇككە ئىگە، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمۇ ئاددىي، لېكىن ئۇلار شۇ قەدەر قانائەتچان ۋە ئىناقكى، دىنىي تۇيغۇغا باي ئادەملەردە بولىدىغان شۈكۈرچىلىك ئۇلارنى رېئال خىرىس ۋە رىقابەتتىن خالىي قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىنچلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئاپتورنىڭ بۇ خۇسۇسىتىكى تەسۋىرلىرىنى مەن ياپونىيەدە تۇرۇپ ئۇقۇغان بولغاچقا، ئۇلار ماڭا شېئىردەك تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى، مېنىڭ روھىمدا ئالدىراشچىلىق بىلەن باشقىلارغا نىسبەتەن بىپەرۋالىشىپ كەتكەن ياپون كىشىلىرى ئاتا قىلغان يالغۇزلۇق پەيدا بولغانىدى، ۋەتەن سېغىنچى ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە باش كۆتۈرگەنىدى. ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرى ۋە ئۇ يەردىكى ئادەملەر توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى ئالاھىدە زىللىشىپ تۇرغان روھىمغا تەسىر قىلغانىدى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ياپونچىسىنى ۋەتەنگە ئالغاچ كەلگەنىدىم، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى «چوڭ - كىچىكلەر بىللە ياشاش ساداسى — دادا، ئاپا، خۇشال ئۆتەيلى» بولۇپ، نەشر قىلىنغان ۋاقتى 2003 - يىلى ئاۋغۇست ئىدى. ئۇيغۇر سەھرا كۆرۈنۈشلىرىگە ئائىت فوتو سۈرەتلەر كىتابنىڭ باش تېمىسىنى ئېچىپ بېرىشتە خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تەرجىمان غەيرەت شاۋۇدۇن تەرجىمىگە خېلى ئەجىر سىڭدۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىشىدە يېتەرلىك قەلەم قۇۋۋىتىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابتا كېسەل جۈملىلەر پات - پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىمۇ تازا مۇۋاپىق بولماي قالغان. نەشرىياتچىلىقىمىزدا بىۋاسىتە تەرجىمىنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك مەزكۇر تەرجىمىدىكى سەۋەنلىكلەرگە توغرا قارىدىم. ئەسەر ئاپتورنىڭ ئەسلىي دېمەكچى بولغانلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ھەر ھالدا ئۇقتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ئەسەرنىڭ كېيىنكى نەشرىدە سەۋەنلىكنى چوقۇم تۈزىتىش لازىم. مەن تەرجىماننىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن نەقىل ئېلىشقا تېگىشلىك جۈملىلەرنى ئەينەن ئالدىم.

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بولغان مەھلىيالىق ھالىتىنى ئۇنىڭ بىر قىسىم جۈملىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«يول ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا چىپىۋاتقان ئىشەك هارۋىسىدا قىپقىزىل ياغلىق ئارتىۋالغان ياكى بولمىسا قومدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئاق ياغلىق ئورىۋالغان، بۇلاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر چوكانلىرى...»

«يېپەك يولى مەنزىرىلىرىدە ئىشەك هارۋىسى، ياشانغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا بالىلار كەم بولسا بولمايدۇ. نارەسىدە بالىلار ئويناپلا قالسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەزمەن چوڭلار بولغان بولىدۇ. كېسەك تامغا يۆلەنگەن بوۋاي ياكى موماي ئۇيان - بۇيانغا تەۋرەپمۇ قويماي، بالىغا قاراپلا تۇرىدۇ. چوڭلارنىڭ كۆزى بالىلاردىن زادى ئايرىلمايدۇ...»

«ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن، ئاق ساقاللىق بوۋايلار پەيلاسوپلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئىشەكنى قامچىلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ...»

«بالا نەدە، كۆز شۇ يەردە.»

...

يۇقىرىقى مەنزىرىلەرنى كۆرۈۋاتقان كۆز هەرگىزمۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇ مەھلىيا بولغان يېزا مەنزىرىسىگە تويۇنغان، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز ئۇ يېزىلارنىڭ باياشات هالىتى ياكى يوللىرى ئاسفالتلاشقان، قاتناشلىرى زامانىۋىلاشقان، سۇ ئىنشائاتلىرى قولايلاشقان، ئۆيلىرى يورۇق هەم پاكىز، ئەمما مەنىۋىلىكتە ئەنئەنە بىلەن ئىزچىللىقنى ساقلىغان تىپىك ئۇيغۇر يېزىلىرى. ئەكسىچە، كوئىچى ئىكارىي ئەپەندىنىڭ كۆزى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە تويۇنغان، بۇ خىل جەمئىيەتتىكى كىشىلىك غېرىبانىلىكىدىن زېرىككەن كۆز. ئۇ تىنچ، بىغەم، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بىلەن تولغان جەمئىيەتتىكى سەمىمىي كىشىلىك ئالاقىنى ئىزدەيدۇ. بۇ كۆز ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يىتمەيدۇ. ئاپتور ئۆزى ئىزدىگەن سەمىمىيلىك، قويۇق كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۆھەببەت، تەبىئىيلىك قاتارلىقلارغا يەتكۈچە ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى توققۇزى تەل ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ جىددىي روھىي هالىتى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن سىلىشتۇرغاندا، ياپونىيەدىكى ‹ئائىلە› ۋە ‹مەكتەپ›لەردە كەم بولغىنى ئىنسانىي مېھرىبانلىق ۋە يېقىنلىق» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

ئاپتورنىڭ سېلىشتۇرمىلىق مۇلاھىزىسى ياپونىيە ئوقۇرمەنلىرىدە قانداق تەسىر قوزغىدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ خەۋپىنى زورايتىپ چۈشىنىدۇ، بۇ، جەمئىيەتتىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگىمۇ بىپەرۋا قارايدىغان بىزدەك كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىنى پەيدا قىلىدۇ. ياپونىيە مېنىڭ تەسىراتىمدا قانۇنغا مۇخالىپ ئىشلار ئەڭ ئاز يۈز بېرىدىغان جەمئىيەت. تاغ تۆپىسىدىكى بىرەر پارچە خادا تاش دومىلاپ چۈشۈپ، تاشيولدا توختاپ قالغان بولسا بۇ ياپونىيە تېلېۋىزىيەلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئاخبارات بولالايدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ياپونلاردا يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئىنتايىن ئاز بولغان سەلبىي ئاقىۋەتلەرگە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىشتەك ئەستايىدىل پوزىتسىيە ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلگەنىدى. ياپونىيەدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار باشقا ئەللەردىكىدىن كۆپ، بۇنى ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. لېكىن ئۇ قېرىلاردىكى يالغۇزلۇقتىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، قېرىلارنىڭ سانى ياپونىيەدە يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، تۇرمۇشى تۇرلۇك ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. مەن تىسۇرۇگىدىكى تاللا ماگىزىنىدا ياشلارنى ئاز ئۇچراتتىم، بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپى ياشانغانلار ئىكەن. ئۇلار ماگىزىن كۆرۈپ، نەرسە ـ كېرەك ئېلىشنى ئىچ پۇشۇقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تۇرلۇك مەشغۇلات قاتارىدا چۈشىنەتتى. ئۇلاردىكى ئىچ پۇشۇقى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ قانۇن ۋە سىياسىينىڭ بىۋاستە زەربىسى تۈپەيلى پەيدا بولغان خاراموشلۇق ئەمەس ئىدى. ياشلار ئوقۇش ۋە ئىشلەش پۇرسىتى ئىزدەپ يىراقلارغا

كەتكەن، بالىلار ئانىلارنىڭ ھىمايىسىدە ئوقۇش بىلەن، قىزىلارمۇ ئىمكانقەدەر ئىشلەپ، قولىدىن كېلىشىچە ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىش بىلەن بەند. مەن كۆرگەن مىياتاكېنىڭ كوچىلىرى ھەمىشە تىمتاس، ئۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان خوتۇنلارنى، چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەن بالىلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئائىت شارائىت مەيلى مەكتەپ، مەيلى ئائىلە، مەيلى جەمئىيەتتە بولمىسۇن تولۇق. بۇ يەردە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە ئەۋلادلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك ئىستىل ئومۇملاشقان. مانا بۇ بالىلارغا بولغان مېھرىبانلىقنىڭ قانۇن ۋە تۈزۈم تەرىقىسىدە ئىشقا ئېشىشى بولۇپ، ئۇلارغا ئادىل پۇرسەت ئاتا قىلىش جەمئىيەت مېخانىزمىنىڭ تەبىئىي فۇنكسىيەسى ئىدى. كۈنچى ئىكارىي بالىلارغا بولغان مېھرىبانلىقنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ۋارىيانتىنى بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدىن تاپىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭغا كېرەك بولغىنى دەل مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز كىشىلىك دۇنياسىدىكى ساددا، خالىس مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان، ئادالەت، ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرى بىلەن تويۇنغان قانۇنىي كاپالەت ئاستىدىكى بالىلارنىڭ خاتىرجەم ھەم سۈپەتلىك تەربىيەلىنىشىدۇر. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس مېير «سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە سانائەت جەمئىيىتىدىكى يىمىرىلىشىنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچىدىن، ناخۇش ئادەملەر كۆپىيىدۇ، ئىنسان خاپىلىق ۋە ئەندىشىنىڭ ئىچىدە قالىدۇ، ئادەملەر ھەممىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ۋە خىرىس كۈچىيىپ، جەمئىيەت ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ھوقۇقلۇق گۇرۇھلار بىلەن بېسىمغا ئۇچرىغۇچى گۇرۇھلار ئۆزئارا ئۇرۇش كەيپىياتىغا كىرىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ باشلىنىشى.

www.uyghurkitap.com



مېيىنىڭ تەسۋىرى كوئېچى ئىكارىي ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلەن بىردەك چىقىدۇ. كوئېچى ئىكارىينىڭ ئۆزىمۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان ئۆسمۈر روھىي بىمارلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ روھىي يالغۇزلۇق جاراھىتىنى ياندىن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بىر بالىنىڭ تىلى ئارقىلىق «ھازىرقى ياپونىيەدە يۈرەك، كۆڭۈل بولمىسىمۇ ياشىغىلى بولىدۇ» دېگەن تېپىك ئىنكاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. توققۇزى تەل جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى بولمىش كوئېچى ئىكارىي چىن ئىنسانىي ھېسسىياتنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى بىزنىڭ سەھرالىرىمىزدىن تاپقاندەك بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بۇ خىل چىن ئىنسانىي ھېسسىيات بېكىنمە رايون پۇقرالىرىنىڭ تاشقى دۇنيادىن خەۋەرسىز قېلىشى تۈپەيلىدىن ئاستا ـ ئاستا يېتىلگەن بىغەملىكىدە ئېچىلغان نازۇك چېچەك بولۇپ، دەۋر بورانلىرىنىڭ شىددىتىدە توزۇش ئالدىدا تۇراتتى.

كوئېچى ئىكارىي ئېرىشكەن تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ بىزگە نىسبەتەن مۇنداق قىممىتىمۇ بار: بىز ئۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى تەلىم ـ تەربىيە يوسۇنلىرى ھەققىدە بەزىبىر يىپ ئۇچلىرىغا ئىگە بولىمىز. ئۇ زىيارەت قىلغان ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ ساددا كۆڭۈل ئىزھارى ۋە بايانلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ھايات، ئۆلۈم، تەبىئەت، ئىلاھ، جەمئىيەت، ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ساقىنىدىسىنى كۆرىمىز. تارىختا كۆيۈپ ۋە چىرىپ يوقالغان قىممەتلىك مىراسلارنىڭ روھى كىشىلەرنىڭ لەۋزىدە مەۋھۇم بىر شەكىلدە ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بوۋاي ـ موماي لىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان پارچە ـ پۇرات بايانلار ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقى مەسچىت ۋە مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئۆلىمالارنىڭ، مۇدەررىسلەرنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ سۇنۇق قالدۇقلىرىدۇر. بۇ تەلىماتلار ئەسلىدە دەستە ـ دەستە كىتاب شەكلىدە ئىدى، كېيىن بىز بۇ كىتابلارنى ھەر خىل سىياسىي بوران ـ چاپقۇندا يوقىتىپ قويدۇق. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇغانلارمۇ دەۋر بورانلىرى تەرىپىدىن توزۇپ كەتتى. ھازىر

ئۇنى سۆزلەپ يۈرگەن چاللار ئوقۇيالماي قالغان ياكى چالا ئوقۇغان كىشىلىرىمىزدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك ئەخلاقىي قائىدىلەرنى، قانۇنلارنى، دۇنيا ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى باشقا يەرلەردىن تەرجىمە قىلىپ ئەكىرىۋاتىمىز، بۇ ھەقتە ئۆزىمىزدىكى تەييار نەرسىلەرگە سەل قاراپ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىمىز. بۇ، مەنىۋى كورلۇق ۋە ئىجتىمائىي گاسلىقتىن كېلىپ چىققان مەنىۋى تىلەمچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەرجىمە ئارقىلىق ئەكىرىلگەن نەرسىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنىۋىيىتىمىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئەلپازدا قۇرۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە، بىز ئەجدادلىرىمىزنى تونۇمايدىغان، بەلكى ئىنكار قىلىدىغان، يىلتىزىنىڭ تايىنى يوق، شامال ئۇچۇرغان قامغاقلارغا ئوخشاپ قالىمىز. ئەسلىدە بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى بىلىملىك ئادەملىرىمىز قەدىمىي شەھەرلىرىمىزنى، يېزا - قىشلاقلىرىمىزنى، يايلاقلىرىمىزنى، تاغلىرىمىزنى خۇددى كوئىچى ئىكارىي ئەپەندىدەك بىرمۇبىر ئارىلاپ، ئاددىي كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شەكىلسىز ھالدا چېچىلىپ ياتقان پەلسەپە قاراشلىرىمىزنى مىسقاللاپ يىغىپ، ئۇلارنى ئىلمىي چېتىپ، دەستۇر شەكلىگە كەلتۈرسە ئوبدان بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تەرجىمە ئاساسىدىكى كونسېپكىنىڭ مەھكۇملىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئەخلاقىي، قانۇنىي، پەلسەپىۋى دەستۇرلىرىمىز ئاددىي خەلقلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە بولۇپ، كوئىچى ئىكارىي ئەنە شۇ دەريادىن بىرقانچە ئۇنچىنى سۈزۈپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، خەلقىمىزنىڭ ئائىلە تەربىيە ئۇسۇللىرىدا دەل ئەنە شۇ خىل شەكىلسىز چۈشەنچىلەر رول ئويناپ كەلدى. ئەگەر بىز خەلقىمىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ زامانىۋى مائارىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتساق، بىزدىكى پەرزەنت تەربىيەسى كىلاسسىك شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئىستىخىيەلەشكەن روھىنى ئاساس قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. ئانام چالا ساۋات ئايال بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەھمەد يەسەۋى ياكى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ جەۋھەر شېئىرلىرىدىن بىرقانچە كۇپلېت يادلاپ بېرەلەيتتى. ماڭا خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە ئۆزى بىلگەن بېيىتلەر ئارقىلىق تەربىيە بېرەتتى. مەھەللىمىزدىكى ئاقساقاللار ئەپلاتون، جالالىددىن رۇمىي، شەيخ سەئدى ئەقلىيىلىرى بىلەن نەسىھەت قىلاتتى. مەن ئەنە شۇ خىل تەربىيە داۋامىدا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ۋە قەدىرلەش، ئىنسانىنى سۆيۈشتەك ئىنسانپەرۋەر ئەقىدىلەرنى ئۆزلەشتۈردۈم.

كوئىچى ئىكارىينىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بىزدەك تەرجىمىگە، كۆتۈپخانىدىكى كىتابلارغا تايىنىپ تەتقىقات قىلىپ، بولدى قىلىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن بىر تەنقىد. ئۇ ئۇيغۇرلار پەرزەنت تەربىيەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئۆزى زىيارەت قىلغان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەردىنمۇ بايقايدۇ. يۇز ياشلىق ئىمىن ئاخۇن ئاكىدىن سالامەتلىكىنىڭ سىرى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ ئۆزى ئەمەل قىلىپ كەلگەن 13 تۈرلۈك ئەقىدىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بىر قىسمى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە، بىر قىسمى ئىبن سىنانىڭ تېببىي كىتابلىرىدا ۋە «قابۇسنامە» دە ئۇچرايدۇ. گەرچە ئۇ بىر ئاددىي كىشىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزى بولسىمۇ، مول ھەم كەڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگىدۇر. «باللارنىڭ گۇناھىغا قارىتا جازا بېرىش سالاھىيىتى ئاتا - ئانىسى، چوڭ ئانىسى، چوڭ دادىسىدا بولمايدۇ، بۇنداق سالاھىيەت پەقەت ئاللادىلا بولىدۇ». كوئىچى ئىكارىي ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارنىڭ سەۋەنلىكىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى ئەنە شۇنداق يىغىنچاقلايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى يېرىم ئەسىر مابەينىدە يېگىچە بىر تۈزۈمگە مەنسۇپ بولدى ھەم ئۆزگىچە بىر تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىرىلدى. بۇ جەرياندا ھودۇققانلار، قايمۇققانلار، قارشى چىققانلار، قارشى ئالغانلار بولدى. يېڭى تارىخ ئۆزىنىڭ شاللاش جەھەتتىكى شىددىتى بىلەن

زامانغا باقمىغان ئادەملەرنى تارمار قىلدى. يىللار بۇرۇنقى ئەنئەنىلەردىن روشەن دەرىجىدە يىراقلاشقان، يېڭىچە ھاكىمىيەت ئەندىزىسىگە مايىللاشقان ئادەملەرنى ھاكىم قىلدى. يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يېڭى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە خاس سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆلچەملەرگە ئىگە ئىدى. كىشىلەر ياشاش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشىشتە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ ئۆلچەملەر ئاساسىدا ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى ئىسلاھ قىلدى ياكى ئۆزلىرىنى تەربىيەلىدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى مەدەنىيەت ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرگەن يۈزلىنىش بويىچە قىسمەن پارچىلىنىشقا باشلىدى؛ ياشلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىن يىراق شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرىپ، ئۆيلىرىدىن ئايرىلدى؛ بىر جەنۇبلۇق يىگىت شىماللىق بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلدى؛ نەتىجىدە، جەمەت ھالقىلىرى بۇرۇنقى مۇستەھكەم ھالەتتىن تەدرىجىي بوشاشقا باشلىدى. خوتەننىڭ يىراق بىر يېزىسىدىن چىققان بىر ياش ئۇرۇمچىدەك بىر ئاۋات شەھەرنىڭ شالغۇت مۇھىتىدا ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئۇيغۇن دۇنيا قاراشتا بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى جەمەت ۋە يۇرت سالاھىيىتى سۇسلاشقا باشلىدى. دېمەك، ياشلار پۇرسەت ئىزدەپ يېڭى بەرپا بولغان، يېڭى گۈللەنگەن شەھەرلەرگە قاراپ ئاقىدىغان بولدى. ئاخىر چوڭ جەمەت چەمبىرىكىدىن ئاجراپ چىققان كىچىك ئائىلىلەر شەھەرلەردە كۆپەيدى. بۇ كىچىك ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ چوڭ جەمەتلىرى بىلەن يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم ياكى بىرقانچە يىلدا بىر قېتىم ئالاقە قىلىشى مۇمكىن. دېمەك ئۇلار ساپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن نىسپىي مەنىدە يىراقلاشتى. زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى، ئىش تەقسىماتى تەلەپلىرى كىچىك بازارلاردىكى ئۇيغۇرلارنى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشكەن كادىرلارنى ھۆكۈمەت نىزاملىرىغا مايىل ھالدا پۇرسەت ئىزدەيدىغان قىلدى. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان پەرزەنتلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەھەرلەشكەن ئۇيغۇر كىچىك ئائىلىلىرى پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىسى ئىچىدە تاپقان بىر ياكى ئىككى بالىسىنى ئۆزى مۇستەقىل تەربىيەلىيەلمەي، كۆپ مىللەتلىك بالىلار باغچىسىغا بېرىشىدىغان بولدى. چۈنكى ياش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەر ئىككىسى خىزمەتتە. ئانىلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالا تەربىيەلىشىدەك ئەنئەنە بىر تەرەپتىن ئۇ تۈزۈلمىنىڭ كاپالىتىگە ئىگە ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ كەتتى. ياش ئاتا ـ ئانىلار ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنى يوق ھېسابتا چۈشىنىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەنئەنىنى بىلىشنىڭ مائاش بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئۇلار بىر ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ۋە سالاھىيەتنىڭ يوشۇرۇن زور قىممىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى. بالىلىرىغا چىنتۆمۈر باتۇر، نوزۇگۇم، سادىر پالۋان ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغان بۇرۇنقى ئانىلارنىڭ ئورنىنى خەنزۇ تىلىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ئوخشاشلا چالا سۆزلەيدىغان بىر تۈركۈم ياش ئاتا ـ ئانا ئىگىلىدى. كوئىچى ئىكارىينى مەپتۇن قىلغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ بىر تەقدىردە دەرقەمتە ياشىشى، قويۇق قېرىنداشلىق مۇھىتىدىكى بالىلارنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەتكە قېنىپ چوڭ بولۇشى خىرەلىشىۋاتقان كەچكى شەپەقتەك بىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، كوئىچى ئىكارىي ۋە بىزنى شەيدا قىلىدىغان مېھرى ئىسسىق ئائىلىلەر يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا يەنىلا كۆپ تېپىلىدۇ، ئەمما بۇنداق ھالەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىشىغا بىرنېمە دېمەك تەس. بىر تەرەپتىن، بىز ئاشۇنداق ئىللىقلىقنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىنى خالايمىز، تەبىئىيكى، بۇ سۈپەت سەكرىشىگە ئىگە مەۋجۇتلۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يېزىلاردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىمسىزلىك جاڭگىلىدىن چىقىپ، دۇنيادىكى خىلمۇخىل مەدەنىيەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ زىددىيەتنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشتا ئاكتىئال مۇتەپەككۇرلۇق كېرەك بولىدۇ. دەۋرنىڭ ئۇشتۇمتۇت رىقابەتلىرىگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان خەلق

ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىيالماي، ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىدۇ. يەر شارىلىشىش دولقۇنى ئالدىدا بۇنداق خەلقنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە راھەتلىك تۇيۇلمىسا كېرەك. ئىككى يىل بۇرۇن سوغۇرتا پۇلىغا ئېرىشىمەن دەپ ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا چاشقان دورىسى بېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان دېھقانلار ئۇيغۇرلاردىنمۇ چىقتى. بۇ خىل ئەھلىيەت كوئىچى ئىكارىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رېئال تەسۋىرگە نىسبەتەن قاپقارا بىر قىستۇرما. بۇ قىستۇرمىدا نۇرغۇن خەۋپلىك كېسەللىكنىڭ بېشارەتلىرى بار.

## كاۋاساكى سائورى

– بىر ياپون ئايال ھەققىدە

مەن ياپونىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوستلىرىم مەندىن «ياپونىيە ئاياللىرى قانداق ئىكەن؟» دەپ سوراشتى. بۇ سوئالدا چاقچاق، ھەييارلىق، قىزىقىش، ئىنتىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، ھەتتا ئازراق خوتۇنپۇرۇشلۇقنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. جاھاننى تۈزۈك كۆرمىگەن ۋە چۈشەنمىگەن ئەلنىڭ ئەركەكلىرى يېمەك - ئىچمەك لەززىتىدىن ئىلھاملانغان ھالدا خوتۇن - قىزلار توغرىسىدا پاراڭلارغا ئامراق كېلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھاياسىز لەتىپە، چاقچاقلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ دېتىنى ئالىدۇ، بۇ جەھەتتە ھەرقانچە تۈتۈرۈقسىز گەپلەرمۇ ئۇلارغا مەززىسىز بىلىنمەيدۇ. غىزا، شاراب ۋە خوتۇن... مانا بۇلار بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشرەت لۇغىتىدىكى ئاساسلىق سۆزلەر، بۇ ئۈچ ھالقا بىر - بىرى ئۈچۈن ۋاستە، بىر - بىرى ئۈچۈن مەقسەت.

دوستلىرىم يەنە «ياپونىيە ئاياللىرى ئەرلىرىگە شۇنداق سادىقمىكەن، ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا بىلىدە ياستۇقى بار كىيىمنى كىيىشىپ، مۇلايىم ھالدا تۇرۇشامدىكەن؟» دەپ سوراشتى، بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەتتا «ياپون ئاياللىرى بىلەن ئارىلىشىپ باقتىڭمۇ؟» دەپمۇ سوراشتى. بۇ سوئاللاردا مۇقەددەس ئەرلىك قارىشى ۋە شەھۋانىيەت تەڭ ئەكس ئېتەتتى.

ۋۇجۇدى ساغلام بىر ئەر ئاياللارغا قىزىقماي قالمايدۇ، ئەرلەر دەل مۇشۇنداق قىزىقىشىنىڭ قايىنىمىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك دۇنياسىنى بايقايدۇ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. لېكىن توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەنمىگەن ھېرىسمەنلىك ئەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، ئۇنى ھايۋانىي خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەربىر ئەر ئاياللارغا بولغان قىزىقىشتىن ئۆزىنىڭ ساپاسى ۋە ھاۋاسىغا يارىشا ئوخشىمىغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

ياپونىيەدە تۇرغان مەزگىلىمدە ياپونىيە ئاياللىرىغا قىزىقماي تۇرالمىدىم. ئەنئەنە ۋە ئەخلاقتا ناھايىتى ئېتىبار بېرىدىغان بۇ شەرق مىللىتىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، ئاياللىرىنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسى ۋە رولى، ئاياللىرىدىكى روھ ۋە ئىنتىلىشلەر، مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك بابىدىكى ئالامەتلىرىنى بىلىشكە شۇنچە تەقەززا بولساممۇ، تىل ۋە تۇرمۇش شارائىتىمدىكى چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلى ئۇلارنى يۈزەكى كۆزىتىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە پاكىزلىقىنى ھەقىقەتەن ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇلار ئەرلىرىگە باققاندا تەشەببۇسكار ۋە مېھىرلىك كۆرۈندى. خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئالدىراشچىلىقىدا ھالسىراپ كەتكەن ئەرلەرنىڭ چېھرىدىن تۇزۇكرەك بىر كۈلكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئادەمگە چاقچاق قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغاندەك، باشقىلارنىڭ چاقچىقىنىمۇ چۈشەنمەيدىغاندەك ئىدى. لېكىن ئاياللىرى شۇنداق يېقىشلىق. ياپون قىزلىرى چىراي جەھەتتىن ئۇيغۇر قىزلىرىدەك چىرايلىق ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ قىزلىق لاتاپىتى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن. ئۇلار ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، خاراكتېر ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەللىكى بىلەن مۇئەييەن ساپانى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ ساپادىن كەلگەن سۆز ۋە قىلىق گۈزەللىكى ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

بۈگۈنكى ياپون ياشلىرىنىڭ ئائىلە ۋە ئەخلاق قارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ياشانغانلار بۇنداق ئۆزگىرىشلەردىن رازى ئەمەس. چوڭلار ياشلارنى بەك راھەتپەرەس بولۇپ كەتتى، ئەجدادىمىزدىن قالغان يوسۇنلارنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلىشىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، ھازىرقى كۆپ ساندىكى نىكاھ قىزلارنىڭ نىكاھسىز ھالدا ئىككىقات بولۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن، چۈنكى ئۇ يەردە قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئىنتايىن ئېغىر ئېلىنىدىكەن. روشەنكى، ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىمۇ، ئۆگەنمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ جەھەتتە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىمىزنى ئۆلچەم قىلىمىز، ئېتىقادسىزلىقتا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئۆگىنىش ئىنسانىنى مەھكۇملۇققا دۇچار قىلىدۇ. بىزنىڭ يۈكسەك سانائىتىمىز، گۈللەنگەن ئىقتىسادىمىز، خەلقئارا بىردەك تونۇيدىغان ئوبرازىمىز يوق. بۇنداق شارائىتتا ئېتىقاد، ئەخلاق، مەنىۋىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى تۈۋرۈكلۈك رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. تەقۋا كەمبەغەل پاسىق بايدىن ئاجىز ئەمەس.

ئاياللىم ياپونىيەدە مەندىن ئۇزاق تۇردى، بۇ جەرياندا ئۇ بىر قىسىم ياپون ئاياللارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن ئارىلاشتى. ياپون ئاياللىرى ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ماڭا قارىغاندا بەكرەك لاياقەتلىك. ئەمدىكى بايانىنى جەملەدىن ئاڭلىساق توغرا بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم. تۆۋەندىكى بايانلار جەملەنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ، پېقىر ئەينەنلىكىگە ھۆرمەت قىلدىم:

«مەن توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىللىق ئوقۇشۇمنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوكورىكو ئىلغار پەن - تېخنىكا ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كومپيۇتېر بويىچە ماگىستىرلىقتا ئىمتىھان بېرىپ، لاياقەتلىك بولدۇم. بۇ مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىمدە مۇنداق سەۋەبلەر بار ئىدى:

1. ئۇ دۆلەت قارىمىقىدىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇش پۇلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەرزان ئىدى؛

2. ئۇ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېت بولغانلىقى ئۈچۈن ماگىستىرلىقتا كىرەلىشىمىدىكى ئېھتىماللىق چوڭ بولاتتى؛

3. ئۇ مەكتەپ ئۆزىنى ئامېرىكا ئالىي مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە ئوقۇتىمىز دەپ تەشۋىق قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئەندىزىنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى؛

4. مەكتەپنىڭ جايلاشقان ئورنى چەترەك رايون بولغاچقا، ئۇ يەردە تىنچ ھەم تېجەشلىك ياشىغىلى بولاتتى.

5. مەكتەپنىڭ ياتاق شارائىتى ياخشى بولۇپ، قىممەت باھالىق ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى.

مارتنىڭ ئاخىرقى كۈنى كېچىلىك ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كانازاۋاغا قاراپ ماڭدىم. سەھەردىلا كانازاۋاغا چۈشۈپ، توك پويىزغا ئالماشتىم - دە، مەكتەپكە يول ئالدىم. پويىز ياپيېشىل ئېتىزلارنىڭ باغرىدا ئۈچقاندەك كېتىپ باراتتى. يىراقتىكى تاغ چوققىسىدا ئىمارەتلەر چوقچىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇ خۇددى كىنولاردىكى يەككە - يېگانە ئالۋاستى قەلئەسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. كىشىلەر ئۆيقۇسىدىن كۆزىنى ئاچالمايدىغان قاق سەھەردىمۇ بىنالارنىڭ چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەجەبلەندىم.

بۇگۈن يەكشەنبە ئىدى. پويىزنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدە چۈشۈپ بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئاپتوبۇسى يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە كەلدىم. بۇ مەن بۇرۇن كۆرگەن مەكتەپلەرگە تامامەن ئوخشىمايتتى: دەرۋازا يوق، قورۇق تېمىمۇ يوق، ۋىۋىسكىمۇ يوق، پەقەت يول بويىدا مەكتەپنىڭ ئىسمى ئويۇلغان قورام تاش تۇراتتى. بىنالار ئېگىز - پەس تاغ قاپتاللىرىغا ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىز بىنالار يوق بۇ ئەتراپتا باشقىچە ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. بىنالارنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن ھەربىر تۈپ دەرەخكە ئۇنىڭ نامى كىچىك بىر تاختىغا يېزىلىپ، ئېسىپ قويۇلغانىدى.

ئالىمبۇرۇن بەلگىلەنگەن ياتاققا ئورۇنلاشتىم. باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا خېلى سەرەمجانلىشىپ قالدىم. بۇ مەكتەپتىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان چاڭچۈندىكى ساۋاقدىشىم غەيرەت ماڭا بىر ياپون قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى.

كۆرۈشىدىغان ۋاقىت يەكشەنبە چۈشتىن كېيىنگە توغرىلاندى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن جايغا كەلسەم، غەيرەت بىر ياپون قىز بىلەن مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. قىز ئاق كوپتىسىنىڭ تېشىغا ھاۋا رەڭ ئالدى ئوچۇق مايكا، ئاستى تەرىپىگە پادىچى رەختىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن يوپكا، پۇتىغا كۆك رەڭلىك ئىسپورت ئايىغى كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى ئاپپاق بولۇپ، كىچىك كۆزلىرى كۈلسىلا يوقاپ كېتەتتى. گەپنى پەس ئاۋازدا ئەركىلەپ تۇرۇپ قىلاتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ يېشىغا ئانچە ماس كەلمىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى كاۋاساكى سائورى بولۇپ، ئۇ 30 ياشلاردىن ئاشقان ناھايىتى تېتىك قىز ئىدى. ئۈچىمىز كاۋاساكىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ Plant3 ناملىق چوڭ بىر تاللا ماگىزىنىغا باردۇق. كاۋاساكى ماڭا ماگىزىننىڭ ھەربىر بۆلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ماگىزىندىن تۇرمۇش بۇيۇمىنىڭ ھەرقانداقىنى تاپقىلى بولاتتى. بىز بىر ھەپتىلىك لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن مەكتەپكە قايتتۇق. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنىڭ پىكاپىنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدىم. ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ماگىزىنغا باراتتى. ئۇ تەبىئىي رەۋىشتە مېنى چاقىرىۋالىدىغان بولدى. بەزىدە بىزگە بىرمىللىق ۋە ۋېيېتناملىق بىر - ئىككى قىز ھەمراھ بولاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ مېنى چاقىرىۋېلىشىنى خالايتتىم، بۇنداق بولغاندا، كۆپ ماگىزىن، كۆپ رەستە ۋە كۆپ ئادەم بىلەن تونۇشۇۋالاتتىم. ئاستا - ئاستا ئۇنى چۈشىنىپ قالدىم. ئۇ قىز ئىنتايىن رومانتىك ئىدى. ئۇ بۇرۇن توكيودىكى چوڭ بىر شىركەتتە ئىشلىگەن بولۇپ، مائاشى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن. ئۇ ئاشۇ مائاشىغا تايىنىپ ئافرىقىنىڭ نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com



جايىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئەنە شۇنداق غەمسىز، شوخ ياشاۋاتقان بۇ قىز يېرىم يىللىق دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قىلىش بىلەن ھاياتىدا بىر بۇرۇلۇش پەيدا قىپتۇ. يېرىم يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس ـ تە. ئۇ بۇ ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا كۆپ ئويلاپ، ماگىستىرلىققا ئىمتىھان بېرىپ باقايچۇ دېگەن قارارغا كەپتۇ. ئۇ مۇشۇ يېرىم يىلدا دەرس ئاڭلاش لاياقەتلىك نومۇرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، تەتقىقاتنى ئىشلىگەچ قىلماقچى بولغانىكەن. ئۇ مەكتەپ تاللىغاندىمۇ باشقا مەكتەپلەرگە ئوخشىمايدىغان مۇشۇ مەكتەپنى تاللىغانىكەن. نەدىن بىلسۇن، ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ئەكسىچە مۇشەققەتلىك ئىش بولۇپ چىقىپتۇ. ئاخىر ئۇ ئىشتىن توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاۋازى نازۇك، ئىرادىسى چىڭ كاۋاساكى ماگىستىرلىقنى باشقىلاردىن يېرىم يىل بۇرۇن تاماملاپ، يەنە مۇشۇ مەكتەپكە دوكتورلۇقتا ئوقۇشقا كىرىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندا، ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئىكەن. خالىغىنىنى قىلالايدىغان بۇ رومانتىك قىز بىردىنلا نامرات ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ، ئوقۇش ئامانەت قەرزىگە تايىنىپ ياشايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ دۇنيانى ئايلانغۇدەك پۇلى ۋە ۋاقتى بولمىسىمۇ، مەنىلىك ياشاشنى ئۈنتۈپ كەتمىگەنىدى. ئاددىيلىقتىمۇ كۆڭۈللۈك، گۈزەل ھاياتنىڭ بولىدىغانلىقى كاۋاساكىنىڭ ئەمەلىيىتىدىنمۇ مەلۇم ئىدى. كاۋاساكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى پۇزۇر كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاددىي كىيىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ سېتىۋالغان كىيىملىرىنىڭ باھاسىنى پەخىرلەنگەندەك تەلەپپۇزدا مەلۇم قىلاتتى.

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ يوپكا نەچچە پۇل؟

— 300 يېن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئۆزى.

— بۇ پوپايكا نەچچە پۇل؟ 500 يېن.

— بۇ كۆڭلەك پەقەت 180 يېن.

— مەن بەكلا پۇشايمان قىلىمەن، بۇرۇن كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈن

جىق پۇلۇمنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن، ئەمەلىيەتتە ئاددىي كىيىملەر بىلەنمۇ چىرايلىق، راھەت يۈرگىلى بولىدىكەن. پۇلنى باشقا ئىشلارغا خەجلەش كېرەك ئىكەن، — دەيتتى ئۇ پات - پات ئۆزىدىن رازى بولغان ھالدا.

كاۋاساكى ئۆزىگە يارىشىدىغان كىيىملەرنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى. مەن توكيونىڭ شىنجۇكۇ ۋە شىبۇيا دېگەن جايلىرىدىن باشقا جايلاردا بەدەنلىرى يېرىم - يارتا ئېچىلىپ قالغان ھالدا كىيىنىشكەن قىز - ئاياللارنى ئۇچراتمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ياپونىيەدە قايسى خىل ئادەمنىڭ قانداق كىيىنىشى ناھايىتى ئېنىق: ئوتتۇز ياشلاردىكى ئايال ھەرگىزمۇ يىگىرمە ياشلاردىكى قىزلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالمايدۇ، ئەللىك ياشلاردىكى ئايال ئاتمىش ياشلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالمايدۇ، دۇرۇس ئاياللار ھەرگىز پاھىشە سىياقىدا كىيىنىۋالمايدۇ. شۇڭا، ياپونىيەدە كىيىم - كېچەككە ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ قۇرامى، كەسپى ۋە سالاھىيىتىنى بىلىش تەس ئەمەس.

كاۋاساكىنىڭ تېرىسى ناھايىتى سۇزۇك ئىدى، ئۇ ئۆزىمۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ھالدا تېرىسىنى ئاسرايتتى، ئۆزىنى ئاپتاپتىن قاچۇراتتى. ئۇ سىرتقا پىكاپ بىلەن چىققاندىمۇ بەدىنىگە كۆيۈشتىن ساقلاش مېيى سۈرۈۋالاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى سۈرتۈپ كەتمەيتتى، ئەتىرمۇ ئىشلەتمەيتتى (ياپونىيەدە ئۆتكۈر پۇراقلىق ئەتىر ۋە قېنىق گىرىم دۇرۇس بولمىغان ئاياللاردىن بېشارەت بېرەتتى). دۇرۇس ئاياللار ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ‹خۇش پۇراق تەركىبى يوق› بويۇملارنى تاللايدۇ. ياپونلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت گۈل بىلەن تاماقنىڭ پۇرىقىلا ياخشى، قالغان نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى ئۇنداق ئەمەس.

ياپونىيە كىشىلىرى سېمىزلىكتىن قورقىدۇ. ‹ئورۇقلاش› گويا ياپون كىشىلىرىنىڭ ئېتىقاد شوئارىدەك بىلىنەتتى. كاۋاساكىنى سېمىز دېگىلى بولمىسىمۇ، تولغان قىز دېگىلى بولاتتى، شۇڭا ئۇ سەمرىپ كېتىشتىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى، ھەتتا ئەنسىرىگىنىدىن تاماق يېمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ ئالما بىلەن كۈن

ئۆتكۈزەتتى، كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش ـ ئالتە دانە ئالما يەپلا بولدى قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى يەشىك ئەتراپىدا ئالما يەيتتى. ئۇنىڭ بىر كۈندە يەيدىغان ئاش ـ تامىقى بىر ۋاقلىق تاماقنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېسۇن دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزىدىن چىققان كۆكتات ۋە گۈرۈچلەرنى ئاتايىتەن ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغانلىق ھەققىدە تېلېفون بېرىپ قوياتتى، باشقا چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ياكى ئۇلاردىن تېلېفوندا ھال سوراشتەك ئىشلارغا چولىسى تەگمەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى ئۆزى يەپ بولالمىغاچقا، بىزدەك مۇساپىرلارغا بېرىۋېتەتتى. كاۋاساكى بارلىق ياپونلاردەك پۇراقتا ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئېزىپ ـ تېزىپ سامساق، پىياز، كۈدە قاتارلىق نەرسىلەرنى يەپ سالمايتتى. ئۇ بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن زىيادە ۋاقىت سەرپ قىلىشنى قەتئىي خالىمايتتى، ئۇنىڭ ياتىقىغىمۇ گاز ئۇلاش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەنىدى. ئۇ تاسادىپىي ھالدا گاز لازىم بولۇپ قالسا دەپ، ماگىزىنلاردىن تەييار قۇتىلىق گازلارنى ئەكېلىپ قوياتتى. گاز قۇتىلىرىنىڭ چوڭلۇقى كولا قۇتىسىچىلىك كېلەتتى. ئۇ كەچقۇرۇنلىرى ماگىزىن تاقىلىش ئالدىدا بېرىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك تاماقنى ئەكېلىۋالاتتى. كەچقۇرۇنلىرى تاماقلارنىڭ باھاسى ئەرزان بولاتتى.

كىتاب ئوقۇش ياپونلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئىش. كىتاب مەن پىششىق بىلىدىغان كاۋاساكىنىڭ مۇھىم روھىي ئوزۇقى ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى ئۇنىڭ كەسپى بولمىش سانلىق مەلۇمات بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، ئۇ يەنە شېئىر ئوقۇيتتى، يېڭى چىققان ئەدەبىي كىتابلار ئۇنىڭ نەزىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ئايدا چىقىدىغان 3000 خىل ئەدەبىي كىتابنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئاساسىي ئېقىمىنى چوقۇم بىلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى

بىلىمنى بىزدىكى بىر ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭكىدىن مول دېسەم، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئۇ ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىنى كونا كىتابلار دۇكىنىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يېڭىلىرىنى ئالاتتى. مەن بولسام ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقىشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ تەستە چىقاتتىم. بىز ھەپتىدە يېرىم كۈن بىللە بولاتتۇق. بىز كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەققىدە سۆزلەشكەندىن باشقا، ھەرقانداق ئايال ئويلاشتىن خالىي بولالمايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختىلاتتۇق. ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى ھەققىدە شۇنچە سورىغۇم بولسىمۇ، بىئەپلىك ھېس قىلىپ سورىيالمايتتىم. ياپونلار باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئىچ سىرىنى ئېيتىپمۇ يۈرمەيدۇ، بۇ جەھەتتە ياپونلارنى پەۋقۇلئاددە ئىچى پىششىق خەلق دېيىشكە بولىدۇ. ياپونلارنىڭ بۇ خاراكتېرى بىزنىڭ باشقىلارغا داستىخان سېلىپ ئىچ سىرىمىزنى تۆكۈپ، قەلبىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ھاماقەتلىكىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. كاۋاساكىنىڭ تېخىچە توي قىلمىغانلىقىنى بىلىمەن، مېنىڭچە بولغاندا، كاۋاساكى بۇ يېشىدا بىر - ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولسا نورمال بولاتتى. بۇ ھەقتىكى ئويۇمنى ئۇنىڭغا دېگىنىمدە، ئۇ نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى بىر قاتار ئاۋارىچىلىكنى پاكىت قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىدا ئۇنداق ئاۋارىچىلىكنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئەركىن، بىمالال، تىزگىنسىز ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. قېرىغىنىڭىزدا سىزگە كىم قارايدۇ، دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ ئىككىلەنمەيلا قېرىلار ساناتورىيەسىگە كىرىمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ماگىزىنلاردىن نەرسە سېتىۋېلىۋاتقان دومچەك بوۋاي، مومايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بولماسلىقى ناتايىن، قاراڭ، ئۇلار يەنىلا يالغۇز يۈرۈپتۇ، دەيتتى. بەلكىم مېنىڭ ياپون تىلىدىكى ئىپادىلەش كۈچۈم ئاجىزدۇ ياكى مۇنازىرە ئىقتىدارىم تۆۋەندۇ، ئىشقىلىپ مەن ئۇنى

نىكاھنىڭ ئەۋزەللىكىگە قايىل قىلالمىدىم، مەن پەقەت شۇنىلا دېيەلىدىم: «سىز تېخى سىزنى كۆيدۈرەلەيدىغان ئادەمنى تاپالماپسىز، شۇڭا نىكاھنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدىڭىز. كۈنلەرنىڭ بىركۈنى شۇ ئادەمنى تېپىپ قالسىڭىز، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىنىڭ مۇقەددەس بولىدىغانلىقىنى بايقاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.»

ئاياللارمۇ ئەرسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئاياللىق لاتاپىتىنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ. مېنىڭچە، كاۋاساكى ئەرلەرنى ياقتۇرمايدىغان قىزلاردىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئەرلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشى مەن ئۈچۈن تامامەن نامەلۇم بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئەخلاقىي باھا بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئارىسىدىكى كاۋاساكىنى بىر ئەزىمەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ لابوراتورىيەدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇراتتى، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەنجۇمەن (ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى)لىرىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتى. ئۇ تەۋە لابوراتورىيەدە ئۇنىڭدىن باشقا ئايال كىشى يوق بولۇپ، يېشىمۇ، ئوقۇش دەرىجىسىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن چوڭ ئىدى. شۇڭا، لابوراتورىيەدىكى يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۆتىۋەرنىڭ گېپىنى ھەرگىز يەرمايتتى. ئوقۇغۇچىلار لابوراتورىيەنىڭ ئۆزىدىلا تاماق ئېتىپ يېيىشەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ بىر نوپۇزلۇق قوماندان ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ مېھمىنى ئىدىم.

مەن كاۋاساكى ئارقىلىق باشقا ياپون ئاياللىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇم. ئۇ ئاياللار چەت ئەللىكلەرگە ياپون تىلى ئۆگىتىدىغان پىدائىيلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزغىن، روھلۇق ئوتتۇرا ياش ئاياللار ۋە بالىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ياش ئانىلارمۇ بار ئىدى. بەزىدە ئۆگەنگۈچى ئۆگەتكۈچىدىن ئاز بولۇپ قالاتتى. ياش ئانىلار يېنىدىكى بالىلىرىنى پەپىلىگەچ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ياپون تىلى ئۆگىتەتتى، ياپونلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى



www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇراتتى. ياپونىيەدە بۇنداق پىدائىيلىق ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەر بۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە كۈچ قوشاتتى. ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق.

دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئاياللارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەقەت ئىشنىڭ سالمىقى ۋە ئۇسۇلىدا پەرقلەر مەۋجۇت. ياپونىيە ئاياللىرىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئوخشاشلا ئۆي ئىشى قىلىدۇ ۋە بالا باقىدۇ، شۇنداقلا بالا تەربىيەلەشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما ياپون ئانىلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى ساپاسى ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن. ياپونىيەدە شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ئولتۇراق ئاھالىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە مۇھىتىنىڭ ساپلىقىدىلا كۆرۈلىدۇ. شەھەرلەردە ئاز - تولا بۇلغىنىشلارنى كۆرگىلى بولسىمۇ، يېزىلار ئاجايىپ پاكىز ۋە ئازادە ئىدى. ئادەملىرىنىڭ ساپاسى جەھەتتىكى شەھەر - يېزا پەرقىنى بەلكىم ياپونلارنىڭ ئۆزى بايقايدىغاندۇ، لېكىن مەن بايقىيالمىدىم. مەن كۆرگەن شەھەر ئاياللىرى بىلەن يېزا ئاياللىرى كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆز جەھەتتە ئوخشاش ئىدى. بىر دېھقاننىڭ ۋەزىيەت ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، چەت ئەللەر ھەققىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرى بەجايىكى بىر پىروفېسسورنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. چەت تىللاردىن كىرگەن يېڭى بىر ئىبارە دېھقانلارنىڭ پارىڭىدىمۇ ئۇچرايتتى. بۇ يەردىكى پەرق، مېنىڭ بىلىشىمچە شۇكى، بىرى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؛ بىرى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

تاتسۇنوكۇچىدىكى يېزا ئاياللىرى شەھەردىكى ئاياللارغا ئوخشاشلا ياشلىقىدا زىلۋا، نازۇك، ئەركىن بولۇپ، ئىختىيارىي ياشايتتى. ئۇلار ئەرلەر ئۈچۈن خوتۇنغا، بالىلار ئۈچۈن ئانىغا ئايلانغاندا، ئۆزلىرىنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە ۋاپادارلىقىنى نامايان قىلاتتى، بارلىقىنى ئەرلىرى ۋە بالىلىرىغا ئاتىۋېتەتتى. ياپون ئاياللىرىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ھەققەتەن ئېغىر. بالىلار يەسلىگە

www.uyghurkitap.com

كىرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئانىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇش ھاياتىغا قەدەم قويىدۇ. ھەپتىدە بىر ـ ئىككى نۆۋەت يەسلى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيىتىگە قاتناشمىسا بولمايدۇ. ئۇلار ئوقۇتقۇچىغا ھەمكارلىشىپ بالىلارنىڭ ئائىلىدىكى ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ، بالىلىرىغا ھەر خىل تەربىيە بېرىدۇ. ياپونىيەدە بالىلىرى مەكتەپكە كىرگەن ئانىلار ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، خىزمەتتى بارلىرى خىزمەتتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ ـ دە، پۈتۈن زېھنىنى پەرزەنت تەربىيەسىگە قارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خىزمەت قىلىپ ئېرىشكەن پايدا پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆرۈنمەس پايدىغا قارىغاندا، ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىدى. ياپونىيەنىڭ تۈزۈلمىسىمۇ ئانىلارنىڭ بۇنداق تاللىشىغا كەڭتاشا شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. ئانىلار يەنە ئەرلىرىنى كۈتىدۇ، ئۆي تازىلايدۇ. شۇنى كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياپونلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدىنمۇ ئەخلەت ۋە چاڭ ـ توزان بايقىغىلى بولمايدۇ. ياپون ئاياللىرى پاكىزلىقنى گويا پاكىزلىققا شەيدا بولۇپ قالغاندەك ياخشى كۆرىدۇ. كاۋاساكىمۇ ئەنە شۇنداق پاكىزلاردىن بولۇپ، مۇنچا لۆڭگىسىدىن سەككىزنى تۇتاتتى، ئۇلارنى بىر قېتىم ئىشلەتكەندىن كېيىن تەلتۆكۈس دېزىنفېكسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرى ۋە كىرلىكلىرىمۇ كۆپ بولاتتى. شۇ قەدەر ئالدىراش ياپون ئاياللىرى يەنە تۈرلۈك خالىس ئىش قىلىشقا ۋاقىت چىقىراتتى. ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ تاماق ئېتىشنى ئۆگىنەتتى، پىرەنىك پىشۇراتتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ۋە پولۇ ئېتىشنى ئۆگەتتىم. دوستلار ئۇچرىشىشلىرىدا ئۇلار قۇرۇق پاراڭ سېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا بالا تەربىيەلەش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇراتتى، بالىلارنىڭ تۈرلۈك كىيىمىنى تىكىشنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشنى ئۆگىنەتتى. بۇ ھەقتىكى قوللانمىلارنى كىتابخانىلاردىن يېتىپ ئاشقۇدەك تاپقىلى بولاتتى. مەن ياپون ئاياللىرىنىڭ ئاشۇ خىل پائالىيەتلىرىگە قاتناشقىنىمدا، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قاتار چايلىرىنى ئەسلەپ قالاتتىم.

سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن ئاياللار مەنىسىز پاراڭلارنى سوقۇپ، تالاي ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئۈستەلگە تۇرلۇك قورۇما دۆۋىلەپ تىزىلغان، سېمىزلىكتىن تىقىلىپ كەتكەن ئاياللار خۇددى ئۆلجىغا ئېتىلغان ۋەھشىي گۆشخور ھايۋانلاردەك قورۇمىلارنى يالماپ - يالماپ يېيىشىدۇ. ئۇلار ئۆيلىرىگە بىرقانچە تېتىقسىز - لاۋزا يۇمۇردىن باشقا ھېچنېمە ئۆگىنەلمەي قايتىشىدۇ.

مەن كاۋاساكى ئارقىلىق ياپون ئاياللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇگۈنكى ياپونىيەدە كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى، نىكاھ يېشىمۇ چوڭايماقتا، بويتاق ئاياللارنىڭ سانىمۇ زورايماقتا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا كېمەيمەكتە. ئېيتىلىشىچە، 2004 - يىلى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيەدە نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان يىل بولۇپ، نىسبەت ئاران 0.05% بولغان. ياپونىيەدە قېرىلار شۇ قەدەر كۆپكى، ھەپتە ئارىلىقىدا ماگىزىنغا بېرىپ قالغان بىرەر ياش ئۆزىنى بوۋاي - مومايلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپ، خىجىل بولۇپ كېتىدۇ.

ئېرىم ئابدۇقادىر ياپونىيەگە كەلگەندە، كاۋاساكى شىۋېتسىيەدە ئىدى. ئۇ ئۇ يەردە ھەرقايسى ئەلدىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە يېرىم يىللىق ھەمكارلاشما تەتقىقاتقا قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا E-mail (ئېلخەت) يېزىپ، ئۇ يەردىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، بەزىدە چىرايلىق ئاتكرىتكىلارنى ئەۋەتەتتى. ئۇنىڭ تور بېتىدە ئۇ بارغان جايلارنىڭ فوتو سۈرەتلىرى بار بولۇپ، سۈرەتلەر كەسپىي فوتوگرافلارنىڭ ئەسىرىدىن قېلىشمايتتى. مەنزىرىلەر ھەقىقەتەن تېپىكلەشتۈرۈپ تاللانغان بولۇپ، ئاشۇ جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇچۇر بېرەتتى. ئابدۇقادىر مەندىن كاۋاساكى ھەققىدە ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. كاۋاساكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ، قايتىشىدا سانكىت پېتربۇرگنى زىيارەت قىلىپ، JAISTقا قايتىپ كەلدى.

ئەمدى كاۋاساكىنىڭ پىكاپىدا يەنە بىر مېھمان كۆپەيدى، ئۇ دەل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئابدۇقادىر ئىدى. كاۋاساكى ئابدۇقادىرنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزچە پاراڭلاشتى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى خېلى بىر يەردىن چىققاندەك قىلاتتى. ئابدۇقادىر تىلغا ئالغان چەت ئەل ئەدىبلىرى كاۋاساكىغىمۇ تونۇش ئىدى، بەزى شائىرلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا دائىر تەپسىلاتلارنىمۇ بىلەتتى. كاۋاساكى بىلەن بولغان پاراڭ تەبىئىي ھالدا ئابدۇقادىرنىڭ زوقىنى ئاچقاندەك قىلاتتى. دەسلەپتە بىرئاز قورۇنغان ئابدۇقادىر بارغانسېرى ئېچىلىپ كەتتى. بۇ ھالەت ماڭا چاڭچۈندىكى ياپون تىلى مۇئەللىمىم مۇرائۇچى تومۇكونى ئەسلەتتى. ئۇ قىز 1995 - يىلى شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىزگە ياپون تىلىدىن دەرس بەرگەنىدى، بىز ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيتتۇق. نىكاھلىق ئەر ساۋاقداشلىرىمىزمۇ خۇش پېئىل، ئوچۇق سۆزلۈك بۇ ياپون قىزىغا شەيدا بولۇشۇپ، ئۇنى كېچىكىپ ئۇچراتقىنىدىن ھەسرەت چېكىشكەنىدى. كاۋاساكى بىلەن مۇرائۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەپەر ياپون قىزىنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاقى ۋە ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا قانداق تۇتۇشىنى، ئوبرازىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تىكلەشنى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاددىي چىرايىمۇ ئۆزلىرىگە مۇھەببەت ۋە قەدىرىيەت ئېلىپ كېلەتتى. بىزنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى، قارىسىڭىز شۇنداق چىرايلىق، ئەمما ئۇلارنىڭ تولىسىدا قىزلارغا خاس نازاكەت ئۆچكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ساناپ چوڭ تۇتۇشىدۇ. خورۇم يوپكا ۋە خورۇم ئىشتان كىيىۋېلىشقان بەزى قىزلار كۆرەڭ ھالدا ئۆزلىرىنى ئەركەك چىۋىن قونمىغان ئاقسۆڭەك گۈزىلىدەك ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەر - ئايالنىڭ خاراكتېر پەرقى نەزەرگە ئېلىنمىغان تەلىم - تەربىيەنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئەر - ئاياللار ئوخشاشلىقى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇلار دۇنيانى ناھايىتى

ئاز بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئامېرىكىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن فىلىملىرىدىكى نامراتلار مەھەللىسىدە يۈرگەن كوچا لۈكچەكلىرىنىڭ تەق ـ تۇرقىنى مودا قاتارىدا چۈشىنىۋېلىشقانىدى. نەتىجىدە «قاندىغاي» دېگەن ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قىزى بارلىققا كەلدى. ئۇلار بىرەر كىشىنى مەسئۇلىيەت بىلەن سۆيمەيدۇ ياكى سۆيدۈرەلمەيدۇ.

مېنىڭ كېلىپ چىقىشىم ۋە جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشۈم كاۋاساكىنىڭكىگە ھەر جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. مەن ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىزى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئائىلىنى چوڭ بىلىمەن، بۇنداق چوڭ بىلىش ھەرگىزمۇ پىرىنسىپسىز ھالدىكى ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسئۇلىيەت روھى بولۇپ، ئائىلىلىق مۇقەددەسلىكىمنى يېتىشتۈرىدىغان قورغان. ئۇ يەر مەن ئۈچۈن مەكتەپتۇركى، پەرزەنتلىرىمنى ئۆز ۋىجدانىم ۋە ئېتىقادىم بويىچە تەربىيەلەشكە زېمىن ھازىرلايدۇ. جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارنىڭ تەسىرى ئۆزىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى تاشلاپ، پەرزەنتلىرىمنىڭ روھىنى يىگىلىتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، مەن پەقەت ئائىلەم ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ روھىغا ئوزۇق ۋە قۇۋۋەت بېرىپ، شەرەپلىك ئىنسان بولۇش لاياقىتىگە ئېرىشتۈرەلەيمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئائىلە قارىشىم، مەن ئۇنى ئىمكانقەدەر ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. مەن بۇ قارىشىمنى كاۋاساكىغا قايتا ـ قايتا ئىزاھلاپ، ئانا بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەكىتلىدىم، لېكىن كۆزقارىشىمنى ئۇنىڭغا تاڭمىدىم. ئىككى خىل تارىخ، ئىككى خىل تەقدىر، ئىككى خىل مەدەنىيەت، ئىككى خىل تىل، ئىككى خىل دىن، ئىككى خىل جەمئىيەت، ئىككى خىل تۈزۈم، ئىككى خىل ئائىلىدە چوڭ بولغان مەن بىلەن ئۇنىڭ قىسقىغىنا مەزگىل ئىچىدە ئورتاق ئېتىقاد سىزىقىغا كىرىشىمىز ئاسان ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپىمىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆپ بولسىمۇ، ئىمكانقەدەر ئوخشايدىغان تەرەپلىرىمىزنى ئۆزئارا بايقاشقا تىرىشتۇق. بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى قېزىپ، ئۇنى دوستلۇقىمىزنىڭ رىشتىسىگە ئايلاندۇردۇق. كاۋاساكى ۋەتىنىمدىن تولىمۇ يىراق ئاشۇ ئارالدا ماڭا دوستلۇقنىڭ مېھرىنى يەتكۈزدى، ماڭا كۆپ جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، سەممىي كۆلكىسى مۇساپىرەتتىكى قەلبىمگە كۆپ تەسەللى بولدى. ئۇنىڭ مەن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك خىسلەتلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئېتىقادىدىن باشقا ھەممە تەرەپلىرىدىن ئۆگەنسەم ئەرزىيتتى. ئۇنىڭدا بىر ئائىلىگە خاس نازۇكلۇقمۇ بار، بۇ نازۇكلۇقتا دەل بىر ئائىلىنىڭ قۇدرىتىمۇ بار ئىدى.»

مەن جەمىلەنىڭ بايانلىرىنى كاۋاساكىنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىنى چۈشىنىشىمىزگە يېتىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇ ھەقتىكى سەھىپىنى ئۆزۈمنىڭ بىر قېتىملىق تەسىراتىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

بىز ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا تۇراتتۇق، كاۋاساكى بىزنى ئائىلە بويىچە ئۇيىنىتىپ كەلمەكچى بولدى. مارتنىڭ باشلىرىدا سوغۇق بوشاپ، دالالاردىن ئەتىيازنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلىغانىدى. بىز مەكتەپتىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا ئۇچراشتۇق.

بەدەنلىرى تولغان كاۋاساكى ئېگىز بولغاچقا، يەنىلا زىلۋا كۆرۈنەتتى. ئۇ بۈگۈن قارا چىپەرقۇتتىن تىكىلگەن ئۇزۇن ساراپىنىنىڭ ئۈستىگە ئاق چاپان كىيىۋالغان بولۇپ، پۇتىدا ئىسپورت ئايىغى بار ئىدى. قويۇق سۇمبۇل چاچلىرىنى بولسا بوغۇۋالغانىدى. ئۇ ماڭا شۇنداق پاكىز ھەم جازىبىلىك كۆرۈندى. بىز سالاملاشتۇق.

بۇلبۇلناز كاۋاساكىغا ياندىش ھالدا پىكاپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، جەمىلە، بابۇر ئۇچىمىز كەينىدە ئولتۇردۇق. پىكاپ قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا كاۋاساكى ئۇنىئالغۇ قويدى. لەرزان كۈي مېنى، پىكاپنى، يول ياقىسىدىكى بىنالارنى، يىراقتىكى يېشىل تاغلارنى يەڭگىل پەيگە

ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك تۇيۇلدى. بىر ئايال ناخشا ئوقۇدى، نەزمىسىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئايالنىڭ ئاۋازىدىكى مۇڭ ۋە ھەسرەتنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ناخشىدا ئايالLارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا تىنىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر ئازابلىق سەرگۈزەشت بولۇقلايتتى. مېنىڭچە، ئايال ناخشا ئارقىلىق يىغلاپ، پەرياد كۆتۈرگەندەك قىلاتتى.

– بۇ ئايال نېمىگە يىغلايدۇ؟ – دەپ سورىدىم مەن كاۋاساكىدىن.

سوئالىم قىزىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك، كاۋاساكى كۈلۈپ تاشلىدى.

– ئۇ يىغلىمىدى، ناخشا ئېيتتى، – دېدى ئۇ.

– يىغىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن.

– بىر ھېسابتا بۇ ئايال يىغلاۋاتىدۇ.

– نېمىشقا؟

– 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىلىدا بىر شائىرە ئۆتكەن، ئۇ سوتسىيالىزمچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، دېڭىزغا ئۆزىنى چۆكتۈرۈپ ئۆلۈۋالغان. بۇ ناخشا دەل ئاشۇ ئايالغا بېغىشلانغان.

كاۋاساكى ئۇ شائىرەنىڭ ئىسمىنى دېۋىدى، ئۇ مەن بىلمەيدىغان بىرى ئىكەن. ھازىر ئۇ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم. «چىلى» دېسە، شائىرلاردىن مىسترال بىلەن نېرۇدا ئېسىمگە كېلىدۇ. كاۋاساكى ئېيتقان شائىرەنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن خىجىل بولدۇم. بىر ھېسابتا جۇڭگودا چەت ئەللەر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ياپونىيەدىكىدەك كۆلەملىشىپ بولالمىغان، ئۇرۇمچىدە تېخىمۇ شۇنداق.

ئايالنىڭ ناخشىسى ھەممىمىزنى شوكلەشتۈرۈۋەتتى. كۆز ئالدىمدا بىر ئايال دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدى. تۇمانلىق دېڭىز چايقىلىپ تۇرىدۇ، ئايالنىڭ چۇۋۇق چاچلىرى دېڭىزنىڭ شامىلىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەرىشان ئۇچماقتا. ئايال ئاستا ـ ئاستا دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىردى، سۇ ئايالنىڭ بېلىگە كەلدى، ئاندىن كانىيىغا كەلدى... دېڭىز ئايالنى يۇتۇۋەتتى. دېڭىزدىكى دولقۇنلار بەئەينى ئايالنىڭ كۆچۈپ يۈرگەن قەبرىسىگە ئوخشايتتى.

مەن كاۋاساكىنى شوخ ناخشىلارنى ياقتۇرامدىكىن دېگەنىدىم، ئۇ بۇنداق پىغانلىق كۈيلەرنى نەدىن تاپتىكىن. ئۇ ئۆمىدسىزلىنىپ، يولدىن ئادىشىپ كەتكەن چۈشكۈن قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى تىراگېدىيەگە تەڭكەش ئىكەن. دەرۋەقە، ھەسرەتتى يوق ئايال يۈزەكى ئايالدۇر.

بىز ماگىزىن ئايلاندۇق، ئاندىن ياپون دېڭىزى بويىغا بېرىپ بالىلارنى ئويناتتۇق. مۇشۇ جەرياندا كاۋاساكى بىزگە بىر قوللۇق مۇلازىمەت قىلدى، بابۇرنىڭ پۇتلىرى سوغۇق قۇمدا توڭلاپ قىزىرىپ كەتكەندە، ئالىقىنىدا ئىسسىتىپ قويدى، پۇتىدىكى قۇملارنى ماشىنىسىدىكى ئاپپاق لۆڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ تازىلىدى؛ مەن يۈزۈمنى يۇيۇۋىدىم، يېپيېڭى بىر لۆڭگىسىنى يۈزۈمنى سۈرتۈشۈمگە ئۇزاتتى. ئاياللىق مېھىر ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئەرنى باياشات قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمىدىم.

كاۋاساكى رەقەملىك ئاپپاراتى بىلەن بىزنى سۈرەتكە تارتىپ قويدى، مەن ئۇنى ئائىلەمدىكىلەر بىلەن قوشۇپ سۈرەتكە تارتىپ قويدۇم. كاۋاساكى سۈرەتلەرنى بەدئىيلىكى بار قىلىپ تارتاتتى .

يېرىم كۈنلۈك ئويۇن ئاخىرلىشىپ، خوشلىشىدىغان چاغدا كاۋاساكى جەمىلەگە ئەتىر، بۇلبۇلنازغا بولاپكا، بابۇرغا كىچىك ئويۇنچۇق ماشىنا، ماڭا ھىرمان ھېسسىنىڭ سۇ بوياقلىرىدىن تۈزۈلگەن 2003 ـ يىللىق ئالىقان كالېندارىنى تەقدىم قىلدى. مەن ھىرمان ھېسسىنىڭ رەسىممۇ سىزىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىلدىم.

— مەن ھىرمان ھېسسىنى شائىر دەپ تونۇيتتىم، مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان، — دېدىم كاۋاساكىغا.

— توغرا، ئۇ شائىر، شۇنداقلا ياخشى رەسسام، — دېدى ئۇ.

— رەھمەت سىزگە، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى سوۋغات بولدى، — دېدىم مەن.

— سىزگە ئەرزىگەن بولسا، مەن بەك خۇشال، — دېدى ئۇ.

جەمىلە كاۋاساكى بىلەن ئۇزاق خوشلاشتى. كاۋاساكى بىزنى تاماق بىلەن ئەمەس، چىن ئىنسانىي مېھىر بىلەن مېھمان قىلدى. تاماقنى چوڭ بىلىدىغان ئادەملەر بۇنى ئالدىراپ چۈشىنەلمەيدۇ. ياپونلارنىڭ باشقىلار ئۈچۈن سائەت - سائەتلەپ ۋاقىت چىقىرىشى ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

كاۋاساكى مىليون - مىليون ياپون قىز - ئاياللىرىنىڭ پەقەت بىرى. ئۇ پۈتكۈل ياپون قىز - ئاياللىرىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ياپون قىز - ئاياللىرىنى چۈشىنىشتە بىر كۆزنەك ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

## قىسقا سەھىپە، زور تەشەككۈر

ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا 1985 - يىلىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھەممەت قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتقان بىر ساخاۋەت ئىگىسى بار، ئۇنىڭ ئىسمى خاسۇمى ماسايو (Hasumi Masayo). مەن ئۇنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇ ھەققتە پەقەت ئاياڭلىدىن ئاڭلىدىم. 2003 - يىلى مارتتا ۋەتەنگە قايتىشىمدا ئۇ زات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ ئۆتۈشنى ئويلىغانىدىم، ۋاقىت ۋە ئىمكانىيىتىم بولماي قالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

چىبا ناھىيەسىنىڭ ناگارىياما شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بۇ بوۋاي جەمىلەنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل 68 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ بىر زېمىندار بولۇپ، توكيودا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ياتاق بىلەن

www.uyghurkitap.com



تەمىنلەش بىلەن بىللە، ئۇلاردىن توك، سۇ پۇللىرىنىمۇ ئالمىغان. ئەگەر ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرى توكيودىكى ئەڭ ئەرزان ياتاقنى ئىجارىگە ئالسا، ئىجارە ھەققى ۋە توك، سۇ، گاز پۇللىرى بولۇپ يىلىغا جەمئىي 30 مىڭ يەندىن ئارتۇق چىقىم قىلغان بولاتتى. بەزى قېرىنداشلىرىمىز خاسۇمى ئەپەندىنىڭ ھەقسىز ئۆيىدە يەتتە - سەككىز يىل ئەتراپىدا تۇرغان، بۇنداق ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ، دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تۈگەتكەن قېرىنداشلىرىمىز سەككىز نەپەردىن ئاشىدىكەن. ئۇ يەنە خىراجىتى جىددىيلىشىپ قالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، ئېيىغا تۆت تومەن يېن (3000 يۇەن خەلق پۇلى) تارقاتقان، بۇ پۇل بىلەن بىر ئادەم بىر ئايلىق يېمەك - ئىچمىكىنى قامدىيالايدۇ.

خاسۇمى ئەپەندى ھەر يىلى يازدا دىيارىمىزدىكى ۋىلايەت - ئوبلاستلارغا نۆۋەتلەپ بېرىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۇلى، كىتاب - ماتېرىيال پۇلى، كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بېرىدىكەن.

جەملە 2000 - يىلى توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغاندا، خاسۇمىنىڭ ئۆيىدە ھەقسىز تۇرغان. خاسۇمىنىڭ ئەقىدىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىزگە قايتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرەر مەكتۇپ يۈزىدە ئۇنىڭغا تەشەككۇر سادالىرى ياڭرىشى كېرەك ئىدى. شەرق مۇتەپەككۇرى فەرىدىددىن ئەتتار بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىكەن:

غەمكىن قارا كۈندە كىم ساڭا يار،
خۇشال كۈنۈڭدىمۇ ئۇنتۇما زىنھار.

قېرىنداشلىرىم ئۇچۇن خاسۇمى ئەپەندىنىڭ خالىس ھىممىتىنى خەلقىمگە تولۇق تونۇشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ئۇ كىشى

ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمەن. ئۇ كىشى ئۇچۇن مەزكۇر كىتابىمدىن ئۇن - يىگىرمە بەت سەھىپە ئاجراتسام تامامەن ئەرزىيتتى. بۇ يەردە پەقەت خاسۇمى ئەپەندىنىڭ شەنىگە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامىينىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتىنى تەقدىم ئېتىش بىلەن چەكلىنىمەن:

شۇنداق ياشىغىنكى، سەن بولساڭ شەرقتە،
ساڭا دۇئا قىلسۇن ئادەملەر غەربتە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# جىمجىتلىقتا ئويلىغانلىرىم

يالغۇزلۇق سىزنى ئۆزگەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ چاغدا جاھاندارچىلىقنىڭ جىددىي قايناملىرى سىزنى ۋاقىتلىق ئۆز رايىڭىزغا قويۇۋېتىدۇ. سىزدىكى ئىككى ئۆزلۈك ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە سىنچىلاپ بېقىشىدۇ، ھايات غوۋغالىرىدا يىتىپ كەتكەن ئۆزلۈكىڭىزنى يەنە بىر ئۆزلۈكىڭىز قولىغا ئېلىپ قارايدۇ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈيدۇ، ئىككى ئۆزلۈكنىڭ جەۋھىرى بىر نۇقتىدا ئۇچراشقاندا، جىمجىتلىق باشلىنىدۇ. جىمجىتلىق تېگى يوق دېڭىز، ئۇنىڭغا ئىنسانىي مەۋجۇتلۇقىڭىز تىنىمسىز چۆكۈۋاتقان بولىدۇ. چۆكۈۋاتقان بۇ نەرسە سۈزۈك رەڭسىز، يوقلۇقتەك جىسمسىز، بەلكى لۇغەت ۋادىسىدا ئىسمسىز. ئەقلىڭىز ۋە شۇ چاغقا قەدەر توپلىغان بىلىملىرىڭىز جىمجىتلىقنىڭ قەرىگە چۆكۈۋاتقان ئاشۇ ئىسمسىز نەرسىنى بويلاپ چوڭقۇرلاشقا ئىنتىلىدۇ. بەلكى ئەقىل بىر يەرلەرگە بارغاندا ئېرىپ كېتىپ، چەكسىز جىمجىتلىقنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدىن سۈزۈپ چىققانلىرىمىز جىمجىتلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان سادالارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى، مەركىزىي ئاۋازلار يەنىلا بىزدىن ئۇزاپ كەتمەكتە.

يالغۇزلۇق جىمجىتلىق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ جىمجىت ئۆلكىلىرىمۇ بولىدۇ؛ جىمجىتلىق يالغۇزلۇق ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ ۋاقىت بىلەن تۇتاشمىغان نۇقتىلىرى بولىدۇ. بەزىدە مەن قاينام ـ تاشقىنلىق ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ قەبرىستان جىمجىتلىقىنى بايقاپ قالىمەن. كىشىلەر دەۋرەپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان سۇ، مەن تاش، ۋاقىت مېنىڭ كۆلەڭگەم. ئىنسانىيلىقىم قەيەردە بولسا ۋاقىت شۇ يەردە. تاش باللارنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئېرىيدۇ ۋە زۇۋان سۈرىدۇ.

ئاھ، ۋاقىت بىلەن پوملاقلاشقانلىرىم، بۇ چاغدا دېيىشكەن گەپلىرىمنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ، لېكىن تەمى ئېسىمدە.

جەملە مېنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەندە ئەنە شۇنداق تۇيغۇلاردا بولىمەن. كوچىدا يۈرگەنلىرىمدىمۇ شۇنداق تۇيغۇلار بولغان. ئەپسۇس، ئۇلارنى خاتىرەمگە پۈتۈۋالماپتىمەن. ۋاقىت ئۆزىنىڭ دەل ۋاقتىدا قوبۇللانمىغان سوۋغىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە بەك ئۇستا. دوستلار، خاتىرەمنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئالدىراپ - تېنەپ پۈتۈپ قويغان بەزى قۇرلارنى سىلەرگە شۇ پېتى تەقدىم قىلىدىغان بولدۇم، ھېكمەتلىك كۆزۈڭلار سادda كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

* * *

2002 - يىلى 30 - ئىيۇن

ھەممە ياق جىمجىت.

مەن ياپونىيە جەمئىيىتىنى چۈشەنمەيمەن، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ كوچىلىرىنى ئۇقمايمەن، تۇرمۇش يوسۇنى ۋە ئىستېمال قائىدىلىرىنى ئۇقمايمەن. بۇ يەردىكىلەر مېنى تېخىمۇ ئۇقمايدۇ. ياپونىيە جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەن زادى كىم؟ يېگى بىر سالاھىيەت مەسىلىسى تۇغۇلماقتا.

مەن ئۇيغۇر، لېكىن مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى بۇ يەردىكىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە ياپونىيە مەن ئۇچۇن يوچۇن ئارال، مەن يېرىم روبىنزون كىروزو، يېرىمىمنى ياپون تىلىنى بىلىدىغان خوتۇنۇم تارتىۋالغان.

چەت ئەلگە يېڭى چىققان بىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى تونۇتۇپ ياشامدۇ ياكى باشقىلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى نوقۇل تونۇش بىلەن ياشامدۇ؟ تونۇتۇش ۋە تونۇش مىللىي كىملىكنىڭ تېشى ۋە ئەستىرى.

www.uyghurkitap.com


* * *

2002 - يىلى 1 - ئىيۇل
ھەممە ياق جىمجىت.
ساۋ شىچاۋ ئەپەندىنىڭ «ھەزارەت (كۇلتۇر) ئىستراتېگىيەسى» كىتابىدا مۇنداق دېيىلىپتۇ:
«سەن ئەنگلىيەلىك بولۇپ، فىرانسىيەدە تۇرساڭ، فىرانسىيە سېنىڭ تۇرالغۇڭ بولىدۇ. ئەگەر سەن فىرانسىيە پۇقرالىقىغا كىرسەڭ، ئۇ سېنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىڭ بولىدۇ. لېكىن سەن قانداق ئادەم؟ سەندىكىسى ئىنگلىز مەدەنىيىتى، سەن پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئويلايسەن، باھالايسەن، ئىنگلىزچە تۇيغۇلاردا بولىسەن ياكى ھەرىكەت قىلىسەن. سەن يەنىلا ئىنگلىز.»
بۇ گەپ مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: ئەگەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەنمىسە، كېلەچىكى توغرىسىدا ئويلانمىسا، پەقەت قورساق بېقىش ۋەسۋەسىسىدىلا بولسا، باللار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، مىللىي كىملىكى ھەققىدە مەكتەپلەردىن ساۋاق ئالالمىسا، ئۇ بىلىقلا ئوخشاش ياشىشى مۇمكىن. ئۇ پاكىز سۇدىمۇ ياشاۋېرىدۇ، پاسكىنا سۇدىمۇ ئاۋاز چىقارماي ياشاۋېرىدۇ، سۇسىزلىقتىمۇ ئاۋاز چىقارماي ئۆلىدۇ.
ساۋ شىچاۋ ئەپەندى ئېيتىدۇ:
«بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقى ھەزارەت (كۇلتۇر)نى بەلگە قىلىدۇ. ئەگەر ئىنگلىزلار خەنزۇلاردەك تەپەككۇر قىلىپ، خەنزۇلاردەك قىلىق قىلسا، خەنزۇلاردەك خىزمەت قىلسا ۋە تۇرمۇش كەچۈرسە ئۇلار ئىنگلىز بولماي قالىدۇ. ئەگەر بىر ئىنگلىز خەنزۇچە سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتسە، چوكا ئىشلەتسە، جۇڭيىچە داۋالانسا، شياۋلىن گۇمپىسىنى مەشىق قىلسا، ئۇ خەنزۇغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەزارەت (كۇلتۇر) يوقالسا مىللەت يوقىلىدۇ.»
«ئۆتكەن يىلى بىر ئالىي مەسلىھەتچىلەر ئۇچرىشىشىدا ئامېرىكىلىق بىر كەسپداشقا يولۇقۇپ قالدىم. مەن ئۇ ئايالنى بىر قاراشتىلا جۇڭگولۇق ئىكەن دەپ بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن

قارىغاندا، تىپىك جۇڭگولۇق ئىدى. بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خەنزۇچە سۆزلىيەلمەيدىكەن، خەنزۇچىنى ئاڭلاپمۇ چۈشىنەلمەيدىكەن. بىز تەرجىماننىڭ ياردىمى بىلەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. پاراڭ جەريانىدا بايقىدىمكى، ئۇنىڭ بىلىمى پۈتۈنلەي ئامېرىكا مائارىپ سىستېمىسىدىن كەلگەن، ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرىمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇغلانغانىدى. تاماق ۋاقتىدا قارىسام، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ داستىخان قائىدىلىرىنىمۇ، قاچا - چوكىلارنى جۇڭگوچە ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇ چاغدا مەن بىر جۇڭگولۇق بىلەن ئەمەس، بىر ئامېرىكىلىق بىلەن تاماق يەۋاتقىنىمغا ھەقىقىي ئىشەندىم. ئۇنىڭ ئامېرىكا ھەزارەت (كۇلتۇر)لىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مەن ئۇچۇن كلىنتون بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ چىرايىلا ساقلىنىپ قالغان، لېكىن روھىي دۇنياسى ئايرىپ بولغانىدى.»

ساۋ شىچاۋ ئەپەندىنىڭ بايانلىرىنى قىياسەن ئۆزۈمگە يۆتكەپ بېقىپ، ئەندىكىپ كەتتىم ۋە بۈيۈك تارىخچىمىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدىيە» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ مىسرالار يادىمغا كەلدى:

«ئۆرگەنەي دەپ قارغا كەكلىك ماڭىشىن،
ئۆرگەنەلمەي ئۇنتۇدى ئۆز ماڭىشىن.»

(قاغا كەكلىكنىڭ مېڭىشىنى ئۆگىنىمەن دەپ، ئۆزىنىڭ مېڭىشىنى ئۇنتۇپ كەتتى.)

*　*　*

2002 - يىلى 4 - ئاۋغۇست
ھەممە ياق جىمجىت.

ئۆيگە مەھكۇم بىر خىل رىتىمدىكى تۇرمۇشۇمدا ھېچبىر يېڭىلىق يوق.

ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ھەققىمنى نېمە سەۋەبتىن كىملەرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تارتقۇزۇپ قويغان بولغىدىم. تۇگىمەس مېھماندارچىلىق، يىغىن، توي ـ تۆكۈنلەرنىڭ غۇۋا مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا. يات بىر مۇھىتتىكى تەمتىرەشلىرىم، يات بىر مەدەنىيەت ئالدىدىكى پاسسىپ ھالىتىمنى قانداق تىللار بىلەن ئىزاھلىغىلى بولار؟

ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىدا چوڭ ئىلىم مۇھاكىمىلىرىدە سۆزلىگۈم كېلىدۇ، ياتلارغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرگۈم كېلىدۇ. مىڭ يىللار ئىلگىرى سىلىشتۇرما تىل ئىزاھلىق لۇغىتى تۈزگەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 21 ـ ئەسىردىكى ئەۋلادى تۇرۇپ، يات تىلدىن قىسىلىۋاتىمەن. قىسىلىش بۇ ئەجەب بىر گەپ ئىكەن!

*        *        *

2002 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

كۆڭلەر زىرىكىشلىك. چۈنكى تىل مەسىلىسى مېنى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. مۇمكىن بولسا ياپونىيە جەمئىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىپ، تۈزۈك جاھان كۆرمىگەن خەلقىمگە تەرەققىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە جىق نەرسىنى دەپ بەرگۈم بار، ئۇلار بۇنى ئويلىنىشنىڭ يىپ ئۇچى قىلسا بولاتتى.

ھەممە ئىش پۇرسەتكە باغلىق، پۇرسەت ئادالەتكە باغلىق.

ئۇيغۇرلاردىكى ھېسسىياتچانلىق، قىزىققانلىق ھەمدە ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان دوستانىلىق شۇ قەدەر مېھرىلىك ھەم ئىللىق بولسىمۇ، لېكىن نەپىنى مەقسەت قىلغان رىقابەتلىك جەمئىيەتتە بۇنداق بەكباش ئاق كۆڭۈللۈك خەلقىمىزنىڭ ئۆزگە زىيان سالماقتا. قانداق قىلغاندا بۇ ساددا خەلقنى ئەقىل، ئەقىدە بويىچە ئىش كۆرىدىغان، پىلان بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان، پىلانغا بولغان كاپالەتنى ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن مۇھىم بىلىدىغان ئاقىلانە مىللەت قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولار؟ بۇ

ھەقىقەتەن چوڭ تېما.

بۈگۈن ماگىزىنغا تۇخۇم ئالغىلى بارغانىدىم. ۋيېتنامىلىق تۇۋ (THAO) ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئىنگلىزچە پاراڭلاشتىم. پارىڭىمىزغا ئۇما ئىسىملىك بىر مىلىق قىزمۇ ئارىلاشتى. ئىنگلىزچەم راۋان بولمىسىمۇ، ئۇلار بىلەن مەكتەپكە قايتىپ كەلگۈچە ئۇنى - بۇنى دېيىشتىم. ئۇلار «جەمىلە سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، بىز ئۇنى بىلىپ تۇردۇق» دېيىشتى.

— مەن ئۇنىڭ ئېرى، بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن، — دېدىم مەن.

— سىز بەك بەختلىك، ئايالى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ئەر بەختلىك بولىدۇ، — دېدى ۋيېتناملىق قىز.

— توي قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھەر ئىككىمىز توي قىلمىغان، — دېيىشتى ئۇلار بىردەك.

— سىلەر ئەر - ئايال تۇرمۇشى ھەققىدە جىق نەرسىنى بىلىدىكەنسىلەر، نەدىن ئۆگەندىڭلار؟ — دېدىم ئۇلارغا.

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

قىز - ئاياللار بىلەن تۇرمۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش قىزىقارلىق بولىدۇ. مەن بۇ قېتىملىق پاراڭدىن راھەت ھېس قىلدىم.

ئۆزىنى ئىپادىلەش بىر خىل ھۆرلۈك.

* * *

2002 - يىلى 15 - ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

كۈنلەر بىر خىل ئۆتمەكتە. يازغۇدەك ئالاھىدە ئىش يوق.

ھەربىر كۈنۈم ئايىغى چىقماس دىلبايان بىلەن ئۆتىدۇ، بۇ دىلبايانىنىڭ بېشىمۇ ئازاب، ئاخىرىمۇ ئازاب.

ياپونىيە مۇھىتىدا تۇرۇپ ماددىي، مەنىۋى، ئەقلىي نامراتلىقنى سەزگىنىمدە، مۇزدەك بىر مۇساپىرلىق تۇيغۇسى جان - جېنىمدىن

www.uyghurkitap.com



ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مۇساپىرلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئېلىپ چىققان ئادەم باشقا ئەللەردىمۇ مۇساپىر.

يالغۇزلۇقتا نېمىنى ئويلىمايدۇ كىشى. لېكىن، بۇ ئويلار شارقىراپ ياغقان يامغۇردەك قاقشال ئۆتمۈشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى. مەن گويا ئادەمزاتسىز جەزىرىنىڭ چىڭقىچۇشلىرىدە ئۆزى تۇتەپ، ئۆزى يېنىۋاتقان يانغىندەك ۋاقىت پايانىدا ئۆز - ئۆزۈمنى ئۇنتۇماقتىمەن.

بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، ئىشلەيدىغان، جەمئىيەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىدىغان بىباھا پۇرسەتلىرىمىز قانداقتۇر بىراۋنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق.

پۇرسەت ھوقۇقنى شەرت قىلىدۇ. ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغان ئادەم پۇرسەت تاللىيالمايدۇ!

بىز ئۇيغۇرلار دۇنيانى مېھىر - مۇھەببەت، كۈي، لەززەت ھالقىلىرىدا چۈشىنىشنى خالايدىغان بولۇپ كەتكەنمىز. ئالدىمىزدىكى غىزا بىز ئۈچۈن لەززەت ۋە خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى. بىز جىسمانىي سەزگۈلەرنىڭ ھۇزۇرىدىن مەست بولۇشنى ياخشى كۆرىمىز، روھىيەت مۇقامىنى ئويلايدىغانلار ئاز. بىز چاقچاق قىلىمىز، كۈلىمىز، ناخشا ئېيتىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ھېچنېمە» ئۈچۈن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەئىشەت ۋە لەززەت تۇرمۇشىمىزدىكى بىر خىل خۇمارغا ئايلىنىپ قالغان. بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىگە يەڭگىللىك شېئىرىي تۈس، رومانتىك بوياق، ھېسسىيات ئېلېمېنتلىرىنى بېغىشلايمىز. بۇ ئاخىر بىر مىللەت ھاياتىنىڭ مېتافىزىك مۇھىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا ئادەم ئادەمخۇمار، خۇش ئاۋاز، مۇڭداشقاق بولۇپ ئۆسىدۇ ۋە تەنھالىقتا ئادەتلىنەلمەيدۇ. بىر - بىرىگە خۇمار بولۇش تۇيغۇسى ئۇيۇشقانلار ئەنە شۇ خۇمار تۇيغۇسى ئۇرۇشىدۇ. ئۇلاردا مەسلەك ۋە مەقسەت بىرلىكىدىكى ئۇيۇللۇق كەم كۆرۈلىدۇ.

ھېسسىيات تىپلىق بىر مىللەت چاقماقنى «خۇدانىڭ قەھرى» دەپ سۈپەتلەش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ، بىر ئەقلىي مىللەت ئۇنىڭ

فىزىكىلىق سەۋەبلىرىنى تەكشۈرىدۇ.

بىر ياپوننىڭ ئالدىغا بىر قاچا غىزا كەلسە ۋە بۇ غىزا يېڭىچە بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشقا تىرىشىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئۇ بۇ غىزا قانداق تەييارلانغان، قانداق خۇرۇچلىرى بار دېگەنلەرنى بىلىشكىمۇ قىزىقىدۇ. دېمەك، بۇ غىزا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئوزۇق، شۇنداقلا بىلىش جەريانىدىكى بىر قېتىملىق سوئال.

يۇقىرىقىلار تەكرارلىق بىلەن ئىجادىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئاددىي بىر كۆرۈنۈشى بولسا كېرەك.

* * *

ياپونلار چەت ئەللىكلەرگە ھامان بىر شۈبھە بىلەن قارايدىكەن، لېكىن كۆرۈنۈشتە سىلىق. ئۇلار ئادەمگە ئىشەنمەيدىكەن، ئوغرىلىق كەبى ناچار قىلمىشلارنى چەت ئەللىكلەر قىلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئۆزىگە نىسبەتەن قالاق باشقا ئاسىيا مۇساپىرلىرىدىن بەكرەك گۇمانلىنىدىكەن. چەت ئەللىكلەرگە ئىشەنمەسلىك ياپونلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى يارقىن بىر تەرەپ.

بىز ئۇيغۇرلار چەت ئەللىكلەرگە ئىشىنىپ، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەيمىز، ئاز - تولا ئوقۇغانلار تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى نەدىدۇ؟

* * *

2002- يىلى 16 - ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

«Uyghurlar·yahoo·group» نىڭ تور بېتىگە ئانچە - مۇنچە قاراپ قويىمەن. قورساق كۆپۈكى، شىكايەت، مۇنازىرە...

خىرىستىيانچى كۈچلەر مۇسۇلمانلارغا مۇنازىرە ئاچتى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتكۈچى
www.uyghurkitap.com

مۇنازىرىدىن ئاخىر چىكىنىپ قاچتى.

كىمدۇر بىرى «يېزىقىمىزنى ئۆزگەرتسەك تەرەققىي قىلىمىز» دېدى. تىل جەھەتتە «كۆچكۆچ» ئېلىپ بارساق دېگەنلەرمۇ يوق ئەمەس.

پىكرىي ناجىنسلار ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئۇلارغا مۇنداق تەكلىپ بەردىم:

«ھەممىنى ئالماشتۇرۇشقا ۋاقىت كېتىدۇ، بىز ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە باشقىلار يوگۇرۇپ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئاناڭلارنىڭ ئېمىنى ئالماشتۇرۇڭلار، شۇ چاغدىلا بۇنچە كۆپ ئاۋارە بولمايسىلەر».

مۇنازىرە بىر مەزگىل جىمىپ كەتتى.

ياپونىيە يېزىقى بىلەن كورىيە يېزىقى قولايلىق يېزىقلاردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئۇچۇر تېخنىكىسىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن ئەلا دەرىجىدە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ھەقىقەت شۇ ــ مەنبەسىدىن ئايرىلمىغان سۇ دۆڭدىنمۇ يول تاپىدۇ.

* * *

ئانا تىلىڭ ئۆز كۆزۈڭگە ئوخشايدۇ، قالغان تىللار كۆز ئەينەك، دۇربۇن، تېلېسكوپ، مىكروسكوپ... دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئىلغار بولسىمۇ، كۆزۈڭ يەنىلا ساق بولۇشى كېرەك.

بىر زىيالىي بىر دانىشمەنگە مۇنداق دەپتۇ:

ــ يەنىنىڭ قۇدرىتىگە بىرنېمە دېمەك تەس، كۆزەينىكىم بولمىسا نەرسىلەرنى تۈزۈك كۆرەلمەيمەن. كۆز ئەينىكىمنى تاقىۋالسام قارا كىگىزدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان قارا چۈمۈلىنىمۇ كۆرەلەيمەن.

ــ ئوبدان دېدىلە تەقسىر. ئاشۇ قارا چۈمۈلىنى سىلىنىڭ كۆز ئەينەكلىرى كۆرەمدۇ ياكى كۆزلىرىمۇ؟ ئىشەنمىسىلە كۆز ئەينەكلىرىنى كاسىلىرىغا توغرىلاپ باقسىلا، ــ دەپتۇ دانىشمەن.

ئانا تىلىڭ غۇرۇر، مۇھەببەت، ۋىجدان، ئەقىدىنىڭ تىلى. ئۇ يىلىڭ. مەرىپەت، ھەقىقەت، قۇدرەت ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ. باشقا

تىللار گۇۋاھنامە، شاھادەتنامە، كاپالەتنامە، ھوقۇقنامە تىللىرىدۇر.

* * *

2002- يىلى 17 - ئاۋغۇست

ھەممە ياق جىمجىت.

بۈگۈنكى دۇنيادا بىرەر كەسىپنىڭ چالا - بۇلا ئەھلى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى مۇكەممەل ئادەم بولۇش.

بۈگۈنكى جەمئىيەت مۇرەككەپ، چۈنكى سەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە قىممەت قارىشى، ئېتىقادى سېنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان كىشىلەر بار، ئۇلار غەربلىك، ئوتتۇرا شەرقلىق ياكى شەرقىي ئاسىيالىق بولۇشى مۇمكىن. سەن ئۇلارغا نىسبەتەن كىم؟ سەن ئۇلارغا ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى نېمەڭ ئارقىلىق بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك؟ ئۇلار سېنىڭ سالاھىيىتىڭنى، ئېتىقادىڭنى بىلمەي تۇرۇپ سەن بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، ساڭا ھەرگىزمۇ ھەقىقىي كىملىكىنى ئاشكارىلىمايدۇ. سېنىڭ كىملىكىڭ مۇجمەل بولسا، ئۇلارمۇ ساڭا مۇجمەل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى، باشتا ئۆزۈڭ مۇجمەل. بۇنداق ئەھۋالدا سەن ئۆزۈڭنى يېگانە ھېس قىلىسەن، سەن ئۈچۈن تالاي پۇرسەتنىڭ ئىشىكى ئېتىلگەن بولىدۇ.

سەن ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن جەمئىيەت بار. سەن ئۇ جەمئىيەتلەرگە كىرىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سەن ئۇ يەردە قانداق ئادەم سۈپىتىدە ئىپادە تېپىشىڭ كېرەك؟

كۆزقارىشى، سەۋىيەسى، ھەۋىسى ئوخشىمىغان كىشىلەر كۆز ئالدىڭدا ھەر كۈنى يېڭىدىن پەيدا بولىدۇ. سەن ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭنى ساقلاش، غۇرۇرۇڭنى، مىللىي كىملىكىڭنى بىلدۈرۈش شەرتى ئاستىدا ئۇلار بىلەن ئوخشۇشلۇق مۇناسىۋەت قۇرالايسەن.

مۇكەممەل ئادەم بولۇش نەدىن باشلىنىدۇ؟ ھىدايەت ئۈستىگە قۇرۇلغان روھىي ساغلاملىقتىن، پىكىر تېرەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. دېمەك، سەن غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇشۇڭ كېرەك. بولمىسا سەپەر ئۈستىدە ئاسانلا ئېغىپ كېتىسەن، ئۆزۈڭنى باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سالىسەن. مانا بۇ، ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ يىلتىزى.

نۇرغۇن قېرىندىشىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن غەربلىكلەر ۋە شەرقلىقلەرنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىدىكى قىممەت قارىشىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەنتەك چوقۇنغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر كەسىپ ئەھلى قىلىپ قۇرۇپ چىققۇچە، قىممەت قاراش جەھەتتە ياتلارنىڭ كوپىيە نۇسخىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى.

21- ئەسىر بىز ئۈچۈن كىملىك قۇرۇلۇش دەۋرى، شۇنداقلا كىملىكسىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش دەۋرى. يانچۇقۇڭدىكى كىملىك بىلەن يۈرىكىڭدىكى كىملىك بىردەك بولغاندا، دۇنيا ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ.

* * *

2002- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىركۈنى.

ھەممە ياق جىمجىت.

چەت ئەلگە چىقسامۇ بەربىر قورۇنۇش، قىسىلىش، خىجىللىق ۋە ئەندىشە...

بىر ئەرۋاھ ۋەتەندىن ماڭا ئەگىشىپ چىققاندى، ئۇنىڭ ئىسمى زادى نېمىدۇ؟

* * *

2002- يىلى 15 - ئۆكتەبىر

ھەممە ياق جىمجىت.

تسۇرۇگىدىكى Lets دېگەن ماگىزىنغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى باردىم. ماگىزىندىكى مۇلازىملارنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى نېمە ئۈچۈندۇر پىكىرلىرىمنى قوزغاپ قالدى.

ماگىزىنغا كىرىشىڭىز بىلەنلا مۇلازىم قىزلارنىڭ ئەدەپلىك سالىمى،

قايسى پەشتاختىغا بارسىڭىز سىزگە تىكىلگەن ئىللىق نەزەر، يېقىملىق ئاۋازدا قارشى ئېلىش. پۇل تۆلىگەندە زاپخوز قىز قولىدىكى پەتنۇسنى ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ، پۇل قايتۇرۇپ بەرگەندە يەنە شۇ پەتنۇس بىلەن قايتۇرىدۇ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ «رەھمەت!» دەيدۇ.

خېرىدار ماگىزىندىن نەرسە سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن مۇلازىم قىزلار ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىدىكەن. دېمىسىمۇ خېرىدارلارنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشى ئۇ يەردىكى بارلىق مۇلازىمنى قوللىغانلىق بولىدۇ. مۇلازىملار خېرىدارلارنىڭ خېرىدارلىقىدىن، خېرىدارلار مۇلازىملارنىڭ ساھىبخانىلىقىدىن سۆيۈنسە، ئىستېمالدىكى مەدەنىيەت راھەتبەخش بولىدۇ.

بىر قېتىملىق ئىللىق مۇئامىلە بىر قېتىملىق ئۈنۈملۈك تەربىيە، مۇھەببەت بابىدىكى بىر قېتىملىق تېرىقچىلىق. ئۇنىڭ ھوسۇلىنىڭ كۆپلۈكىنى قىياسلاپ بولمايدۇ.

يۇرتىمىزدىكى خېرىدارلار بىلەن تاكاللىشىدىغان ماگىزىن خادىملىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۇلار خېرىدارلارنى تىللاپ پوسكايتىۋەتسە، شۇنچە غالىبلاردىن سانىلىدۇ. ھەممىشە پەشتاختىنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ تۇرالايدۇ. خېرىدارلارنى ئۇرىدىغان ئاشخانىلىرىمىزمۇ بار تېخى.

ئادەم بولۇش كېرەك. ئىككى پۇتلۇق ھايۋاندىن ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ مۇساپىسىنى تېزرەك تاماملاش كېرەك، بولمىسا تۆت پۇتلۇق بولۇپ كېتىش خەۋپى يوق ئەمەس.

* * *

2002 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر

ھەممە ياق جىمجىت.

تسۇرۇگىدا كىچىككىنە بىر ئاشخانا بار، ھەر قېتىم چۈشتە مىنىبۇستا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ باس - باس ئىكەنلىكىنى كۆرىمەن. لېكىن ئۇ سائەت بەشتە تاقىلىپ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئاشخانا مۇلازىمىتى ۋاقىت تەقسىماتىغا بويسۇناتتى. ۋاقىت ياپونىيەدە كونكرېت بىر كۈچ ئىدى، ئۇنىڭ نوپۇزى پادىشاھ بىلەن باش ۋەزىرنىڭ نوپۇزىدىن ئۈستۈن. بۇ يەردە ۋاقىتقا ھۆرمەت قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدىكى مۇلازىملار نىمە ئۈچۈن سۆرۈن؟ چۈنكى ئۇلار ھېرىپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ تاقىلىش ۋاقتى خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندە بولىدۇ.

ھەربىر ئادەم بىيۇروكرات، ھەتتا ئەركىنلىكنى كۆيلەپ ئاغزىدىن كۆپۈك ئاقىدىغان شائىرمۇ ئىمكانىيەت تاپسىلا بىيۇروكرات بولىدۇ.

ۋاقىت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئوكسىگېنى. ۋاقىت ئەڭ زور مۈلكىي ھوقۇق.

* * *

2002 - يىلى نويابىرنىڭ بىركۈنى.

ساۋ شىچاۋ ئەپەندى مۇنداق يېزىپتۇ:

«ئۆگىنىش ياپونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى. بىر ياپون ئالىمى مېترودا گېزىت كۆرۈۋېتىپ بىرەر سۆزنى چۈشىنەلمەي قالسا، يېرىم يولدا مېترودىن چۈشۈپ، بوتكىدىن لۇغەت سېتىۋېلىپ مېتروغا يەنە چىقىدۇ. ئۇ سۆزنى چۈشىنىپ مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن ئاخىرقى بېكەتتىكى ئەخلەت تۇڭىغا لۇغەتنى تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ.»

بۇ گەپ بىرئاز مۇبالىغىدەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن پويىزدىكى ياپونلارنىڭ كىتابخۇمارلىقىنى ئەسلەپ، بۇ گەپنى ياپونلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن دەپ ئېتىراپ قىلدىم.

ئالىم ئەدىب ئەھمەد زىيائىي بىر گۇرۇپپا ئالىم - ئۆلىمانىڭ قان - تەر بەدىلىگە نەشىردىن چىققان «قۇتادغۇبىلىك»نى x ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسىغا تەقدىم قىلغىنىدا، ۋالىي ئۇ كىتابقا قاراپمۇ قويماي دېرىزە تەكچىسىگە تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد زىيائىينىڭ كۆڭلى زەربە يەپ، ۋالىينىڭ ئىشخانىسىدىن يېنىپ

چىققان. دەل مۇشۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ كىتابنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ بالاساغۇنىي كىتابىنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغاندا، مۇئەللىپكە «ھاجىپلىق» ئۇنۋانىنى بەرگەن. بۇ ئۇنۋاننىڭ مەنىسى «خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى»، «دۆلەت تۈۋرۈكى» دېگەن بولىدىكەن. بۇ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىش ئىدى.

* * *

2002 - يىلى نويابىرنىڭ بىركۈنى.

كومپيۇتېرنى چۈشكىلاپ يۈرۈپ، ئېگىز قۇم دۆڭىنىڭ يانپېشىدىكى زەر رەڭ توغراقنى كۆرۈپ قالدىم.

قۇمۇ ئالتۇن رەڭدە، توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئالتۇن رەڭدە، يېگانە بۇ توغراق مەغرۇر كۆپكۆك ئاسمان تېگىدە قەد كېرىپ تۇرۇپتۇ.

ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئۆتكۈچە بۇنداق توغراقلارنى بوگۈردە ئۇچرىتاتتىم. 18 يىل ئىلگىرى كۈزدە مەكىتكە بارغىنىمدا ئالتۇن رەڭ توغراقلارنى كۆپ ئۇچراتقانىدىم. مانا بۇ مېنىڭ توغراق ھەققىدىكى بىۋاسىتە بىلگەنلىرىم.

مىللىي شائىر قۇربان بارات «كېسىلگەن توغراق» دېگەن شېئىرىدا كېسىپ تاشلىۋېتىلگەن توغراق ئوتۇنىنىڭ كۆكلەم مەۋسۇمىدا بىخ سۈرگەنلىكىنى يازغانىدى. شائىر ھايات ھېكمەتلىرىنى تەبىئەتتىن بايقايدىغان ئادەم. قۇربان بارات يىلتىزى ۋە ئانا غولىدىن ئايرىۋېتىلگەن توغراق ئوتۇنىدىكى تىز پۈكمەس ھاياتىي مۆجىزىدىن بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى كۆرگەنىدى، شائىرانە بايقاش دېگەن ئەنە شۇ. شۇنىڭدىن بېرى توغراقنى ئۆزىمىزگە ئوخشىتىدىغان بولدۇم.

قاغجىراپ پورلىشىپ كەتكەن يوغان توغراقنىڭ يېنىدا بوي سۈرگەن ياش توغراقلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ توغراقلار شۇنچە يۇمران،

www.uyghurkitap.com

شۇنچە ساغلام. بۇنداق يەردىن خارابات ۋە گۈللىنىشنىڭ مەنزىرىسىنى تەڭلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ياش توغراقنىڭ يېنىدا خازان، قوۋزاق، چاۋار ۋە قۇملاردىن ھاسىل بولغان دۆڭلەر بار، بۇ گويا ئەجدادلارنىڭ قەبرىستانى. ياش توغراقلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ، مانا بۇ ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ، بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ تەبىئىي بىر باغلىنىشى ئىدى.

ئەجەبا، توغراقنىڭ سۈرىتى مەندە شۇنچە كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ئويغاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ياپونىيەدە، مانا بۇ ۋەتەن سېغىنىشىنىڭ كۈچى. سېغىنىش ئەسلىمىدىكى ھاياتنىڭ بەرق ئۇرۇشى.

كاداڭ توغراقلارنىڭ بەزى شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ. قۇرۇپ كەتكەن بۇ شاخلار بوران - چاپقۇنلاردا سۇنۇپ، زېمىنغا تىرەلگەن ھالەتتە ئۇزاق دەۋرلەر تۇرىدۇ؛ قارىساڭ، ئۇلار يېرىم يارتا ھالدا غول شاخقا باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن رىشتىسىنى ئۈزمەيدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە قاقشاللىشىپ تۇپراققا ئايلىنىپ يېڭى توغراقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ بولۇپ سىڭىپ كېتىدۇ.

سۈسىز زېمىننىڭ بۇ سەۋرچان قەھرىمانىنىڭ قوۋزاقلىرى يېرىك بولىدۇ، قەددى تەمبەل كېلىدۇ. ئۇ قۇم - بورانلارنىڭ، چاقماقلارنىڭ، جۇدۇنلارنىڭ، پىژغىرىم ئاپتاپلارنىڭ زەربىسىدە كۆكىرىپ مىڭ يىللارچە ياشايدۇ، قۇرۇپ قاقشال بولغان ھالدا مىڭ يىللارچە ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزىنى پەرۋىشلىگەن زېمىننى باغاشلىغان ھالدا مىڭ يىللارچە ياتىدۇ. قاراسلاپ سۇنغان ۋاقتىدىكى ئىچىنىشلىق ھالىتىنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەيدۇ. شاخلارنىڭ يىقىلغانلىقىغا تەن بەرمىگەنلىكى تىرەجەپ تۇرغان ھەيۋەت بەستىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ھاياتنىڭ مۆجىزىسىنى توغراقلاردىن كۆرسەن» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.

توغراقلارنىڭ ماكانىدا قوياش ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. يۇلتۇزلار بۇرۇن تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنىڭ سامادىكى ئەرۋاھى. ئۇتتەك ھارارەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن جىمجىتلىق ئۆزىنىڭ

ئېغىر ۋەزنىنى توغراقلارنىڭ بەستىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. توغراقلار بەئەينى جىمجىتلىقنىڭ ھەيكىلى، ۋاقىت بۇ يەردە ئارام ئالىدۇ.

قۇم ۋاقىتنىڭ ھۆجەيرىسى، كۆك ئاسمان ۋە قۇم ئارىسىدا ئاپتاپ كېچىنىڭ تۇخۇمىنى بېسىپ ئولتۇرىدۇ.

ئەلمىساقتىن بېرى بۇ يەردە بورانلار ھۇۋلاپ تۇردى، قۇملار كۆچۈپ تۇردى، لېكىن توغراقلار خىرامان ياشاۋەردى. «تەكلىماكان ــ ئەبەدىيلىك ماكانىم، تەۋرەنمەسلىك ئېتىقادىم»، مانا بۇ توغراقلارنىڭ ھايات مىزانى.

توغراقلار بىر - بىرىدىن يىراق تۇرۇپ ئۇسۇشىدۇ، بىر - بىرى بىلەن قاتتىق پەردىشەپ ساقلىشىدۇ. توغراق ھەشەمەتسىز، چۈرۈك كېلىدۇ، ئۇ ئىنساب ۋە قانائەتنىڭ رەمزى. ئۇنى ئەركىلىتىدىغان سەلكىن شاماللار بولمايدۇ، چۆرىسىدە تۈزۈك گۈلمۇ يوق، بىر بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىگە ئوخشاش چىداملىق يۇلغۇن بولىدۇ. توغراق بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسىغىمۇ خۇشتار ئەمەس. ئۇ باشقىلاردىن ھېچنېمە كۈتمەيدۇ، ئۇنىڭ خۇلق - ئېتىبارى ھەمىشە ئوخشاش.

بەزى شالاڭ توغراقلىقلار بار، بۇ يەردە قۇملارنىڭ ئۆركىشى ئەدەپ كەتكەن. چوكۇپ كېتىۋاتقان توغراقلار قوللىرىنى ئاداققى ھالدا سوزۇپ تۇرۇشىدۇ. بۇ يەردىكى بەزى توغراقلارنىڭ پېقىرلىقىدىن يۆلەنچىسى يوق، ئۇلار يېگانە، دوستى يوق.

شامال توغراقلارنىڭ ئورتاق تىلى. شۇڭا بىپايان تەكلىماكاننىڭ توغراقلىرىغا تىلماچ كەتمەيدۇ. نىيا، كىرروران شەھەرلىرىنىڭ خارابىسىدىن توغراق مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىزنالارنى كۆرگىلى بولىدۇ. خارابىلەردىكى ئاشۇ توغراق ياغاچلىرى ھەرقانچە پورلىشىپ كەتسىمۇ، ياشىرىپ تۇرغان توغراقلار بىلەن شامال تىلىدا سۆزلىشىدۇ. شۇڭا توغراقلار ئەجدادىدىن يۈز ئۆرۈمىگەن.

ئەگەر خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى بامبۇك مەدەنىيىتى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى توغراق مەدەنىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. لوپنور، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغراق بىلەن قاشالايدۇ، ئاش ـ نانلىرىنى توغراق ئوتۇنى بىلەن پىشۇرىدۇ، توغراق دەرىخىدىن ئۆيۈپ ياسالغان تەڭنە قېيىق بىلەن بېلىق تۇتىدۇ. خەنزۇ يېزىقى بامبۇك تارىشىلارغا پۈتۈلۈپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن، كۇڭفۇزىنىڭ كىتابىمۇ بامبۇك ئىدى. ئادەتتە ئەپكەش ۋە چوكىلارمۇ بامبۇكتىن ياسىلىدۇ. بامبۇكلار ھۆل زېمىندا زىچ، قويۇق ئۆسىدۇ، بىرلا يامغۇر بىلەن كۆپىيىپ كېتىدۇ. بامبۇك سايىمانلار ئەۋرىشىم كېلىدۇ.

ئانتروپولوگلار «ھەرقانداق مەدەنىيەت جۇغراپىيەلىك ئامىلنىڭ مەھسۇلى» دېيىشىدۇ. توغراق بىز ياشىغان تۇپراقتىكى خاسىيەتلىك مۆجىزە. تەكلىماكان ۋە تارىم بىزنىڭ بەلگىمىز، توغراق بۇ بەلباغنىڭ مىننەتسىز قاراۋۇلى. كەڭ زېمىن بىزنىڭ ناخشىمىزدىكى لەرزانلىقنى، مۇزىكىمىزدىكى چەكسىزلىكنى، مىجەزىمىزدىكى مەردلىك ۋە سېخىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاچارچىلىق بولۇپ باقمىغان بۇ ئەلۋەك زېمىننىڭ ئادەملىرى مېھماندوست، ئەمما بىغەم. مىجەزى چۇس بۇ قۇرغاق زېمىن ئادەملىرىنىڭ ئىچ سىرلىرى ئىككى ئېغىز گېپىدىنلا چىنىپ تۇرىدۇ. ئادەمگەرچىلىك ئېغى بار، سىياسىي ئېغى يوق.

توغراق، خىسلىتىڭ ئالدىدا تىلىم كېكەچ، ھازىرچە شۇنچىلىك دەپ تۇراي.

ھەممە ياق جىمجىت، سۈكۈتلۈك.

* * *

2002 ـ يىلى 4 ـ دېكابىر

بۈگۈن جەمىلەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ھېچقانداق خاتىرىلەش ئۆتكۈزمىدۇق، ھازىرغىچە ھېچقايسىمىز تۇغۇلغان كۈنىمىزنى خاتىرىلىمىدۇق.

تۇغۇلغىنىمىزغا نېمە بوپتىكەن؟ ئۇنىڭدىن بىرەر ئەھمىيەتلىك نىشان قالدۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم. ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىنى

ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر كىسىم تورت يەپ قويۇپلا، ھاياتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنى «تورت يېيىش كۈنى» دېيىشمۇ بولىدۇ.

مەن ئائىلىمغا بىر پارچە شېئىر يېزىپ ئوقۇپ بەردىم.

* * *

2003 - يىلى فېۋرالنىڭ بىركۈنى.

ھەممە ياق جىمجىت.

«يىپەك يولى» ناملىق 12 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ ئاخىرقى ئىككى قىسمىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ قالدىم. بۇ فىلىم 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، ياپونىيە جامائىتىدە زور تەسىر قوزغىغانىكەن. بۇ قېتىم تەلەپلەرگە ئاساسەن قايتا بېرىلىپتۇ.

ئاخىرقى قىسمى تۈگىگەندە، تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى بىر كۆرۈرمەننىڭ خېتىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن:

«مۇشەققەت ۋە مۇرەككەپلىك بىلەن تولغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كۆڭۈلنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندىم.»

ئىككىراندا قەشقەر ۋە تاشقورغاندىكى كىشىلەرنىڭ قىيىن شارائىتتىكى تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى تەبىئىي قىلىپ كۆرسىتىلگەندى. يۇقىرىقى جۈملە پەننىڭ قۇدرىتىگە قايىل بولۇپ، ماددىي پاراۋانلىق ياراتقان جەمئىيەتتىكى بىر يۇقرانىڭ ئىپتىدائىي بىر ھايات شەكلىگە ئوقۇغان مەدھىيەسى ئىدى.

توغرا، بىزگە قەلبمۇ كېرەك، مېڭىمۇ ئىنتايىن كېرەك.

* * *

2003 - يىلى 5 - مارت

چۈشتە تېلېۋىزور كۆردۈم. مەلۇم بولۇشىچە، توكيودا بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كورېيەلىكلەر مەكتىپى بار بولۇپ، باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىكەن.
فىلىمدە ياپونىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن 3 ـ ئەۋلاد كورېيان بالا زىيارەت قىلىندى، ئۇ بالا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەر كورېيە تىلىدا ئوقۇپتۇ.
ئۇ بالا مۇنداق دېدى:
ــ مەن ياپون بالىلىرى بىلەن ئەمەس، كورېيەلىك قېرىنداشلىرىم بىلەن ئارىلاشسام ئىنتايىن خۇزۇرلىنىمەن. يات بىر ئەلدە ئۆز ئانا تىلىدا قېرىنداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىش قالتىس راھەت ئىكەن.
بالىنىڭ ئانىسى مۇنداق دېدى:
ــ ئەسلىدە كورېيە تىلىدا ئالىي مەكتەپ قۇرۇپ، بالىلىرىمىزنى ئاشۇ مەكتەپتىلا ئوقۇتقۇمىز بار ئىدى. بىراق ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا ئامالسىز ئالىي مەكتەپتە بالىلىرىمىزنى ياپون تىلىدا ئوقۇتۇشقا توغرا كەلدى. ئەمما مەن ئوغلۇمنىڭ كورېيان قىز بىلەن توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
پىروگراممىنىڭ نامى «ھەسرەت ۋە ئۈمىد» ئىكەن.

ساقلىقنىڭ قەدرى دوختۇرخانىدا بىلىنگەندەك، ۋەتەننىڭ قەدرى ۋەتەندىن ئايرىلغاندا بىلىنىدۇ.

# يوللار ئېلىپ كەتتى قايغان بېشىمنى

بالىلار ـ قىزىم ۋە ئوغلۇم قېيىنئانامنىڭ بېقىشىدا ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىمىزدە قالغانىدى. ئۇلارنى سېغىنغاندا تېلېفون بېرەتتۇق، ئۇلار بىلەن كومپيۇتېر ئارقىلىق پاراڭلىشاتتۇق، بۇنىڭدا سائەتلەپ سۆزلەشسەكمۇ، كۆپ چىقىم بولمايتتى. شۇڭا بالىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئۇششاق كەچۈرمىشلىرىنىمۇ ئەر ـ ئايال ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ ئاڭلايتتۇق. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئوقۇش، ئويۇنلىرىغىچە سۈرۈشتۈرەتتۇق. بابۇر بىزگە ياپونىيەدىن ئويۇنچۇق ئەۋەتىپ بېرىشىمىزنى تاپىلايتتى. بالىلارنىڭ ئاۋازى بالىسىز يېگانىلىكتىكى غەمناك يۈرىكىمىز ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر بولاتتى. ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تېگىشلىك مۇھەببەتنى ئايىماي ئاتا قىلىشساقمۇ، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسىنى كەمدەك ھېس قىلاتتۇق. تۇرمۇشتا مۇھەببەتنىڭ تۈرى كۆپ بولىدۇ: ئەر ـ ئايال، ئاتا ـ بالا، ئانا ـ بالا، دوست ـ بۇرادەر، يۇرت، كەسىپ مۇھەببەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىرلا ۋاقىتتا موھتاج بولىمىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلارنىڭ بىرەرى بىز ئۈچۈن مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ئاتا قىلالىغان مۇھەببەتنى ئاتا ـ ئانا بېرەلمەيدۇ، ئاتا ـ ئانا بەرگەن مۇھەببەتنى يارۇ دىلدارلار بېرەلمەيدۇ، بالا بەرگەن مېھرنى ئەر ـ ئاياللارمۇ بىر ـ بىرىگە بېرەلمەيدۇ. ئەر ـ ئايال ئىككىمىز پەرزەنتلىرىمىزگە خۇمار بولغاندا، بىر ـ بىرىمىزنىڭ خۇمارىنى قاندۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدۇق. بىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئېلىشقا تېگىشلىك مېھرنى ئالغانىدۇق، ئەمدى بىزگە پەرزەنت مېھرى كېرەك، يەنە باشقا مېھرلەرمۇ كېرەك. مۇشۇنداق پەيتتە قولىمىزدىن كېلىدىغىنى تېلېفون قىلىش، ئېلخەت يېزىش، تالانى ئايلىنىش، ئۇخلاش... بولۇپ

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب ئورىكى


چىقاتتى.

باللارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ قېشىمىزغا ئېلىپ چىقىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىزنىڭ بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىش ئېھتىماللىمىز بارمۇ؟ ئىقتىسادىي كاپالەت ھەل بولسا، ياپونىيەدە بىرەر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشىمىزغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ھەممە ئىشقا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كېسىپ بىرنېمە دېمەك تەس، تەۋەككۇلچىلىك شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن. قىزىمىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدا ئوقۇيتتى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ بىۋاسىتە تەربىيەمىزنىڭ بولۇشى بەكلا زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ باسقۇچ ئىدى، ئۇنى پەقەت كۆيۈنۈشىلا بىلىدىغان چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويۇش كۇپايە قىلمايتتى. ئەگەر باللارنى ياپونىيەگە ئېلىپ كەلسەك، ئۇلار ياپونىيەدە بىز بىلەن بىللە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالسا، ئانا تىلى ۋە ئانا مەدەنىيىتىگە ئائىت تەربىيەدىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن، بۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن ھەممىدىن زور يوقىتىش بولىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئوغلۇمنىڭ تاتلىق تىللىرى چىقىپ، سۆزلىرى دانە - دانە بولۇپ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. قىزىم خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە راسا قىزىقىۋاتاتتى. بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بۇ تىلنى پۇختا ئۆگىنىش زۆرۈرىيەت ئىدى. ئەگەر قىزىمىز ياپونىيەگە يېنىپ كەلسە، دەرسىدىن قالىدۇ، ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقان خەنزۇ تىلىدا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ناۋادا ياپونىيەدىن قايتىپ كېتىشىمىزگە توغرا كەلسە، دەرستە يېتىشىپ كېتىشى قىيىنغا توختايتتى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ نېمىدېگەن قىيىن تاللاش. ھاياتتا مۇشۇنداق قىيىن تاللاش بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىدە پەرق بولۇشى مۇمكىن. ھەربىر تاللاش كىشىنىڭ تەقدىرىگە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئاخىر پەرزەنتلىرىمىزنى ياپونىيەگە ئەكېلىشنى قارار قىلدۇق، بۇ بىز تەسكىن تاپىدىغان قانائەتلىنەرلىك قارار بولمىسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر

شۇنداق قىلىشنى لايىق تاپتۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى رىئاللىق بىزگە باقمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىئاللىقنىڭ بىزگە نىسبەتەن نامەلۇم يەرلىرى كۆپ ئىدى، بۇنداق شارائىتتا تەشەببۇسكار ئورۇندىكى تاللاشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن تاللىشىمىز بىر تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. بالىلىرىمىز ياپونىيەدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، قايتىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شارائىتى ئۆزگىچە بۇ جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ئۇلاردا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن غايىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، بەلكىم ئۇلار كىتابلار بىرەلمەيدىغان مول بىلىملەرنى ئالار، بۇنىڭ قىممىتىنى دەرھال كۆرۈپ يەتكىلى بولمىسىمۇ، كەلگۈسىدە ئۆز قىممىتىنى كۆرسىتەر. ئەگەر ئۇلارنى ئەكەلمىسەك، ياپونىيەنى ئۇلارغا كۆرسەتمەيلا قايتىپ كەتسەك، بۇ، بالىلارنىڭ قەلبىدە داغ پەيدا قىلىشى، ئۆزىمىزدىمۇ ئۆكۈنۈشلۈك ئويلار شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلارنى ئەكېلىش كېرەك. ئويلىغانلىرىمىز مۇشۇنچىلىك بولدى.

بىر ئاخىر ۋىزىغا ئىلتىماس سۇندۇق. ۋىزا بىز ئويلىغاندىن ئۇزۇنىدا چىقتى. ۋىزىنى ئۈرۈمچىگە يوللاپ بەردۇق. پاسپورت بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا چىقتى. ئۈرۈمچىدىكى رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قېيىنئىنىم ئۆتىدى، بىز تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ تۇردۇق. ئەمدىكى مەسىلە بالىلارنى قانداق يول بىلەن ئەكېلىش ئىدى. بالىلارنى پويىز ئارقىلىق بېيجىڭغا ئەكېلىپ، بېيجىڭدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ناگوياغا كەلتۈرسەك، ئىشلار بىرقەدەر ئاسانغا توختايتتى، ناگويا شەھىرى بىز تۇرۇۋاتقان كانازاۋاغا يېقىن ئىدى. قېيىنئىنىم بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە جۇڭگو ئاۋىياتسىيە شىركىتىگە تېلېفون ئارقىلىق بېلەت زاكاز قىلماقچى بولدى. جۇڭگو ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلىشى ئانچە راۋان ئەمەس ئىكەن، تېلېفون ئېلىنغاندىمۇ خادىملار سورالغان مەسىلىلەرگە قىزغىن جاۋاب بەرمەي تۇرۇپكىنى قويۇۋەتكەن. «ئىككى بالىنى ياپونىيەنىڭ ناگويا شەھىرىگە يولغا سالماقچى، بۇ ھەقتە قانداق

www.uyghurkitap.com



مۇلازىمىتىڭلار بارمۇ؟» دېگەن سوئالغا «بىلمەيدىكەنمەن، پالانىدىن سوراپ بېقىڭ» دېگەن جاۋاب كەلگەن. قېيىنئىنىم ئاخىر ياپونىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش ئورنىدىن مەسلىھەت سورىغان، بۇ شىركەتنىڭ خادىملىرى قىزغىن جاۋاب بېرىش بىلەن بىللە، سورالمىغان مەسىلىلەرنىمۇ تەكىتلىگەن. ئۇلار بالىلىرىمىزنىڭ بېلىتىنى 25% ئېتىبار باھادا بېرىشكە قوشۇلغان. ئاتا - ئانىسى قېشىدا بولمىغان بالىلارغا ھەقسىز ھالدا مەخسۇس مۇلازىم قوشۇپ بېرىدىكەن. نەتىجىدە، قېيىنئىنىم ياپونىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىگە بېلەت زاكاز قىپتۇ.

يەنە بىر قېيىنئىنىم بالىلارنى پويىز بىلەن بېيجىڭغا ئەكىلىپ، ئايروپىلانغا سېلىپ قويىدى. تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلگەندىن كېيىن، ياپونىيە ئاۋىياتسىيە شىركىتىنىڭ خادىملىرى بالىلارنى ئۆتكۈزۈۋالغاندى. بالىلار 1 - دېكابىر كەچ سائەت سەككىزدە (ياپونىيە ۋاقتى) ناگويياغا يېتىپ كەلمەكچى بولۇپ، بىزمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۈلگۈرۈپ ناگويا ئايروپورتىغا بېرىپ بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. بىز تسۇرۇگىدىكى پويىز بېكىتىنىڭ ئالدىدىكى بېلەت سېتىش ئورنىدىن ناگويياغا بارىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى سېتىۋالدۇق. بېلەت سېتىش تورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، خالىغان جايدىن ئالغىلى بولىدىكەن، ھەتتا تېلېفون ياكى كومپيۇتېر ئارقىلىق بېلەت زاكاز قىلىپ ئەكەلدۈرۈشكىمۇ بولىدىكەن.

1 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئەر - ئايال ئىككىمىز ناگويياغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۈگۈن بالىلىرىمىز بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈن بولغاچقا، ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەلگەندىن بېرى تۇرغان يېرىمىدىن تۇنجى قېتىم باشقا بىر يەرگە چىقىشىم بولۇپ، بەش ئايدىن بېرى تاتسۇنوكۇچى يېزىسىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ مىياتاكې، ئوكۇچى كەنتلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈردۈم. تەكرار تۇرمۇش مەشغۇلاتى، ئوخشاش مۇھىت روھىمنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ قويۇۋاتاتتى. بۇ قېتىملىق سەپەر ماڭا

تەبىئەتنىڭ جامالىنى ئاز - تولا كۆرۈش پۇرسىتىنى بېرەتتى. قىش ئېيى بولۇشىغا قارىماي، داغدام يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تاغلار ياپيېشىل ئىدى. بۇ يەردە قارلار چۈشكەن هامان ئېرىپ كېتەتتى. قارىغايلارنىڭ يوپۇرماقلىرى سوغۇقنى كۆرگەنسېرى ياشىرىپ كەتكەنىدى. قارىغايلارنىڭ ئارىسىدا باشقا دەرەخلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار يوپۇرماق تاشلاشقا باشلىغانىدى. بەزى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تىللا رەڭ تۈستە جىلۋە قىلاتتى. تاغنىڭ دەرەخ شالاڭ يەرلىرىدىكى يېشىل كوكاتلار سارغىيىشقا باشلىغانىدى. كۆز پەسلىگە ئۆزىگە خاس رەڭ بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىغان تۈرلۈك دەرەخنى باغرىغا ئالغان تاغ يىراقتىن قارىغاندا، ماش رەڭ تۈستە كۆرۈنەتتى.

مەنزىرە ئالماشسا كەيپىياتىمۇ ئالمىشىدىكەن. مەنزىرە دېمەك روھىي دۇنيانىڭ تاشقى ئىپادىسى. گەرچە ئالدىمىزدىكى بىر تۈپ دەرەخنى ياكى شەپەقتە تاۋلىنىپ تۇرغان دۆڭنى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھېچنېمە قىلالمىساقمۇ، سەزگۈلىرىمىزنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق مەنزىرىلەر بىلەن مەنىۋى جەھەتتە باغلىنىش ھاسىل قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن مەنزىرە بىزنىڭ بىر قىسمىمىزغا ئايلىنىدۇ. روھىي پائالىيەت تەكرارلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئىجادىيەت ئۇنىڭ تەبىئىي فۇنكسىيەسى، شۇڭا ئۇ ئۆزگىرىشچان مۇھىتنى كۆرگەندە جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇ تاپتا يېڭى، بىتەكرار مەنزىرە ئالدىدا كۆرۈش سەزگۈمنى ئىشقا سېلىش بىلەن لەززەت تېپىۋاتاتتىم.

بىز تۇرغان يەردىن ناگوياغا تەخمىنەن ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا بارغىلى بولاتتى. مۇشۇنداق قىسقا مۇساپىدىكى ئاپتوبۇستا ھاجەتخانا بولىدىكەن، ھاجەتخانا ئاپتوبۇسنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئاپتوبۇستا غەيرىي پۇراقلار يوق ئىدى. يولۇچىلار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلاشمايتتى. بەزىلىرى ئۇيقۇغا كېتىشكەن، بەزىلىرى ماتېرىيال كۆرمەكتە ئىدى. يولغا چىقىپ ئارىدىن تەخمىنەن بىر يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئاپتوبۇس يول ياقىسىدىكى بىر مەيداندا توختىدى. ئاپتوبۇس مۇلازىمەتچىسى بۇ يەردە ئون بەش مىنۇت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

توختايدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. بىز پەسكە چۈشتۇق. مەيداندا يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن بىرقانچىسى تۇراتتى، مەيداننىڭ چېتىدە تاللا ماگىزىن، ئۇنىڭ يېنىدا ئاممىۋى ھاجەتخانا بار ئىدى.

ھاجەتخانىنىڭ ئىچى يورۇق ۋە ئازادە بولۇپ، چاقچۇق تاملاردىن داغ دىدارىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىق پۇراقتىن تېخىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ياپونىيەدە يول بويىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتا سېلىنىدىكەن، قارىغاندا بۇ مەملىكەت بويىچە بىر فورمىدا ئومۇملاشقان بولسا كېرەك. ھاجەتخانىدا قەغەز، قول يۇيىدىغان سۇيۇق سوپۇن دېگەنلەر تەل ئىدى. ئادەتتىكى كىچىك كوچىلارنىڭ بويىدىكى ھاجەتخانىلاردىمۇ تازىلىق بۇيۇملىرى تولۇق ئىدى. ياپونىيەنىڭ ھاجەتخانا مەدەنىيىتىدە ئىنساننىڭ ھاجەتكە دائىر نازۇك ئېھتىياجلىرى تولۇق نەزەرگە ئېلىنىدىكەن ۋە ھۆرمەتلىنىدىكەن. ھاجەتخانا بۆلمىسىدە بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر ئەسلىھە بولۇپ، ئانىلار بوۋاقلىرىنى ئۇ يەرگە قويۇپ، خاتىرجەم تەرەت سۇندۇرالايتتى. ھەرقانداق ھاجەتخانىدا مەخسۇس مېيىپلەر ھاجەت قىلىدىغان بۆلۈمچە بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىشىكىگە مېيىپلەر ئورۇندۇقىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولىدىكەن. بۇنداق ھاجەتخانە كۆلچىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بالداق بېكىتىلگەن بولۇپ، توكۇر مېيىپلەر ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تەرەت قىلىدىكەن. ماگىزىنلارنىڭ لىفتلىرى ۋە ھاجەتخانىلىرىدا مېيىپلەر ئۈچۈن چوقۇم قولايلىق شارائىت ھازىرلىناتتى. بۇ بىر مۇستەھكەم تۈزۈم ئىدى. بىر دۆلەت مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى ئاجىزلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېتىبار بېرىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ياپونىيە ھاجەتخانىلىرىدا يەنە «ئانا ـ بالىلار بۆلۈمچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان خانىلار بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئانا ۋە بالىلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم بىر قاراپلا ئۇنداق خانىلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭدا چوڭلار ئىشلىتىدىغان كۆلچەك بولۇشتىن تاشقىرى كىچىك بالىلار ئىشلىتىدىغان ئەپچىل كۆلچەكمۇ بار، ئۇنىڭ

يېـــنىدىلا بـــالىلارنىڭ بويىغـــا لايىـــق قـــول يۇيـــۇش ئوقـــۇرى جايلاشتۇرۇلغان. بالىلار ئانىلىرىنى ئاۋارە قىلماي ئۆز ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى. ئۈرۈمچىدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ قانداقلىقى ھەممىگە ئايان. قىزىق يېرى، قول يۇيىدىغان جۇمەك تولا چاغدا بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، مانا بۇ پۇل ئالىدىغان ھاجەتخانىلارنىڭ ھالىتى.

دىيارىمىزدا ئۇزۇن سەپەرگە چىقساق، ئاپتوبۇس چۆلنىڭ خالىغان يېرىدە توختايدۇ، ئاياللار ئالچاڭلاپ مېڭىشىپ بىرەر دۆڭ ياكى چاتقالنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. بالىلار يول ياقىسىغىلا، ئەرلەر ئاپتوبۇسنىڭ كەينىگە قويۇپ بېرىدۇ. بۇ يەردە سۇ بولمىغاچقا، يولۇچىلار مەينەت قوللىرىنى يۇمايلا ئاپتوبۇسقا يېنىپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ قوللىرى بىلەن گازىر چاقىدۇ، ئالما، نەشپۈت، تۇخۇم سويۇپ يەيدۇ. ئادەملىرىمىزنىڭ مەينەتچىلىككە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچى ھەقىقەتەن يۇقىرى، خۇددى مىكروبلار بىلەن توختام تۈزۈشۈۋالغاندەك، مەينەتچىلىكلەر ۋاقتىنچە ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. بەلكىم ئۇلار مىكروبلار بىلەن تونۇشۇۋالغاندۇ.

ئاۋۋال ھاجەتخانىغا كىرىپ يەڭگىللىۋالدۇق، يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، تېتىكلىشىۋالدۇق. ئاندىن يان تەرەپتىكى ماگىزىنغا كىردۇق. بۇ يەردە يولۇچىلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، ماگىزىندا يەنە بىر تېز تاماقخانىمۇ بولۇپ، بىر ئىستاكان ئىسسىق سۈت ياكى قەھۋە بىلەن بىر ـ ئىككى تال پېچىنىنى يېيىشكە ئۈلگۈرگىلى بولاتتى. يول تۆپىسىدىكى ئون بەش مىنۇتلۇق بۇ ھايالداشتا يولۇچىلاردىكى تۆرلۈك ھاجەتنىڭ ھەممىسى راۋا بولاتتى.

يولنىڭ قارشى تەرەپتىكى قاسىنىقىدىمۇ مۇشۇنداق يۈرۈشلەشكەن ھايالدىما بار بولۇپ، ئۇنىڭدا قارشى يۆنىلىشتىكى يولۇچىلار توختاپ ئۆتەتتى.

ئون بەش مىنۇتلۇق ھايالداش ئاخىرلاشتى، يولىمىزنى مەنزىلىمىزى داۋاملاشتۇردۇق.

قاش قارايغاندا ناگوياغا يېتىپ باردۇق. بۇمۇ قاتناش يوللىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گىرەلىشىپ كەتكەن، بىكەت ۋە ۋوگزاللىرى قەۋەت - قەۋەت بىر شەھەر ئىكەن. بىكەتتىن چىقىپلا ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچۇر، تېخنىكا فاكۇلتېتىدا ئىشلەيدىغان پىروفېسسور، دوكتور مۇختار مەخسۇتقا تېلېفون قىلدىم. ئۇ گوما ناھىيەسىدىن بولۇپ، ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇغىلى ۋە ئىشلىگىلى يىگىرمە يىلدەك ۋاقىت بولغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئوقۇش، ئىزدىنىش ھاياتى ۋە قېرىنداشلىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن تەرىپىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ خانىمى ماھىنۇر شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا بىر يىللىق دەرس بەرگەنىدىم. ماھىنۇر ياپونىيەگە چىققاندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇغقان يوقلىدى. مەن ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلار سورۇنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدىم. ماھىنۇر سۆز - ھەرىكىتىنىڭ سىپايىلىقى، ئەدەپلىكلىكى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ سۇمباتلىق قىياپىتىگە ئۆزگىچە سالاپەت بېغىشلىغانىدى. مەن ئەنە شۇ چاغدىلا ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئادەم تەربىيەلەش جەھەتتىكى قۇدرىتىنى غۇۋا ھېس قىلغانىدىم. ماھىنۇر جەمئىيەتتىكى ئۇششاق ئىشلارنى مۇئەييەن مەسئۇلىيەتتە تۇرۇپ باھالايدىغان بولغانىدى، ئۇنىڭدا بۇرۇنقىغا نىسبەتەن روشەن كىرىزىس تۇيغۇسى يېتىلگەنىدى. ئۇ سورۇندىكى بىھاجەت چاقچاقلارغا زورمۇزور كۈلۈپ ئولتۇرمايتتى، سۆزلەرگە بولغان ئىنكاسى سوغۇققان ھەم ئەستايىدىل ئىدى. مەن ياپونىيەگە چىقىپ ماھىنۇر بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆزگەرگەن سىماسى كۆز ئالدىمدا ئەكس ئەتتى. ناگوياغا قاراپ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ماھىنۇر بىلەن سۆزلەشكەنىدىم، ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە بۈگۈن بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولماقچى ئىدۇق.

تېلېفون ئۇلاندى، قولىقىمدىكىسى مۇختار مەخسۇتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇختار ئەپەندى، سالامەتمۇسىز؟ مەن ئابدۇقادىر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوش كەپسىز، سىز ھازىر قەيەردە؟

— بىز ھازىر ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدا.

— ھازىر ئۆيگە بىرنەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. ئايروپورتقا سىلەرنى ئالغىلى باراي، سىلەر بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

— شۇنداق قىلايلى ئەمىسە.

ياپونىيەدەك تەكلىماكاندىن يىراق بىر يەردە بىر قېرىندىشىم بىلەن ئانا تىلىمدا سۆزلەشكىنىمدىن دىلىم يورۇپ كەتتى. كۆپ سانلىقنىڭ ئارىسىدا يورۇپ، تىلىم قىسىلىپ، دىلىم سىقىلغاندا: «ئەي خۇدا، بىزنىڭ سانىمىزنى نېمىشقا ئاز قىلدىڭ، بۇنىڭدا قانداق ھېكمىتىڭ بار؟» دەپ كېتەتتىم.

بىز باشقىلاردىن يول سوراپ، كوچا ئاپتوبۇسى ئارقىلىق ناگويا ئايروپورتىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز ماڭغان يوللاردا دەرەخ ئازدەك كۆرۈندى، ئايروپورتقىمۇ ئاخىر يېتىپ باردۇق. ھەر ھالدا كېچىكىپ قالمىدۇق. ئايروپورتنىڭ كۈتۈش زالى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. قاياقتىندۇر كەلگەن يولۇچىلار كۈتۈش زالىدىن چىقىشماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنزىللىرىگە تېنەپ ـ تەمتىرىمەي يول ئېلىشاتتى. ئاق تەنلىكلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار باشقىلارنىڭ شەھىرىدىمۇ كۆڭلى توق، ۋەزمىن مېڭىشاتتى. ياتلارنىڭ شەھىرىدە تەمتىرەيدىغانلاردىن دۇنيادا مەنلا باردەك ھېس قىلاتتىم. كۆزىمىز ئادەملەر چىقىۋاتقان ئىشىكتە ئىدى، ئادەملەرنىڭ تولىسى چىقىپ بولدى، بالىلىرىمىز تېخى كۆرۈنمەيتتى. مانا، ئۇلار ئاخىر كۆرۈندى، قىزىمىز بۇلبۇلناز ۋە ئوغلىمىز بابۇر بىر مۇلازىم قىزنىڭ يېتەكلىشىدە ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى، بىز ئۇلارنى يىراقتىنلا تونۇۋالدۇق، ئۇلارمۇ بىزنى كۆردى. مۇلازىم قىز ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى كىچىك ھارۋىغا بېسىپ، ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئۇلارغا قاراپ قولىمىزنى پۇلاڭلاتتۇق، مۇلازىم قىزمۇ بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەنلىكىمىزنى ھېس

قىلدى بولغاي، بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. مۆلازىم قىز بىزگە ياپونچە تەزىم قىلدى، بىزمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن تەزىم قىلدۇق. مەن بابۇرنى دەس كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم، بۇلبۇللىنازنى باغرىمغا باستىم. مۆلازىم قىز باللارنى بىزگە تاپشۇرۇپ، خوشلاشتى، بىز ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتۇق. دەل مۇشۇ ھاياجانلىق ئۇستىگە ئۇلار — مۇختار مەخسۇت، ئەنۋەر، كېرەملەر يېتىپ كەلدى. ئالدى بىلەن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئالدىمغا كەلگىنى كېرەم ئىدى (مەن ئۇنى تونۇمايتتىم، ئىسمىنى تونۇشقاندىن كېيىن بىلدىم)، ئۇنىڭ خۇشخۇي سالىمىدىن ئۇنىڭ تىلداش قېرىنداشىم ئىكەنلىكىنى دەرھال بايقىدىم. ئۇ قامەتلىك، ئاق سېرىق كەلگەن بىر يىگىت ئىدى. ئىچىمدە «بۇ مۇختار ئەمەستۇ» دەپ ئاززاق گاڭگىرىدىم. «مۇختار ئاۋۇ يەردە» دېدى كېرەم ئىچىمدىكىنى بىلگەندەك. يىراقتا ئېگىز، ئاق چاچلىق بىر كىشى تۇراتتى. بىز ئۇنىڭغا يېقىنلىدۇق، ئۇمۇ بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. ناتونۇش ساھىبخانىغا نىسبەتەن تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدىغان خۇدۇكسىرەش مەندىمۇ بولدى، لېكىن مۇختار ئەپەندى مەن بىلەن يوغان ئالقانلىرى بىلەن قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئېگىز ھەم تەمبەل ئىدى، كۆمۈش رەڭ چېچى بوغداي ئۆڭ چىرايىغا ئوبدان سىڭىشكەن بولۇپ، ئۇنى پاكىز، سالاپەتلىك كۆرسەتكەنىدى، چىراي ئىپادىسى سالماق ئىدى. ئەنۋەر بىزگە تونۇش ئىدى، ماڭلاي ۋە چوققا چاچلىرى چۈشۈپ، تاقىرلىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرا بوي بۇ يىگىت ئايالىمنىڭ شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى ئۆگەنگەن ۋاقتىدىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بولۇپ، ئېغىر - بېسىق ھەم كەم سۆزلۈكىدىن كىشىگە ئېرەنسىز كۆرۈنەتتى.

— ياپونىيەگە كەلگەن بەش ئايدىن بېرى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم بىلەن تۇنجى قېتىم دىدارلىششىم، — دېدىم مەن ئۇلارغا.

— سىلەر تۇرغان يەردە بۇرۇن بىر - ئىككى ئۇيغۇر بار ئىدى، ئۇلار ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەتتى، — دېدى مۇختار ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

ــ شۇنچە ئاۋات ياپونىيە ماشا چۆل ـ باياۋاندەك بىلىنىپ كەتتى. ياپونلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كىمنى كۆرسە، شۇنى ئۆيىگە باشلاپ يۈرمەيدىكەن. ئەھۋالىڭ قانداق، دەپ سوراپمۇ قويمايدىكەن. ئۇلار ئالدىراشلا يۈرىدىكەن، ــ دېدىم مەن.

ــ راسا ئۇيغۇرسىراپسىز ـ دە؟

ــ شۇ تاپتا بىر ئۇيغۇر كېلىپ مېنى ئۆز ئانا تىلىمدا تىللىسا، بۇ ماڭا چۆلدىكى يامغۇردەك ياقىدۇ.

ــ قىزىق گەپ بولدى بۇ، ــ دېدى كېرەم كۈلۈپ.

ــ ھۆكۈمران تىلدا ماختالغاندىن كۆرە، ئانا تىلىڭدا سۆكۈلسەڭ، شۇمۇ راھەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

ــ سىلەر ئەدەبىياتچىلارزە... ــ دەپ قويدى مۇختار ئەپەندى.

مۇختار بىردەم قىزىمنى، بىردەم ئوغلۇمنى ئەركىلىتىپ قوياتتى.

بىز ئايروپورتنىڭ سىرتىغا چىقتۇق، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ماشىنىغا باستۇق. ھەممىمىز مۇختار ئەپەندىنىڭ «كالا باش» ماركىلىق پىكاپىغا چىپپىدە كەلدۇق. مۇختار پىكاپنى ھەيدەۋېتىپ، ماھنۇرغا تېلېفون ئېچىپ، بىزنى ئېلىپ ئۆيگە ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ئاردا بولۇنغان پاراڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇختار ئەپەندى بىلەن ئەنۋەر ئەپەندى ئىككىسى بۈگۈن مۇسۇلمانلار دۇكىنىدىن گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، مەخسۇس بىز ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. توڭلىغان يۈرەكلىرىم بۇ گەپلەردىن ئېرىپ كەتتى. كوچىلار ماڭا مۈرەككەپ تۇيۇلدى، لېكىن ئەنۋەر ناگويا شەھىرىنىڭ ھەربىر خالتا كوچىسىنى پىششىق بىلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ ئەنۋەر، بۇ شەھەرنى قالتىس چۈشىنىدىكەنغۇ، ــ دېدىم مەن.

ــ ئەنۋەرنىڭ ئىشلىمىگەن زاۋۇت ـ دۇكانلىرى قالمىدى، ــ دېدى مۇختار چاقچاق تەلەپپۇزىدا.

ــ ياشايمەن دېسەڭ، جىق نەرسىنى ئۆزلۈكۈڭدىن بىلىپ كېتىدىكەنسەن، ــ دېدى ئەنۋەر ئورنىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com



ئەنۋەر دوكتورلۇقتا ئوقۇۋېتىپتۇ، ئۇ بۇ ئوقۇشنى كېلەر يىلى تاماملايدىكەن. كېرەم شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بولۇپ، يۇرتى كورلا ئىكەن. ئۇ بوتانىكا بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ناگويادا تاماملاپ قايتىپ كەتكەنىكەن، بۇ قېتىم يېرىم يىللىق تەتقىقاتقا كەپتۇ. كېرەم خۇشخۇي، پاراڭخۇمار ئىدى.

مۇختار ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەنلا تونۇش ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىقىمىزغا ئۇرۇلدى. ماھىنۇر بىزنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئىچكىرىگە باشلىدى. قازان بېشىدا يەنە ئىككى ئايال ئاۋارە ئىدى، ئۇلار ئالدىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن سالاملاشتى. ئۇلارنىڭ بىرى «پايىنەك ئەنۋەر»نىڭ ئايالى جەمىلە ئىدى، يەنە بىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان شائىر مۇختار مەخسۇتنىڭ ئىنىسى مەخمۇتجاننىڭ ئايالى ئىدى. مەخمۇتجان مۇشۇ شەھەردە ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۈگۈن جىددىي ماقالە تەييارلاش ئىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلەلمىگەنىدى. ماخمۇتجاننىڭ ئايالى پاتىگۈل ماھىنۇرنىڭ سىڭلىسى ئىدى.

بىز تۆردىن ئورۇن ئالدۇق، دۇئاغا قول كۆتۈردۇق، سالاملاشتۇق، ئەھۋاللاشتۇق. ماھىنۇر داستىخان سېلىپ، ئالدىبۇرۇن تەييارلانغان مەزەلەرنى تىزدى، دۇخوپكىدا پىشۇرۇلغان ئۇيغۇرچە توقاچلار ئالدىمىدا پەيدا بولدى. «ئاھ، ئۇيغۇر نانلىرى، ئۇيغۇر نەدە بولسا، سەنمۇ شۇ يەردە» دېدىم ئىچىمدە. كۈنجۈتلۈك توقاچ داستىخانغا بۆلەكچىلا ياراشقانىدى. بىز چاي ئوتلىغاچ پاراڭلىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. ئاياللارنىڭ قازان بېشىدىكى ھەرىكىتى جىددىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى، قىڭراقنىڭ دۆشىگە تەگكەندىكى ئاۋازى يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ مېھرىنى ئەسلەتتى. ئۆي ئىشى قىلىۋاتقان ئايال ئاجايىپ سۆيۈملۈك بولىدۇ. شۇ تاپتا ياقا يۇرتلاردا ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەلۋەكچىلىك ھاردۇقۇمنى ئالماقتا ئىدى. ئاياللار جەمىلەنى قازان بېشىغا ئۆتكىلى قويمىدى. بالىلار بىردەمدىلا

بىر - بىرىگە كىرىشىپ ئويناشقا باشلىدى. بەلكىم ئوغلۇم بابۇر دۇنيانىڭ ھەممە يېرى ئۇيغۇرنىڭ ئۆيى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. دېمىسىمۇ، بىز ئولتۇرغان بۇ ئۆي دۆڭكۆۋرۈكتىكى قايسىدۇر بىر ئۇيغۇر ئۆيىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

ماھىنۇر داستىخاننى بىكارلاپ، ئالدىمىزغا پولۇ ئەكەلدى، ئارقىدىن چۆچۈرە، ئارقىدىن ھەر خىل قورۇما... مۇختارنىڭ كىچىك قىزى چۈچۈرە يەۋېتىپ، قىيمىنىڭ سۈيى جاۋغىيىغا چاچراپ كېتىپ، «ئىتاي» دەپ يىغلاپ كەتتى. ھەممىمىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. «ئىتاي» دېگىنى «كۆيۈپ كەتتى» دېگىنى ئىدى.

ئاياللار بىر بۇلۇڭغا يىغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشتى، بىز ئەرلەر جەمئىيەت، مائارىپ ۋە ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. مۇختار ئەپەندى مەندىن يۇرتىمىزدا كىشىلەرنىڭ قايسى خىل كەسىپلەرنى بەك ئارزۇلايدىغانلىقىنى سورىدى. مەن كومپيۇتېرنى چوڭ بىلىدۇ، دېدىم.

— ئېھتىياج بولمىسا، كومپيۇتېرنى ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى مۇختار ئەپەندى، — كومپيۇتېر، دەرۋەقە ئالاقە ئىشلىرىدىكى ئىلغار ۋاستە. لېكىن ئۇ ئۆيگە ياكى ئىشخانىلارغا تىزىپ قويسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئۆزىدىنمۇ يۇكسەك بولغان ئادەمنىڭ ئىشلىتىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. كومپيۇتېرنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئۈچۈن بىلىم ۋە ئۇچۇرنىڭ ئالمىشىشى راۋانلاشقان ھەم تاۋارلاشقان ئىجتىمائىي سىستېما، كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر جەھەتتىكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان قانۇن بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا كومپيۇتېرغا بولغان ھەقىقىي ئېھتىياج كېلىپ چىقىدۇ، ئۆگىنىشمۇ ئومۇملىشىدۇ، بولمىسا، كومپيۇتېر خۇراپىيلىشىدۇ.

گەپ بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپكە كۆچتى، مەن ئۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ماشىنىسىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك پىسخىك ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بەردىم.

— ئۇ يەردە تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەملەرنىڭ بارلىقى ئېنىق، — دېدى مۇختار ئەپەندى، — ئۇنداق چەت جايغا پۇلنى كۆزلىگەن ئادەملا كۆنىدۇ، لېكىن جەمئىيەتتە كىشىلىك ھېسسىيات، تۇرمۇش دېگەندەك نەرسىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياپونلارمۇ كۆپ.

— بىز تۇرۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئۆگىنىش شارائىتى ياخشى، ئەمما ئۇ يەر بەئەينى تىرىكلەر قەبرىستانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان قىزغىن ھېسسىيات، دوستانىلىق، قايناق مەدەنىي تۇرمۇش يوق. ھەممە ياق تىمتاس... پىژغىرىم ئاپتاپ ياكى ئاپپاق قار، مەيدانلاردا ماشىنا...

بىز ياپونلارنىڭ خىزمەت ۋە تەتقىقاتلاردىكى ئىنچىكىلىكى ھەققىدە توختالدۇق.

— ياپونلار ئازراق قىتىغۇر كېلەمدۇ ـ نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن مۇختار ئەپەندىدىن.

شۇنداق، ئۇلار ئۇزىدىن تۆۋەن ئادەملەرنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش كېرەك.

— مۇنداق دەڭ. ئۇنداقتا، ھەممە يەردە «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن ـ دە؟

— ئادەم دېگەنغۇ شۇنداق نېمە.

— ياپونلارنىڭ مەدەنىيلىكىنى نىسپىي چۈشەنسەك بولىدىكەن ـ دە.

مۇختار ئەپەندىنىڭ ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقىنىغا 18 يىلدىن ئارتۇق بولغانىدى، بۇ 20 يىلغا يېقىن دېگەن گەپ. ئۇ ھەپتە ئارىلىقىدا ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس بېرىدىكەن ھەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ھەپتە ئاخىرىدا توكيوغا بېرىپ باشقا بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاچقان كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىكەن.

— بۇ ئاسان ئەمەس، — دېدىم مۇختار ئەپەندىگە، — يۇرتىمىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا سىز توغرۇلۇق ئازراق گەپ بولۇندى. سىزنى

خەلقىمىزگە مۇكەممەل تونۇشتۇرۇش لازىم ئىدى.

مۇختار بۇ گېپىمگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش قىممىتى بار ئىش بولمىسا كېرەك. ئۇ داۋراڭنى خالىمىسا، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ قېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىسىز بولسا كېرەك. بۇ، ياپونلاردىكى پىسخىكا بىلەن مەلۇم جەھەتتە ئوخشاش ئىدى.

— ۋەتەنگە قايتىدىغان نىيىتىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم مۇختار ئەپەندىدىن.

— بۇ يەردە بالىلىرىمىز ئوقۇۋاتىدۇ، — دېدى مۇختار ئەپەندى، — ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزمىگۈچە قايتىپ كېتەلمەيمىز. لېكىن يۇرتىمىزغا ئۆي سېلىپ قويدۇم، بۇ دېگەن ھەر زامان قايتىشنىڭ تەييارلىقى.

— مۇختار ئەپەندى بارسا، ئۇنىڭغا لايىق تەتقىقات شارائىتى ھەم مەبلەغ بولۇشى كېرەك، — دېدى كېرەم ئەپەندى، — بولمىسا بىكارچى ئادەم بولىدۇ.

— توغرا، تېخنىكا پەنلىرىنى شۇئار توۋلاپ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

— ئۇ يەردە مۇناسىۋەت قابىلىيەتتىن مۇھىم ئىكەن، — دېدى مۇختار ئەپەندى، — ھەر قېتىم ۋەتەنگە بارسام، شۇنى ئېنىق ھېس قىلىمەن. ئادەمنىڭ زېھنى مۇناسىۋەت ئۈچۈن سەرپ بولۇپ، چارچاپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن. مۇناسىۋەتكە ئۇستا، قوۋۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قابىلىيەت ئىگىلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن. مۇشۇ ئىش ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ.

— ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى ئەمەلىيەتتە زامانىۋى كۆڭ يىجى، — دېدىم مەن.

— بۇ يەردە، — دېدى مۇختار ئەپەندى ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەندەك ئاددىي پۇقراغا مۇمكىن بولمىغان ئىش بىرەر كاتتا ئەمەلدارغىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلدارلارغا مۇمكىن بولغان ئىشلار ماڭىمۇ مۇمكىن. ئاردا قېيىنئاتامنى داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



بىر دوختۇرخانىغا ئاپاردۇق. داۋالاش ھەققى تاپشۇرغاندىن سىرت، دوست - ئاغىنە دەپ يۈرۈشكەن دوختۇرلارغىمۇ زىياپەت ۋە سوۋغات بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن.

— جۇڭگودا بەزى كىشىلەر دوختۇرلارنى «ئاق خالاتلىق چىلبۆرە» دېيىشىدىغان بولدى، — دېدىم مەن، — بۇ تېببىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا نىسبەتەن بىر ئىنكاس. بۇرۇن ئۇلارنى خەلق «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دېيىشەتتى.

— پۇل قىممەت قاراشنى بېسىپ كەتتى، دوختۇرلار ئۆزلىرى ساغلام بولسا بولاتتى، — دېدى كېرەم.

— دوختۇرلار كېسەللەرنىڭ سىماسىدىن ئۇنىڭ ئىنسانىي ئازابىنى كۆرسە بولاتتى، لېكىن ھازىر پۇلنى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدىم مەن.

ئارىمىزدىكى پاراڭلار ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ نەق ئىنكاسى ئىدى. ئادەم بۇنداق تېمىدا پاراڭلاشقانسېرى خىيالغا چۆكۈپ كېتەتتى. بۇرۇنقى ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئاجىز ئىدى، ھازىرقى ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قېلىشتى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئىنسان بۇتنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇندى. ئۇ يەنە پۇلنى كەشىپ قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا چوقۇندى. ئىنسان ئىنسانغا باتىل، ئىنسان ئىنسانغا قاتىل، بۇ نېمە ئىش؟ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ھەققە مايىل، لېكىن ئۇنىڭ ھازىرقى پىكرى ماددىغا قايىل. ئۇ مۇشۇ زىددىيەتنىڭ ئىچىدە تېپىرلايتتى.

تەستە تېپىشقان قېرىنداشلارنىڭ پارىڭى تۈن تەڭگىچە داۋاملاشتى. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ، ۋاقىتتا ئۇيغۇرچە مۇئامىلە قىلدۇق، ۋاقىت بۇ ئاخشام بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئۆتتى. ھەممىمىز مۇختار ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدۇق.

ئەتىسى مۇختار ئەپەندىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر ئوغلىنىڭ يىغىسى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم، ۋاقىت تېخى ئەتىگەن

ئىدى. ئەسلىدە ماھىنۇر ئوغلىغا «Gyudun» دەيدىغان ياپونچە تاماقنى قىلىپ بېرىشنى تۇنۇگۈنلا ۋەدە قىلغانىكەن. ئوغۇل ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ، دەپ خاپا ئىدى. ياپونچە تەربىيە كۆرگەن بالىلار «ۋەدە» نى چىڭ تۇتاتتى، «ۋەدە» دە تۇرمىغانلارنى كەچۈرمەيتتى. «Gyudun» بىر خىل ياپونچە تاماق بولۇپ، پىياز ئارىلاش قورۇلغان كالا گۆشىنى گۈرۈچكە قوشۇپ يەيدىكەن. بالىلار مەكتەپلەردە بېرىلىدىغان ياپونچە تاماقلارغا كۆنۈپ كېتىپ، ئۆيدە ئېتىلگەن ئۇيغۇرچە تاماقلارنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇيغۇرچە تاماقلارنى بەك مايلىق دەپ قارايدىكەن.

ــ يىغلىما، يەيدىغان نەرسە ئۇچۇنمۇ يىغلامسەن؟ ــ دېدى مۇختار ئەپەندى ئوغلىنى دوقۇسلاپ، ــ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

بالا يىغلاۋەردى. مۇختار ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، ماگىزىندىن ئەكىرىپ يېيىشنى تاپىلىدى. بالا بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئامراق نەرسىسىنى ئەكىرىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا بۆلەكچە لەززەت ۋە رازىمەنلىك تەپتى. ئۇ ھېلىلا سالغان پاراكەندىچىلىكىنى تېزلا ئۇنتۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان كىرەم ئەپەندى بىلەن خۇشال ـ خۇرام پاراڭ سېلىشتى.

ماھىنۇر ئەتىگەندىلا قازان بېشىغا ئۆتۈپ بىر توخۇنى دۆشىنىڭ ئۈستىگە ئالدى. بىز ئۇنى توسۇۋالدۇق.

ــ كۇنجۇت توقىچىڭىز بىلەن سۈت بولسىلا بولدى، ــ دېدىم مەن ماھىنۇرغا، ــ ئەتىگەندە گالدىن قورۇما ئۆتمەيدۇ.

ماھىنۇر ئۇيغۇرچە ناشتىلىق تەييارلىدى. ئۇ ياپونىيەگە يېڭى چىققان چاغلىرىدىكى ياتسىنىشلىرى ئۈستىدە گەپ قىلىپ بەردى. ئۇ ئۆيدىكى غېرىبلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، تالاي قېتىم يىغلاپ تاشلىغانىكەن. مانا ئەمدى ئۇ كۆنۈپ كېتىپتۇ. ياپونچىنى بىر ئوبدانلا سۆزلەيدىكەن، بىكار چاغلىرىدا كۇرسلارغا بېرىپ چاچ ياساشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس لاتاپەت، مېھىر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كۆيۈمچانلىق بىلەن ياپون ئاياللىرىغا خاس تىرىشچانلىق بىرىكىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە داۋالىنىۋاتقان دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ، كۆزىگە ياش ئالدى، بىز ئۇنىڭغا تەسەللى بەردۇق.

ــ دادام ئاجايىپ مەزمۇت، خۇش پېئىل، كۆڭۈلچەك ئادەم ئىدى، كېسەل ئۇنى بوزەك قىلىپ كەتتى، ــ دېدى ماھىنۇر ئاۋازى تىترەپ.

ئايال كىشى ئەرگە سادىق، دادىغا مېھرىبان بولسا، ئادەمگە بۆلەكچە ئىللىق تۇيغۇ بېرىدۇ. ماھىنۇر ياپونىيەدە ئون يىلغا يېقىن تۇرغان بولسىمۇ، تېپىك ئۇيغۇر قىزىغا خاس خاراكتېرىنى يوقاتمىغانىدى.

مۇختار ئەپەندى ياپونىيەدە 20 يىل تۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇر مىجەزىنى قەتئىي يوقاتماپتۇ. ئۇ كېسىپ گەپ قىلاتتى، ئادەمگەرچىلىك، غۇرۇر، سېخىيلىق ئۇنىڭ پەزىلىتى ئىدى. ئۇ شۇنچە يىل داۋامىدا ئۆزىدىن كېيىن ياپونىيەگە چىققان ھەربىر قېرىندىشىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى، ئۇلارغا ئىش تېپىپ بەردى، ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر ۋە كەسىپلەرنىمۇ ئۇقۇشۇپ بەردى. ئۇ يېڭى كەلگەن قېرىنداشلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىشتا پائالىيەتچان ھەم قىزغىن ئىدى. بەزىلەر ئازراق بىلىم ئېلىپ، ئەۋزەل خىزمەت شارائىتىغا ئېرىشسە، ئۆز قوۋمىدىن يىراقلاپ، ئۇلارنى كۆرسە چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن مۇختار مەردانە ئۇيغۇر ئەركەك ئىدى، تۇرقىدا دېھقان يىگىتلىرىگە خاس تۈزلۈك ۋە زىيالىيلارغا خاس ئىلمىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

مۇختار ئەپەندى ئەتىگەندە ئىشقا ئۇلگۇرۇپ مەكتەپكە كەتتى. چۈش بولغاندا ماھىنۇر بىزنى پىكاپى بىلەن بېكەتكە ئۇزىتىپ چىقتى. ئوغلۇم بابۇر ئۇنىڭ كىچىك قىزى بىلەن خېلى ئۆزلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بىركۈن ئىچىدە «تانوشى» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى ئۆگىنىۋاپتۇ، بۇ «خۇشال ـ خۇرام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

بىز ناگويادىن كانازاۋاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۆيگە كەلگەندىن

كېيىن بالىلارنى يۇيۇندۇردۇق ۋە كىيىندۇردۇق، ئۆزىمىزمۇ يۇيۇنۇپ ئارام ئالدۇق. ئىككى كۈن ئىچىدە بالىلارنى مەكتەپ ئەتراپىدىكى ماگىزىن ۋە كوچىلار بىلەن تونۇشتۇردۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇلبۇلنازنى باشلانغۇچ مەكتەپكە، بابۇرنى بالىلار باغچىسىغا ئەۋەتتۇق.

بۇلبۇلنازدا تىل قىيىنچىلىقى بولغاچقا، مىياتاكېدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىغا بېرىشنى لايىق تاپتۇق. تۈزۈم بويىچە ئۇنىڭ يېشىمۇ شۇنىڭغا لايىق ئىدى. مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىشلارنى جەمىلە قىلدى. ئۇ بۇلبۇلنازنى باشلاپ، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، سۆھبەت ۋە رەسمىيەتلەر يىگىرمە مىنۇت ئىچىدە پۈتۈپ، قىزىمىز ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارسا بولىدىغان بوپتۇ. بىر ئايلىق تاماق ئۈچۈن 2000 يېن (140 يۈەن ئەتراپىدىكى خەلق پۇلى) تاپشۇرۇپتۇ، ياپونىيە شارائىتىدا بۇ يوق ھېسابىتىكى پۇل ئىدى، قالغان ھەقلىرىنى ھۆكۈمەتتىن بېرىدىكەن.

بۇلبۇلناز ئەتىسىدىن باشلاپ ياپون بالىلار بىلەن بىللە باشلانغۇچ مەكتەپ 6 - يىللىقىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىماقچى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ ياپونچە ئۇقمايدۇ، ئەتىكى مۇھىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تامامەن يات ۋە نامەلۇم. ئۇ قاتتىق روھىي بېسىمدا قالغانىدى، بىز ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردۇق. جۇڭگولۇق بىر قوشنىمىزنىڭ جاڭ شەن ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، ئۇمۇ مىياتاكې باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيتتى، ئەتىسى بۇلبۇلنازنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويدۇق، خەنزۇ تىلى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستە ئىدى. بۇلبۇلناز بىراقلا كەچتە قايتىپ كېلەتتى.

كەچتە ئۇنىڭ ئاغزىدىن نېمىلەرنى ئاڭلايمىزكىن، بۇ بىز كۈتۈۋاتقان بىر قىزىقارلىق ئىش ئىدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئىشتىن ھەيران قاپتۇ، تۈنۈگۈن ئۇ ئىشخانىدا كۆرگەن مەكتەپ مۇدىرى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ھەربىر ئوقۇغۇچىغا تەزىم قىلىپ، «خەيرلىك

www.uyghurkitap.com



سەھەر» دەيدىكەن. بۇلبۇلنــاز تۇنۇگــۇن دېيىشــىپ قويۇلغــان ۋاقىــت توشقاندا، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپتۇ. مۇدىر سىنىپ مۇدىرىنى چاقىرىپ، بۇلبۇلنازنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرگەندە ئۇ يەردە بىر پەگاھ بولۇپ، ئاياغلار سېلىنىپ، ياندىكى ئاياغ قويىدىغان ئىشكاپقا قويۇلىدىكەن. ئاندىن يۇمشــاق ئىسپــورت ئــايىغى بىلــەن ئوقۇتــۇش بىناســىنىڭ ئىچىگــە كىرىدىغــان ئىــش ئىكــەن. كــارىدور ۋە سىنىپــنىڭ تېگىگــە سۇنئىي توقۇلمــىلار سېلىنغان بولــۇپ، ئىنتــايىن پــاكىز ئىكــەن. كومپيــۇتېر ئۆيى، پائالىيەت ئۆيى، چالغۇ ئۆيى، داۋالاش ئۆيى، چېنىقىش ئۆيى، قىرائەتخانا دېگەنلەرگە بېۋاستە ئاشۇ يۇمشاق ئىسپورت ئايىغى بىلەن كىرىدىكەن. بۇلبۇلناز سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىنىپقا كىرگــەندە، ساۋاقداشــلار قارشــى ئــېلىش تــەييارلىقىنى ئــاللىبۇرۇن قىلىــپ قويغانىكــەن. ســىنىپ مۇدىــرى ئۇنىڭدىــن «ئىنگــلىزچە سۆزلىيەلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ، بۇلبۇلنــاز «ئــازراق» دەپ جــاۋاب بېرىپتۇ. دوسكىغا چوڭ قىلىپ بۇلبۇلنازنى قارشى ئېلىش سۆزى يېزىلىپتۇ، ئوقۇتقۇچى بۇلبۇلنازنى ساۋاقداشلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ. ئارقىدىنلا «بىر مىنۇتلۇق نۇتۇق» پائالىيىتى باشلىنىپ كېتىپتۇ. ساۋاقداشلار بىر مىنۇت ئىچىدە قاچان، قەيەردە نېمە ئىشلارنى يولۇقتۇرغان، قانداق يولۇقتۇرغان، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە، سەۋەب ۋە نەتىجىسى نېمە، ئۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالدى، دېگەن مەسىلىلەر بويىچە بايان قىلىدىكەن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆزىتىش، بايقاش، تەھلىل قىلىش، ئىپادىلەش ئىقتىدارى سىناق قىلىنىدىكەن. ساۋاقداشلار ئۇنى باھالايدىكەن ۋە مۇھاكىمە قىلىدىكەن. يەنە مەخسۇس سىنىپ گېزىتى بولۇپ، گېزىتكە جۇڭگودىن كەلگەن بۇلبۇلناز ھەققىدە ئالاھىدە خەۋەر بېرىلىپتۇ.

بۇلبۇلنازغا مەخسۇس بىر ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ بۇلبۇلنازنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇنبەردىكى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئىما ـ ئىشارە دېگەندەك ھەر خىل يوللار بىلەن

ئۇقتۇرىدىكەن ۋە چۈشەندۈرىدىكەن. ئۇ ئاساسەن تىل ئۆگىتىشكە مەسئۇل ئىكەن. كېيىن ئۇقساق، ياپونىيەنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىدا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس يېتەكچى ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بېرىدىغان ئىشلار بىر قائىدە ئىكەن.

ئىككىنچى كۈنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بۇلبۇلنازغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 6 - سىنىپنىڭ رەسمىي ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياردەمچى ئوقۇتقۇچى مۇراكىتا خانىمنىڭ كونكرېت يېتەكلىشى بىلەن ياپون تىل مۇھىتىغا تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. سىنىپ مۇدىرى كوزاكا خانىممۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى. مەكتەپ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر خاتىرە دەپتەر مېڭىپ تۇراتتى، سىنىپ مەسئۇلى كوزاكا خانىم بۇلبۇلنازنىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىنى يېزىپ، بىزگە يوللايتتى، مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ ھەر خىل ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۇقتۇراتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا شۇ بويىچە ماسلىشاتتۇق. دەل شۇ خاتىرە دەپتەرگە بۇلبۇلنازنىڭ ئائىلىدىكى ئەھۋالىنى يېزىپ، كوزاكا خانىمغا يوللاپ بېرەتتۇق. بۇ خاتىرە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلبۇلنازنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆگىنىشى ھەققىدىكى ئارخىپقا ئايلىناتتى.

بۇلبۇلنازنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەكتەپتە ھەر خىل قۇش، توشقان، بېلىق دېگەندەك ھايۋانلار بېقىلىدىكەن، بالىلار تەنەپپۇس ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئوينايدىكەن. مەكتەپتە ئىككى سۇ ئۈزۈش كۆلى بار ئىكەن. سىنىپتا مېيىپ بالىلار يېتىپ تۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغان مەخسۇس كارىۋات بار ئىكەن. مېيىپ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان مەخسۇس ئادەم بولىدىكەن.

چۈشلۈك تاماق سىنىپتىلا يېيىلىدىكەن. نۆۋەتچى ئوقۇغۇچى تاماقنى ئاشخانىدىن بىر تۇتاشلا ئەكېلىپ ساۋاقداشلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار تاماقلىرىنى لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۆملۈك بىلەن يېيىشىدىكەن.

مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسىدە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ئۇششاق

www.uyghurkitap.com

يېمەكلىكلەرنى ئەكەلمەسلىكى كېرەك ئىكەن، لېكىن مۇراكىتا خانىم بۇلبۇلنازغا يېمەكلىك ۋە چايلارنى بېرىپ تۇرىدىكەن.

ياپونىيە مائارىپىدا ئوقۇغۇچىلار قانچىلىك نەرسە بىلسە، ئۇنى ئىشلىتىشى كېرەك ئىدى، ئىشلىتىشتىن ئۆتمىگەن بىلىم ھەقىقىي بىلىم ئەمەس ئىدى. بۇلبۇلناز مەكتەپكە كىرىپ، تەخمىنەن ئون بەش كۈن ئۆتكەندە بىر مىنۇتلۇق ياپونچە نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇنىڭدىن بىزمۇ ھەيران قالدۇق. بۇ چاغدا ئۇ كاتاكانا ۋە خىراگانا يېزىقلىرىنى ئىگىلەپ بولغانىدى؛ خەنزۇ تىلى ئاساسى بولغاچقا، بىر قىسىم كانجى (汉字 — خەنزۇچە خەت) لارنىمۇ تونۇپ قالغانىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ياردىمىدە بىر مىنۇتلۇق نۇتۇقنى تەييارلاپ، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئوڭۇشلۇق سۆزلەپ تۈگەتتى. ئۇ نۇتقىدا ئاپىسى بىلەن بىرلىكتە تۈگرە ئەتكەنلىكىنى، بۇ تۈگرىنىڭ ئىنتايىن ئوخشىغانلىقىنى، ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىشنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.

بىر ئاي ئۆتكەندە كوزاكا مۇئەللىم بىر تاپشۇرۇق بەرگەنىدى، ئۇ جۇغراپىيەگە دائىر تاپشۇرۇق ئىدى، تەلەپ ئۆزى ياقتۇرىدىغان دۆلەتنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئوقۇغۇچى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىشى، كېرەكلىك مەزمۇنلارنى مۇستەقىل تاللاپ، دەل جايىدا ئىشلىتەلىشى، ماقالىنىڭ شەكلىنى ئۆزى لايىھەلەپ، مەسىلىنى ئۆزى ھەل قىلالىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەسىلىنى تاللاش، تەكشۈرۈش جەريانىنى بىكىتىش، ئۇسۇل تاللاش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي قابىلىيەتنى تەلەپ قىلاتتى. بۇلبۇلناز ئىلگىرى بۇنداق تەلەپتە تەربىيەلەنمىگەچكە، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— ياپونىيە ھەققىدە يېزىڭ، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى بۇلبۇلناز تەئەججۈپ بىلەن، — سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياپونلار تۇرسا، ئۇلارغا ياپونىيە ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بىرىشىم كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

– ياپونىيە ھەققىدە ئۇلار بىلىدىغان بىلىملەرنى يېزىپ ئولتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، – دېدىم مەن بۇلبۇلنازغا، – سىز ئۆزىڭىز كۆرگەن ۋە چۈشەنگەن ياپونىيەنى يېزىڭ، ساۋاقداشلىرىڭىز چوقۇم سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ياپونىيەگە قىزىقىدۇ.

– ساۋاقداشلىرىڭىزغا ياپونىيە ھەققىدە گەپ قىلىپ بېرىشىڭىز ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت، – دېدى ئاپىسى.

بۇلبۇلناز مەسلىھەتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئاپىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ياپونچە تور بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ، ياپونىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى، تارىخى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇ بۇ بىلىملەرنى ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى بىلەن قوشۇپ، بەش مىنۇتلۇق بىر پارچە نۇتۇق سۆزى يېزىپ چىقتى. ئۇ بۇ نۇتۇقنى سىنىپتا سۆزلىگەندە، ئاتا - ئانىلارمۇ بار ئىدى، چۈنكى ئاتا - ئانىلار ئۆزى خالىغان چاغدا سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلىسا بولاتتى. سىنىپلارنىڭ، مەكتەپنىڭ ئالاھىدە پائالىيەتلىرىگە ئاتا - ئانىلارمۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدىكەن، بۇنداق پائالىيەتلەرمۇ پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. بۇلبۇلناز ئۇ كۈنى ئۆز - ئۆزىدىن رازى بولۇپ، مەكتەپتىن خۇشال قايتىپ كەلدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ياخشى باھا بەرگەنىدى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ياپون تىلىدا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى تەبرىكلىگەنىدى. بۇلبۇلناز كېيىنچە سىنىپنىڭ تازىلىق ھەيئىتى بولدى، ھەتتا مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق تەنتەربىيە پائالىيىتىدە رىياسەتچىمۇ بولدى. ئۇ بۇ كۈنى پۇتكول ئوقۇغۇچىلارغا ئەتلەس كۆڭلەك، چىمەن دوپپا كىيگەن ھالدا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. پائالىيەتتە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى ساۋاقداشلار ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

بۇلبۇلناز مەكتەپتىن سائەت تۆتتە قايتاتتى، تاپشۇرۇقلىرىنى بىرەر سائەت ئىچىدىلا ئىشلەپ بولاتتى، قالغان ۋاقىت ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولاتتى. ئۇ ئەسلىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 -

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونىيەدىكى باشلانغۇچ 6 ـ يىللىقىنىڭ بىر قىسىم ماتېماتىكا مەسىلىلىرىنى ئىشلىيەلمەي قىينىلاتتى. ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرى ئاخشىمى ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت ئون بىرلەردىمۇ تۈگىمەي قالاتتى. لېكىن ياپونىيە مەكتەپلىرىدە باللار تاپشۇرۇقلىرىنى بىرەر سائەت ئىچىدىلا ئىشلەپ بولىدىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش جەھەتتە بۇلبۇلنازدىن ياخشى ئىدى. ياپونىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكى ئابستراكت ھېسابلاش ئىپادىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشقا يىلتىزلانغان كونكرېت مەسىلىلەر بىلەن تولغانىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزى ئىپادە تۈزۈپ، ھېسابلايدىكەن. بۇلبۇلناز تەييار ئىپادىلەرنى ھېسابلاشتا ياخشى بولغىنى بىلەن، تۇرمۇشتىكى ماتېماتىكىغا كەلگەندە ئاجىز ئىدى. مانا بۇ بىزدىكى جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشتىن يىراقلاشقان تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسى. بىزدىكى مائارىپ باللارنى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر ۋە ئېغى بىلەن بېغى يوق پالاكەت تاپشۇرۇقلارغا مەھكۇم قىلىۋەتتى. باللارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى تورمۇزلىنىپ، تاپشۇرۇققا تاقابىل تۇرىدىغان تەكرار پائالىيەت شەكلىگە كىرىپ كەتتى.

بۇلبۇلنازلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات دەرسلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار يوپايكا توقۇيتتى، پىچىپ قوييۇلغان رەختلەردىن سومكا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى تىكەتتى، مۇزىكا دەرسىدە ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزى بىلگەن چالغۇدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاھاڭنى ئورۇنلاپ مەشىق قىلاتتى. «مەن ھېچنېمە قىلالمىدىم. قوللىرىم پىيانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە كالۋالىشىپ كەتتى، ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دېدىم» دېدى بۇلبۇلناز بىركۈنى دومسىيىپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى قانداق چۈشىنىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھە دېسىلا دومسىيىپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇقتىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرۇشلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. باللار بىكار ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز باللارغا ئۇنداق ئىمكانىيەتنى بەرمەيدۇ. جۇڭگو مائارىپىدا قابىلىيەت دېمەك، ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىركۈنى بۇلبۇلناز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روبوت ئىت (ماشىنا ئىت)تىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ باتارېيەنى سېلىپ كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، روبوت ئىت ھاۋشىغىنىچە ئۆينىڭ ئىچىنى بىر كېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن ھەم ھەيران قالدۇق، ھەم سۆيۈندۇق. تېخىمۇ ھەيران قالغىنىمىز ئۇنىڭ سائەت ياسىغىنى بولدى. ئۇ ئۆزى ياسىغان سائەتنى بىزگە كۆرسىتىۋىدى، ئۇنىڭ ياسىغىنىغا ئىشەنمەيلا قالدۇق. سائەتنىڭ ياغاچ رامكىسى خورما رەڭگىدە سىرلانغان بولۇپ، نەپىس گۈللىرى خېيمۇ ياراشقانىدى. بۇ بىز ماگىزىنلاردا كۆرىدىغان سۆلەتلىك سائەتلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. كېيىن بۇ سائەتنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كەلگىنىمىزدە پوچتا خادىملىرى يۈك - تاقلىرىمىزنى قالايمىقان تاشلاپ يۈرۈپ، سائەتنىڭ رامكىسىنى چۇۋۇۋېتىپتۇ. بۇلبۇلناز بۇنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

— بۇ دېگەن ئۆز ۋەتىنىڭىزدە ياشىشىڭىزنىڭ بەدىلى، يىغلىماڭ، بۇنداق يىغا ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، — دېدىم مەن قىزىمغا.

كېيىن ئۇ سائەتنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇ سائەت ھازىر ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ تېمىدا چىكىلداپ تۇرىدۇ.

باللار ياپونىيەگە كېلىپ، 4 - ئېيىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان مەزگىلى بولدى. ھەر خىل تەسىرلىك ئۇزىتىش پائالىيىتى ئۆزىنىڭ تەربىيەۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بىزنى قايىللىقتا قالدۇردى. 1 - يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار 6 - يىللىقتىكى ئاكا، ھەدە ساۋاقداشلىرىغا ئۇلارنىڭ باش رەسىمىنى

www.uyghurkitap.com



سىزىپ تەقدىم قىلىشىپتۇ. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆزىتىش پائالىيىتىدە ھەرقايسى سىنىپ ئىپتۇت قاتارلىق ھەر خىل كونسېرتلىرنى تەييارلىشىپ، ئۆزئارا تەقدىم قىلىشىپتۇ. دىققىتىمنى ھەممىدىن بەك تارتقىنى «بۇلبۇلناز ئەسەرلىرى توپلىمى» بولدى. بۇ «توپلام» غا ئۇنىڭ ئاشۇ سىنىپقا كىرگەندىن بۇيانقى تاپشۇرۇق ماقالىلىرى ۋە سىزغان رەسىملىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇقاۋىسى پۇختا ئىدى. ئۇنىڭ تۈپلىنىش سۈپىتى بىزنىڭ كىتابلىرىمىزنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. زوقۇم كېلىپ توپلامنى ۋاراقلاپ كەتتىم، قەغەزلەرمۇ ئېسىل ئىدى. مانا بۇ ئىجادىيەتكە بولغان ھۆرمەت، مانا بۇ ئىنسان ئەقلىگە بولغان تەزىم، ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئالىي مەنىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىلھام! «بۇلبۇلناز ئەسەرلىرى توپلىمى» باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن نېپىزرەك ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئاران تۆت ئايلىق ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەنىدى، قالغانلارنىڭ بولسا ئالتە يىللىق توپلام ئىدى.

ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلارمۇ قاتنىشىشى كېرەك ئىدى، بىز ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بىللە باردۇق. مەكتەپ زالىنىڭ تىپشىدىنلا ھەشەمەتلىك داغدۇغا تۈسى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئوخشاش فورمىدا كىيىنگەن بىرقانچە ئوقۇتقۇچى بىر قىسىم ئوقۇغۇچى بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىلارنى قارشى ئالماقتا ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى سەپ بولۇپ ئاتا ـ ئانىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. ئۇلار گۈل يېپىشتۇرۇلغان ئىنچىكە خادىنى ئېگىپ ياي شەكلىگە كەلتۈرۈپ، بىر ئۇچىنى بىرى، يەنە بىر ئۇچىنى ئۇدۇلىدىكى بىرى تۇتقان ھالدا گۈلدار كېمەر ھاسىل قىلىشقانىدى. بىز گۈلدار كېمەردىن ئۆتۈپ زالنىڭ مەركىزىگە كىردۇق ۋە زالنىڭ بىر چېتىدىن ئورۇن ئالدۇق. ئاتا ـ ئانىلار تېلېكامېرا، فوتو ئاپپاراتلىرىنى تەق قىلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇدۇلىمىزدىكى چەتتە يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، مائارىپ مەسئۇللىرى ئولتۇرۇشاتتى. زالنىڭ تۆۋەندىكى

تەرىپىدە ئوقۇش پۈتكۈزمىگەن بەش قارارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇن ئالدى، ئۇلارنى يانداپ ئوقۇتقۇچىلار ئورۇن ئالدى، بىر چەتتە پىيانىنو قويۇقلۇق ئىدى. ئاتا - ئانىلار بىلەن رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەر بوش ئىدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار تەنتەنىلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە زالغا كىرىپ كەلدى ۋە بوش ئورۇنغا كېلىپ ئاتا - ئانىلارغا، رەھبەرلەرگە سالام بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپ فورمىسى كىيگەچكە، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قارا كۆك يوپكا ۋە چاپان، ئاق كوپتا، ئاق پايپاق، ئىسپورت ئاياغلىرى ئۇلارغا تولىمۇ ياراشقانىدى. بۇلبۇلنازنىڭ بويى خېلى ئېگىز بولغاچقا، ئاخىرىدىكى سەپتىن ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇشاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئوقۇش پۈتكۈزمىگەن ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بويىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇلارنىڭ نىمە دېگىنىنى بىۋاسىتە چۈشىنەلمەي قالدىم. ئايالىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە يەتكۈزگەن ياخشىلىقلىرىنى، ياردىمىنى سۆزلەۋېتىپتۇ. بىرىنىڭ پۈتى قارغا پېتىپ قالسا قاردىن تارتىپ چىقىرىشلار، بىلمىگەن مەسىلىلەرگە بېرىلگەن جاۋابلار، بېرىپ تۇرۇلغان كىتاب ۋە قېرىنداشلار ئۈچۈن ئۇكا ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرلەپ رەھمەت ئېيتماقتا ئىكەن. ئىنسانىي پەزىلەت بابىدىكى بۇ قەدەر زىل ئىنكاسلار ئىنتايىن سەمىمىي بولغانلىقتىن، ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئالدى. نۆۋەت ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا كەلدى، ئۇلارمۇ قەلب سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتتى. ئارقىدىن مەكتەپ مۇدىرى سۆزگە چىقتى. ئۇ قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق كاستۇم كىيگەنىدى. مۇدىر نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دىپلوم تارقىتىشقا باشلىدى. ئىسمى چاقىرىلغان ئوقۇغۇچى مۇدىرنىڭ ئالدىغا ئۆلچەملەشكەن ھەرىكەت تەرتىپى بىلەن بېرىپ، ئېلىپتەك تىك تۇردى ۋە مۇدىر ئىككى قوللاپ سۇنغان دىپلومنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىكى داجىما قەدەم بىلەن كەينىگە ياندى، ئاندىن ئۆرۈلۈپ ئورنىغا قايتتى. ھەربىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئوقۇغۇچى ئاشۇ قىلىپلاشقان ھەرىكەت بىلەن دىپلومنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ھال ماڭا ھەربىيچە قائىدىدەك بىلىندى. ئاخىرىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مائارىپ مەسئۇللىرىنىڭ ۋەكىلى سۆزگە چىقتى، ئۇلارمۇ رەسمىي مۇراسىم كىيىملىرى بىلەن كېلىشكەنىدى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قولىدىكى ئاپپاراتلاردىن نۇر چاقناپ تۇردى. پىيانىنودىن لەرزان كۈيلەر ياڭراپ تۇردى. مۇراسىم شوخ كۈي ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ئەر ـ ئايال ئىككىمىز بولبۇلنازنىڭ سىنىپىغا چىقتۇق. ياپونچە ئەنئەنىۋى كىيىمنى كىيىۋالغان كوزاكا خانىم گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلگىنىچە ئوقۇغۇچىلىرىغا خوشلىشىش سۆزى قىلىۋاتاتتى. ئۇ كۆللىكتىپ چۈشكەن خاتىرە سۈرەتنى ئۆز قولى بىلەن تارقاتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپتە ئۆزىتىش زىياپىتى بولۇپ، بولبۇلناز ئاپىسى بىلەن ئۇ يەرگە كەتتى، مەن ئۆيگە يېنىپ كەلدىم.

بابۇر باللار باغچىسىغا كىردى. مەخسۇس مىنىبۇس ئەتىگىنى ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى. تەربىيەچى قىزلار نۆۋەت بىلەن باللارنى ئالغىلى كېلەتتى. مىنىبۇس توختىشى بىلەنلا تەربىيەچى قىز مىنىبۇستىن چۈشۈپ بىزگە سالام بېرىپ، باللارنى ئۆتكۈزۈۋالاتتى ۋە ئۇلارنى ئاۋايلاپ مىنىبۇسقا چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى تولىمۇ چىرايلىق، خۇش پىچىم، چاققان قىزلار ئىدى. ئۇلارنىڭ سالام ـ سەھىتى بىر تۈرلۈك خىزمەت قائىدە ـ يوسۇنى ئىدى. چۈشتىن كېيىن يەنە شۇ مىنىبۇس بابۇرنى ئىشىكىمىز ئالدىغا ئەكېلىپ، چۈشۈرۈپ قوياتتى، بىز ئۇلاردىن ئۆتكۈزۈۋالاتتۇق. باللار باغچىسى بىلەن ئارىمىزدا بىر خاتىرە دەپتىرى مېڭىپ تۇراتتى، بۇ دەپتەر بابۇرنىڭ سومكىسىدا بولاتتى، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا بابۇرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە پىسخىك ھالەتلىرىنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن پۈتۈپ قوياتتى.

«بابۇر ئۆزىنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدى، ئۇ پاسسىپ ھالدىكى تەمتىرەشلىرىنى تاشلىدى» دەپ يېزىلغانىدى ئۈچىنچى كۈنى.

«بابۇرلارنى دالاغا ئېلىپ چىقتۇق. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوينىدى. ئۇ ئويۇننى ئورتاق تىل قىلىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا ماھىر ئىكەن» دەپ يېزىلغانىدى بىر كۈنى.

بىركۈنى بابۇر پۇتىنى كۆرسىتىپ: «مۇئەللىمىم مەيەنى سىلاپ، دورا سۈرتۈپ قويدى» دېدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىپتىخارلانغانىدى. پۇتىغا قارىساق قوناقتەك يەر سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ تاختاي پول ئۈستىدە ئويناۋېتىپ، يىقىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئۈچ ياش ۋاقتىدا بىز ئىشلەيدىغان مەكتەپنىڭ باللار باغچىسىدا ئىدى. بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشى قولىنى تىقىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىر كۆزىنى قىزارتىپ قويۇپتۇ، بىز سۈرۈشتۈرمىگۈچە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنكاسى بولمىغانىدى.

بابۇرلار قىش كۈنلىرىدىمۇ باغچىدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلىدە سۇ ئۈزەتتى، باغچىدا مەخسۇس بېقىلىدىغان توشقانلار بىلەن ئوينايتتى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ، قەدىمكى بۇتخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. بىركۈنى ئۇلارنىڭ باغچىسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتسام، بابۇر دادا دەپ توۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن: «مېنى قانداق كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئاۋۇ قىز بالا داداڭ كەلدى، دېدى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ قىزنىڭ مېنى قانداق تونۇيدىغانلىقى ماڭا ھازىرمۇ سىر.

بابۇرلارغا مەخسۇس ئويۇنچۇق ئوينىتىدىكەن، ئۇ باغچىدىكى ئويۇنچۇقلارنى ئۆيگە ئەكېلىپمۇ ئوينايتتى، كىتابلارنى ئەكېلىپ كۆرەتتى. ئاڭلىساق، ئۇلارنى كۆتۈپخانىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىگە ئىختىيارىي ھالدا كىتاب تاللاتقۇزىدىكەن. باللار تاللىغان كىتابلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ ئەكېلىدىكەن. كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە قىزىقارلىق رەسىملەر بار ئىدى.

ئۇ بىركۈنى يوملانغان بىر قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىزگە بەردى،

www.uyghurkitap.com

ئېچىپ قارىساق، ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن چىشى تۇراتتى. ئوقۇتقۇچى بالىنىڭ سومكىسىدىكى خاتىرە دەپتەرگە ئۇنىڭ چىشىنىڭ چۈشكەنلىكىنى مۇبارەكلەپ خەت يېزىپ قويغانىدى. يەنە بىر كۈنى بالىلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى، مۈرىلىرىنى، پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويۇپ كەپتۇ. قېرىلار ئۇلارغا شاكىلات تەقدىم قىپتۇ. كېيىن بالىلار باللار باغچىسىنى پۈتكۈزگەندە، ئۇلار ھەر بىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى نەشرىدىن چىققان گېزىتنى ئايرىم - ئايرىم تۇپلەپ، كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، باللارغا تەقدىم قىلدى.

ياپونىيەگە بارغاندىن كېيىن بالىدىكى روشەن بىر ئۆزگىرىش شۇكى، ئۇ ئۆيگە كەلسە قەغەز ۋە كۈرۈپكىلاردىن ھەر خىل نەرسە ياسايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىمۇ بارغانسېرى قامىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ يەنىلا ياپونچە تەربىيە شارائىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

بالىلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا مەن بارالماي قالدىم، ئاپىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇراسىمىمۇ داغدۇغىلىق بوپتۇ.

مېنىڭچە، ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق جەمئىيەت دەرسى. ئەمما بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يېتەرلىك رەۋىشتە كۆرۈپ يېتەلمىدى ياكى ئۇنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا كۆرمىدى. مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگىنىمگە ئۇزۇن بولدى، ئوقۇغۇچىلار دىپلومنى مۇئەللىمنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىۋالىدۇ. دىپلوم نىسبىنى نەقلەشتۈرۈشنىڭ، جازانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ، خاتالىقنى توۋا قىلىشنىڭ ئەپلىك ۋاستىسى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار دىپلوم تارقىتىش پەيتىدە ئۆزىنى راسا كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوقۇغۇچىلار قەلبىگە ئىلمىي يول بىلەن سىڭىپ كىرەلمىگەن مائارىپتىكى ئەشەددىي مەدەنىيەتسىزلىك. ھەرقانداق تەلىم - تەربىيە ئىنسان تۇغرىسىدىكى قەدرىيەتتىن باشلىنىدۇ. بىز شەكىلۋازلىق ۋە رەسمىيەتچىلىك تۇپەيلى ئاشۇ

ئەقەللىي ساۋاتنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ياپونىيەدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دىپلوم تارقىتىش مۇراسىمى ئىنچىكە لايىھەلەنگەن كاتتا ئادەمگەرچىلىك دەرسى ئىدى.

ياپونىيەگە كەلگەن تۆت ئايدىن بېرى، بۇلبۇلناز ياپون تىلىدا خاتالاشماي ئالاقە قىلالايدىغان بولدى. بابۇر دوستلىرى بىلەن ياپونچە سۆزلىشىپ ئوينىيالايدىغان بولدى، ئۇ ھەتتا ئاپىسى بىلمەيدىغان قارا تىللارنى بىلەتتى. باللار مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ئىلگىرىلىسە، نۆۋەتتىكى يېرىم يىلى ئىچىدە ياپون تىلىدا راۋۇرۇس بولۇپ كېتەتتى، لېكىن، بىز قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدۇق. ياپونىيە مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ يات مىللەت باللىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدىن تاڭ قالدىم. باللار كىچىكىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشى، ئانا مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشى، مۇھىمى ئۆز خەلقىنىڭ ئېتىقادى بويىچە مۇستەھكەم قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇلبۇلناز بىلەن بابۇر ياپونىيەدە مۇشۇ پېتى ماڭسا، ئەقىللىك ۋە بىلىملىك بولۇپ ئۆسەتتى، لېكىن ئۆز مىللىتىنى، ئانا تىلىنى چالا بىلىپ قالاتتى. ئۇلار ئانا مەدەنىيىتىنىڭ باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋالغاندىن كېيىن، چەت ئەلدە ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالسىمۇ كېچىكمەيدۇ، دەپ قارىدۇق. مانا بۇ، بىزنىڭ قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىشىمىزدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىچى سىيرىلغان ھالدا مېنى ئەيىبلىگەنلەرمۇ بولدى. مەن ئۇلارنىڭ سەمىمىي كۆيۈمىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، ئەلۋەتتە. مەن ياپونىيەدە چېخ يازغۇچىسى مىلان كۇندېرانىڭ «كۈلۈش ۋە ئۇنتۇش خاتىرىسى» ناملىق رومانىنى ئوقۇۋېتىپ، مۇنداق سۆزلەرنى ئۇچراتقانىدىم: «بىر مىللەتنى يوقىتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش، كىتابلىرىنى، مەدەنىيەتلىرى ۋە تارىخلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەققىدە يېڭى كىتابلارنى يازدۇرۇپ، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى تارىخنى ياساپ چىقىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مىللەت ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى، ئەتراپىدىكى دۇنيانى تېزلىك بىلەن ئۇنتۇشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، تىل فولكلور سۈپىتىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.»

ياپونىيەدە پەرزەنتلىرىمنىڭ روھىدىكى ئازغىنە مىللىي ئۆزلۈك تېز سۈرئەتتە يوْيۇلۇۋاتقاندەك بىر خىل ئەندىشە مېنى تۈزۈك ئۇخلاتمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۇلارنى خەلقىمنىڭ قۇچىقىغا قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك، پەرزەنت تەربىيەسى بىرلا ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ياخشى تونۇغان خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتى كېرەك. خەلق بۇ بالىلارنى قۇچىقىغا ئالالامدۇ ـ يوق، بۇ مېنىڭ نۆۋەتتىكى ئەندىشەم.

# مەدەنىيەت مۇزېيى ـ نارا ۋە كيوتو

2002 - يىلى 7 - دېكابىر. چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ساياھەت ئۆمىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناراغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ قېتىمقى ساياھىتىمىزنىڭ نىشانى ياپونىيەنىڭ قەدىمي شەھەرلىرىدىن نارا ۋە كيوتو ئىدى.

ساياھەتچىلەر قوشۇنىدا ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلبۇلناز بىلەن بابۇر ياپونىيەگە يېتىپ كېلىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر خىل ئىقلىمدىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن بىللە ساياھەتكە ئاتلاندى. ئۇلار خۇشال ئىدى. بابۇر سومكىسىغا بىر قاچىلاپ بەرگەن شاكىلات ۋە كەمپۈتلەر بىلەن ئۆزىنى باياشات ھېس قىلاتتى. ئۇ كەمپۈتلەرنى شورىغاچ ھەر خىل رەڭ ۋە قىياپەتتىكى ئادەملەرگە مەمەدان نەزەر بىلەن قارايتتى، ئۇ ئۆزىنى ئەركىلىتىپ قويغانلارغا نىسبەتەن بىپەرۋا ئىدى. بۇلبۇلناز ئۆزىگە كۈلۈپ قارىغان چەت ئەللىكلەرگە خىجىلچان كۆزلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. بابۇردەك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىن چىقىپ بىر ياقلارغا بېرىپ باققان ئەمەس ئىدىم، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاپتاقىر قۇمال تاغلىرى ئانام ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرقى چېكىدەك تۇيۇلاتتى. زەڭگەر ئاسمان ئاشۇ تاغلارنىڭ كەينىدىن زېمىنغا ساڭگىلاپ تۇتىشاتتى. چۆچەكلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان باغداد، ئىسپاھان، كەنئان شەھەرلىرى، دەجلە ۋە نىل دەريالىرىمۇ ئاشۇ تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە ئىدى. كىچىككىنە مەھەللە مەن ئۈچۈن جاھاندىكى جىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەر ۋە جەمى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىلسىمات ماكان ئىدى. لېكىن، دۇنيا بالىلىرىمىغا نىسبەتەن پايانى چەكسىز بوشلۇق، ئۇلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مېنىڭ ئەينى دەۋرىمدىكىدىن كۆپ ئەمەلىي ئىدى. قولايلىق قاتناش ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ شېرىن ئەپسانىۋى تۈسىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى.

ساياھەتچىلەر ئىككى ئاپتوبۇسقا بۆلۈنۈپ ماڭدۇق. بۇ كۈنى ھاۋا تۇمانلىق ئىدى، كېچىدىن بېرى ياغقان يامغۇرنىڭ نەملىرى ئادەمگە خۇشياقمايتتى، پاللىدە يورۇغان ئاپتاپ ئۆزىنىڭ جامالىنى بىرپەس كۆرسىتىپ قويۇپ، يەنە يوقاپ كېتەتتى. داغدام يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ماش رەڭ تاغ، ئارىلاپ ياپون دېڭىزىنىڭ بۇرجەكلىرىنى كۆرۈپ قالاتتۇق. ئادەملەر زىچ ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردىن ئۆتكەندە داغدام يولنىڭ ئىككى تەرىپى شاۋقۇن توسىدىغان تورلار بىلەن توسۇلغان بولاتتى. ئۈچ سائەتلىك يول ئىككى تەرەپتىكى مەنزىرىلەرگە قىزىقىپ قاراش بىلەن تېزلا چېكىگە يەتتى.

شۇنداق قىلىپ ناراغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەردە ئادەم كۆپ ئەمەستەك قىلاتتى. ئازادە كوچىلار قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ يايپېشىل قۇچاقلىرىدا خىيابان كۆرۈنەتتى. كوچا بويلىرىدا ئېگىز سودا سارايلىرى ۋە مېھمانخانىلاردىن ئەسەر يوق ئىدى، تىقما ـ تىقما بوتكىلارمۇ يوق ئىدى. كوچا بويلىرى بىر بولسا ئورمان، بىر بولسا كۆل، بىر بولسا چىملىق ئىدى. ياپونىيەنىڭ قاتناش يوللىرىنىڭ كەڭلىكى ئىككى ئاپتوبۇس ئۆتۈشۈپ كېتەلەيدىغان دەرىجىدە بولۇپ، كەڭرى دەپ كەتكىلى بولمايدىكەن. نارادا تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. نارا ماڭا باغچىسىمان شەھەر بولۇپ كۆرۈندى. روھىم ئاپتوبۇس كۆزنەكلىرىدىن شوخشۇپ چىقىپ، بۇ شەھەرنىڭ يايپېشىل، تىمتاس جىسمىنى كېزىۋالدى.

نارا ــ شائىرانە كۆڭلۈمگە ئاسايىش بېرىۋاتقان بۇ دىلرەبا شەھەر ياپونىيەنىڭ قەدىمىي پايتەختلىرىدىن بىرى. مىلادىيە 3 ~ 5 ـ ئەسىرلەردە مەنزىرىسى گۈزەل بۇ شەھەر دايىۋا ئېلىنىڭ مەركىزى بولغانىكەن. نارا

دەۋرى (مىلادىيە 710 ~ 790 ـ يىللار) گە كەلگەندە بۇ شەھەر پايتەخت بولۇپ، خېجيوكيو (Heijyokyo) دەپ ئاتالغانىكەن.

خېجيوكيو جۇڭگونىڭ چاڭئەن شەھىرىگە تەقلىد قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، 1260 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇ چاغدا بۇ شەھەرنىڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭلىكى 4.3 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كەڭلىكى 4.8 كىلومېتىر بولۇپ، چاڭئەن شەھىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدىكەن.

نارا قەدىمىي پايتەخت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەردە ئىبادەتخانىلار، ئۆتمۈشتىن تەۋەررۈك بولمىش قەسىر ـ سارايلار، ھەيكەل ۋە رەسىملەر زىيادە كۆپ ئىكەن. نارا ھۆكۈمىتى بۇ شەھەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئېگىزلىكىنى 10 مېتىردىن، ماگىزىنلارنىڭ ئېگىزلىكىنى 31 مېتىردىن، بازارلاردا بولسا 40 مېتىردىن ئاشۇرماسلىقنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ناراغا نەزەر سالغاندا، بىر قاراشتىلا كۆزگە چېلىقىدىغىنى بۇتخانىلار، بۇددا مۇنارلىرى، ياپيېشىل تاغلار ۋە باغلار، ئاسارئەتىقە سۈپىتىدىكى سارايلار ئىكەن.

تارىختا نارادا ئۇرۇش ئوتلىرى توختىماي يېلىنجاپ تۇرغان، بۇ جەرياندا نارانىڭ قىياپەتلىرىدە بۇزۇلۇش ۋە تۇزۇلۇشلەر بولۇپ تۇرغان، شۇنداقتىمۇ بۇ شەھەردە 574 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى بار ئىكەن.

ناراغا چۈشۈپلا نارا باغچىسىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. باغچىنىڭ ئەتراپى كوچا، كوچىدا ئاپتوبۇس قاتناپ تۇرۇپتۇ، باغچىنىڭ ئەتراپى ئوچۇق، تام توسۇق ياكى سىم توسۇق دېگەندەك نەرسىلەر يوق. باغچىدا، رەستىلەردە بۇغىلار يايلاپ يۈرۈشەتتى، ئۇلار ئادەملەردىن ئۈركۈمەيتتى، بەلكى ئادەملەر ئارىسىدا بىمالال تۇرۇشاتتى. ياپيېشىل دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار، ئادەملەر، ئەركىن ھەم بەخىباش بۇغىلار، ئاپتوبۇسلار، پىكاپلار، كونا قەسىرلەر... مانا بۇلار بىر ـ بىرىگە دەخلى قىلمايدىغان ئامىللار سۈپىتىدە بىللە مەۋجۇت ئىدى. سانائىتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بۇ دۆلەتنىڭ كىشىلىرى مۇھىت بوھرانلىرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن، ھەم باشقىلارنىڭ تۆلەۋاتقان بەدەللىرىدىن كۆرۈپ يېتىشكە ئۈلگۈرگەندى. ئۇلار ئىستېرىئولوق كۆرۈك، مىغىلداپ يۈرگەن ماشىنىلار، كۆككە تاقاشقان بىنالاردىن قۇرۇلغان ماغزاپ بەخت ئۈچۈن گۈزەل تەبىئەت، ساپ مۇھىتنى دوغا تىكمىگەنىدى. چوڭ ـ كىچىك كوچا ئېغىزلىرىدا «ئاستا ھەيدەڭ، ئۇدۇلىڭىزدىن بۇغا يۈگۈرۈپ چىقىپ قالمىسۇن» دېگەن خەت يېزىلغان تاختىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ھايۋان ۋە دەرەخنىڭ قىممىتى ئادەمنىڭ قىممىتى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ئادەملەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان سۆيگۈسى نوقۇل ئادەمنىڭ ئۆزىدىلا كۆرۈلمەيدۇ، ئادەم تەبىئەت بالىسى بولغانىكەن، ئۇنىڭ ساغلام تۇرمۇشى تەبىئەتتىكى ھەربىر شەيئى بىلەن ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن ھالدا باغلانغان بولىدۇ. ئۆزىنى ھەقىقىي سۆيگەن ئىنسان ئەتراپىدىكى مەۋجۇداتقا دۈشمەنلىك بىلەن ئەمەس، مېھىر بىلەن قارايدۇ. نارا ماڭا زامانىۋى دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن مۇرەسسە قىلىشقا مايىلى مۇھىت قارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

نارا باغچىسىنى ئايلىنىپ بولۇپ، چۈشلۈك تاماق يېدۇق. تاماق يېيىش ياپونچە ئۇسلۇبتا بولدى، بۇمۇ بىر ھېساپتا ياپون تاماقلىرى ۋە تاماق يېيىش ئۇسۇللىرى بابىدىكى بىر قېتىملىق سەرگۈزەشت بولۇپ قالدى. تاماقتىن كېيىن تودائى ئىبادەتخانىسىنى ساياھەت قىلدۇق. بۇ ئىبادەتخانا نارا دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە قۇرۇلغانىكەن. پادىشاھ شومۇ (تەخت مۇددىتى 724 ~ 749 ـ يىللار) نىڭ دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ بىر ئىبادەتخانا سېلىشقا ئەمر قىلىشى بۇنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغانىكەن. ۋايروكانا بۇددانى مەركەز قىلىپ سېلىنغان ئىبادەتخانا دۇنيانىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تىنچ، ئازادە ماكانى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ يەردە نۇرغۇن ئۆلىما تەربىيەلىنىپ چىققان. ۋايروكانا بۇددا سىرتىغا

ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مىستىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 14.98 مېتىر، باش بارمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.6 مېتىر، ئېغىرلىقى 5000 توننا ئىكەن. بۇ بۇت مىلادىيە 743 - يىلى ياسىلىشقا باشلىنىپ، 10 يىلدا پۈتكەن. بۇت ۋە بۇتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ۋاستىلىك ۋە بىۋاسىتە بولۇپ 2 مىليون 600 مىڭ ئادەم قاتناشقانىكەن. يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ۋە ھىندىستانلاردىن راھىبلار كەلگەن، مۇراسىم ۋاقتىدا 10 مىڭ ئادەم نوم ئوقۇغان.

ئىبادەتخانىنى سەيلە قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ياپونلار بۇتنىڭ يېنىدىكى ياغاچ ساندۇققا تەڭگە تاشلاپ، بۇتقا تېۋىنىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى، بەزىلىرى پال ئاچقۇزۇشاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چوڭ - كىچىك ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارغا دۆلەت كۆپلەپ تەمىنات بېرىدىكەن ھەم زىيارەتچىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ خەير - ساخاۋەت قىلىدىكەن. پەن - تېخنىكا گۈللىنىپ، سانائەت ئىلغارلاشقان بۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرى دەم ئالغان چاغلىرىدا بۇتقا سېغىنىشنى ئېسىدىن چىقارمايدىكەن، ئۇلار بۇ خىل پائالىيەتنى «خۇراپىيلىق» دەپ ئويلىمايدىكەن. ئۇلار ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ئىلاھقا سېغىنىش ئامىلىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىسا كېرەك.

چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇتخانا ئىلگىرى - كېيىن يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا نەچچە قېتىم ۋەيران بولۇپ، كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىكەن. روشەنكى، ياپونىيەمۇ بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - ماجىرالار ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان زېمىن ئىدى.

بۇتخانا ئەتراپىدا بىرەر يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئۆيلەر ۋە دەل - دەرەخلەرمۇ بولۇپ، كەچمىشلىرى تاختايغا يېزىپ قويۇلغانىدى. دېمەك، ياپونىيەدە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۈپ دەرەخ ياكى بىرەر ئەسكى تام ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ئاسارئەتىقە ھېسابلىنىدىكەن.

— ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالتىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسرايدىكەن، ئۇلار ھەتتا يېقىنقى مەزگىللەردىكى بۇتخانىلارنىمۇ شۇ پېتى ساقلاپتۇ. قەبرىستانلارنىمۇ ئەينى پېتى قويۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ماكانلار ۋە شەھەرلەرنى ئۇلار بىلەن ئورگانىك بىرىكتۈرۈپتۇ، — دېدىم مەن جۇڭگودىن كەلگەن دوكتور ئاسپىرانت لى مىڭ ئەپەندىگە.

— جاھانگىرلار باشقىلارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغان بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىرىنى ياخشى قوغدايدۇ، — دېدى لى مىڭ، — سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى يۈەنمىڭيۈەننى كۆيدۈرۈپ خاراب قىلدى. ئۇلار جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى غۇرۇرىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.

— تاجاۋۇزچىلارنىڭ خۇيى - پەيلى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. رۇسلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىكەن. شۇ چاغدا سكوبىلېۋ دېگەن بىرى چار پادىشاھقا مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يوللىغانىكەن: «يەرلىك خەلق بىز ئويلىغاندىنمۇ مەدەنىيەتلىك ئىكەن. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش قىيىن... بۇ خەلقنىڭ ئۆتمۈشتە يارىتىلغان بارلىق ئاسارئەتىقىلىرىنى، مەسچىت - مەدرىسەلىرىنى، دىنىي كىتابلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ، ئۆز قانىتىمىز ئاستىغا ئالالىشىمىز مۇمكىن.»

لى مىڭ تاڭ دەۋرىدىكى شائىر چېن زىئاڭنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇدى:

باقمەن كەينىمگە، ئەجدادلار قېنى؟
باقمەن ئالدىمغا، ئەۋلادلار قېنى؟

مەن لى مىڭغا قارىدىم، ئۇ مېنىڭ قارىشىمغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— ئەجداد بىلەن ئەۋلاد بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلار يېتىمدۇر. ۋاھالەنكى، ئەجداد بىلەن ئەلاۋدنى باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە تىل ۋە مەدەنىيەت ئەمەسمۇ. بىز كۆرۈۋاتقان بۇ نەرسىلەر دەل

ياپونلارنىڭ ئەجدادىدىن قالغان ئەمەسمۇ. قاراڭ، ئاۋۇ تاۋاپ قىلىۋاتقان ياپونلارنىڭ كۆپلۈكىنى.

يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى، لى مىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا يامغۇرلۇق ئالغىلى كەتتى، مەن بۇغا كۆرىمەن دەپ قىدىرىپ يۈرگەن بابۇرنى چاقىرغىلى ماڭدىم. يامغۇر بىرپەس يېغىپ يەنە توختىدى.

تودائى ئىبادەتخانىسىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نارا دۆلەت مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مۇزېي 1895 - يىلى قۇرۇلغانىكەن، بۇ مۇزېيدا بۇددىزمغا ئائىت ۋەسىقىلەر نۇقتىلىق ساقلىنىدىكەن. بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇتلارنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. يەنە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، رەسىم، ھۆسنخەتلەرمۇ خېلى بار ئىكەن. مۇزېينىڭ ئەتراپىدا بۇغىلار مېڭىپ يۈرۈشەتتى.

مۇزېينى ئايلىنىۋاتقاندا، سېرىق بۇدۇر چاچلىق، زىلۋا بىر يىگىت ئالدىمغا كېلىپ مەن بىلەن سالاملاشتى. ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئىسمى تادېئۇز لىتاك (Tadeusz Litak) بولۇپ، پولشادىن كەپتۇ. يېشىنى ئوتتۇزلاردا باردۇر دەپ ئويلىدىم. ئۇ دوكتور ئاسپىرانت ئىدى.

— ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— جۇڭگودىن كەلدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

لىتاك ئەپەندى گاڭگىراپ كەتتى.

— ئو... كەچۈرۈڭ، خاتالىشىپتىمەن، ئەمەلىيەتتە سىز ئوتتۇرا ئاسىيالىققا بەك ئوخشايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئۆزرىخاھلىق بىلەن.

— جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇر بولىمەن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن تىلىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىر، ئىرقىمىزمۇ بىر، سىز خاتالاشمىدىڭىز، — دېدىم ئۇنىڭغا مەن.

— ئۇيغۇر... ئۇيغۇر؟... ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ.

— ھېچقىسى يوق، بىر ئادەمنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ، — دېدىم مەن ۋە ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىز ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ باققانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— تۈركمەنىستان بىلەن ئۆزبېكىستانغا بارغانمەن، — دېدى ئۇ ۋە مەندىن سورىدى:

— يۇرتۇڭلار جۇڭگونىڭ قايسى تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ؟

— غەربىي شىمالىغا، قازاقىستان، قىرغىزىستانلارغا چېگراداش كېلىمىز.

بىز كەسىپ ئۈستىدە سۆزلەشتۇق، ئۇ ماتېماتىكا ۋە ئۇچۇرچىلىقتا ئىلىم تەھسىل قىلىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەسى كۈچلۈك ئىكەن. «بىز پولشالىقلارنىڭ قېنىدا ئەدەبىياتنىڭ ئامىللىرى كۆپ» دېدى ئۇ تەبەسسۇم بىلەن.

مەن ئۇنىڭغا ئادام مىسكىنۇچ، ھېنرىي سىنكىۋىچ، ۋىسلاۋا سىمبورسكا قاتارلىق پولشا ئەدىبلىرىنىڭ گېپىنى قىلدىم. ئۇ بەك ھەيران قالدى. سىمبورسكانىڭ بەزى شېئىرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغىنىمنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ ھاياجانلاندى:

— قايسى تىلدىن قىلدىڭىز؟

— خەنزۇ تىلىدىن...

ئۇ تۇرۇپ كەتتى.

— پولەكچىدىن ئىنگلىزچىغا، ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا... ئۇنداقتا، ئۇ سىمبورسكا بولماي قالىدىغۇ. نېمىشقا بىۋاسىتە چەت ئەل تىللىرىدىن تەرجىمە قىلمىدىڭىز؟

— مەن چەت ئەلنى كۆرۈۋاتقىلى ئەمدى ئىككى - ئۈچ ئاي بولدى، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاپتورىڭىز كىم؟ دېدى ئۇ.

— ئوكتاۋىئو پاز.

— نېمىشقا؟

— ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن شەرق ۋە غەرب، قەدىمكى ۋە ھازىرقىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئۇ ماڭا بىر سوپىست بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

لىتاك ئەپەندى «سوپىست» دېگەن گېپىمگە ئىنكاس قايتۇرالمىدى.

مۇزېيدىن چىققاندا كەچ بولۇپ قالغانىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مېھمانخانىغا قايتتۇق. ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇپ، سائەتكە قارىسام تاماق ۋاقتىغا بىرەر سائەت بار ئىكەن. ئائىلە بويىچە سىرتقا چىقىپ يېقىن ئەتراپتىكى بازار ۋە رەستىلەرنى ئايلاندۇق. بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ كەينىدە زۇمرەتتەك بىر كۆل بار ئىدى. كۆل سۈيى تىنىق ھەم تىپتىنچ ئىدى، ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى كۆل سۈيىگە تەگكۇدەك دەرىجىدە ئېگىلىپ تۇراتتى. كۆل بويلىرىدا ئادەم ئاز ئىدى. ئۇ يەردە قانغۇدەك ئولتۇرۇۋالغۇم كەلدى - يۇ، ۋاقىت يار بەرمىدى. كۆل ۋە كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر ياپونىيەنىڭ خايكۇ دەيدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىدىكى شېئىرىي ئوبرازلارنى ئېسىمگە سالدى. ئەگەر مەن ياپونىيەلىك بولغان بولسام، بۇ شەھەردە تۇرار ئىكەنمەن.

كەچلىك تاماق مېھمانخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى تاماق زالىدا يېيىلدى، ۋېيىتنامىلىق تاۋ، بەھرەيىنلىك ئەزىز مەھمۇد قەمبەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالدۇق. قەمبەرمۇ مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۇدۇل كەلگەن نەرسىنى يېمەيتتى، تاماقلارغا ماڭا ئوخشاش ئېھتىيات بىلەن تېگىش قىلاتتى. ئۇ قانداقتۇر قىرتاق بىر نەرسىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىنى ئېتىپ، چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. بۇ خىل تائاملارنى تەبىئىي ھالدا يەۋاتقان تاۋ بۇنى كۆرۈپ، پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى. ھەممىمىز چارچىغان بولغاچقا، تاماقتىن كېيىن ئۇدۇل ياتىقىمىزغا قايتتۇق. مېھمانخانا مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە مومايلارمۇ بولسا كېرەك، بىر موماي كېلىپ، تاتامىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلىرىمىزنى سېلىپ بەردى. يوتقان - كۆرپىلەر ناھايىتى پاكىز ئىدى، موماي بىزگە ياخشى چۈش تىلىدى. بىز يۇيۇنۇپ ئۇخلاپ قالدۇق.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن كيوتوغا قاراپ ماڭدۇق. تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن داڭلىق ئاسارئەتىقە ئورنى روكۇئون ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى

www.uyghurkitap.com



گۈزەل ئىكەن. چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشىمىز بىلەنلا ئالدىمىزدا يېيىلىپ تۇرغان زۇمرەتتەك كۆلنى كۆردۇق. كۆل سۈيى ئەينەكتەك تىنىچ ھەم سۈزۈك ئىدى، شۇڭا بۇ كۆلنىڭ نامى «كىيوكو كۆلى» (镜湖池) دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك، بۇنىڭ بىزچە مەنىسى «ئەينەك كۆل» ئىدى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا خادا تاشلار ۋە كىچىك ئاراللار بار ئىدى، بۇلار كۆلنىڭ پايانى ۋە تىنچلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. ساياھەتچىلەر كۆل بويىدا تۇرۇشۇپ، مەنزىرە تاماشا قىلىشتى، سىن ئېلىشتى، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشتى.

ئۇدۇلدىكى قىرغاقتا ئالتۇن رەڭلىك بىر راۋاق قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، سايىسى تىنچ سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ياپونىيە كارتون فىلىمى «ئەقىللىك يىشيۇ» دىكى راۋاقنى ئەسلەتتى. بۇ راۋاق بۇرۇن روكۇئون ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغانىكەن، كېيىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلىرى نېپىز ئالتۇن قەغەز يېپىشتۇرۇپ زىننەتلەنگەچكە، «ئالتۇن ساراي» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. 1220 - يىللاردا ئۇ بىر ئارامگاھ ئىكەن. بۇ يەر ئاشىكاگانىڭ ئۈچىنچى سانغۇنى يوشىمىتسۇغا ياراپ قېلىپ، ئۇنىڭ تۇرارگاھى قىلىنغانىكەن. يوشىمىتسۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ جاي ئىبادەتخانىغا ئايلاندۇرۇلغانىكەن. ساراي جەمئىي ئۈچ قەۋەت بولۇپ، بىرىنچى قەۋىتى ياتاق، ئىككىنچى قەۋىتى سامۇرايلار ئۆيى، ئۈچىنچى قەۋىتى جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى ئىبادەتخانا ئىكەن. ئۆگزىسىگە ئالتۇن سۇمۇرغ ئورنىتىلغانىدى.

ئىبادەتخانا ئەتراپى قويۇق دەرەخلەر، ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۇلىرى ۋە كۆللەر بىلەن ئورالغان، جاھان غوۋغالىرىدىن يىراق بولۇپ، تىنچ ئارام ئېلىش، دۇنيانىڭ كەچمىشلىرى ۋە ئەتىمىشلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا لايىق ئىستىقامەتخانا ئىدى. چۈشكىچە بۇ جاينى ئايلاندۇق. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن نىجو ئوردىسىنى كۆردۇق. ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ، ساپما كەش كىيدۇق، ئاندىن ئوردىنىڭ ھەربىر خانىسىغا كىرىپ ئايلاندۇق.

پوتكول ئوردا ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، قەسىرلەر ۋە ئايۋانلار كۆتۈرمە قىلىپ ياسالغان ياغاچ كارىدور بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ئوردىنىڭ ئەتراپى يارما تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان سېپىل ۋە سېپىل بويلاپ چېپىلغان خەندەك، خەندەك لىق سۇ بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. ئوردا مەنزىرە دەرەخلىرى، خادا تاشلىق كۆللەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. بۇ ئوردىنى 1603 - يىلى توكۇگاۋانىڭ تۇنجى ئەۋلاد سانغۇنى كيوتو شەھىرىنىڭ مۇھاپىزەتگاھى سۈپىتىدە سالدۇرغانىكەن. بۇ ئوردىدىن تويوتومى خىدېيوشى (Toyotomi Hideyoshi) دەۋرىنىڭ ئوردا ئۇسلۇبى، توكۇگاۋا ئېياسۇ (Tokugawa Ieyasu)دەۋرىنىڭ بىناكارلىقى، توكۇگاۋا ئېمىتسۇ (Tokugawa Iemitsu)دەۋرىنىڭ رەسساملىق ۋە ئويمىكارلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن. 1867 - يىلى 15 - ئەۋلاد سانغۇننىڭ هوقۇقىنى پادىشاھقا تاپشۇرۇشى بىلەن نىجو ئوردىسى رەسمىي دۆلەتكە تەۋە بولغان.

نىجو ئوردىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كيوتو قول هۈنەرۋەنچىلىك مەركىزىنى ساياھەت قىلدۇق. بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە تۈرلۈك قول هۈنەر بۇيۇمى سېتىلىدىكەن. سانائەت يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۇ ئەلدە مىللىي، ئەنئەنىۋى قول هۈنەر بۇيۇملىرى ئىنتايىن ئەتىۋارلىنىدىكەن. بۇ يەرنى كۆرۈپ، سىرتنىڭ تاۋارلىرى قاپلاپ كەتكەن بىزنىڭ رايونىمىزدا ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەخسۇس مەركەزلەرنى قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق ئەنئەنىۋى ماكانلىرىمىزدا قۇرۇپ چىقىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم. قول هۈنەرۋەنچىلىك مەركىزىنى كۆرۈش داۋامىدا هەر بىرىمىز گۈرۈچ خېمىرىنى تاۋلاپ پىشۇرۇپ، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان قېلىپلار بىلەن ياپونچە سامبۇسا تۈگدۇق، هۈنەر ئىگىلىرى بىزگە ئۇستاز بولدى. بۇ جەرياندا ياپون مەدەنىيىتىنى ئۆز هەرىكىتىمىز بىلەن «كېچىم» قىلىپ باقتۇق. «كېچىم» دېگەن بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىكى «体验»، ئىنگلىز تىلىدىكى «test» دېگەن گەپنىڭ دەل ئۆزى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مائارىپ ۋە پىسخولوگىيەدە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچە «كىچىم» ياكى «كىچىنمە» دەپ ئالساق مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

كيوتونىڭ ياپونىيەنىڭ قەدىمكى پايتەختى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما بۇ شەھەردە كۆرگەنلىرىمىز ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ قالدى. نىجو ئوردىسىدىن قايتىپ كيوتو قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزىگە بارغۇچە كۆرگەنلىرىم ئادەتتىكى مەنزىرىلەردىن ئىبارەت بولدى: كوچا، بىنا، ماشىنا... بەلكىم بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز كيوتودىكى ئاسارئەتىقىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىدۇ.

كيوتو شەھىرىنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 600 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، تاغلار بىلەن ئورالغان شەھەر ئىكەن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14~15℃ ئەتراپىدا، ھاۋاسى ئىللىق، مۆھتىدىل، قەدىمىي پۇراقلىق باي بولغاچقا، نۇرغۇن ساياھەتچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن.

كيوتو شەھىرىنى پادىشاھ كانمۇ (Kanmu) مىلادىيە 794 - يىلى بەرپا قىلغانىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ شەھەر ياپونىيەنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ كەلگەن. يەتتە سۇلالىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ شەھەر بىناكارلىق، نەپىس سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىراسلىرىغا باي بولۇپ، ياپونلارنىڭ روھىي ۋەتىنى دەپ تەرىپلىنىدىكەن. كيوتونى ساياھەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى بىر يىلدا 56 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ سانى 520 مىڭغا بارىدىكەن. ياپونلار ساياھەتنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ يانچۇقىنىڭ تومluقى ۋە ئۆلچەملەشكەن مائارىپىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى سەۋەب بولسا كېرەك. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن كۆرىدىكەن. بۇ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ياكى ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە بېرىپ، رېستوراندا تاماق يەپ قايتىپ كېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

شەھەر بىر مىللەتنىڭ روھىي ھەيكىلى. دۇنيادىكى بەزى شەھەرلەر خانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرۇلىدۇ، بۇنداق شەھەرلەر مۇستەبىت خانىدانىنىڭ قورغانى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ؛ بەزى شەھەرلەر مۇقەددەس تاۋاپگاھلارنى مەركەز قىلىپ كېڭىيىدۇ؛ بەزى شەھەرلەر دەريا ۋە تاغلاردىن ئىبارەت تەبىئىي ھاياتلىق مۇھىتىنى نېگىز قىلىدۇ؛ بەزى شەھەرلەر تەبىئىي شەكىللەنگەن بازارنى ئوق قىلىپ پەيدا بولىدۇ. تارىختىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرى قانداق پەيدا بولغان ۋە قانداق يوقالغان، بۈگۈنكى شەھەرلىرىمىزنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرى قانداق بولغان، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قانداق دېگەندەك مەسىلىلەر بىزنىڭ جۇغراپىيە ياكى مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قولىغا تېخى چىقمىغان تېما.

ھەرقانداق بىر شەھەرنىڭ ئىدىئال قاتلىمى بولىدۇ، بۇ قاتلام بۇ شەھەرنى بەرپا قىلغۇچى خەلقنىڭ ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى ۋە ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىدىئال قاتلامنى مەنبە قىلغان تۈزۈم قاتلىمى شۇ شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سودا، بازار، قاتناش، سوت، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شەھەرنىڭ تۈزۈم قاتلىمى ۋە ئىدىئال قاتلىمى كىشىلەرنىڭ پائالىيەت شەكىللىرىدە كونكرېت نامايان بولىدۇ، بۇ تەبىئىي ھالدا شۇ شەھەرنىڭ قىلىم قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. قەشقەرلىكتە قەشقەرگە لايىق ھەرىكەت تۈسى، شىئەنلىكتە شىئەنگە لايىق ھەرىكەت تۈسى بولىدۇ. يۇقىرىقى قاتلاملار ئاخىر بېرىپ بىر شەھەرنىڭ ئوبرازىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ ئوبراز قاتلىمى دېيىلىدۇ. ئەگەر بىر شەھەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى غەيرىي بىر ئىدىئال، غەيرىي بىر تۈزۈمگە ئۆتۈپ كەتسە، قىلىم شەكلى ۋە ئوبرازىدا تەدرىجىي ياتلىشىش بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى ئىدىئال بىلەن زىددىيەتلىك قىياپەتكە كىرىدۇ.

قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تېپىدىكى مەشھۇر شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ سۈپەتلەنگەن. بۈگۈن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۇ زامانىۋىلىقنى قانداق رەۋىشتە قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەربىر قەدىمىي شەھەرمۇ شۇنداق. ئافىنا، ۋېنىتسىيە، فىلورېنسىيە شەھەرلىرى زامانىۋىلىق دولقۇنى باشلانغان ياۋروپانىڭ قەدىمىي شەھەرلىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي، ئەنئەنىۋى، مىللىي قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشۇەردى، ئۇلار دەل مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن غەربلىكلەرنى پەخىرلەندۈرىدىغان مۆتىۋەر شەھەر بولۇپ قالدى. جۇڭگولۇق مەدەنىيەتشۇناس يۈچيۈ ئەپەندى رىم شەھىرىگە ساياھەتكە بارغاندا مۇنداق بىر ئەھۋالغا يولۇققان: كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ بولغاندىمۇ رىم قەلئەسىدە خىرەلىك ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. يانغان چىراغلار ئاز بولغاچقا، ئەتراپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىكەن. يۇ ئەپەندى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ، كوچىنى ئارىلاۋاتقاندا بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، رىم كېچىسى نېمىشقا يورۇق ئەمەس؟

— نەدىن كەلدىڭىز، ئەپەندىم؟

— شاڭخەيدىن.

— مەن شاڭخەيگە بارغان، — دەپتۇ رىملىق ئادەم كۈلۈپ كېتىپ، — شاڭخەي بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئامېرىكىنى دوراشنىڭ نېمە ھاجىتى.

ئۇ يەنە غۇۋا چىراغ يورۇقىغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— پارلاق تارىخى بار شەھەرگە چىراغ كەتمەيدۇ.

يۇ ئەپەندى بۇ گەپتىن ئىنتايىن تەسىرلەنگەن*.

زامانىۋىلىشىش ئەنئەنىنى يوقىتىش ئەمەس، ئېگىز بىنا، يورۇق كوچا، فونتان، ئايروپىلان ۋە پويىز ئەمەس، ئۇ ئالدى بىلەن بىر خىل قىممەت قاراش. مول مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئۇزاق تارىخى بار خەلق

---

*يۈچيۈ :«سەيياھلارغا پاسىل يوق»، «خۇايى» نەشرىياتى 2001 - يىلى ئۆكتەبىر خەنزۇچە نەشرى.

ھەرقانداق بىر قىممەت قاراشنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قىممەت قارىشى بىلەن باھالاپ، تاللاش ۋە شاللاشنى بىلىشى زۆرۈر. قەشقەر ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى بىلەن يوروپ تۇرۇپتۇ، زامانىۋى چىراغلار تارىخنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكى كېرەك. مانا بۇ، مەن كۆرگەن نارا ۋە كيوتو شەھەرلىرى ئاتا قىلغان ئەقىل.

www.uyghurkitap.com

# توردىكى دىدارسىز پاراڭلار

بالىچاقىسىنى قوشقاندا، ياپونىيەدە 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دېيىلىدۇ. بۇ بىر تەخمىنىي سان. قانداقلا بولمىسۇن، سۈپەتلىك تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلار ياپونىيەدە كۆپ دېسەك خاتا بولمايدۇ. ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا تېخنىكۇم ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ جەمئىيەتتىكى ھال - كۈنى ئوبدان كىشىلەرنىڭ جەمەتلىرى. ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەت ئەھلى بولۇپ، تولا ئادەم ئۇلارنى چوڭ بىلىدۇ، 21 - ئەسىردىكى تەرەققىياتىمىزنىڭ يولباشچىلىرى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلقنىڭ يۈزى ۋە بۇ خەلققە دائىر سىياسىي تەدبىرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئىختىساسلىقلىرى سۈپىتىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارمۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي نۇقتىدىن جاۋابكارلىق پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتە قوزغاتقۇچلۇق رول ئېلىشى زۆرۈر. ئالىي تەربىيەگە ئېرىشكۈچى ئالدى بىلەن شەخس سۈپىتىدە مەۋجۇتتۇر، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ. كونكرېت تۈزۈم، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد شەكلىگە ئىگە جەمئىيەت ئۇنىڭغا نان بېرىش بىلەن بىللە، بۇ نانغا قانداق ئېرىشىش توغرىسىدىكى ۋىجدان، قىممەت قاراش ۋە ئېتىقادىنىمۇ ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي، مىللىي

كىملىكىنىڭ مەزمۇنى. ئالىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ئەنە شۇ كىملىكىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ۋەزىيىتى يۈكسەكلىكىدە تونۇپ يېتىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرىدا «زىيالىي دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئال ئۈستىدىكى مۇھاكىمە تېخى باشلانمىدى. جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەر ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ دىپلومىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «زىيالىي» دەپ قارايدۇ. قانداق خىزمەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۆكۈمەت ئىشتاتىغا ئۆتۈپ، قەلەمنى پەقەت مائاش دەپتىرىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئادەملەرمۇ ئۆزىنى «زىيالىي» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزدە «زىيالىي» كۆپ، لېكىن ئىجتىمائىي كىرىزىسلىرىمىز توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان تۈزۈك ئادەم يوق. ئېدۋارد سەئىد كەسىپ بىلەنلا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەملەرنى «كەسپىي بىلىم ئەھلى» (كاسىپلار) دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي زىيالىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئەقىدە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇشى كېرەك. بۇ گەپچە بولغاندا، بىزدىكى مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋاتقان كەسپىي ماشىنىلار بىزگە ئارىمىزدا «زىيالىي» باردەك تۇيغۇ بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە ئەقىدىسى ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدىغانلار ئىش ئورنى كاپالىتىدىن يىراق ياكى يېتەرلىك ئىقتىسادىي كىرىم كاپالىتىدىن نابەھرىمەن ھالدا تېپىرلاپ يۈرۈپتۇ. زادى زىيالىي دېگەن نېمە؟ قانداق كىشىلەر زىيالىي بولالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە بىز تېخى جاۋاب ئىزدىمىدۇق.

ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق شەۋقىي كەبى ئادەملەر 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىزدۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى يېتەرلىك تەھلىل قىلساق، «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇمغا ئۇيغۇرچە چۈشەنچە بېرەلەيمىز.

ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن كەسىپ ئەھلى ئىچىدە قانچىلىك زىيالىي بار؟ بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېمەك تەس، بۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى تۆھپىلىرى ۋە ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق سېزىملىرى جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. مەن جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشى جاۋاب ئىزدەۋاتقان مەسىلىلەرگە ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان ياكى خىزمەت قىلىۋاتقان يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلىرىمىزدىن جاۋاب ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئېلخەت (E-mail) ئارقىلىق زىيارەت قىلدىم. خېتىمنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىدار نۇقتىلىق ئىنتېر تورى بېكەتلىرى ھەمدە مەن تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىدىم. ئۇلارغا ئۆزى تونۇيدىغان قېرىنداشلارغا ئۇشبۇ خېتىمنى يوللاپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلدىم. ياپونىيەدىكى مەلۇماتلىق قېرىنداشلىرىمىزدىن بىر مەزگىل ئىنكاس بولمىدى. ئاخىر، بىر - ئىككىيلەن توردا ماڭا خەت يېزىپ، ماڭا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەردى، زىيارەت سوئاللىرىمغا رەسمىي جاۋاب يوللىغانلاردىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ئەپسۇسلىنىپ تۇرغان ۋاقتىمدا، جاۋابلار كېلىشكە باشلىدى، لېكىن جاۋاب يازغانلار كۆپ بولمىدى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جاۋاب يازغانلارنىڭ سانى ئونغا يەتتى. ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارنى 400 ئەتراپىدا دەپ قارىساق، قىرىقتىن بىر ئىلىمگەر قېرىنداش جاۋاب يازغان بولىدۇ. قالغانلار بەلكىم ئالدىراشتۇ ياكى ئاللىنېمىلەردىن ئېھتىيات قىلغاندۇ، ياكى بولمىسا زىيارىتىمدىن خەۋەرسىز قالغاندۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قېرىندىشىمىز پېقىرنىڭ زىيارىتىگە ئېتىبارسىز قارىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: ھەركىم ئۆز كويىدا بولۇپ كېتىپ، بىر - بىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئېرەنسىز، بىر - بىرىنىڭ قەلبىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىماس بولۇپ كەتكەن. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن شاماللاردا چېچىلىپ يۈرگەن تەكلىماكان قۇملىرى ياپونىيەدىمۇ بىر ئوچۇم يېپىشماس قۇم ئىدى. بىزدىكى تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان پەللىگە تېخى يەتمىگەن. ئېينىشتېيىن ۋە ئاندرېي ساخاروفنىڭ روھى ئۇلارغا تېخى كۆچمىگەن.

مەن ماڭا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب يېزىپ، ئىشلىرىمنى قوللىغانلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلار تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەتراپىدىكى چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەۋاتقان ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ بىلگەنلىرىدىن ئازغىنە بولسىمۇ تەقدىم قىلىپ، ئىپھسان كۆرسەتتى. بۇ ئىپھساننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نەتىجىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق.

مەن بىرەر مۇھاكىمىلىك كىتابقا لايىق جاۋاب كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى. جاۋاب يازغانلارمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە يازغانىدى. ئەمدى مەن ئۇلارنى قىسقىغىنا سۆھبەت خاتىرىسى قىلىپ، جامائەتكە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم. جاۋاب يازغانلارغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان قېرىنداشلارغا يازغان مۇراجىئىتىم تۆۋەندىكىچە:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار:

كېلەچەك قايغۇسىدا يىراق ياپون دىيارىدا جاپالىق ياشاپ، ئىجتىھات قىلىۋاتقان ھەرقايسىڭىزلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. سىلەر 21 ـ ئەسىردىكى مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقىمىزغا كېپىللىك قىلىدىغان ئاقىللىرىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كىشىلىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلاۋاتىسىلەر.

ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

ئۆزۈم ئابدۇقادىر جالالىدىن بولىمەن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ياپونىيەگە ئايالىمنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىنىمگە ئالتە ئاي بولۇپ قالدى (كانازاۋا، تاتسۇنوكۇچىدا). ئۈچ ئايدىن بېرى ئايالىم ئوقۇۋاتقان JAIST (Japan Advanced Institute of Science and Technology) مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



(ياپونىيە پەن - تېخنىكا ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتى) تە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، مائارىپى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولسامۇ، ئېنىقكى، ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى ۋە باشقا چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بۇ چۈشەنچىلىرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن يىراقمەن. ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار بىلەن يۈزتۇرا ئۇچرىشىپ، كەڭ- كۇشادە پاراڭلىشىش ئارزۇسىدا بولغان بولسامۇ، ۋاقىت، ئىقتىساد قاتارلىق ئامىللارنىڭ مەنپىي تەسىرى بىلەن بۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ بولالمىدىم. سىلەرنى كۆرگۈم، قىممەتلىك پىكىرلىرىڭلارنى ئاڭلىغۇم بار. ۋەتىنىمىزدىكى تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، لېكىن سىلەردەك پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ بولالمىغان ئۈمىدۋار كىشىلىرىمىزگە ئاچچىق - چۈچۈك تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭلارنى، يۈرەك سۆزلىرىڭلارنى ئالغاچ كەتكۈم بار، چۈنكى ئۇلاردا تەربىيەۋى قىممەتكە ئىگە ئاكتىپ ئامىللار مول دەپ ئويلايمەن. ھازىرقى شارائىتتا قانداق ئويلاشلا ئەمەس، قانداق قىلىشىمۇ مۇھىم، قانداق ياشاشىمۇ ئادەمدىكى ساپانى كۆرسىتىدىغان ئالامەت بولۇپ قالدى. يات مەدەنىيەت مۇھىتىدا ھاياتلىق ئۈچۈن يول ئېچىش جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولغۇدەك قىممەتلىك بىلىمىڭلار بولسىمۇ، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان ئالدىراشلىقلار سەۋەبىدىن ئۇلارنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ بېرىش پۇرسىتىنىڭ سىلەرگە نېسىپ بولمىغانلىقىنى قىياس قىلىش قىيىن ئەمەس. ۋۇجۇدۇڭلارغا تىنىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ بىلىمنى قوزغاپ چىقىش مەقسىتىدە سىلەرنى ئېلخەت ئارقىلىق زىيارەت قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ھەرقانداق بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش زۆرۈرىيىتى بار بولغىنىدەك، ئۆزىنى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلىگەن، ئۆزىگە تۇز بەرگەن خەلقىگە مەسئۇل بولۇش بۇرچىمۇ بار. بۇنداق جاۋابكارلىق

تۇيغۇسى جاھان كۆرگەن ئادەمگە ئىنتايىن تونۇش.

مەن مارتىنىڭ ئاخىرى ۋەتەنگە قايتىمەن ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىلەرنى زىيارەت قىلىپ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ماقالە يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلماقچى. ئەلۋەتتە، بۇ جەھەتتە ھەرقايسىڭىزلارنىڭ تەكلىپ - مەسلىھەتىڭىزلەرگە موھتاجمەن. ئەگەر زىيارەتىمگە بېرىلگەن جاۋابلار بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋابلار بولۇپ قالسا، مەخسۇس سۆھبەت سۇپىتىدە بېرىشكىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەقتە باشقىچە پىكرىڭلار بولسا، ئەسكەرتىپ قويۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋاقتىڭىزلارنىڭ قىسلىقىنى بىلىمەن، چۈنكى بۇ ياپونىيە. شۇنداقتىمۇ، ئانا خەلقىڭلارغا مەن ئارقىلىق يېتىدىغان مەنىۋى سوۋغىتىڭلارنى ئايىمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. بىلىم قىممەتلىك ھەم شىپا بەخش دورا - دەرمەككە ئوخشاش ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار:

سوئاللىرىم ھەققىدە تولۇقلاش پىكرىدە بولسىڭىزلار، بۇ مەن ئۈچۈن ياردەم ھېسابلىنىدۇ. ئايىماي بايان قىلغايسىزلەر. سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش ئىختىيارىڭىزلاردا. ھەتتا ئۆزۈڭلار ھېس قىلغان مەسىلىلەرنى سوئالدىن تاشقىرى ئوتتۇرىغا قويسىڭىزلارمۇ بولىدۇ. مەزكۇر زىيارەت سوئاللىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن، سىزلەر بىلىدىغان باشقا قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ يوللاپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن. جاۋاب ئەڭ كېچىككەندە فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا كەلسە بولىدۇ. ئىسىم - فامىلىڭىزلەر، ۋەتەندىكى خىزمەت ئورنىڭىزلەر، ياپونىيەدىكى تەۋەلىكىڭىزلەر، كەسپىڭىزلەر، تەتقىقات تېمىڭىزلەرنى ئەسكەرتىپ قويغان بولسىڭىزلەر.

سىزلەرگە ۋەتەنداشلىق ۋە قېرىنداشلىق سالىمى يوللاپ:

ئابدۇقادىر جالالىددىن

2003 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## زىيارەت سوئاللىرى ۋە جاۋابلار

1. ھازىر ياقلاۋاتقان تەتقىقات تېمىڭىزنى قانداق تۈركە بىلەن تاللىغانىدىڭىز؟ ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يەرلىك ئېھتىياجى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايسىز؟

پەردە ئابلىز (شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تىبى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن، ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا مەكتىپىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى):

يۇرتىمىزدا مىكروب بىلەن يۇقۇملىنىشتىن بولىدىغان كېسەللىك بەك كۆپ، بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن، يۇرتىمىزدا مىكروب تەتقىقاتى بىر بوشلۇق. بىركۈن ئالدىن بولسىمۇ كېسەللىك سەۋەبىنى توغرا ئېنىقلاپ، قېرىنداشلىرىمىزنى روھىي ئازاب ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مېنىڭ ئارزۇيۇم.

كامىل مۇستاپا (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئىشلىگەن، ھازىر خىروشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى):

مەن ۋەتەندە ماتېماتىكا ئۆگەنگەن ھەم شۇ ساھەدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ياپونىيەگە كېلىپ، ھازىر «كونترول ۋە سىستېما نەزەرىيەسى» بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتىمەن.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى، مۇھىت بىيولوگىيەسى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت):

مەن تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلە مۇھىت بىيولوگىيەسى ساھەسىگە كىرىدۇ. ئەسلىي خىزمىتىم بىيولوگىيە بولغاچقا، نۆۋەتتىكى دۇنيادا، جۈملىدىن يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇۋاتقان

بىيولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئازراق بولسىمۇ ئۆز كۈچۈمنى چىقىرىپ، خەلقىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاي دەيمەن.

ھىممەت سىدىق (شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ئوقۇۋاتقان ئورنىنى دېمىگەن):

ھازىرقى كەسپىنى ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن تاللىغان (كەسپىنى ئېنىق دېمىگەن)، ئەگەر شارائىت يار بەرسە، يۇرتىمىزدا بىر بوشلۇق تولدۇرۇلغان بولاتتى.

غەيرەت توختى كەنجى (كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە دوكتور، مەلۇم بىر شىركەتتە ئىشلەيدۇ):

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالىغا تۇيۇقسىز قىزىقىپ قالدىم. سەۋەبى ئانچە ئېسىمدە قالماپتۇ. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسىنى Apple كومپيۇتېرىدا ئۇيغۇرچىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يېزىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسامۇ، بۇ ساھەدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىدە ئىككى يېرىم يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا MS – DOS ئاساسىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، «UHK213 ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، خەنزۇچە مەشغۇلات سىستېمىسى» نى ياساپ چىقتىم. ئارقىدىن بۇ سىستېما مۇھىتىدا ئىشلەيدىغان ھۆججەت بېسىش سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ يۇمشاق دېتال ساھەسىدە بىرەر ئىش قىلالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. كېيىن ئىشلىگەن سىستېمىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا «كومپيۇتېر مەشغۇلات قوللانمىسى» دېگەن كىتابنى ئاقسۇ پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ نامىدا ئىچكى قىسىمدا تارقاتتىم.

ئۇكام (جۇرئەت توختى كەنجى) نىڭ ياردىمىدە ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچۇم بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق «ئېغىزنى ئېچىپ - يېيىش ۋە باشنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كومپيۇتېرغا بۇيرۇق يەتكۈزۈش» ۋە «Video كامېرانىڭ ياردىمىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بارماقنى تىزگىننەك ئورنىدا ئىشلىتىش» دېگەندەك تېمىلار ئۈستىدە تەتقىق قىلدىم. بۇنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ يەرلىك ئېھتىياجى بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مېيىپلەر ۋە ياشانغانلارغا كومپيۇتېر ئىشلىتىش جەھەتتە قولايلىق يارىتىش جەھەتتىكى «پاراۋانلىقى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدىكى ئاددىي بىر باشلىنىش دەپ قارايمەن.

جۇرئەت توختى كەنجى (كومپيۇتېرغا ئالاقىدار مەلۇم بىر شىركەتتە):

ۋەتىنىمىزدە يەر ئاستى بايلىقلىرى ناھايىتى مول. بۇلار ھازىرقى سۈرئەتتە ئېچىلسا، چوقۇم بىر كۈنى تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئېنېرگىيەسىز بىر ماكانغا ئايلىنىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشى كېرەك؟ مەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىمدا، ياپونىيە «سانائەت گېزىتى»دىن SHARP دېگەن شىركەتنىڭ قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيەسى جەھەتتە ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆردۇم ـ دە، مۇشۇ كەسىپكە يۈرۈش قىلدىم. ئەگەر بۇ كەسىپنى ئىگىلىسەم، كەلگۈسى ئەۋلادلار ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن چوقۇم پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم بار ئىدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەلۇم شىركەتنىڭ تەتقىقاتخانىسىدا يەنە مۇشۇ تېمىنى تەتقىق قىلىشقا ئۈچ يىللىق توختاملاشتىم... لېكىن رېئاللىق ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدىكەن. مەن بۇ يەردە ئىككى تەتقىقات ئۈستىدە ئىشلەپ ئىككى يىل ئۆتكەندە، شىركەت ئىقتىسادنى باھانە قىلىپ ئۇ تەتقىقاتلارنى توختاتتى. مەن تەتقىقاتىمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلەشتىم، بىراق ئامال بولمىدى. ئەگەر مەنمۇ ياپون بولغان بولسام ئامال بولاتتى. ئامالسىزلىقتىن ئۆزۈم ئۆگەنگەن كەسىپتىن باشقا كەسىپتە خىزمەت قىلىۋاتىمەن. بىر كۈنلەردە مۇمكىن بولسا، يەنە شۇ تېما ئۈستىدە تەتقىق قىلغۇم بار.

قۇتلۇق سابىت (مۇساشى تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قاتناش ئىلمى ماگىستىر ئاسپىرانتى):

مەن ياپونىيەگە 1996 - يىلى ئاپرېلدا كەلگەنىدىم. بىر يىل ياپون تىلى ئۆگىنىپ بولۇپ، قايتىدىن ياپونىيەدە ئالىي مەكتەپتىن باشلاپ ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىم مۇھىت ئۇچۇرى ئىدى. ھازىر قاتناش ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتىمەن. بۇ ئىككى ئىلىمنىڭ باغلىنىشى بولسا شەھەر قاتنىشىنىڭ مۇھىتقا ۋە ئىقتىسادقا بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە يازسام نەچچە بەت يېزىپ كېتىش ئېھتىمالىم بار. شۇڭا، ئاددىيلا چۈشەنچە بەردىم.

ئەمدى بۇ كەسىپنى تاللاشتىكى تۈرتكىگە كەلسەك، ئۈرۈمچى 1997 - يىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى يىللىرىمۇ دۇنيا بويىچە «مۇھىتى بۇلغانغان 10 چوڭ شەھەرنىڭ بىرى» دېگەن نامنى ئالدى. دېمىسىمۇ، ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان ھەرقانداق ئادەم قىشتا ھېلى ياغقان قارنىڭ ئەتىسىلا قاپقارا بولۇپ كەتكىنىنى كۆرىدۇ. بۇلتۇر شەھەرلىك ھۆكۈمەت 200 گە يېقىن پار قازاننى ئىشتىن توختاتتى. ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى بىرئاز تازىلانغان بولسىمۇ، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل بولدى دېگىلى بولمايدۇ. مەن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغان، شۇڭا ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن. مۇھىت بۇلغىنىشى ئادەملەرگە ھەر خىل كېسەللىكنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئۆپكە، قىزىلئۆڭگەچ، بۇرۇن ياللۇغى دېگەندەك كېسەللىكلەردۇر. بۇ يەردە مېدىتسىنادىن سۆز ئاچماقچى ئەمەسمەن، لېكىن مۇھىت مەسىلىسى كاللامدىن زادى كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھىت ئىلمىنى ئالىي مەكتەپتىن باشلاپ ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ، 1997 - يىلى مۇساشى تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇھىت ئۇچۇرى كەسپىگە رەسمىي ئوقۇشقا كىردىم. تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا شەھەر قاتنىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇھىتقا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن شەھەر قاتناش ئىلمىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن ھازىر مەكتىپىمىنىڭ سانائەت تارمىقى قاتناش ئىلمى كەسپىگە 2001 - يىلى ماگىستىرلىققا كىردىم. جەمئىيىتىمىز تەرەققىيات باسقۇچىدا بولغاچقا، مۇھىت مەسىلىسىنى توغرا يول بىلەن ھەل قىلىش ۋە بۇ ھەقتە تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا شەھەر قاتناش مەسىلىسىنىمۇ پىلانلاش، باشقۇرۇش دېگەن مەسىلىلەرنى تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن ئۆگىنىش يولىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ كەسىپتە زىيالىيلىرىمىز بەكمۇ كەمچىل. مەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن بىللە، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى ۋە شەھەر قاتناش مەسىلىسىنى تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشتا يېتەكچىلىك رولىنى ئالالايمەن، شۇنداقلا ھازىرقى جەمئىيىتىمىزنىمۇ مۇشۇنداق كەسىپ ئەھلىلىرىگە موھتاج دەپ چۈشىنىمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم (كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ):

مەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات ئۆگەنگەنىدىم. ياپونىيەگە كېلىپ ياپون تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ياپون تىلىنىڭ گىراماتىكا جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇ ساھەدە تەتقىقاتچى پىروفېسسورلار بىلەن ئالاقە قىلدىم. ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىقنى تاماملىدىم. ماگىستىرلىق ئۈچۈن ياقلىغان دىسسېرتاتسىيەم ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەر بىلەن ياپون تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ھەم پەرقىگە ئائىت تېمىدا بولدى. بەلكىم بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولۇشى مۇمكىن. ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن كىشىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتىم. ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ

باشقا تىلغا قارىغاندا ياپون تىلىنى ھەيران قالارلىق ھالەتتە تېز ئۆزلەشتۈرەلەيدىغانلىقى بۇنىڭغا پاكىتتۇر.

Ay (جاۋاب بەرگەندە سالاھىيىتىنى ئەسكەرتمىگەن):

مەن ياپونىيەگە كېلىپ، بۇ يەردىكى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئانا يۇرتۇمدىكىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھاۋاسىنىڭ ساپ ۋە سۈپسۈزۈك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن ئانا يۇرتۇمنىڭ، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىس - تۈتەكلىك ھاۋاسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «مۇھىت ئىلمى»نى ئۆگىنىش قارارىغا كېلىپ، ھازىرقى كەسپىنى تاللىدىم.

2. سىز ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئەڭ زور قىيىنچىلىق نېمە؟ بۇ قىيىنچىلىقنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بارمۇ؟

پەرىدە ئابلىز:

يۇرتۇمنى ۋە ئائىلەمنى سېغىنىش مەندىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق.

كامىل مۇستاپا:

مەن ياپونىيەگە كېلىپ دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقىم ياپونىيەنىڭ ئىجتىمائىيىتىگە كۆنۈش بولدى، دەپ قارايمەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ۋەتەندە ئۆتكەن كۈنلىرىمگە ئىچ ئاغرىتىشتىن ئىبارەت.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:

مەن ياپونىيەگە كېلىشتىن بۇرۇنلا ياپون تىلى ئاساسىمنى پۇختا سالغان ھەمدە ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنى كۆرەلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سەۋىيەدە ئىدىم. مەن ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن دۇچ كەلگەن مەسىلە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادنىڭ ئىشى بولدى. ئوتتۇرلۇق ئىش تېپىش تەس بولسا، ئوقۇشنى قانداق داۋاملاشتۇرىمەن؟ ياپونچەم ياخشى بولغاچقا، ئىش تېپىشىم ئاسانغا چۈشتى، بىراق ۋاقتنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى بېشىمنى قاتۇردى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم. شۇنداقتىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئىشى دەسلەپتە مېنى خېلى ئالدىرىتىپ قويدى. ياپونىيەدە خۇسۇسىيلار تەسىس قىلغان مۇكاپات ناھايىتى ئاز، شۇنداقلا كۆپ ساندىكىسىنىڭ ياش چەكلىمىسى بولغاچقا، يېشى كىچىكلەرگە قارىغاندا، مەندەكلەرگە تاللاش پۇرسىتى ئاز بولدى.

ھىممەت سىدىق:

ئەڭ زور قىيىنچىلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق. چۈنكى، ياپونلار بىلەن بىزنىڭ ئارمىزدىكى ئىستېمال سەۋىيە پەرقى بەك زور. بۇنىڭ روھىي بېسىمى بەك چوڭ بولۇپ، قولىمىزنى قىسقا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

غەيرەت توختى كەنجى:

بۇ مەسىلىگە ھەممە ئادەمنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش بولسا كېرەك. ئىقتىسادنىڭ ئىشى ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىقى. مەن ئۇكام بولغاچقا ۋە ئۆزۈم ئەكەلگەن پۇل بىلەن ياپونچە ئۆگەنگۈچە ئانچە قىينالمىدىم. ياپونىيەدىكى ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بېشىدا ئىقتىسادىي بېسىم ھەرقاچان مەۋجۇت. ئۆز خىراجىتى بىلەن كەلگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق. بۇنى ئەلۋەتتە ياپونىيە بىلەن جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي پەرقنىڭ چوڭلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

جۇرئەت توختى كەنجى:

مەن ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولدى. بەلكىم، بۇ بىزدەك ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز يەردىن كەلگەن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئورتاق قىيىنچىلىق بولۇشى مۇمكىن. دادام ئۆمۈر بويى يىغقان ئىقتىسادىنى ياپونىيەدە ئوقۇشۇمغا مەبلەغ سالغانىدى. لېكىن، بىر ئوقۇتقۇچى ئۆمۈر بويى ئىشلەپ قانچىلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولالايدۇ دەيسىز؟ دادامنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن سالغان مەبلىغى ياپونىيەگە كېلىپ، ئوقۇش پۇلى تۆلىشىمگە ئاران يەتتى.

لېكىن ئىش تاپقاندىن كېيىن قىيىنچىلىق ھەل بولدى. ئىش تېپىپ بولغۇچە يېگۈدەك بىرنەرسە يوق نەچچە ھەپتىنى ئاچ - توق ئۆتكۈزۈپ، بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىمگە پۇشايمانمۇ قىلدىم، ھەتتا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش خىياللىرىنىمۇ قىلدىم. ئويلاپ باقسام، شۇ ۋاقىتتا كىچىك ئىكەنمەن. ئەسلىدە ئادەم جاپا تارتىپ چوڭ بولىدىكەن ۋە روھىي جەھەتتىن يېتىلىدىكەن. ئاشۇ جاپالارنى تارتىپ، روھىي جەھەتتىن يېتىلگەندەك ھېس قىلدىم. ھازىر روھىي جەھەتتىن يېتىلىشىمگە تۈرتكە بولغان ياپونىيە مۇھىتىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

قۇتلۇق سابىت:

ئۇيغۇرلار ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن تاماق، مۇھىت، تىل، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر خىل مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. تاماق مەسىلىسى مېنىڭچە چوڭ مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، ياپونىيەدىن يېمەك - ئىچمەك خۇرۇجلىرىنىڭ ھەرقانداقىنى تاپقىلى بولىدۇ، گەپ ئۆزىڭىزنىڭ قاملاشتۇرۇپ ئېتىپ يېيەلىشىڭىزگە باغلىق.

ھەممىدىن يامىنى تىل ۋە ئىقتىساد مەسىلىسى دېسەك بولىدۇ. تىل مەسىلىسىگە كەلسەك، ياپون تىلىنى بۇ يەرگە كېلىپ ئۆگەنگىلى بولىدۇ. لېكىن، تەبىئىي پەندە ئوقۇيمەن دەيدىكەنسىز، ئىنگلىز تىلىنى بىلمىسىڭىز بەكمۇ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىسىز. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارغا ياپونىيەدە ئىككى خىل تىلنى بىللە ئېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر تىلنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماي تۇرۇپ، يەنە بىر تىلنى ئۆگىنىمەن دېيىشمۇ ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس.

ئىقتىسادنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى كۈچلۈك دۆلەت. شۇڭا، ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئىقتىسادىي پەرق ناھايىتى چوڭ. توكيو دۇنيا بويىچە مال باھاسى ئەڭ قىممەت شەھەر. ياپونىيەدە بىر تاۋۇزنى 1000 يېنغا ئالىمىز، بۇ 65 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ. بۇنىڭغا يۇرتىمىزدا يىگىرمە ئەتراپىدا تاۋۇز كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى دېگەندە، ئۇ بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە ئىنگلىزچە ئۆگىنىدىغان پۇرسەت يوق. بۇنى ئىجتىمائىي سەۋەب دېسەك بولارمىكىن.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

مەن ياپونىيەدە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن كەلگەن روھىي بېسىم. مەن بۇ يەرگە شەخسىي پۇلۇم بىلەن كەلگەچكە، بەك قىينالغانىدىم. بومۇ ئۆزۈنگا قالماي ھەل بولدى. ئەمدىكى قىيىنچىلىق روھىي بېسىم، يالغۇزلۇق، مۇساپىرچىلىقتىن ئىبارەت.

Ay:

ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق يېڭى مۇھىت ۋە يېڭى تەتقىقات يۆنىلىشىگە ماسلىشالماسلىق. بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپىمىزدىكى ئۆلۈك ھالدا ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى.

3. باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئىستۇدېنتلار بىلەن بىللە ئوقۇش داۋامىدا ئادەمدىكى ئۇنىۋېرسال ساپا جەھەتتە قانداق تونۇشقا كەلدىڭىز؟

پەرىدە ئابلىز: ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلەيدىكەن.

كامىل مۇستاپا:
ياپون جەمئىيىتىگە كۆنۈش ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق. بۇ يەردە ئادەمنىڭ ۋەتەندە ئۆتكۈزگەن بىھۇدە چاغلىرىغا ئىچى ئاغرىيدىكەن.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:
مەن باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئىستۇدېنتلار بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ساپا جەھەتتىن ئۇلاردىن ھېچقانداق پەرقىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئۇلار ئىنگلىزچىدە ياخشى، لېكىن ياپونچىدە راۋان ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى بىلەن ئوقۇغىلى كېلىدىكەن. مەيلى قايسى دۆلەتتىن كەلگەن بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئاساسەن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشقان بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇيغۇر» دېسە بىلمەيدىكەن. «جۇڭگودىن كەلدىم» دېسەڭ، جۇڭگولۇققا ئوخشىمايدىكەنسەن، دەپ تازا ئىشەنمەيدىكەن.

ھېمىت سىدىق:
بۇ دۇنيا ئىرادىلىك، تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك ئىنسانلار ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئاچقانىكەن. گەرچە ھەرقايسى ئەلدىن كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل پەرق بولسىمۇ، بىر مەزگىللىك تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاساسەن باراۋەرلىشىپ كېتىلىدىكەن. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ نەسلى ۋە ئانا تەربىيەسى مەڭگۈ پەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار گەرچە ئىقتىساد جەھەتتىن تۆۋەن بولساقمۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، مىجەز ـ خۇلق، چىراي جەھەتلەردە باشقىلارنى جەلپ قىلالايدىكەنمىز.

غەيرەت توختى كەنجى:
مەكتەپتە باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشمىغان بولسامۇ، ئوقۇشنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلىدا Rotary كۇلۇبىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، شۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ بىلىم - ئىقتىدار جەھەتتە ئۇلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىمنى، ھەتتا ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلاردىكىدەك جەمئىيەت قارىشى ۋە ئادىمىي قاراشنىڭ مەندە خېلىلا كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنى يۇرتىمىزدىكى كىتابتا بارنىلا ئوقۇتۇپ قويۇش ئۇسۇلىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

جورئەت توختى كەنجى:
باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئىستۇدېنتلار بىلەن بىللە ئوقۇش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ۋەتىنىمىزدە ياخشى ئائىلە تەربىيەسى ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ھەرگىزمۇ ياپونىيەلىك، ئامېرىكىلىق ياكى ياۋروپالىقتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئۇلار ھەر قانداق يەردە رىقابەت دۇنياسىغا ئۆزىنى قورقماستىن ئاتالايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

قۇتلۇق سابىت:
باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياپون تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپايىمىزنىڭ تۆۋەن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئۇچۇر بايلىقى بىزنىڭكىدىن پەرق قىلىدۇ. ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى بىلگەچكە، دۇنيانى بىزدىن بەكرەك بىلگەندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنداق ئەمەس. ئىنگلىز تىلى پەقەتلا بىر قورالدىن ئىبارەت. ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرىمىز بار. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ بىزدىن ئۆگىنىدىغان يەرلىرى بار. بىزدە تولا ئادەم ئىنگلىزچە بىلگەن ئادەمنى ھەممىنى بىلىدۇ دەپ، ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ، خۇددى خەنزۇچە بىلگەننى ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ دېگەندەك.

ئالىي مەكتەپ دەۋرىمدە ھەرقايسى پەننى ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر بىلەن رىقابەتتە ئۆگەندىم. دېمەك، بىزنىڭ ھېچ يېرىمىز باشقىلاردىن كەم ئەمەس. ئارىمىزدا ھەر خىل ئادەم بار، ئۇلار ۋاقىت، تازىلىق دېگەندەك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلماي مىللىي ساپايىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھال ھەرقانداق مىللەتتىن تېپىلىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنى ئاستا - ئاستا تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

بىز ئاسىيالىقلار ئۆزىمىزنى ئەركىن تۇتالمايدىكەنمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېھتىياتچان بولۇپ، غۇرۇرىمىز بىلەن ياشىيالمايمىز. ئەركىنلىك ساپانى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى. ئۆزۈمنى ئالسام، ئوتتۇرا ھەم ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنەلمىگەن، ئىسراپ بولغان ۋاقتىمنى ئالتە يىل تىرىشىپمۇ تولۇقلىيالمىدىم. ئەركىن قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن بىرەر كەسىپنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك ئىكەن. ساپايىمىزنى جىددىي يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق قىلمىساق ئەھۋالنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

4. سىزنىڭچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك نېمە؟ ئارتۇقچىلىقچۇ؟

پەرىدە ئابلىز:

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى: شەخسىيەتچى ھەم مىللەتنى سۆيۈش روھى ئاجىز؛ ئارتۇقچىلىقى: جاپاغا چىدامىلىق.

كامىل مۇستاپا:

مېنىڭچە، زىيالىيلىرىمىزدا سەۋىيە ئۆسكەنسېرى باشقىلارنى ياراتمايدىغان ئادەت بار. ئارتۇقچىلىقى: شارائىتنى ئۆزى يارىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:
ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا كەم نەرسىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، ئىلىمگە نىسبەتەن چوڭقۇر ـ ئىنچىكە ئىزدىنىش روھى يوق، ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق كەم.

ھىمىت سىدىق:
ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى: ئۆزىنى توغرا پەرەز قىلالمايدۇ ۋە ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەيدۇ؛ ئارتۇقچىلىقى: تىرىشچان.

غەيرەت توختى كەنجى:
ئارتۇقچىلىقى: ئەركىن تەپەككۇر قىلالايدۇ، يېڭى ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى خېلىلا كۈچلۈك. كەمچىلىكى: ھورۇن ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. تەتقىقات ۋە ئۆگىنىشتىن خاتىرە قالدۇرۇشقا، ئۇلارنى يەكۈنلەپ ئىلان قىلىشقا ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئۆزىگە ۋە قىلغان ئىشىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىن گۇمان قىلىپ، قىلغان ئىشىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيدۇ.

جۇرئەت توختى كەنجى:
مېنىڭچە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى بىلىپ بولغاندەكلا، تىرىشمايدۇ. بۇنىڭ بەلكىم شارائىت ۋە دەۋر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھەممىنى شارائىتقا دۆڭگەپ قويۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. زىيالىيلىرىمىز ئۆزى ياشاۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇھىتقىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنياغا نەزەر سېلىشى كېرەك.

قۇتلۇق سابىت:

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك شۇكى، ئۇلاردا ئىنتىلىشچانلىق سۇس. ئۇلار بىر ئىدارىگە كىرىۋالسا ئىشى پۈتىدۇ، مائاشىنى ساق ئالسىلا بولدى، دەپ ئويلايدۇ. ھۆكۈمەت 1985 - يىلىدىن باشلاپ بىر قىسىم كىشىنى ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقاردى. باشتا كەلگەنلەر خېلى كۆپ نەتىجە ياراتقانىدى، يېقىندىن بۇيان كەلگەنلەر ماددىي بايلىققا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشۋاتىدۇ. بەلكىم، ئۇلار ئۆي ئېلىش، بالا بېقىشنىڭ ۋەسۋەسىسىدە شۇنداق قىلغاندۇ. ئۇلار ياپونىيەدە ئىشلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن كۆرمىگەن ئىشنىمۇ كۆردۈم دەپ، يوق تەشۋىقاتنى قىلىپ، چەت ئەللەردە ئوقۇش خىيالىدا بولغان ياشلىرىمىزنى قايمۇقتۇرماقتا. ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوقلار ئۆزىنى ئاسانلا يوقىتىپ قويىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغانلار ئاز. باشقىلارنىڭ يول باشلىشىغا قارايمەن دەپ، پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ. ئارتۇقچىلىقى: چىداملىق، ھەرقانداق مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. دۇنيا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە نەتىجە قازىنىۋاتقانلارمۇ بار.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

كەمچىلىكى: چەت تىللارنى بىلمەيدۇ، بىلگەن نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئۆگەتمەيدۇ. مەلۇم بىر يىلى بىزنىڭ مەكتەپكە (كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا) ئىككى داڭلىق تىل تەتقىقاتچىسى كەلگەنىدى، پروفېسسورىمىز ئۇلاردىن سوئال سورىغانىدى، ئۇلار دۇدۇقلاپ قىزىرىپ كەتتى. پروفېسسورىمىز كۈلۈپ كەتتى. زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى كەمتەرلىك بولسا كېرەك.

Ay:

كەمچىلىكى: شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىچى تارلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



5. سىزنىڭچە، ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن قانداق سالاھىيەتنى ھازىرلاش كېرەك؟

پەرىدە ئابلىز:
ھازىر ياپونىيەگە ھەقىقىي ئوقۇش مەقسىتىدە كەلگەنلەر بەك ئاز. ھەقىقىي ئوقۇش ۋە ئوقۇش ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقانداق روھىي بېسىم ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرىشىپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

كامىل مۇستاپا:
مېنىڭچە، ياپونىيەدە ئوقۇش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىساد (قەرز ئالسىمۇ بولىدۇ) بولۇشى، ئۆگىنىش ۋە ئەمگەكنى ياخشى كۆرىدىغان (ھۇرۇن ئەمەس) ئالاھىدىلىك بولۇش لازىم.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:
بىزمۇ باشقىلار قىلغاننى قىلالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئۆتكىلى ئەڭ مۇھىم. ياپونچە بىلىپلا قالماستىن، ئىنگلىزچىنىمۇ بىلىش كېرەك.

ھىمىت سىدىق:
غەيرەت ۋە غۇرۇر بولۇشى كېرەك.

غەيرەت توختى كەنجى:
ئۆزىنى ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن پەسمۇ چاغلىماسلىقى، ئۈستۈنمۇ چاغلىماسلىقى، ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئاندىن ئىزچىل ئۆگىنىشنى توختاتماسلىقى لازىم.

جۇرئەت توختى كەنجى:

مېنىڭچە، ياپونىيە شارائىتىدا ئوقۇش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن قېرىنداشلىرىمىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆز كەسپىدە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇشى، شۇنىڭدەك ئىنگلىز تىلى ياكى ياپون تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلىشى، ئۇنىڭدىن قالسا، ياپونىيەدە بىرەر يىل ياشىيالىغۇدەك ئىقتىساد تەييارلىشى كېرەك. چۈنكى، بىر يىلدا كېيىنكى ئوقۇش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. ياپونىيەدە تىرىشقان ئادەملا ئۇزۇپ چىقالايدۇ.

قۇتلۇق سابىت:

بۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. پەقەت ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالىدا بولسىڭىز، ئاز - تولا ياپون تىلى ئىگىلەپ ئىشلىسىڭىز بولىدۇ. مىسالەن، ئاشپەزلىك، سودىگەرلىك دېگەنلەردەك. يەنە زاۋۇتلاردا ئىشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىدە تۇرمۇش كەچۈرمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنداقتا، ياپون تىلىدىن باشقا ئىنگلىز تىلىنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، كەسپىتىمۇ پۇختا بولسىڭىز بولىدۇ. ياپونىيەدە ئوقۇيمەن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن تىل مەسىلىسىنى ھەل قىلىڭ، ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئىگىلەپ قويۇڭ، ئىشلىرىڭىز ئاستا - ئاستا يورۇشۇپ كېتىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

ياپونچىنى مەلۇم دەرىجىدە بىلىش بىلەن بىللە، ياپونلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىمۇ ئىگىلەپ قويۇش كېرەك. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغانغا ئۆلۈپ قالمايسىز، ئەمما ياپونلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. يات بىر ئەلگە چىققاندا ھەربىر ئۇيغۇر باشقا قېرىنداشلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ شۆھرىتى ۋە مىللىتىنىڭ ئابرۇيىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. مەن يولدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىقمىدىم، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدىم، كىشىگە بوزەك بولمىدىم، بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، غۇرۇرۇم بىلەن ياشىدىم.

Ay :
قىيىنچىلىق ۋە ھەرقانداق دەرد ـ ئەلەمگە چىدايدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك.

6. ۋەتەندىكى بىر قىسىم كىشى «ياپونلار بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ قارايدۇ، بۇنى سىز ھېس قىلىدىڭىزمۇ؟

پەرىدە ئابلىز:
بۇنىسى ماڭا ئېنىق ئەمەس، لېكىن شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ياپونلار تىرىشچان ئادەمنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

كامىل مۇستاپا:
بۇ بىر تەرەپلىمە گەپ. ياپونىيەدە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنى بىلمەيدىغان كىشىلەر تولا.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:
ئۇ گەپكە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. مەن «تاش چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەن تەمسىلنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ھەرقانداق مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزى ئەتىۋارلايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، ياپونلارمۇ شۇنداق. ئۇلار بىزنى تازا چۈشەنمىگەچكە، بىزگە قىزىقسا كېرەك. چۈشەنمىگەن نەرسىگە قىزىقىش نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە.

ھىمىت سىدىق:
ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ياپونلار بىزدىن بەكرەك «يىپەك يولى»غا

قىزىقىدۇ. ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدىغانلار جۇڭگودا بىزدەك مىللەتنىڭ بولغانلىقىغا قىزىقىدۇ. ياپونلاردا ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىپ ئامراقلىق قىلغۇدەك تونۇش تېخى شەكىللەنمىگەندۇ. ياپونلاردا ھەممەيلەنگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىش ئادىتى بولغاچقا، ئۇيغۇرلار «ياپونلار بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ خاتا ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىزنى يامان كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىق.

جۇرئەت توختى كەنجى:
بۇ پۇتۇنلەي قۇرۇق گەپ. شۇنىسى ئېنىقكى، ياپونلار ھارماي - تالماي تىرىشىدىغان ھەرقانداق ئىرق ۋە مىللەتنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

قۇتلۇق سابىت:
بۇ گەپنى مەنمۇ ئاڭلىغان. ياپونلار ئۇيغۇرلارنى ئەمەس Silk Road (يىپەك يولى)نى ياخشى كۆرىدۇ دېسەك مۇۋاپىقمىكىن. بىزنى ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار بىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ؟ بۇنى ئويلىنىپ كۆرگەنلەر بارمىدۇ؟ بەلكىم، ئۇلار بىزگە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىن كەلگەن ئىقتىسادى ئاجىز خەلق دەپ ياكى «يىپەك يولى»دىن كەلگەن دەپ ھېسداشلىق قىلار. ياپونلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇساللىرى بەك ئۇسال، ھەممىسى بىز تېلېۋىزوردا كۆرگەندەك ئەمەس. مەسىلىگە ئىككى تەرەپتىن قارىغان تۈزۈك. ماڭىمۇ ياردەمدە بولغان ياپونلار ئاز ئەمەس، بۇ مېنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقىمدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن بولغان. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئادەمگىلا ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر قېتىم ئۇلارغا يالغان سۆزلەپ چېنىپ قالسىڭىز، ئۇلار سىزگە مەڭگۈ ئىشەنمەيدۇ. يېقىندىن بۇيان، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياپونلارنى ئالداش ۋە ئوقۇتقۇچىسىغا يالغان سۆزلەش دېگەندەك مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ھامان كىيىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

شۇنداق، ياپونلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنى، يەنى تۈركىي مىللەتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. سەۋەبى، ياپونلار «يىپەك يولى»غا قىزىقىدۇ. مەن ھەر يىلى ياپونىيەلىك ساياھەتچىلەرنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە ۋەتەنگە بېرىۋاتىمەن. ئۇلار خۇددى ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمىز دېيىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ دەپ سوئال قويۇشىدۇ.

:Ay

بۇ بىر ئەخمىقانە قاراش. ئۇلار بىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، خالاس. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم پەزىلىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتىم.

7. ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدىكى سىز ئەڭ قايىل بولغان ئېلېمېنت نېمە؟ سىز ياقتۇرمايدىغان ئېلېمېنتلارمۇ بارمۇ؟

پەرىدە ئابلىز:

ياقتۇرىدىغىنىم شۇكى، ئۇلار ئەستايىدىل، تىرىشچان ۋە راستچىل. ياقتۇرمايدىغىنىم شۇكى، ئۇلار ئۆز كۆزقارىشىنى ئېنىق ئېيتمايدۇ.

كامىل مۇستاپا:

ياپونلارنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى، ئۇلار بىر ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار چەت ئەللىكلەرنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ.

ئابدۇرەھمان ئابلىمىت:

مەن نۇرغۇن كىشىگە ئوخشاشلا ياپونلارنىڭ سەمىمىيلىكى، ئەستايىدىللىقى، جاپاغا چىداش روھى، كەمتەرلىكى ھەم ئەمگەكچانلىقىغا بەكمۇ قايىل بولدۇم. بۇ بەلكىم تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

ھىمىت سىدىق:

مەن ئۇلارنىڭ ياماتو خىسلىتىنى، يەنى ئۆز مىللىتىنى، ئۆز دۆلىتىنى باشقىلاردىن تۆۋەن قويۇشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ بىلىدىغان ئىرادىسىنى ياخشى كۆردۈم. ئۇلار كىچىككىنە ئارالدا ياشىغاچقىمىكىن، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئەمەس.

غەيرەت توختى كەنجى:

مىنى قايىل قىلغىنى ياپونلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەمكارلىشىش روھى. مەن ياپونلارنىڭ gambattene (تىرىشقىن) دىگەن گىپىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. چۈنكى، ياپونيە جەمئىيىتى تىرىشچانلىق ئارقىلىق يارىتىلغان.

جۈرئەت توختى كەنجى:

ياپونلارنىڭ خاراكتېرىدە مىنى ئەڭ قايىل قىلغان ئىككى نەرسە بار: بىرى، ئەستايىدىللىق، يەنە بىرى، ئۆزۈقلىنىش ئادىتى. ئۇلارنىڭ ئەستايىدىللىقى جاھىللىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى بىر ئىشقا جاھىللىق بىلەن كىرىشىپ، ئۇنىڭدىن چوقۇم نەتىجە چىقىرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى روھنى ئۆزىمىزگە سىڭدۈرسەك، كەلگۈسىدە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى چوقۇم ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇتلۇق سابىت:

ياپونلارنىڭ تىرىشچان، ئىنتىزامچان روھى مېنى قايىل قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، ۋەيران بولغان بىر دۆلەتنىڭ خەلقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ، ئامېرىكىدىنلا قالسا دۇنيادا تەرەققىي تاپقان، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور ئىككىنچى دۆلەت بولۇپ قالدى. بۇ، تىرىشچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىقنىڭ مەھسۇلى. مەن ئۇلارنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتىنى ياقتۇرمايمەن. بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى بىرلىكتە مۇنچىغا چۈشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلارمۇ خىجىل بولماي دادىسى بىلەن بىللە دوش مۇنچىغا چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن، باشقا ھەرقانداق بىر ئەل ئادىمىنىڭ بۇنى توغرا تاپقىنىنى كۆرمىدىم. يەنە بىرى، ياپونلارنىڭ ئىچى تار، بۇنى بىرلىكتە خىزمەت قىلىسىڭىز بىلىسىز. ئۇلاردىن ئېشىپ كەتسىڭىز ھەرگىز چىدىمايدۇ. ئەگەر سىز ئادەتتىكى خىزمەتچى تۇرۇپ، باشلىقىڭىزدىن ياخشىراق كىيىنسىڭىز سىزنى ئاسانلا ئوڭشاپ قويىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

مەن ياپونلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقى، تەقىقاتتىكى سەممىيلىكى ۋە ئىنچىكىلىكىنى ياقتۇرىمەن. ئەمما ياپونلار ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلاردىكى يالغۇزلۇق، زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىك، ھېسسىياتسىزلىق، خۇنۇكلۇك، روھىي بېسىم قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان رىئاللىقنى ياقتۇرمايمەن. ئەرلەر ئەردەك ياشىمايدۇ، ئاياللارمۇ ئاياللارغا خاس گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدۇ. ئاياللار پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى ياخشى ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇماقتا. باللاردا پۇل ئۈچۈن دەيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش ئېغىر، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە جىنايەت سادىر قىلىش كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

Ay:

مېنىڭ ياقتۇرغىنىم، ياپونلارنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان سادىقلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى. لېكىن، ئۇلارمۇ ئىنسان بولغاندىكىن، بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس.

8. ياپونلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ بارمۇ؟ سىزنىڭچە، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۆز مەدەنىيەت بىلەن يات مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغان؟

پەرىدە ئابلىز:

ياپونلارنىڭ ئەدەپلىكلىكى، سىلىق - سىپايىلىكى، قائىدە - يوسۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمما، ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇ خىسلەتلىرى ۋە قائىدىلىرى يىمىرىلىشكە باشلاۋېتىپتۇ.

كامىل مۇستاپا:

سالام - سەھەت ئادەتلىرى بىز ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دەپ قارايمەن. لېكىن، ھازىر شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سالام - سەھەت قائىدىلىرى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ.

ھىممىت سىدىق:

ياپونلار مەدەنىيەتلا بولسا ئەنئەنىۋى ياكى يات دېمەستىن قوبۇل قىلىشقا ماھىر.

جۇرئەت توختى كەنجى:

مېنىڭچە، شەرقىي ئاسىيا كىشىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونلارنىڭ بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان يېرى يوق دەپ قارايمەن. ئوخشاشلىقى بار دېيىلسە، تىللىرىمىزنىڭ گىراماتىكىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلمىسى ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىسى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىق ھەمدە بىزنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تونۇشىمىز ياپون تىلىنى تېزرەك ئۆگىنىشىمىزگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

قۇتلۇق سابىت:

ياپون ئاياللىرىنىڭ ئەرلىرىنى چوڭ بىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلمايدۇ. لېكىن توكيودا ئەھۋال باشقىچە. توكيولۇقلارنى ياپونلارنىڭ ئۆزىمۇ ئەسكى دەپ تىللايدۇ. ياپونلارنى يات مەدەنىيەتنى بەكمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ، دېسەك بولىدۇ. ياشلىرى تېخىمۇ شۇنداق. بىراق ئەنئەنىۋى بايراملاردا ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايراملىرىدا ئەقەللىيسى دوپپا كىيىشىنىمۇ ئېسىگە ئالمايدۇ. شۇڭا، ياپونلارنى ئۆز ۋە ئۆزگە مەدەنىيەتنىڭ پەرقىنى ياخشى ئايرىۋالغان دېيىشكە بولىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

ياپونلارنىڭ ئەخلاقىي قائىدىلىرى بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ياپونلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ، مىللىي مەدەنىيەتنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇنى قوغداشقا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يات مەدەنىيەتنىمۇ ھۆرمەتلەپ قوبۇل قىلىدۇ. ھەيران قالغىنىم شۇكى، قوبۇل قىلغانغا 100 يىل بولغان يات مەدەنىيەتنى باشقىلارنىڭ دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

:Ay

ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

9. سىز ياپونلار ۋە باشقا چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى مىللىي سالاھىيىتىمىز ھەققىدە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

پەرىدە ئابلىز:
ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيۈشىمىز ۋە ئۆز مىللىتىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك ئىكەن.

ھىمىت سىدىق:
ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلى دەپ قاراپ، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىمىزنى ساقلاپ تۇرالىساقلا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىمىز ئۆسىدۇ.

جۈرئەت توختى كەنجى:
مېنىڭچە، نۇرغۇن ياپون ۋە باشقا چەت ئەللىك دۇنيادا بىزنىڭمۇ بارلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتقۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يېقىن تارىختىن بېرىقى ئەۋلادلار ئۇنداق قىلالمىدۇق. ياپونىيەدە ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇنلارغا ئاجايىپ تىرىشچانلىقلىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خاس ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇتۇۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن بۇلارنىڭ سانى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سانىغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ياپونىيەگە كېلىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى 10 مىڭغا يەتسە ۋە بۇلار ياپونىيەنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسە، بۇنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە تۆھپىسى بولۇشى مۇمكىن.

قۇتلۇق سابىت:
ياپونىيەدە ئۆزىڭىزنى «مەن جۇڭگولۇق» دەپ تونۇشتۇرسىڭىز،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇپ «سىز ئارغۇنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «ياق، مەن ئۇيغۇر، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلدىم» دېسىڭىز، تولىسى بىلمەيدۇ. ياپونلارنىڭ تولىسى «جۇڭگو» دېسە خەنزۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، جۇڭگودا باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭمۇ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بۇ يەنىلا تەشۋىقات مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

مەن كۆپىلگەن پائالىيەتكە قاتنىشىپ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدەك مەدەنىيەتنىڭ يوقلۇقىنى، سەنئىتىمىزنىڭ بولسا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىراق، بۇنى بىلىدىغانلار يوق ھېسابتا. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى ۋە كەلگۈسىگە ساختا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خەتەرلىك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. مىللىي مائارىپىمىزنى جىددىي تەرەققىي قىلدۇرمىساق بولمايدۇ.

:Ay

ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. بۇ ئەڭ خەتەرلىك.

10. سىزنىڭچە، «پالانى مىللەت ياكى دۆلەت بىزنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن قاراش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

پەرىدە ئابلىز:

باشقىلاردىن پاناھ تىلەشتىن دېرەك بېرىدۇ.

كامىل مۇستاپا:

بىر تەرەپلىمىلىكتىن ئىبارەت.

ھىممەت سىدىق:

ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ياساش، ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

غەيرەت توختى كەنجى:

بۇ، ئۆزى تىرىشماستىن، تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىنى كۈتۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ بەختى ۋە كېلەچىكىنى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا يارىتالايدۇ. ئۆزى تىرىشمىسا باشقىلار ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن، ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

جۈرئەت توختى كەنجى:

بۇ، يارامسىزلارنىڭ قارىشى. بىز باشقىلار بىزنى ياخشى كۆرگۈدەك بىرەر ئىش قىلالىدۇقمۇ؟ پەقەت ئاجىزلارلا ئۆزىگە ئاشۇنداق تەسەللى بېرىدۇ. ھازىرقى شارائىتتا ئاجىزلارنى ياخشى كۆرىدىغان دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس.

قۇتلۇق سابىت:

بۇ، ئۆز - ئۆزىنى گوللاپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتەك بالىلاچە روھىي ھالەت.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

بۇ بىر خىل موھتاجلىقنىڭ ئىپادىسى. ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەنلەرنى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

Ay :

بۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەخمەق قىلىشتىن ئىبارەت. باشقىلار سىنى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆچ كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

11. ئەگەر بىرى سىزدىن ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشاش تىپىك شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلدى دەپ سورىسا، نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىڭىز؟

پەرىدە ئابلىز:
ساختىلىقتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم.

كامىل مۇستاپا:
ياپون خەلقى ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل بولغانلىقى ئۈچۈن، دەيتتىم.

ھىممەت سىدىق:
ياپونلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى ھەقىقىي سۆيگەنلىكى ۋە دۆلەت بىلەن پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ھەل قىلىنغانلىقىدىندۇر.

غەيرەت توختى كەنجى:
ياپونلارنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىشلەش روھى بىلەن خەلقئاراغا يۈزلەنگەنلىكىدىن بولغان، دەيمەن.

جۈرئەت توختى كەنجى:
بۇنىڭ ئىككى ئاملى بار. بىرى، ياپونلارنىڭ قەتئىي روھى. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىنىڭ دۆلەتنى كۈچلۈك قىلىدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى 100 يىل بۇرۇنلا تونۇپ يېتىشى. ياپونىيە دۆلىتى گۈللىنىشنىڭ پەن ـ تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، يۇقىرى دەرىجىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى 100 يىل بۇرۇنلا يولغا قويغان. بۇ خىل مائارىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىشكە باشلىغان.

قۇتلۇق سابىت:
7 ـ سوئالغا بەرگەن جاۋابىمنى تەكرارلايمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم:
ياپونلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپلا تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنسان كۆرمىگەن قىيىنچىلىقنىڭ دەردىنى تارتتى. ئەينى ۋاقىتتا ياپون خەلقىمۇ يالغۇز قالغانىدى، قايسىدۇر بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ ھېسداشلىقىغا موھتاج ئىدى. ئەمما ياپونلارنىڭ قېنىدا بىرىگە يالۋۇرىدىغان ئادەت يوق. شۇ چاغدا ئەڭ چەتكە قېقىلغان بۇ مىللەت لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىرىشتى ۋە دۇنيا خەلقىگە ئۆز ئىرادىسىنى تونۇتتى. ئۇلار قورال بىلەن ئەمەس، بىلىم بىلەن ئۇتۇپ چىقتى. قىسقىسى، بۇ سوئالغا ياپونلار جاپا، قىيىنچىلىق، ئازاب نەتىجىسىدە بوگۈنكى كۈنگە ئېرىشتى، دەپ جاۋاب بېرىمەن.

:Ay
جاۋابىم شۇ: (1) ياپونىيە بۈنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ئىلغار ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلدى؛ (2) ياپونلار مەسئۇلىيەتچان ۋە تىرىشچان خەلق؛ (3) ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيەگە ئامېرىكىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

12. سىز تۇرغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئىچىدە سىزنى قايىل قىلغان ئامىللار قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

پەرىدە ئابلىز:
ئوقۇغۇچىنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىشىنى قوللايدۇ. مىسالەن، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇتقۇچىمىدىن تەتقىقاتىم توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىسام، ئۇ ياردەم پىكرىنى بېرىدۇ، ھەرگىز تەتقىقاتىمغا بىۋاسىتە ئارىلاشمايدۇ. مەكتەپ تۈزۈمى بەك چىڭ، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلمىسا (ئەلۋەتتە، ئىنگلىز تىلىدا) دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىلمەيدۇ.

كامىل مۇستاپا:
ياپونىيەدە ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ھەممىدىن ئۈستۈن. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىمۇ ئۈستۈن.

ھىممەت سىدىق:
مەكتەپنىڭ سەۋىيەسى ۋە نام - شۆھرىتى شۇ مەكتەپتىكى پىروفېسسورلارنىڭ سەۋىيەسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا كەسىپ ئەھلى مەكتەپنىڭ ھەقىقىي خوجىسى بولالايدۇ.

غەيرەت توختى كەنجى:
مەكتەپلەردىكى مۇھىم ئىشلارنى مەكتەپتىكى مەمۇرىي خادىملار ئەمەس، پىروفېسسورلارنىڭ كېڭىشى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا.

جۈرئەت توختى كەنجى:
مەكتىپىمنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈزۈملىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن. لېكىن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا مەكتەپ ۋە دۆلەتنىڭ ئايىماي مەبلەغ سېلىشى مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتسام، ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تەتقىقاتتا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قانچىلىك قىممەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتقۇچۇم بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا تەجرىبىخانىلارغا تەل قىلىپ بېرەتتى. ئەگەر 10 ~ 20 تۈمەن يېنىلىك (بىر يېرىم تۈمەن خەلق پۇلىغا تەڭ كېلىدۇ) نەرسە بولسا، ئوقۇتقۇچىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپ، ئۆزۈم زاۋۇتتىن بىۋاسىتىلا ئەكەلدۈرەتتىم. فاكۇلتېتلار

ئارا تەتقىقات جەھەتتىكى ھەمكارلىقنىڭ كۈچلۈكلۈكى مېنى قايىل قىلغان يەنە بىر ئىشتۇر. ئەگەر تەجرىبە نەتىجىلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇسكۇنىسىدە ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمىسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باشقا فاكۇلتېتنىڭ ئۆلچەش ئۇسكۇنىسىنى خالىغانچە ئىشلىتەلەيتتىم.

قۇتلۇق سابىت:

مەن تۇرغان مەكتەپ خۇسۇسىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بولۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەردە ئىشلەپ، پېنسىيەگە چىققانلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھەرقايسى چوڭ شىركەت دىرېكتورلىرىمۇ بىزگە ئەمەلىيەتتىن دەرس بېرىدۇ. ھازىرقى ئىشخانامدىمۇ ئايرىم ئۈستىلىم بار، ئۇنىڭدىن باشقا تەتقىقاتقا لازىملىق نەرسىلىرىم تەل. ئىشخانامنى كېچە - كۈندۈز ئىشلىتەلەيمەن. ئىنتېر توردىن سۆز ئاچمىساممۇ بولار. زۆرۈر بولغان كىتاب ۋە ماتېرىياللار كۇتۇپخانىلاردىن تېپىلماي قالسا، دەرھال سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دوكتور ئۇنۋانى ئالغانلار، تولىسى ياۋروپا، ئامېرىكىلاردا ئوقۇغان. ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئۇچۇر سۆزلەيدۇ، كېرەكلىك كىتابلارنى ئۆزىمىز ئوقۇۋالىمىز.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

مېنى قايىل قىلغىنى، مەكتەپلەردىكى مەقسەتلىك، ئەركىن ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش مېتودى. دەسلەپتە نېمىدېگەن باشباشتاق ئوقۇتۇش بۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. كېيىنچە بۇنىڭ سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنى سولىۋېلىپ، ئۇنۇمى بىلەن كارى يوق ھالدا مەجبۇرلاپ ئوقۇتۇشتىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ياپونىيەدە 30 خىل دەرسنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىز خالىغان كەسىپنى تاللىسىڭىز بولىدۇ، بۇ سىز خالاپ ھەم قىزىقىپ ئوقۇغان كەسىپ بولغاچقا، نەتىجە چىقىرالايسىز. بۇ يەردە بالىلارغا باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


جەمئىيەتنى ھەم قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىل ياشاش ئادىتى بالىلىقتىن تارتىپ يېتىلىدىكەن.

:Ay
ياپونىيەدىكى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئورنىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى باشقۇرمايدۇ. ھەقىقىي مەكتەپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم. مەكتەپنىڭ تۈزۈمىدە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەركىنلىك بېرىلگەن. ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىگەندە كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا چايناپ يېگۈزۈپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

13. ياپونىيەگە كېلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ ئويلاش ئۇسۇلى ھەققىدە نېمىلەرنى بايقىدىڭىز؟

پەرىدە ئابلىز:
مەسىلىلەرنى ئويلاش دائىرەم كېڭەيدى.

كامىل مۇستاپا:
خام خىيال قىلمايدىغان بولدۇم.

ھىممەت سىدىق:
ئۆزۈمدە خاملىق، بوشاڭلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئىشەنچسىزلىك ئىللەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم.

جۈرئەت توختى كەنجى:
بۇ، جاۋاب بېرىش تەس بىر سوئال بوپتۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ

ئۆزىنىڭ ئويلاش ئۇسۇلىنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىشى تەس ئىش. لېكىن مەن ياپونىيەگە كېلىپ نۇرغۇن جاپا تارتىپ، روھىي جەھەتتىن يېتىلگەنلىكىمنى ھېس قىلىمەن. ھەر قېتىم ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ بۇرۇنقى پىكىرداش دوستلىرىم بىلەن پاراڭلاشسام، پىكىرىمىزنىڭ بىر يەردىن چىقمايۋاتقانلىقىنى، ئارىمىزدىكى پەرقنىڭ زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

قۇتلۇق سابىت:

سوئاللىرىڭىز بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىپ بارامدۇ، قانداق؟ (چاقچاق). بۇرۇن بىز بىر ئىشقا ئۆلۈك باھا بەرگەن بولساق، ياپونىيەدە مول ئۇچۇرلار ئاساسىدا ھەر تەرەپلىمە باھا بېرىشنى ئۆگىنىدىكەنمىز.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

بىزدە «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماپتۇ» دېگەن گەپ بار. مەن بۇرۇن ياشايتتىم، لېكىن ئويلانمايتتىم. ياپونىيەگە كېلىپ «ياشاش قانداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى نەدە، ۋاقىتنىڭ قىممىتى قانداق؟» دېگەن مەسىلىلەر ئاستىدا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىغاندا، بۇ مەندىكى ئۆزگىرىش بولسا كېرەك.

14. سىزنىڭچە، ياپونىيە مائارىپى بىلەن بىزنىڭ مائارىپىمىزنى قانداق سېلىشتۇرۇش كېرەك؟

پەرىدە ئابلىز:

ياپونىيە مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى بويىچە راۋاجلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن.

جۇرئەت توختى كەنجى:

ياپونىيەنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى، باللارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىمىز دەپ باللارنى ھەددىدىن زىيادە مەيلىگە قويۇۋەتكەن. ئەمما ۋەتىنىمىزدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكى بولسا زىيادە ئېغىرلىشىپ كەتكەن.

قۇتلۇق سابىت:

مەن بۇ يەردە ئالىي مائارىپ ئۈستىدە گەپ قىلماقچى. بىزنىڭ مائارىپىمىزدا كىتاب ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمەلىيەت ئاز. ياپونىيەدە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ياپونىيەنىڭ مائارىپ مەبلىغى كۆپ. دەرسنى قايسى فاكۇلتېتتا ئاڭلىساق بولۇۋېرىدۇ. بۇ ئىككى مائارىپنى مىللىي مائارىپ ۋە دۆلەت مائارىپى دەپ سېلىشتۇرساق مۇۋاپىق دەپ ئويلايمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمىسا كېرەك. مائارىپ دېگەن بىر جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن. ياپونىيەدە مائارىپنى ھۆكۈمەتتىن تارتىپ پۈتكۈل كۈچ قوللايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مائارىپچىلارنىڭ ئورنى جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرى، ئۇلار يۇقىرى مائاشقا ئىگە ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى بار.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى سوئالغا كۆپى جاۋاب بەرمەي، ئورۇننى ئاق قالدۇرغان.

15. ياپونىيەنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا دائىر ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە قانۇن خاراكتېرلىك كۆزىتىشلىرىڭىز بارمۇ؟

پەرىدە ئابلىز:

يوق.

ھىممەت سىدىق:

ھەممە ئوقۇغۇچى ئوخشاش فورما كىيىدۇ، ئوخشاش تاماقلىنىدۇ، باراۋەر پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، كوللېكتىپ روھنى تەكىتلەيدۇ.

جۇرئەت توختى كەنجى:

قانۇن خاراكتېرلىك كۆزىتىشىم يوق. ياپونىيەدە مەجبۇرىيەت مائارىپى پۇتۇنلەي ھەقسىز. ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ داۋالىنىشىمۇ ھەقسىز. بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگۈچە يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئايدا 5000 يېن (300 يۈەندىن ئارتۇق خەلق پۇلى) سۈت پۇلى بېرىدۇ (بۇ پۇلغا كۈنىگە بىر كىلوگىرام سۈت سېتىۋالغاندا، بىر ئاي راۋۇرۇس يېتىدۇ ــ ئا). ياپونىيەدە دەرسلىك كىتابلارمۇ ھەقسىز تارقىتىلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش خىراجىتى خېلى قىممەت. لېكىن ئوقۇش پۇلى تۆلىيەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن يۆلەپ تۇرىدۇ. مىسالەن، ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش، قەرز بېرىش، قەرزنى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قايتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆكۈمەت خادىمى ياكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ بەش يىل ئىشلىسە، بۇ قەرز ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

ياپونىيە مەجبۇرىيەت مائارىپىدا تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن بىر تىيىنمۇ ئېلىنمايدۇ، پەقەت چۈشلۈك تاماقنىڭ پۇلى ئېلىنىدۇ. دۆلەت ئېھتىياجى سىز، ئۇيۇشتۇرۇلسا، بۇنىڭ چىقىمى ئاتا ـ ئانىلاردىن ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدا قەدىمكى شەھەرلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىلىپ، ياپونىيە تارىخىدىن ئەمەلىي دەرس ئۆتۈلىدۇ. تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەللەرگە ئېكسكۇرسىيەگە چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ياپونىيەنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دۆلەتنى سۆيۈش تەربىيەسى بېرىدۇ. ھەيران قالارلىقى، بالىلار يەتتە ياشقا كىرگۈچە دۆلەت ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە 5000 يېندىن پۇل بېرىدۇ.

16. سىز ئوقۇتقۇچىڭىز بىلەن بولغان ئالاقىدىن رازىمۇ؟ ئۇنىڭ خىزمەت ئىستىلى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

پەرىدە ئابلىز:
بەك رازى. ئوقۇتقۇچۇم پۇتكۇل ئۆمرىنى كەسىپكە بېغىشلىغان داڭلىق مىكروبىشۇناس بولۇپ، بەكمۇ ئەستايىدىل، تەلەپچان، كۆيۈمچان ئايال. ئۇ ھاياتىمدىكى مېنى ئەڭ قايىل قىلغان ئوقۇتقۇچى.

كامىل مۇستاپا:
رازى. ئوقۇتقۇچۇم مېنى كەچكىچە بىرنېمە ئۆگەتمەمەن دەپ سىنىپقا سولىۋالمايدۇ، بەلكى ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ھېمىت سىدىق:
رازى. مەكتەپنى ئۆز ئۆيىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. ئۆز خىزمىتىگە بولغان ساداقىتى كۈچلۈك.

جۇرئەت توختى كەنجى:
مەن ئوقۇتقۇچۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن 80 پىرسەنت رازى. ئۇ مېنىڭ تەتقىقاتىم ئۈچۈن يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتە مېنى تېخىمۇ يېقىندىن يېتەكلىشىنى

ئۇمىد قىلاتتىم. لېكىن بۇ كىشى بەك ئالدىراش بولغاچقا، تەتقىقات دوكلاتى بېرىدىغان چاغدا ئايدا بىر قېتىم كۆرەلەيمەن. دېمەك، تەتقىقات جەريانىدا تەس مەسىلىگە دۇچ كەلسەم، ئۇنى تاپالمايتتىم.

قۇتلۇق سابىت:
رازى. ئۇ كۈندە كېلىدۇ، يوق ۋاقتىدا ئېلخەت (E-mail) يوللىسام جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى بەكمۇ سۆيىدۇ، ئىشى تۈگىمىسە مەكتەپتىن قايتمايدۇ، ھەتتا تەتىلدىمۇ دەم ئالمايدۇ. يېشى 60 لاردا بار، قېرىپ قالدىم، تاپقىنىمنى يەپ ياشاي دېمەيدۇ. ئۇ ئۆزىگە يارىغان يېڭى كىتابلارنى ئوقۇپ كۆرۈشىمىزگە تەۋسىيە قىلىدۇ. تەلىپى قاتتىق، ئاچچىقى يامان. ئۆگىنىشكە كەلگەندە، مەسىلىلەرنى ناھايىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ.

سەلتەنەت ئىبراھىم:
شۇنداق رازى. ئۇ ماڭا ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك، ئىشىنىش بولمىسا ياشىغانىنىڭ مەنىسى بولمايدۇ، دەپ تەربىيە بېرىدۇ. ئۇنىڭ يېتىپ يېسىمۇ يېتىدىغان ئىقتىسادى بار تۇرۇقلۇق قاتتىق ئىزدىنىدۇ، 50 ياشتىن ئاشتىم، دەم ئالاي دېمەيدۇ. ئادەم ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۆگىنىشى لازىم، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەتتا ياپونلارمۇ قايىل. مەكتىپىم مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ. بۇ مەكتەپتە نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارمۇ بار. مەن ئۇستازىمنى مەڭگۇ ھۆرمەتلەيمەن. يولدىشىم ئەخمەتجان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك يۇكسىلىشىمىزگە شۇ مۇئەللىم سەۋەبچى بولدى.

17. ئانا تىلىڭىزدىن باشقا قايسى تىللارنى بىلىسىز؟ چەت تىللارنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەرىدە ئابلىز:
خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە بىلىمەن. تىل ئۆگىنىشتە ئالاھىدە ياخشى ئۇسۇل يوق.
سىز شۇ تىلغا موھتاج بولغاندا، ئۇنى ئەڭ تېز ئۆگىنەلەيدىكەنسىز.

ھېمىت سىدىق:
ئانا تىلىمدىن باشقا خەنزۇ، ياپون، ئىنگلىز، رۇس تىللىرىنى بىلىمەن. تىل ئۆگىنىش جاپالىق بولسىمۇ، باشقا تىلدىكىلەر بىلەن مۇڭدىشىش خۇشاللىنارلىق ئىش.

غەيرەت توختى كەنجى:
خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە بىلىمەن. ئۆز ئانا تىلىمنى يېگى يېزىقتا ئۆگەندىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى كونا يېزىقتا بەردىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر خىل تىلنى ئىككى خىل يېزىقتا ئۆگەندىم. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، دادامنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىماي، بەش يىل ئۆزلۈكۈمدىن رۇسچە ئۆگەندىم. بىراق ئۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمىدى. ياپونىيەگە كېلىشنىڭ ئالدىدا ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى باشلاپ، كەلگەندىن كېيىن ئىنگلىزچە بىلەن ياپونچىنى تەڭ ئۆگەندىم. ھازىر ئىنگلىزچە، ياپونچە ۋە خەنزۇچە كەسپىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن بىمالال پايدىلىنالايمەن.

جۇرئەت توختى كەنجى:
مەن ئانا تىلىمدىن باشقا ياپون تىلىنى بىلىمەن، بۇ ئەلۋەتتە ياپونىيەدە ياشاش ۋە خىزمەت قىلىشتىكى قورال. ئىنگلىز تىلىدا ئۆز كەسپىمگە دائىر ماقالىلەردىن يېتەرلىك پايدىلىنالايمەن، لېكىن راۋان سۆزلىيەلمەيمەن. شۇڭا، ھازىرمۇ ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىمەن. مېنىڭچە، چەت تىللارنى ئۆگەنگەندە كۆپ

ۋاقىت سەرپ قىلىش كېرەك، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر يىل ياكى ئىككى يىل ئۆگىنىش كېرەك. دىققەت مەركەزلەشمىگەندە ۋاقىت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

قۇتلۇق سابىت:

ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا خەنزۇچە، ياپونچە، ئىنگلىزچە بىلىمەن، تۈركچىنىمۇ ئاز ـ تولا بىلىمەن. ياپون تىلىنى ۋەتەندىكى چېغىمدا ساۋاتىم چىققۇدەك ئۆگىنىپ، قالغىنىنى ياپونىيەگە كېلىپ ئۆگەندىم. كۆپلىگەن ۋاقتىمنى ئاڭلاشقا سەرپ قىلدىم. ئادەتتە بىرنەرسە يادلاشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. شۇڭا، ئاڭلاپ ئۆگەندىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئىنگلىزچىنى بۇ يەردە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئۆگەنگەن، لېكىن بۇ ماڭا خېلى ئېغىر كەلدى، بۇ جەرياننى يازسام بىر كىتاب بولىدۇ. تۈركچىنى قىزىقىش تۈپەيلى ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىنىپ قويغان، شۇڭا ئازراق سۆزلىيەلەيمەن. تىل ئۆگىنىش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزگىچە ئىش. مەن ئاڭلاپ ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىمەن.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

خەنزۇ تىلى، ياپون تىلى ۋە ئاز ـ تولا رۇس تىلى بىلىمەن. مېنىڭچە، تىل ئۆگەنگەندە تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

(1) چوقۇم شارائىت بولۇشى كېرەك؛ (2) شۇ تىلنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتىڭىز ئېنىق بولۇشى كېرەك؛ (3) خىجىل بولماسلىق كېرەك؛ (4) ھەم قارىغۇلارچە، ھەم چۈشىنىپ يادلاش كېرەك؛ (5) يادلىغان نەرسىنى خاتا بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش كېرەك؛ (6) رىقابەت روھى بولۇشى كېرەك. مەن ھازىر ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىمەن. مەن ياپون تىلى ئۆگەنگەندە، سۆزلەر يېزىلغان كارتىلارنى ئاشخانا، ياتاق ۋە ئۆگىنىش ئۆيۈمنىڭ تېمىغا چاپلىغانىدىم، كۈنىگە 50 سۆز يادلايتتىم. شۇ چاپانىڭ راھىتىنى ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

18. ئانا تىل مائارىپى ھەققىدە بىۋاسىتە ھېس قىلغانلىرىڭىز بارمۇ؟ ئانا تىل بىلەن چەت تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە قانداق قاراشلىرىڭىز بار؟

پەرىدە ئابلىز:
ئاساس مائارىپى ئانا تىلدا بولسا، ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. چەت تىللارنى ئۆزىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا چالا ساۋات كىشى چەت ئەل تىلىدىمۇ چالا ساۋات بولىدۇ.

كامىل مۇستاپا:
ھەرقانداق ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. ئانا تىلىنى ياخشى بىلگەندە باشقا تىلنى ئۆگىنىشىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ.

ھىممەت سىدىق:
ئانا تىلنى ھەقىقىي ئىگىلىگەندىلا باشقا تىللارنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئەسلىدە دۇنيادىكى ئىنسانلار بىرلا تىلدا يارالغان بولسا ئىكەن دەيمەن. لېكىن رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە قاتارلىق تىللارنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ.

غەيرەت توختى كەنجى:
تەپەككۇرنى ئانا تىلدا قىلىدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانا تىلغا پىششىق بولمىسا تەپەككۇرى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مېنىڭ ئانا تىلىم ئۇيغۇر تىلى. ئويلاپ باقسام، ئۆز ئانا تىلىمنى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپتىمەن. ھازىرمۇ ئانا تىلىمنى ئۆگىنىۋاتىمەن. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئوقۇۋاتقان چېغىمدا جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئىگە بىلەن تىلنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئىسىمنى ئايرىۋالالماي ئوقۇش پۈتكۈزگەنىدىم. ئۇلارنى رۇسچە ئۆگىنىش داۋامىدا بىلىشكە مەجبۇر بولدۇم. دېمەك، چەت ئەل تىلى ئۆگەنگەندە ئانا تىلنى بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى مەلۇم بولىدۇ.

جۇرئەت توختى كەنجى:

مېنىڭچە، باشلانغۇچ مائارىپىدىن ئالىي مائارىپقىچە ھەممىسى ئانا تىلىمىزدا بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئادەمنىڭ ئۇقۇملار ۋە مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئايدىڭ بولىدۇ. مىسالەن، ئانا تىلدىكى نەرسىنى ئەقىل ۋە يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن چۈشىنىمىز، باشقا تىلدىكى نەرسىنى راسا دىققەت قىلمىساق چۈشىنەلمەيمىز. بۇنداق ئىش بېشىمىدىن تولا ئۆتكەن. ئانا تىلغا خام ئادەم باشقا تىللاردىمۇ خام بولىدۇ. تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە مەنتىقىسى ھەققىدىكى ئۇل خاراكتېرلىك بىلىم ئانا تىل زېمىنىدا يېتىلىدۇ ۋە باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. بىزنىڭ باشقا تىللارنى ئۆگىنىش سېلىقىمىز نىسبەتەن ئېغىر. بىز ھەم خەنزۇ تىلىنى، ھەم ئىنگلىز، ياپون... تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، بۇ ھەقىقەتەن تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى مائارىپ ھالىتىمىزنى ھەسسىلەپ تۈزىتىپ، مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە ھىندىستان ۋە باشقا جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك.

قۇتلۇق سابىت:

سىز باشقا تىللارغا ھەرقانچە ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدىڭىزمۇ، ئۆي - پىكىرلىرىڭىزنى يەنىلا ئانا تىلىڭىزدىكىدەك ئىپادىلەپ بولالمايسىز. بىر تىلنى ئۆگەنگەندە ئەڭ ياخشىسى شۇ تىلنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى ئارقىلىق ئۆگىنىش لازىم. چۈنكى، ھەرقايسى تىل ئارىسىدىكى مەنىداش سۆزلەر ھەرگىزمۇ مەنە جەھەتتىن يۈزدە يۈز باراۋەر ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەلتەنەت ئىبراھىم:

ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ھەربىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى. چەت ئەل تىلىنى مۇشۇ شەرتنى ئورۇنلىغان ئاساستا ئۆگىنىش كېرەك.

Ay:

مەن باشلانغۇچتىن ئالىي مەكتەپكىچە ئانا تىلىمدا ئوقۇغان. مېنىڭچە، ئانا تىلنى پۇختا ئىگىلىگەندىلا، باشقا تىللارنىمۇ پۇختا ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

19. ئانا تىل ۋە چەت تىللارنىڭ ماھارىتىمىزدىكى ئورنى ھەققىدە قىياسلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

پەرىدە ئابلىز:

ھازىر بەزى كىشىلەر: «بالا ئانا تىلىدا ئوقۇسا، نان تېپىپ يېيەلمەيدۇ» دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئۇمىدسىزلىك. چەت تىللارنى ئانا تىلنى پىششىق بىلىش ئاساسىدا ئۆگىنىش كېرەك.

كامىل مۇستاپا:

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ماھارىتتا ئۆز ئانا تىلىنى ئاساس، چەت تىللارنى يانداش ئۆگىنىپ تەرەققىي قىلغان.

قۇتلۇق سابىت:

ئانا تىلدىكى ماھارىتى بولمىغان مىللەتنىڭ ماھارىتىنى ھەقىقىي مىللى ماھارىت دېگىلى بولمايدۇ. چەت تىللار ماھارىتى بىزدە ئەمدى شەكىللىنىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ھەقىقىي ماھارىتنىڭ تەلىپىدىن يىراق.

20. سىزنىڭچە، ئۇيغۇر مائارىپى نېمىلەرگە دۇچ كەلمەكتە؟ تېخنولوگىيە ۋە ئۇچۇرنىڭ تەرەققىياتى بىز ئۇچۇن قانداق خىرىسلارنى تەييارلىدى؟

جاۋاب يوق.

21. ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىدىن بىزنىڭ دەرسلىك پىروگراممىمىزغا قانداق نەزەر تاشلاش مۇمكىن؟

پەرىدە ئابلىز:
مەن ياپونىيەنىڭ دەرسلىكلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باقمىغاچقا، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيمەن.

كامىل مۇستاپا:
ياپونىيەنىڭ دەرسلىكلىرىدە دوگما نەرسىلەر ئاز، ئاڭنى ئاچىدىغان مەزمۇنلار كۆپ.

جۇرئەت توختى كەنجى:
ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى زامانغا ماسلاشقان بولۇپ، دۇنيادا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر ساھە يېڭىلىقلىرى دەرھال دەرسلىكتە ئەكس ئېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئۇچۇرلاردىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولالايدۇ. بىر دەرسلىك ئون - يىگىرمە يىل ئۆزگەرمىسە، ئۇنى ئوقۇپ چىققانلار دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە قانداقمۇ ماسلىشالىسۇن!

قۇتلۇق سابىت:
بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز بېكىتىپ قويۇلغان بولىدۇ. ياپونىيەدە دەرسلىكنى ئوقۇتقۇچى ئۆزى تاللايدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

:Ay

ياپونىيە دەرسلىكلىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئەركىن پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز ئۆلۈك يادلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ نوپۇزىغا بويسۇنمىسا بولمايدۇ، ئوقۇتقۇچى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاغزىغا قارىمىسا بولمايدۇ.

.22 «بۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي بايلىق يەر، ئەمگەك ياكى كاپىتال ئەمەس، بەلكى بىلىمدۇر» دېگەن قاراش تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئومۇمىيۈزلۈك قاراشقا ئايلىنىپ بولدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەۋلادلىرىمىز نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟

كامىل مۇستاپا:

ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزدە بار ئالاھىدىلىكنى قېزىشىمىز لازىم.

ھىممەت سىدىق:

تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش كېرەك.

جۇرئەت توختى كەنجى:

بۇ سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكى ئىككى ئېغىز گەپنى قىلاي: سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز بالىلىرىڭىزنى مۇشۇ ئىدىيە بىلەن تەربىيەلەڭ ۋە دوستلىرىڭىزغىمۇ شۇنداق دەڭ.

ئۆز بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ئالدى بىلەن بالىلىرىغا مۇنداق روھنى سىڭدۈرسۇن: بالىلار ئۆزىنىڭ پائالىيەت قىلىدىغان ئورنىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسۇن، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزى تۇغۇلغان يەرگىلا قاراشلىق بولۇپ

قالمىسۇن. بالىلار شۇندىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ تويى ـ تۆكۈن، چاي ـ پايلارنى ئازراق ئويناپ، بالىلىرىغا ياندىشىپ تىرىشىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بالىلىرىنى قايىل قىلغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇلار يەنە تېجەپ تۇرۇپ، بالىلىرى چەت ئەللەردە بىرەر يىل ياشىيالىغۇدەك ئىقتىساد توپلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلالمىسا، ئاتا ـ ئانا بولۇش شەرتىنى ھازىرلىيالمىغان بولىدۇ.

ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى بولغان ياشلار، سىلەر نەزىرىڭلارنى ھە دېسىلا ياشىغان مۇھىتىڭلارغا ۋە بوگۇنىڭلارغىلا تىكمۇالماڭلار. چۈنكى، ئۇنداق قىلساڭلار، چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالىسىلەر. سىلەر نەزىرىڭلارنى دۇنياغا تىكىڭلار، سىلەر رولۇڭلارنى ئۆز يۇرتۇڭلاردا جارى قىلدۇرالمىغان بولساڭلار، دۇنيادا جارى قىلدۇرىدىغان ئورۇن چوقۇم بار. سىلەر بىلىم بىلەن توشۇپ، كۈچلۈك بولساڭلار يۇرتۇڭلارغا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنالايسىلەر. ئەگەر كۆز ئالدىڭلاردىكى نەرسىلەرگە تىكىلىپ تۇرۇۋالساڭلار، بىر ئۆمۈر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتىسىلەر. بىرگە ياخشىلىق قىلىشىمۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. ياپونلاردا «چېكىنىۋەرسەڭ ئېچىلمايدىغان ئىشىك يوق» دېگەن ماقال بار. سىز بىر نىشان ئۈچۈن زېرىكمەي ئۇزاق مۇددەت ئەقىدە قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا چوقۇم يېتىسىز.

قۇتلۇق سابىت:

ئالىي مەكتەپتە دىپلوم ئۈچۈن ئەمەس، بىلىم ئۈچۈن ئوقۇيدىغان، خىزمەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئەۋلادلار چىقىشى كېرەك.

سەلتەنەت ئىبراھىم:

بىزدە ئۆچمەس مەدەنىيەت، ئاسارئەتىقە، مول تەبىئىي بايلىق بار، بىز بولارغا دۇنياۋى ئاڭ بىلەن مىراسخورلۇق قىلىشىمىز، ئۈچۈر

تېخنىكىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

:Ay

خەلقىمىز قانۇن ئۆگىنىشى كېرەك.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈستىدىكى زىيارىتىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى. ئەسلىدە ھېچبولمىغاندا 40 ~ 50 نەپەر كىشىدىن جاۋاب كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، سوئاللىرىمغا جاۋاب يېزىپ ئەۋەتكەنلەر ئونغا بارماي قالدى. مەن سىلەرگە پەقەت شۇنىلا تەقدىم قىلالىدىم. روشەنكى، جاۋابلار ئالدىراپ ـ تېنەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تۇرلۇك روھىي ھالىتىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلار بىر بولسا تۇرمۇش، ئوقۇش ھەلەكچىلىكىدە دىققىتىنى يىغالماي قالغان، بىر بولسا كونا ئادەت تۈپەيلى زىيارىتىمنى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغان، بىر بولسا تۇرلۇك ئېھتىماللىقنى ئويلاپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقان. سۆزلەر ئىمكانقەدەر ئەپقېچىلغان، كېيىنكى سوئاللار جاۋابسىز قالدۇرۇلغان. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار جاۋاب يازمىغانلارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتلىك قېرىنداشلىرىمىزدۇر.

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن جاۋابلار كېلىۋاتقان مەزگىلدە گېرمانىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىندىشىمىز ئۈمىد خالىقتىن ئېلخەت كېلىپ قالدى. مەزكۇر خەتنىڭ مەزمۇنى زىيارىتىمىز كۆزلىگەن مەقسەتلەر بىلەن بىردەك بولغاچقا، جۈملىدىن مەكتۇپ ئىگىسىنىڭ مۇددىئاسىمۇ يېڭىلىقتا تەشنا كىشىلىرىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بولغاچقا، مەكتۇپنى ئەينەن بېرىشنى خالاپ قالدىم. ناھايەت، ئۇنىڭغا بىر ماۋزۇ قوشۇپ قويدۇم.

## دوكتور ئۈمىد خالىقنىڭ خېتى

(ئەسلىي ماۋزۇسى «بېرلىندىن سالام»)

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى:

بۈگۈن ئىنتېر تورى بېتى ئارقىلىق سىزنىڭ ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە تەكشۈرۈشتە بولماقچى بولغىنىڭىزدىن خەۋەردار بولدۇم. ساپالىق سوئاللىرىڭىزدىن ئاخىرىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك (بولۇپمۇ كېلەچەكتىكى ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن) بىر نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن.

مەن 1998 - يىلىدىن بېرى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدە (بېرلىن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا) تۇرۇۋاتىمەن. 2002 - يىلى نويابىردا دوكتورلۇقنى تاماملاپ، گېرمانىيە ھەمكارلاشماقچى ھەم ئىقتىسادىي ياردەم بەرمەكچى بولغان بىر تەتقىقات تۈرىگە (تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان «يېشىل كارىدور»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىنلىكى ھەققىدە) تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

بەش يىللىق گېرمانىيە ھاياتىمدا مەنمۇ سىز سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بولالىغۇدەك كۆپلىگەن تەجرىبىنى توپلىدىم، ئەلۋەتتە. ئېھتىمال يېقىندا ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان سەپىرىمدە (ئاپرېل ئىچىدە) سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ نۇقتىلاردا پىكىر ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولۇپ قالار. بۈگۈن مەن سىز بىلەن باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە ئورتاقلاشماقچى:

ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە يېقىندىن بېرى ۋەتىنىمىزدىن گېرمانىيەگە ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇشقا كېلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ پەيدىنپەي ئېشىۋاتىدۇ (ئەلۋەتتە ياپونىيەدىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ). ھازىر گېرمانىيەدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



گېرمانىيە ياكى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن ئوقۇۋاتقان 25 ئەتراپىدىكى «ياش مۇتەخەسسىس» تىن باشقا (كۆپىنچىسى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى)، يېقىندىكى ئىككى يىل مابەينىدە ئوقۇش مەقسىتىدە كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خېلى كۆپ (مېنىڭ بىلىدىغىنىم 25 ~ 30 ئەتراپىدا). كېيىنكى ئىككى يىل مابەينىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا كەلگەنلەر ئاساسەن بېيجىڭدىكى بىرنەچچە ئالاقە شىركەت (ۋاستىچىلىك شىركەت) لىرىگە 20 ~ 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئالاقىلىشىش خىراجىتى (ئەمەلىيەتتە بۇ پۇل شۇ ئالدامچى شىركەتنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىدۇ) تۆلەپ، خاراكتېرى تازا ئېنىق بولمىغان «ۋىزا» بىلەن كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ گېرمانىيەدىكى ئوقۇش ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي ۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بانكا ھېساباتىدىكى ئاتا ـ ئانىلىرى سەپلەپ بەرگەن «ئوقۇتۇش مەبلىغى» تۈگەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار تېخى ئوقۇشقا كىرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ بولالمىغان (رەسمىي ئوقۇغۇچى بولۇپ بولالمىدى دېگەنلىك، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەشكە رۇخسەت يوق دېگەنلىك). ئەلۋەتتە، سەۋەب ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ياخشى تىرىشماي ۋاتقانلىقىدا ئەمەس، لېكىن چەت ئەلدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىتا دۆلەت ئىچىدىكى تەييارلىقنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا؛ شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ گېرمانىيەنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى، تۇرمۇشى ۋە نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىتا راستچىل ۋە ئەتراپلىق ئۇچۇر ئىگىلىمىگەنلىكىدە.

بېيجىڭدىكى بىرنەچچە ئالدامچى شىركەت ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنى چەت ئەللەرگە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىدىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل «چىرايلىق» ياغلىما گەپ بىلەن ئالداپ، ئوتتۇرىدىن 20 ~ 30 مىڭلاپ پايدا ئۇندۇرۇۋالغان، خالاس (بۇ ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ئائىلىسى ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس، ئەلۋەتتە).

كەچۈرۈڭ، داۋامىنى كېيىن يازىمەن.

2003 ـ يىلى 20 ـ يانۋار، بېرلىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇمىد ئەپەندى:

خەت يازغىنىڭىزغا رەھمەت. ئومۇمىي ئىجتىمائىي تېما ئۈستىدە ئازابلىق خىياللارغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلدىم. خېتىڭىزنىڭ داۋامىنى كۆرۈپ ئاندىن ئىنكاس بىلدۈرەي دېگەنىدىم. ئالدىراش بولسىڭىز كېرەك، تېخىچە ئاخىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. كەمىنىڭىز ھېلىمۇ خېتىڭىزنىڭ تامامىنى كۆرۈشتىن ئۈمىدۋارمەن. ئىشلىرىڭىزغا ئوڭۇشلۇق تىلەپ: ئابدۇقادىر

2003 - يىلى 12 - يانۋار، كانازاۋا

تىنچلىقمۇ ئابدۇقادىر!

ئېھتىمال بوگۇنمۇ كۆپ يازالمايمەن. شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ باقاي.

قىسقىسى، مىللىتىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا مەبلەغ سېلىش بۇ بىر ياخشى باشلىنىش. مۇمكىنقەدەر كۆپلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ (لېكىن ئىقتىساد، تىل، كەسىپ، ساپا جەھەتتە بەلگىلىك تەييارلىقى بارلارنىڭ) ياپونىيە، گېرمانىيە (ئالىي مەكتەپ بۇ يەردە ھەقسىز) ۋە باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇپ، مىللەتكە، يۇرتقا يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ھەممىمىز ئارزۇ قىلىمىز. لېكىن چەت ئەللەردىكى دەسلەپكى قىيىنچىلىقنى ئالدىن ئويدان مۆلچەرلەش، تېگىدىن چۈشىنىش كېرەك. تەجرىبەمگە ئاساسەن گېرمانىيەگە كېلىپ ئوقۇشنى پىلانلىغان ياشلارغا تۆۋەندىكىدەك مەسلىھەتىم بار:

تىل ئۆتكىلىدىن مۇمكىنقەدەر جۇڭگودا ئۆتۈۋېلىش كېرەك.

مۇمكىن بار جۇڭگو ئىچىدە (شاڭخەي ۋە بېيجىڭدىكى گېرمان تىلى تەربىيەلەش مەركەزلىرىدە) مۇمكىنقەدەر ئىككى مەۋسۇم، ھېچبولمىغاندا بىر مەۋسۇم گېرمان تىلى ئۆگىنىپ، تىل ئاساسىنى يارىتىۋېلىش كېرەك (بېيجىڭ كوچىلىرىدا سېتىلىدىغان «گېرمان تىلى ئۆگەنگەنلىك ئىسپات قەغىزى»نى سېتىۋېلىپ، ۋىزا بېجىرمەكچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بولغانلىق ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغانلىق، خالاس). ئۇرۇمچىدىمۇ گېرمانىيەدىن بارغان گېرمانلار گېرمان تىلىدىن دەرس ئاچتى ۋە دەرس ئۆتۈشكە تەييار. قانداقتۇر «گېرمانچىنى گېرمانىيەدە تۇرۇپ ئۆگەنسە، ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم خاتا. چۈنكى، بۇ يەردە ئۆتۈلىدىغان گېرمان تىلى دەرسىنىڭ ھەققى قىممەت ياكى بەلگىلىك ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەرسنى ئۆزلەشتۈرمەك قىيىن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە DSH (نېمىسچە TOEFL ئىمتىھان) ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئاسان ئەمەس.

جۇڭگودا قولغا كەلتۈرگەن دىپلوملارنى بېيجىڭدا گېرمانىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ «سالاھىيەت تەكشۈرۈش» ئورنىدا تەكشۈرتۈش كېرەك. جۇڭگودا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ياكى ئاز بولغاندا ئىككى يىل ئالىي مەكتەپنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئوقۇش ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بېيجىڭدىكى «گېرمانىيەگە بېرىپ ئوقۇماقچى بولغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى (审核部)» غا ئەۋەتىپ، شۇ يەردىن دىپلوملارنىڭ راستلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق ئىسپاتىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. چۈنكى گېرمانىيەنىڭ ھەقسىز ئوقۇتۇش سىياسىتى كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى كوچىلاردىن يالغان ئالىي مەكتەپ دىپلومى سېتىۋېلىپ، گېرمانىيەگە كەلگەندىن كېيىن «چېنىپ»، گېرمانىيەدىكى ئالىي مەكتەپلەر جۇڭگو دىپلومىنى «ھېسابقا ئالمايدىغان» مەنتىقە شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن 2001 - يىلىدىن باشلاپ گېرمانىيەنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىدا «تەكشۈرۈش ئورنى» تەسىس قىلىندى. بۇ ئىسپات بولمىسا گېرمانىيەدە ئالىي مەكتەپكە كىرىش مۇمكىن ئەمەس.

«چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئوقۇش» ئىدىيەسى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالدا

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

گېرمانىيە ئىقتىسادى يېقىندىن بېرى ياخشى بولمايۋاتىدۇ، ئىشسىزلىق ئېغىرلاپ كەتتى، ئىش بولغان تەقدىردىمۇ گېرمانىيەگە يېڭى كەلگەن «چەت ئەللىكلەرگە ئاسانلىقچە ئاشمايدۇ»، بۇنى ئالدىن مۆلچەرلەش كېرەك.

بىز ئەلۋەتتە گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان قىزىقىدىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ، تېخىمۇ ئېنىق ئۇچۇر ئىگىلىشىگە ياردەم قىلىمىز ۋە قىلىۋاتىمىز. ئاتا - ئانىلار ۋە ياشلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكىمىز يوق، لېكىن ئالدىنىپ، خەت، ئۇچۇر بىلەن قايمۇقۇپ قالماسلىقىنى، ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئابدۇقادىر، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى نۇقتىلارنى تازا ئوچۇق ئەسكەرتىشكە ئىمكانىيەتسىزمەن. كېيىن ئوچۇقراق سۆھبەتلىشەرمىز. سىز بىر ئىلىملىك ئادەم، ئەدىب. ئەگەر مەن ئەسكەرتكەن بەزى نۇقتىلار كېيىنكى ئەسەرلىرىڭىز ئۈچۈن بەلگىلىك خام ماتېرىيال بولۇپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، ۋاقتىڭىزنى ئالدىم.

ھۆرمەت بىلەن:

ئۈمىد خالىق

2003 -يىلى 22 - يانۋار، بېرلىن

www.uyghurkitap.com



# يەنە كۆرۈشەرمىز، توكيو

2003 -يىلى 42 - فېۋرال.

زاۋال پەردىسى ئاستىدا قارىيىپ تۇرغان مىياتاكېمۇ ئارقىمىزدا قالدى. بىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھىندىستانلىق قوشنىمىز زۇبەيدە بىكەتتە يىگانە پېتى قېپقالدى، ئۇنىڭ بىزنى ئۇزاتقاندىكى ھالىتى خاتىرەمگە زاۋال ئارىلاش سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز سەمىمىي مېھىر ۋە ئەقىدە ئۇستىگە قۇرۇلغانىدى. بىزمۇ ئامالسىز ھالدا ئۇنى تاشلاپ كېتىۋاتاتتۇق.

مانا، تسۇرۇگى ۋوگزالىمۇ قېپقالدى، خوش دېدىم ھەممىگە. بۇ ئەتراپتىكى كوچىلار ۋە دەرەخلەر، دەريا ۋە ئۆستەڭلەر ماڭا خېلى تونۇش بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار ماڭا ياپونىيەنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا ئىللىق تۇيغۇ بېرەتتى، ئۇلار بىلەن ئوتتۇرامدا تەبىئەتكە بولىدىغان دىلكەشلىك مەۋجۇت ئىدى.

كانازاۋاغا بېرىپ، توكيوغا بارىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتىنى سېتىۋالدۇق. بۈگۈن نېمىشقىدۇر يەڭگىللەپ قالغانىدىم. چۈنكى مەن ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىنى ئارىغا ئېلىپ، قەلبىنى ئارىغا ئالمايدىغان بۇرۇقتۇرما مۇھىتىدىن سۇزۇلۇپ چىقماقتا ئىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېغىنغان ۋەتىنىمگە كېتىۋاتاتتىم. ۋەتەنگە بېرىپ، باشلىقىمىنىڭ چىرايىغا قارايمەن، ھەر خىل يوقلىمىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر ئامالالارنى قىلىپ ئۆتىمەن، ھەر خىل كۆز ئارىسىدا تىمىسقىلاپ ماڭىمەن. ئىدىيەمدىن ئۆتمىگەن سورۇنلارغا بارىمەن،

دىتىمغا ياقمايدىغان گەپلەرنى دەيمەن. دېمەك، ھەممە نەرسە بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ياشايمەن. مەن ۋەتىنىمدىمۇ مۇرەسسەچى، ۋەتەن سىرتىدىمۇ مۇرەسسەچى، تۇگىمەس مۇرەسسە داۋامىدا مەندىكى ئۆزۈمگە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاينىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇگۈن ئاخشام بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندىم، نېمىلا دېگەنبىلەن ئەجدادىمنىڭ مازارلىرى ياتقان ۋەتىنىمگە قايتىمەن.

ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىشىغا بىرئاز ۋاقىت بار ئىدى، بىز بېلەت سېتىۋالغان خانىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى توشقۇزدۇق. بابۇر ئۇ يەر، بۇ يەرگە چېپىپ يۈرەتتى؛ بۇلبۇلناز ۋەتەندىكى ساۋاقداشلىرى ھەم سىنىپ مەسئۇلى بىلەن قانداق كۆرۈشۈش ھەققىدە سۆزلەيتتى. گويا باللارنىڭ قايتىش تۇيغۇسىدا ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ھېسسىيات يوقتەك قىلاتتى، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى نەدە بولسا شۇ يەردە خۇشاللىقتا ئېرىشەلەيدىكەن. ئاتا ـ ئانا باللارنىڭ ۋەتىنى، دېگىنى شۇ بولسا كېرەك.

ۋاقىت توشۇپ، ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. ئاپتوبۇستىكى ئورۇندۇقلار ئۈچ رەت ئىدى. بىز ئۈچ كىشىلىك بېلەت ئېلىپ، بابۇرغا ئالمىدۇق، چۈنكى بېلەت ساتقۇچىلار بالاڭلارنى قۇچاقىقا ئېلىۋالىمەن دېسەڭلار، بالىغا بېلەت ئالمىساڭلارمۇ بولىدۇ دېگەنىدى. يولۇچىلار ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ بولدى، بابۇر زاپاس ئېلىپ قويۇلغان ئورۇندۇققا جايلاشتۇرۇلدى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك (كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا) ياپونىيەدە ئاپتوبۇسلارغا بېلەت ساتقاندا، يولۇچىلار شىركىتى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىككى ـ ئۈچ ئورۇننى زاپاس قالدۇرىدىكەن. بىز ئاپتوبۇس خادىمىغا دەپ يۈرۈپ ئورنىمىزنى تەڭشەپ، بىر يەرگە جەم بولدۇق. ئاپتوبۇس خادىمى يولۇچىلارنى ساناشقا باشلىدى. دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈلدى. كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقى توسۇلغاچقا، ئاپتوبۇس ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ياپونلار ئورۇندۇققا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۆلتۈرۈپلا ئۇخلاشقا باشلىدى، مەنمۇ تارقىتىپ بېرىلگەن يۈپقا ئەدىيالنى يېپىنىپ، ئورۇندۇقۇمنى قىڭغايتتىم.

بىر كىچە سەپەردە ئۆتتى، ئاپتوبۇس بىزنى ئەتىگەندىلا توكيونىڭ شىنجۇكۇ رايونىغا چۈشۈردى. ھاۋا تۇتۇق ئىدى. بىز باش بىكەتنىڭ ئۈستىدىكى قەۋەتلەرگە چىقىپ، ئاممىۋى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز - كۆزلىرىمىزنى يۇماقچى بولدۇق. يۈك - تاقلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى نارىتا خەلقئارا ئايرودرومىغا يوللىۋەتكەندۇق، قولىمىزدا كىيىم - كېچەكلىرىمىز، تازىلىق بۇيۇملىرىمىز قاچىلانغان سومكا ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر بار ئىدى، بۇلارنىمۇ يەڭگىل دەپ كەتكىلى بولمايتتى. يۈك - تاقلارغا نۆۋەت بىلەن قارىغاچ، يۈزىمىزنى يۇماقچى بولدۇق. بالىلار يۈزلىرىنى يۇيۇپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تازىلىق ئۆيىگە كىردىم. قىزىق ئىش، بۇ كۈنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم پۇل تېپىۋالدىم. مەن ئولتۇرغان بۆلۈمچىدە كىمدۇر بىرى ھەميانىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ھەميان ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئۇنى باي ئادەملەرنىڭ ھەميانى دېمەك تەس ئىدى. ھەميانىنى ئېچىپ قارىسام ئىككى تۈمەن يېن (1400 يۈەن ئەتراپىدىكى خەلق پۇلى) بار ئىكەن. تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ، ھەميانىنى جەمىلەگە كۆرسەتتىم، بىز ھەميانىنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇق. جەمىلە ھەميانىنى بىكەتنىڭ ساقچىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگىلى كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ساقچى ئۇنىڭ پاسپورت نومۇرىنى خاتىرىلىۋالماقچى بولغانىكەن، ئۇ بىز ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىمىز دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ. بۇ يەرنىڭ قائىدىسىدە پۇل تېپىۋالغانلار پۇلنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ساقچىلار ئۇلارنىڭ پاسپورت نومۇرىنى خاتىرىلىۋالىدىكەن. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى چىقمىسا (يېرىم يىلغىچە) پۇل ئەنە شۇ تېپىۋالغۇچىغا قايتۇرۇلىدىكەن، ئەگەر ئىگىسى چىقسا ئىگىسىگە تاپشۇرۇلىدىكەن، ئىگىسى پۇل تېپىۋالغۇچىغا مۇۋاپىق سۆيۈنچە بېرىدىكەن. تېپىۋالغان پۇلنى ساقچىغا ھاۋالە قىلىۋەتكىنىمىزدىن كۆڭلۈم ئازادە بولۇپ، يورۇپ كەتتى، مانا بۇ، ئىنساندىكى دىيانەت

خاھىشىدىن ئويغىنىدىغان تەبىئىي راھەت. بىزگە ئىنسانلارنىڭ رەھىمىتى ۋە سۆيۈنچىسى كېرەك ئەمەس، بەلكى ئىنساب كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ھەربىر كىشىسى ئۆزىنىڭ مەنۇىيىتىدىن تەبىئىي ئۇرغۇپ چىققان ئىنسابى بىلەن باشقىلارغا مۇئامىلە قىلسا، ھەركىم ئۇنىڭ مول مېۋىسىدىن دىلى راھەتلىنىپ خۇشاللىق تاپىدۇ. يۇرتۇمدىكى بىر ئاقساقالنىڭ بالىلىق دەۋرىمدە شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە:

ياخشىلىق قىل دەجلىگە* جاندىن

بېرۇر ساڭا باياۋاندىن.

(مەنىسى: ياخشىلىقىڭنى دەجلە دەرياسىغا قىلساڭ، ئۇنىڭ نېسۋىسى باياۋاندىن قايتىدۇ.)

بىز ناشتا قىلىدىغان جاي ئىزدەشكە باشلىدۇق، بىز چىققان قەۋەتتە ئەپچىل بىر غەربچە تاماقخانىنىڭ بارلىقىنى ۋىۋىسكىغا قاراپ ئۇقتۇق. لېكىن بۇ يەر تېخى ئېچىلمىغانىدى، مۇلازىملارنىڭ تاماقخانىنى ئېچىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئەينەكتىن كۆرگىلى بولاتتى. بىز تاماقخانىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتتۇق. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن تاماقخانا ئېچىلدى، بىز تاماقخانىغا كىرىپ، چوشقا مېيى ئىشلىتىلمىگەن بولكىلاردىن سۇرۇشتە قىلىپ تۇرۇپ ئالدۇق، ئۇنى سالات ۋە سۈت بىلەن يېدۇق. قورساق ئېچىپ قالغاچقىمىكىن، بۈگۈنكى ناشتا ئالاھىدە لەززەتلىك بىلىندى. تاماقخانىدىن چىقىپ پويىز بېكىتى تەرەپكە ماڭدۇق. توكيونىڭ ئاسمىنى بۈگۈن سۈرۈن تەلەت بولۇپ، يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمدىكى نىشانىمىز يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبىنىڭ مەسئۇلى شىرايىشى ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەرنىڭ ۋاقتى سائەت سەككىزدە كۆرۈشىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئىنتېر توردا پۈتۈشۈپ قويغانىدۇق. توكيونىڭ تۆمۈريوللىرى ئىرماش - چىرماش،

* دەجلە ئىراقتىكى دەريانىڭ نامى.

www.uyghurkitap.com



گاھىدا زېمىننىڭ ئاستىدا، گاھى ئۈستىدە سوزۇلغان تۆمۈريوللاردا توك پويىزى ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدۇ. يەر ئاستىغا كىرسىڭىز ۋوگزال سۇپىلىرىدا ئادەملەر دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، بۇ يەردە ھەركىم ئۆز يولىدا، ھەركىم ئۆز كويىدا، گويا بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئىڭشىماس، بىر ـ بىرىنى كۆرمەس. ۋوگزالنىڭ ئاستىدا ۋوگزال، مۇنداقچە ئېيتقاندا، توكيو قەۋەتلىك شەھەر ئىدى، يەر ئاستى ۋوگزالنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى 300 مېتىردىن ئارتۇق ئىمىش. شۇنچە مۇرەككەپ قۇرۇلما ۋە سىستېمىلاردىن تۈزۈلگەن دەستە ـ دەستە تۆمۈريوللاردىن ئالدىراپ بىرەر چاتاق چىقمايدىكەن. 12 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇنداق كاتتا شەھەرنىڭ ئادەملىرىدە يۇكسەك ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك ۋە مەسئۇلىيەت، پاكىزلىق ئېڭى بولمىغان بولسا، شەھەرنىڭ ئۆزى تۈرلۈك قاباھەت بىلەن تولغان كۆھقاپقا ئايلانغان بولاتتى. بىر كىۋادرات كىلومېتىر ئورۇندا 5500 دىن ئارتۇق ئادەم ياشايدىغان بۇنداق شەھەردە ئالاھىدە باشقۇرۇش سەنئىتى ۋە پۇقرالاردىكى يۇكسەك ئاڭلىقلىق بولمىسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ توكيودا ھەرقانداق خالتا كوچا، ئاممىۋى ھاجەتخانىلار، ۋوگزاللار شۇنداق پاكىز، شۇنداق تەرتىپلىك، بۇنىڭدىن ياپونىيەدىكى مەكتەپلەر مائارىپى ۋە ئاممىۋى مائارىپنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېلمىيلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىز قاتناش ساقچىلىرىدىن يول سوراپ يۈرۈپ، مۇرەككەپ تۆمۈريوللاردىن ئۆگۈشلۈك ئۆتتۇق، ئاندا تەمتىرەشلەردىن خالىي بولالمىدۇق. ۋوگزالدىن چىققىنىمىزدا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. توكيودا بىنالار شۇنچە زىچ بولۇشىغا قارىماي، يول بويلىرىدا، دوقمۇشلاردا، بىنالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك مەيدانلاردا گۈللۈك بار ئىدى. گۈللۈكنى بويلىغان ئورۇندۇقلارمۇ كۆپ بولۇپ، يول يۈرۈپ چارچىغانلار ئارام ئالىمەن دېسە قولايلىق ئىدى. بىز شىرايىشى ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىنى تاپالماي، تېنەپ يۈردۇق. كوچىلاردا

بىزدەك پىيادىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. مۇساپىرلىقىمدىن خۇدۇكلەنگەندەك بولدۇم. ئاخىر تار كوچىنىڭ بويىدىن ئورۇن ئالغان تۆت قەۋەتلىك كونا بىنانىڭ بىز ئىزدىگەن بىنا ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدۇق. ئېھتىياتلىق قەدەملىرىمىز بىلەن بىنانىڭ 3 ـ قەۋىتىگە چىقىپ، كۆزلىگەن ئىشخانىنى تاپالماي بىرئاز ئارىسالدى بولدۇق. بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىمۇ، كارىدورلىرىمۇ تار ئىدى. «يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبى» دېسە، خېلى ھەيۋەتلىك بىنانىڭ بىرەر قەۋىتىدىن ئورۇن ئالغان ھەشەمەتلىك بۆلمىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي چىقتى. بىز دېلىغۇل بولغان ھالدا بىر ئىشىكنى چەكتۇق، ئىشىك ئېچىلدى، جەمىلە ئىشىكنى ئاچقان ئەپەندى بىلەن تونۇشلاردەك سالاملاشتى، ئۇنىڭ شىرايىشى ئەپەندى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم، شىرايىشى ئەپەندى بىزنى خانىغا باشلىدى.

سوزۇنچاق ئۆينىڭ ئەڭ ئىچكىرى تەرىپىگە قويۇلغان دېۋاندىن ئورۇن ئالدۇق. ئۆينىڭ كۆلىمى 20 كىۋادرات مېتىرغا بارامدىغاندۇ، قانداق، دەپ ئويلاپ قالدىم. سوزۇنچاق، تار بۇ ئۆينى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كىچىككىنە مۇزېيى دېيىشكە بولاتتى، دىۋان، چاي ئۈستىلى ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتا قويۇلغانىدى، يەردە گىلەم، تاملارغا ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلتۈرۈلگەن دۇتار، راۋاب ۋە باشقا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ئېسىلغان. داستىخانمۇ ئۇيغۇرچە تەييارلىنىپتۇ، نان بولمىسىمۇ بولكا تەييارلانغان، بولكا نېپىز توغرالغانىدى. ئۆيدە يەنە كومپيۇتېر ۋە خەت باسقۇلارمۇ بار ئىدى. دىققەت قىلىپ قارىسام، كۆزدىن يىراقراق بىر يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ فوتو سۈرەتلىرى تۇراتتى. قارىغاندا بۇ ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر بولسا كېرەك. روشەنكى، بۇ ئۆي يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. بىز كوچىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ بىرئاز كېچىكىپ قالدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن شىرايىشى ئەپەندىگە ئۆزرە ئېيتتۇق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شىرايىشى بىزگە سىنچاي قويۇپ، ئۇدۇلدىكى دىۋاندا ئولتۇردى. يامغۇردا ئازراق توڭلىغان بولساق كېرەك، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق چاي خۇشياقتى، ئۆيمۇ ئىللىق ئىدى، تالادا يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى. شىرايىشى ئوتتۇرا بوي، تەمبەل ئادەم ئىدى، كەڭ ھەم ئاق ئۆڭى ئۇنىڭ قويۇق قارا قاشلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى، ماڭلىيىدىن چوققىسىغا قەدەر چاچلىرى چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ ئادەتتە سۇرلۇكرەك بولسىمۇ، كۈلگەندە مۇلايىم ھەم ئىللىقلىشىپ كېتەتتى. ئۇ بىر قارىسا موڭغۇل چىراي ئۇيغۇرلارغا ئوخشاپ كېتەتتى، چىراي ئىپادىسىمۇ ئۇيغۇرسىمان كۆرۈنەتتى.

بىز چاي ئىچكەچ بىردەم ئەھۋاللاشتۇق.

— ئۈرۈمچىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەندەك بولدۇم، — دېدىم مەن شىرايىشى ئەپەندىگە ئۇيغۇر تىلىدا، — توكيودەك شەھەردە ياتسىرىغان قەلبىم بۇ يەردە تەسكىن تېپىپ قالدى، بۇ ئۆينى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كىچىك بىر مۇزېيى دېسە بولىدىكەن.

شىرايىشى گېپىمنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى، جەملە گېپىمنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلدى، شىرايىشىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. شىرايىشىنىڭ ئېيتىشىچە، توكيونىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە ھەپتىدە دېگۈدەك بىر قېتىم يىغىلىدىكەن، ۋەتەندىن كەلگەنلەرنى كۈتۈش، تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش، ھېيت، نورۇز پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆيدە بولىدىكەن. شىرايىشى بىر ئالبومنى ئېلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا شىرايىشىنىڭ شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ سەنئەتچىلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى تۇراتتى، ئۇ دوپپا كىيىۋالسا خەنزۇچىدا ئوقۇغان (民考汉) ئۇيغۇرنىڭ نەق ئۆزىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. ئالبومدا يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرشۇناس ياپونلارنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەردە چۈشكەن سۈرەتلىرى، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆلۈب نامىدا ئۆتكۈزگەن پائالىيەتلىرىدىن تارتىلغان سۈرەتلەر بار ئىدى. كۆلۈبتا

مەخسۇس تەكلىپ قىلغان چىرايلىق ئۇسسۇلچى قىزلاردىنمۇ بىر ـ ئىككىسى بار ئىكەن. ئالبومدىكى سۈرەتلەردىن ۋە شىرايىشى ئەپەندىنىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، «يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبى»نىڭ پائالىيىتى هازىرغا قەدەر ئۇسسۇلنى مۇهىم كوزىر قىلىپ كەلگەندەك تۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۇسسۇلغا تەرجىمە كەتمەيدۇ، زوڭزۇر بولغاندا تېمىسى ئېنىق بولمىغان ئۇسسۇل هەرىكىتىمۇ دەماللىققا ئۇيغۇرلارنى چۈشەنمەيدىغان ياپون خەلقىگە ئەرزىمەي قالمايدۇ.

ـ سىزگە ئىككى كىتاب ئالغاچ كەلدىم، ـ دېدىم شىرايىشى ئەپەندىدىكى ئالبومنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ـ بۇلار سىزگە ئەرزىمدىكىنتاڭ.

كىتابنىڭ بىرى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «سالغا تېشى» دېگەن توپلامنىڭ خەنزۇچىسى «飞石» ئىدى، شىرايىشى كىتابنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئالدى.

ـ بۇ بەك ياخشى بولدى، ـ دېدى ئۇ كىتابنى ۋاراقلاپ.

ـ بۇ كىتاب ئەسلىدە ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن، ئاندىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، تەرجىمە قىلغانلارمۇ ئۇيغۇر شائىرلىرى، كىتابنى تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا مەنمۇ قاتناشقان، ـ دېدىم شىرايىشى ئەپەندىگە چۈشەندۈرۈپ.

شىرايىشى ئەپەندى گېپىمنى تىڭشىغاچ كىتابنى ۋاراقلايتتى، ئۇ ئۆزىگە تونۇش خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق قايسىدۇر بىرەر مىسرانى چۈشىنىشكە ئۇرۇناتتى.

ئارقىدىن شىرايىشى ئەپەندىگە يەنە بىر كىتابنى تەقدىم قىلدىم، بۇ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى» ناملىق كىتابىم ئىدى. مەن كىتابنىڭ تىتۇلىغا بېغىشلىما يازدىم. شىرايىشى ئەپەندى كىتابنى ۋاراقلاپ كىتابنىڭ تېمىسىنى سورىدى.

ـ كىتابتا ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا دائىر دەۋرىمىزدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر قىسىم مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، ــ دېدىم مەن جاۋابەن.

ــ مەن بۇ كىتابنى بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئاڭلايمەن، ــ دېدى شىرايىشى ئەپەندى.

بۇ ئارىدا ئىشىك چېكىلدى، شىرايىشى «كىرىڭ» دېگەندىن كېيىن بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېدى ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتۇق، ئىككىمىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

تونۇشۇشلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ئىسمى ئەمىر راخمان بولۇپ، قومۇل شەھىرىدىن ئىكەن، 2002 - يىلى مايدا توكيوغا كېلىپ، ياپون تىلى ئۆگىنىپ، ھازىر قانۇن ئۆگىنىۋېتىپتۇ. ئەمىر بىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، قازان بېشىغا ئۆتتى، ئۇ تەييارلانغان پولۇنى ئىسسىتىپ ئالدىمىزغا ئەكەلدى.

ــ پاھ، توكيودا ئۇيغۇر پولۇسىغا ئېغىز تېگىدىغان بولدۇم، ــ دېدىم مەن مەمنۇن بولۇپ.

ــ شۇغىنىسى، سوۋۇپ قالدى، ــ دېدى ئەمىر.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدىم مەن جاۋابەن.

ئەسلىدە شىرايىشى ئەپەندى بىزنى كېلىدۇ دەپ بۇ تائامنى تەييارلاتقۇزغانىكەن. ئەمىرمۇ شىرايىشى ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېتىپ كەپتۇ.

ــ شىرايىشى ئەپەندى، ــ دېدىم مەن تاماقتىن كېيىن، ــ سىزنى بەزى سوئاللار بويىچە زىيارەت قىلسام، قانداق قارايسىز؟ ئۇيغۇرلارغا گەپلىرىڭىز بولسا ئالغاچ كېتەي دېگەنىدىم.

ــ بولىدۇ، ــ دېدى شىرايىشى ئەپەندى قىزغىنلىق بىلەن.

ــ ئەمىسە سۆھبىتىمىزنى باشلايلى، ــ دېدىم مەن.

ئۈستەلنىڭ ئۈستى يىغىشتۇرۇلدى، چاي قايتا دەملەندى. تاماق ئىسسىق باستىمۇ، قانداق، بۇلبۇلناز بىلەن بابۇر دىۋاندا ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. شىرايىشى ئەپەندى نېپىز يېپىنچا

ئەكىلىپ بەردى، ئۇنى بالىلارنىڭ ئۇچىسىغا ياپتۇق.

شىرايىشى ئەپەندى، سىزگە ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇرلار قىزىقماي قالمايدۇ. ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

شىرايىشى ئەپەندى بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گېپىنى باشلىدى، ئارىمىزدا جەمىلە تەرجىمان بولدى:

— ياپونلار تىبەت (زاڭزۇ)، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارغا قىزىقىدۇ. لېكىن ھەربىر مىللەتكە بولغان قىزىقىشنىڭ مەنىسى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياپون خەلقىنىڭ بەكرەك تونۇيدىغىنى تىبەت بىلەن موڭغۇل. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان، شۇنچە شۆھرەتلىك يىپەك يولىنىڭ مەركىزىدە تۇرغان ئۇيغۇرنى بىلىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ياكى يوقنىڭ ئورنىدا. مەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىمدىن باشلاپ يىپەك يولىغا قىزىققان.

ياپونلارنىڭ موڭغۇللارغا قىزىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەسكەرلىرىمىز ئۇرۇش دەۋرىدە ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرگەن. ئۇيغۇرلارغا قىزىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇددىزم دەل ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەم ياپونىيەگە تارقالغان. دىنشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار ئۇيغۇرلارنى بۇددىزمنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ دەپ تونۇيدۇ. تىبەتلەرگە قىزىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار لاما دىنىغا ئىشىنىدۇ، لاما دىنى بولسا بۇددىزمنىڭ بىر تارمىقى. ياپونلار بۇددىزمنىڭ ھەقىقىي ھالىتى شىنجاڭدا دېگەن قاراش بىلەن يۈز يىللار ئىلگىرى شۇ يەرگە بارغان. ياپونلار ئۇيغۇرلارغا تەكلىماكاندىكى سىرلىق مەدەنىيەتنىڭ ئىگىسى دەپ تۇرۇپ قىزىقىدۇ.

ياپونلار 1500 يىل ئىلگىرىلا مىللەت بولۇپ شەكىللىنىپ بولغان. بىزدە ئۈچ خىل قان بار:

بىرى، مانجۇ - موڭغۇل قېنى، بۇ خىل قاندىكىلەر خوككايدۇ تەرەپتە كۆپرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يەنە بىرى، بىزنىڭ قېنىمىزدا ئۇيغۇر ئامىللىرى بار دەپمۇ قارايمىز، چۈنكى 2000 يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە تەرەپلەردە ياشىغان.

ئۈچىنچىدىن، بىزدە كورىيەلىكلەر ۋە تەيۋەنلىكلەرنىڭمۇ قېنى بار.

ياپونلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تۇنجى خاتىرىلىرى مىلادىيە 840 - يىللاردىن باشلانغان. مىلادىيە 750 - يىللاردىن باشلاپ ياپونلار ئوردا ئىشلىرىنى ئۆگەنگىلى جۇڭگوغا 17 قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن، بۇ ئىش 840 - يىللارغىچە داۋام قىلغان. شۇ مەزگىللەردە موڭغۇلىيەدە 10 تۈمەن قىرغىز، 1 مىليون ئۇيغۇر بار بولۇپ، 1 مىليون ئۇيغۇر 10 تۈمەن قىرغىزغا يېڭىلىپ، ئۈچكە بۆلۈنۈپ ھەر تەرەپكە باردى، بىر قىسمى سەددىچىن تەرەپكە باردى. ئىنىڭ دېگەن بىر راھىب ۋۇتەيشەنگە بېرىپ يۇرگەنلىرىدە سەددىچىن تەرەپكە كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

1880 - يىلى نىستوكو زابورو (西得三郎) رۇسىيەدىكى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىنى تەكشۈرگەن، ئىلى بۇنىڭ ئىچىدە خېلى نۇقتىلىق ئورۇن بولغان.

1902 - يىلى ئوتانى ئەنگلىيەدىكى ئوقۇشتىن قايتىپ، تۆت كىشىنى تەشكىللەپ ئۇيغۇر بوستانلىقلىرىنى تەكشۈردى، بۇ چاغدا ئۇ 26 ياشتا ئىدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ تەكشۈرۈشى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەكشۈرۈش بولۇپ، سىياسىي تەكشۈرۈش 1906 - يىلى باشلانغان. ئەينى دەۋردىكى ياپونىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيە مەغلۇپ بولۇپ، ياپونىيەنىڭ سىياسىي ئوبرازى دۇنيادا تىكلەندى. ياپونىيەنىڭ سىياسىي، ھەربىي كۈچى زورىيىش بىلەن بىللە ياپونلارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى بوش يەرلىرىگە نەزەر سېلىشقا باشلايدۇ. ياپونلار ئەينى ۋاقىتتا

هازىرقى شىنجاڭدا بىر يىل ئىككى ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، بۇ تەكشۈرۈشلەردىن قالغان سۈرەت 500 پارچىدىن ئاشىدۇ. كۆلۈبىمىز شۇ سۈرەتلەرنى تۈرگە ئايرىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

1900 - يىلى يىخېتۇەن قوزغىلىڭىدىن كېيىن، جۇڭگو ياۋروپاغا تۆلەيدىغان تۆلەملىرىنى هازىرقى شىنجاڭ رايونى ئارقىلىق چىقارغان. شۇ چاغدا ياپونىيە شاڭخەيگە شەرقىي ئاسىيا تۇڭۋېن مەكتىپى (东亚同文书院) دېگەن مەكتەپنى قۇرىدۇ. خاياسىدې كېنجىرو (林出建二郎) بۇ مەكتەپنى ئىككىنچى تۈركۈمدە پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ 1905 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. 1906 - يىلى ستومو (日野强) شىنجاڭنى تەكشۈرگىلى بارغاندا ئۇئېخارا تائىچى (上原多市) نى باشلاپ بارغان. ئۇئېخارا تائىچى 24 ياشتا ئىدى. ئۇ ئىلىدا قېلىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ 60 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ، ئۇلار مانجۇ، ئۇيغۇر، خەنزۇلار بولۇشى مۇمكىن.

رۇسىيەنى يەڭگەن ياپونىيەنىڭ كېڭەيگۈسى كېلىپ ئۇيغۇرلارغا قىزىقىۋاتقاندا، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە بۇ رايونغا ئاللىبۇرۇن كۆز تىككەنىدى. بۇ چاغلاردا ياپونلاردا پەقەت تەكشۈرۈشلا مەۋجۇت ئىدى. تەتقىقات كېيىن گېرمانىيە ۋە رۇسىيەلىكلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنى كۆرۈش تۈرتكىسىدە باشلانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن موڭغۇلىيەنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر (زاڭزۇلار) ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار 1980- يىللاردا رەسمىي باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ.

1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بىر قىسىم مۇھىم ئادەملىرى (سەككىز نەپەر ئەتراپىدا) ياپونىيەگە كەلگەن، ئۇلاردىن بىرى ياپونىيەلىك ئايالغا ئۆيلەنگەنىدى*.

*بۇ پەقەت بايان قىلغۇچىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئاپتورنىڭ پىكرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز — ئا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


— «يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبى» قانداق سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى؟

— 1980- يىللاردا ياپونىيە ئىقتىسادى گۈللىنىپ، قولىمىز پۇل كۆرگەندىن كېيىن، تىنچلىقپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ھالدا كيوتودا 1995- يىلى خەلقئارالىق دىنىي كونفرېنسىيە ئاچقانىدۇق. مەن بۇرۇن چايپەزلىك (茶道) مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قىسىم خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشقانىدىم، 1990- يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ تونۇشتۇم، كېيىن يەنە شىنجاڭغىمۇ باردىم. مەنمۇ ئۇيغۇرلارغا قىزىقىپ قالدىم. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش مەقسىتىدە بىر كۇلۇب قۇرۇشنى ئويلاپ، يۇقىرىقى يىغىندا بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يىغىن ئەھلىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كۇلۇبنى قۇرۇش ۋە يېتەكلەشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. كۇلۇبنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» دېسەك ئىش سىياسىي جەھەتتىن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىكەن دەپ، «ياپونىيە يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبى» دەپ بېكىتتۇق.

— مەزكۇر كۇلۇب قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟

— كۇلۇبنىڭ مەقسىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياپونىيە خەلقىگە تونۇشتۇرۇش. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدە ئۇيغۇرلار غوللۇق ئورۇن تۇتقاچقا، بىز نۆۋەتتىلىق ھالدا ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامىنى تونۇشتۇرۇشنى قولغا ئالدۇق. بىراق، ياپونىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەنچىلەر جىق، ئىجتىمائىي پەنچىلەر ئاز ياكى يوق ھېسابتا. شۇڭا، زۆرۈر بولغان خادىملاردىن قىسىلىمىز، بۇ جەھەتتە ئادەم تەربىيەلەشكە تىرىشىۋاتىمىز. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ بىزگە ماسلىشىپ بېرىدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز. ھازىرچە «ئۇيغۇرچە - ياپونچە سۆزلۈك» دېگەن بىر كىتابچىنى تۈزدۇق.

– كۈلۈبقا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە قانداق تەسىراتقا ئىگىسىز؟

– ئۇيغۇرلاردا مەھەللىۋى خاراكتېر بەك روشەن ئىكەن. غۇلجىلىق ئوقۇغۇچىلار ياپونىيەگە ئۆز يۇرتىدىن كەلگەنلەرگە تەرجىمانلىق قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە بىرقەدەر ئاكتىپ، باشقىلارمۇ ئۆز يۇرتىدىن كەلگەنلەرگە پائالراق.

ياپونلارنىڭ قارىماققا بىر - بىرى بىلەن كارى يوق، ئەمما بىرەر پائالىيەتتە دەرھال ئۇيۇشالايدۇ، ئۇيغۇرلار قارىماققا ئۇيۇشقاق، بولۇپمۇ تاماق يېگەندە شۇنداق. ئەمەلىيەتتە بىرەر ئىشنى قىلغاندا گېپى بىر يەردىن چىقمايدۇ، بىر - بىرىگە يوپۇشمايدۇ. مىسالەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىشى توغرۇلۇق مەدەنىيەت - مائارىپ ۋازارىتى (文部省)غا بىرەر تەكلىپ سۇنماقچى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئانكىت تارقاتساق، يۈز ئادەمدىن ئاران ئۈچ - تۆت نەپىرى ئانكىت تولدۇرۇپ، پىكىر سۇنىدۇ.

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن بۇگۈنى ئىككىسى بىللە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەتىسى ئۇلار ئايرىم - ئايرىم كېلىپ، بىر - بىرىنى ماڭا چېقىشتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ بىر - بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايدىكەن.

ياپونىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن 60 نەپىرى ئائىلە بويىچە ئامېرىكىغا چىقىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار ئامېرىكىنى بەكلا ياخشى كۆرسە كېرەك، ئۇلار ھەممە نەرسە ئامېرىكىدا بار دەپ قارايدۇ. ئۆزىدە بولمىغان نەرسە خەقتە نېمە قىلىدۇ! ئۇلار ئالىي  تەربىيە كۆرگەن ياشلار، ئۇلار ئىمكانقەدەر ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، ئۆزىنى تونۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار يات، ھاكىم مەدەنىيەتنىڭ ئىچىدە غەرق بولۇپ يوقاپ كېتىۋەرسە، ئۆزىنىڭ خەلقى مەرىپەتسىز قېلىۋەرسە، نەتىجىدە بۇ مىللەت دۇنياغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇتالماي، بار بىلەن يوق ئارىلىقىدا قېلىۋېرىدۇ. ئۇلار مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ، يۈزمىڭلاپ ئوقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆيەتلىك بىر قوشۇن سۆيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك ئىدى.

– سىزنىڭچە، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىز ئۇيغۇر يېزىلىرىدا كۆرگەن ئۇيغۇرلارغا ئوخشامدىكەن؟

– چىرايى ئوخشىسىمۇ، خۇلقى ئوخشىمايدىكەن. تەقۋادار ئوقۇغۇچىلار نەزىرىمدە ئۇيغۇرغا ئوخشىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپلىرى قاتمالمۇ، قانداق؟ بىز ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، مەسچىتلەرگە كىرسەك ياكى نەزىرلەرگە بارساق، جامائەتنىڭ دۇئا قىلغىنىنى كۆرۈپ، قولىمىزنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ قويىمىز. ئەمما مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ياپونىيەگە كېلىپ، ئىبادەتخانىلارغا كىرسە ياكى ئۆلۈم مۇراسىملىرىغا قاتناشسا، بىزنىڭ دىنىي قائىدىمىزنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن شەكلەن بولسىمۇ دوراپ قويمايدۇ. بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى ئىپتى مۇسۇلمان بولغان بىلەن رەسمىي مۇسۇلمانغا ئوخشاپ كەتمەيدىكەن، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

– تۇرلۇك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇشقا باشلاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا نېمىلەرنى دېگۈڭىز كېلىدۇ؟

– ئۇيغۇرلار ھەرقانداق يەردە ياشىيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە. تىل جەھەتتىن باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ، قوشنا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ۋە جارى قىلدۇرالمىغان، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى جاسارىتى كەمچىل. ئۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى يېرىدە ئوقۇشقا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يېتەرلىك ئىشقا سېلىشى كېرەك. بىز ياپونلار باشقىلارنىڭ تىلىنى تەستە ئۆگىنىمىز، شۇنداقتىمۇ، بىر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىمىز. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك.

– سىزنىڭچە، ئۇيغۇر بىلىم ئەھلىلىرىدىكى ئەڭ توپ ئاجىزلىق نېمە؟

– ئەڭ توپ ئاجىزلىقى تەشكىللىنىپ ئىش قىلىشنى بىلمەسلىك. ھەربىرى ئۆز ئالدىغا يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، بار ئىقتىدارىنى خەلقىگە كۆرسەتمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەتىمىن غېنى ۋە ئىليار شەيخىددىنلەرنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى بولغاچقا، ياپونىيەدە ئوقۇپ ئۇنىۋان ئالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىلەر توپلىمى – «ئۈمىد» دېگەن كىتابنى نەشردىن چىقىرالىدى، بۇ قالتىس ئىش بولغانىدى. ياپونىيەنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ناكاسونى ياسۇخىرو (中曾根康弘) نىڭ ئوغلى، شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى مەتىمىن غېنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ كىتابقا ئىلھام بېرىش خاراكتېرىدىكى بېغىشلىما يېزىپ بەرگەنىدى. مانا ھازىر بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ كۆپەيدى، نەچچە يۈز ئادەمدىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلار چىقمىدى. ماقالىلەر توپلىمىنىڭ ئىككىنچىسى تەييار بولغاندا، ئۇنىڭغا مەسئۇل تاشپولات ئامېرىكىغا كەتتى، ئۈچىنچىسىنى ئەخمەتجان مەسئۇل بولۇپ چىقارماقچى بولغانىدى، ماقالىلەر تەييار بولماي چىقمىدى.

– رەھمەت سىزگە شىرايىشى ئەپەندى، بىز ناھايىتى ئوبدان پاراڭلاشتۇق. قىممەتلىك پىكىرلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىلىش ۋە سەۋەنلىكىمىزنى تۈزىتىشىمىزگە مەلۇم تۈرتكىلىك رولى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەۋېتىپ، قايسىدۇر بىر دانانىڭ «نادانلىقمۇ قورقۇنچلۇق، لېكىن ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئەقىدىسىز قېلىشى ۋە ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنىمۇ قىلماسلىقى» دېگەن گېپى ئېسىمدىن كەچتى. قارىغاندا، نادانلىقمۇ زامانىۋى بولسا كېرەك. مەلۇم بىر ئىلىمدە ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئىنسانىي بۇرچ جەھەتتە ناباب قىلىش زامانىۋى نادانلىقنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ، بۇ نادانلىقنى ئاقارتىش بەسى

www.uyghurkitap.com



مۇشكۇل. ئالىملارنىڭ نادانلىقى مەدەنىي قاتىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— توكيودا قانچىلىك تۇرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى شىرايىشى ئەپەندى.

— 28 - فېۋرال بىيجىڭغا ئۇچىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى جەمىلە.

— ئۇنىڭغىچە قەيەردە تۇرىسىلەر؟

— تېخى ئەرزانراق مېھمانخانا تېپىشىمىز كېرەك.

شىرايىشى ئەپەندى ئويلىنىپ قالدى.

— مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، — دېدى ئۇ، — سىلەر چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچى؟

— توكيودىكى كىتابخانىلارنى كۆرگۈم بار، ئۇ يەر يىراق ئەمەستۇ، — دېدىم مەن.

شىرايىشى ئەپەندى مەخسۇس كىتابخانىلار جايلاشقان كوچىغا بارىدىغان مېترو يولىنى ئېيتىپ بەردى. بىز سىرتقا چىقتۇق. يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، ھاۋا تۇتۇق ئىدى، لېكىن سوغۇق ئەمەس ئىدى. بىز كىتابخانا كۆپ بولغان جىنبوچو كوچىسىغا مېترو ئارقىلىق باردۇق. بىرقانچە كىتابخانىنى ئايلاندۇق، ئىنگلىزچە ئەسلىي نەشردىكى كىتابلارمۇ كۆپ ئىكەن، ھەرقايسى تىملاردىكى كىتابلارنى خالىغانچە تاپقىلى بولغۇدەك. بىراق، كىتابلار قىممەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەت كىتابلارنى ئېلىپ بېرىپ ئوقۇپ، يۇرتىمىز كىشىلىرىگە دەپ بەرگەندە، ئۇ گەپلەرنىڭ تۆت زىخ كاۋاپچىلىق يۈزى بولمايدۇ. كىتابلارنى قولۇمغا ئېلىپ يانچۇقۇم، يۈرىكىم، يۇرتۇمدىكى بىلىم قەدرى ئوتتۇرىسىدا تالاي قېتىم تارتقۇشلاندىم، ئاخىر كەينىمگە ياندىم. جىنبوچو كوچىسىنى ئائىلە بويىچە ئايلىنىۋېتىپ، «يىپەك يولى مەدەنىيەت كۇلۇبى» ئىشخانىسىغا قايتتۇق.

«ئىشخانا» دېگەن سۆزنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويدۇم.

سەۋەبى بۇ ھەم ئىشخانا، ھەم ئۆيگە ئوخشايتتى. ئەمدى ئۇنى «ئۆي» دەپ ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار. ئۆيدە ئادەم كۆپىيىپ قالغانىدى، شىرايىشى ۋە ئەمىردىن باشقا يەنە تۆت - بەش ئايال تۇراتتى، بۇلارنىڭ بىرى ياپون بولۇپ، شىرايىشى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئىكەن، قالغانلىرى ئۇيغۇر ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن يەڭگىل سالاملىشىپ، دىۋانغا بېرىپ ئولتۇردۇق. ئايالالار ئوچاق بېشىدىكى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. توكيودەك بىر شەھەردە ئۆز مىللىتىمدىن بولغان بۇنچە كۆپ ئايالنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە خىيال پەيدا بولاتتى، ئۇيغۇر ئايالالار بىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئانچە قىزغىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارغا باققاندا شىرايىشى ئەپەندىنىڭ خانىمى بەكرەك قىزغىن ئىدى. نورمال ئەھۋالدا ناتونۇش ۋەتەنداشلار يىراق بىر يات ئەلدە تاسادىپىي كۆرۈشۈپ قالغاندا تەبىئىي ئويغانغان قېرىنداشلىق ۋە تەقدىرداشلىق تۇيغۇسى بىلەن بىر - بىرىگە مېھىرلىك مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ ھال ھەرقانداق بىر مىللەتتە مەۋجۇت، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەسىرلىك ئېكران كۆرۈنۈشى ، رومانلاردا چىن بەدىئىي تەسۋىرلەر بار. ئەمما كۆز ئالدىمدىكى قېرىنداشلىرىم ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئىمكانقەدەر بىزگە نىسبەتەن پەرۋاسىز بولۇشقا تىرىشقاندەك قىلاتتى. شىرايىشى ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ ئىنسانچە قىزغىنلىقى ئۇلارنىڭ سۆرۈن سالام - سەھىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلاتتى. ئايالالار كۆكتات ئاقلاۋاتاتتى، ئەمىر گۆش چاناۋاتاتتى، بۇ ھال بۈگۈن كەچتىكى داغدۇغىلىق يەپ - ئىچىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شىرايىشى ئەپەندى بۈگۈن ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى، بۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېقىن ئەتراپتا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خانىملارنىڭ يىغىلغانلىقى، بىردەمگىچە يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شىرايىشى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزى ۋە يوسۇنلىرىنى خېلى چۈشىنىپ قالغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلغان تەكەللۇپلىرى ئۇيغۇرچە ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا قىرقىم چاچلارغا ئورالغان ئاپپاق چىرايى، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان نىپىز كالپۇكلىرى ئۇنى ئىسسىق چىراي كۆرسىتەتتى. بىز ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر پىيالە چاينى تۈگەتكۈچە پاراڭلاشتۇق. سۆزۈشتۇرسەك شىرايىشى ئەپەندى بىزگە قونالغۇ ئۇقۇشۇپ قويۇپتۇ، بۇ قونالغۇ ئۇلارغا تونۇش بىرىنىڭ بىكار ئۆيىدەك قىلاتتى. توكيودەك قىستا ـ قىستاڭ، كاتتا پايتەختتە بىزگە ھەقسىز قونالغۇنىڭ تېپىلىشى چوڭ نىجاتلىق ئىدى، بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇق. بىز قونالغۇغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلاپ، شىرايىشى ئەپەندىدىن قايتىشقا ئىجازەت سورىدۇق ھەمدە بوگۇنكى تۈگۈلگان كۈن زىياپىتىگە قاتنىشالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزرە قويدۇق. ئۇيغۇرلاردىن باشقا خەلقلەردە چاقىرىلمىغان سورۇنلارغا قاتنىشالماسلىق ھەققىدىكى ئىجازەتلەر تامامەن يوللۇق بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ساھىبخانا مېھمانغا ئارتۇقچە ئىسىلىشۋالمايدۇ. شىرايىشى ئەپەندى بىزنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالدى، پەلتوسىنى ۋە شىلەپىسىنى كىيدى. جەمىلە شىرايىشىنىڭ خانىمىنىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا جور بولدۇم. بىز ئۆيدىكى ھەممەيلەنگە خوش دېدۇق، ئۇيغۇر ئاياللار قائىدە يۈزىسىدىن «ئولتۇرۇپ مېڭىڭلار» دەپ قويۇشتى ۋە ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى. بىزنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىققىنى ئەمىر ۋە كىيىنرەك يېتىپ كەلگەن سەيپىددىن بولدى. سەيپىددىن مېنى خېلى بۇرۇندىن تونۇيدىكەن، ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى مېنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتدىشىم ۋە ھازىرقى قوشنام ئىدى.

شىرايىشى ئەپەندى بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق. كۆكۈم چۈشكەندە ماشىنا بىر خالتا كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ ھويلىلىق، ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ئىكەن. بىر موماي ئىشىكنى ئاچتى، ئارقىدىن بىر ئەر

كىشى پەيدا بولدى، بىز ئۇلار بىلەن سالاملاشتۇق. موماي ناھايىتى قىزغىن ئىدى، ئۇ بۇلبۇلناز ۋە بابۇر بىلەنمۇ خۇددى چوڭ ئانىسىدەك سالاملاشتى، بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز ئىللىپ قالدى. كىچىككىنە ھويلىدا ھەر خىل مەنزىرە دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلگەنىدى. بىزنى قارشى ئالغىلى چىققان ئەرنىڭ ئىسمى فۇكۇشىما ئىكەن، ئۇ بىزنى ئۇدۇلدىكى بىر ئىشىككە باشلىدى، ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەن ياغاچ پەلەمپەي بار ئىكەن. بىز ياغاچ پەلەمپەينى بويلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتۇق، فۇكۇشىما ئەپەندى ئىشىكنى ئېچىپ، چىراغنى ياقتى ۋە بىزنى ئۆيگە باشلىدى. تاختاي پوللۇق ئۆي ئازادە ھەم پاكىز ئىدى، بىر بۇلۇڭدا گاز ئوچاقمۇ تۇراتتى. فۇكۇشىما بىر چەتتە قاتلاقلىق تۇرغان گىلەمنى پول ئۈستىگە يايدى، ئاندىن تام ئىشكاپىدىكى يوتقان - كۆرپىلەرنى پەسكە ئالدى. ئۇ ئەتىكى ناشتىدا گاز ئوچاقتا سۈت قاينىتىپ ئىچىشىمىزنى ئەسكەرتتى، بۇلۇڭغا يېقىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ «مانا بۇ مۇنچا ۋە ھاجەتخانا» دېدى. ئۇ ئۆيدىكى مەنقۇلاتلارنى بىرەر قۇر چۈشەندۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى مېھمانخانىلارنىڭ كۈتكۈچىسىدەك چاققان ئىدى. بىردەمدىن كېيىن موماي چىقىپ، بىزدىن ھال سورىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق قىرقىم چاچلىرى ئۇنى خېلى ئالىپتە كۆرسىتەتتى. ئۇ نىل رەڭ كوپتا ئۈستىگە جىلىتكە كىيىۋالغانىدى. ئۇ تولىمۇ مۇلايىم ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، ئۆيدىكى بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزگە ياخشى چۈش تىلىدى. ھايال ئۆتمەي فۇكۇشىما ئەپەندى بىر پەتنۇستا مېۋە كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى - دە، ئۇ پەتنۇسنى پاكار ئۈستەلگە قويدى. ئوخشىغان بانان، ئالما ۋە ئۈزۈملەرگە ئوغلۇم بابۇر ئىختىيارسىز قول ئۇزىتىپ تاشلىدى، فۇكۇشىما ئەپەندى ۋە بىز كۈلۈپ تاشلىدۇق.

— بۇنچىلىك كايىپ كەتمىسەڭلار بولاتتى، خىجىل بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالىدىكەنمىز، ــ دېدى جەملە فۇكۇشىما ئەپەندىگە.

ــ مەن سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا بارغان. بىر قېتىم كۈزدە خوتەنگە بارسام، كىشىلەر مېنى مول داستىخانلىرى بىلەن مېھمان قىلدى. سىلەر ئۈيغۇرلار مېۋىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر، مېھماننىڭ ئالدىغا مېۋە ئەكەلمىسەڭلار كۆڭلۈڭلار ئۇنىمايدىكەن. شۇڭا مەنمۇ سىلەرنى مېۋە بىلەن مېھمان قىلاي دېدىم. لېكىن سىلەر كۈتكەندەك كۈتەلمەيدىكەنمىز، ــ دېدى فۇكۇشىما ئەپەندى جەملەگە جاۋابەن.

فۇكۇشىما ئەپەندىنىڭ بىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىمىزغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىدىن مەمنۇن بولدۇم. مىللەتلەر بىر ـ بىرىنى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىشكە ئۇرۇنسا ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىسە قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! بىز تەكىتلەۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت شۇنداق يەرلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ ئەمەسمۇ!

بىز يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىنغا سوت ۋە پىرەنىك ئالغىلى چىقتۇق، فۇكۇشىما ئەپەندى بىزگە ھەمراھ بولدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىز بىلەن خوشلاشتى. بىز بىر ـ بىرلەپ يۇيۇندۇق. ياپونىيەدە ھەقىقەتەن مۇنچىسىز ئۆينىڭ بولمايدىغانلىقىغا بۇگۇن ئىشەندىم. مۇشۇ ئائىلىدە مۇنچا پەقەت بىرلىمىكىن دەپ ئويلىغاندىم، لېكىن بىز ياتقان بۇ ئۆيدىمۇ ئىسسىق سۇيى تەييار مۇنچا تۇراتتى. بىزنىڭ بەشكېرەمدىكى بايلىرىمىز خېلى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سالىدۇ، لېكىن مۇنچىنى ئويلاشمايدۇ، ئەسلىدە پاكىزلىق مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ ئەمەسمىدى؟

يوتقان ـ كۆرپىلەرمۇ ناھايىتى پاكىز ئىدى، كىرلىكلەرمۇ ئاپپاق. ئاپپاق ئۆي، ئاپپاق يوتقان، ئاپپاق كىرلىك ئادەمنىڭ تۇيغۇسىغا ھۆرلۈك لەززىتى ئاتا قىلاتتى. بۇ «ئاق»لىق ياپون ئاياللىرىنىڭ سۈدىن چىقمايدىغان مېھنەتكەش قوللىرىنى ئەسلەتتى. ئىلى ئاياللىرىمۇ ئىشچان كېلىدۇ، بىكار بولۇپ قالسا ئوچاقنىڭ ئەتراپىنى سۈۋاپ تۇرىدۇ، يەر سۈرتىدۇ، تام ئاقلايدۇ، گۈل سۇغىرىدۇ... گويا ئىمان

ئىيتقان ياپون ئايال بولسا، ئۇنى ئەمرىكىغا ئالساڭ، ئۇ ئۆي ئىشىدىكى ئىنچىكە، پاكىزلىقى بىلەن سىېنى سۆيۈندۈرسە دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ.

ئەتىگەندىن كەچكىچە مېڭىپ يۈرگەن بالىلار يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. شىرايىشى، موماي ۋە فۇكۇشىمالارنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن شەپقىتى «مەدەنىيەت كۆلۈبى» ئىشخانىسىدىكى ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ سوغۇق تەلەتىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. شىرايىشى بىز بىلەن بولۇپ كەتكەنسېرى ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان پەرۋاسىزلىقى شۇنچە ئەدەپ كەتتى. نېمە ئىش بۇ؟ بىز ۋەتەنداش، تىلداش، دىنداش، تەقدىرداش ئەمەسمۇ؟ ياپونىيەگە نىسبەتەن ئۇلارمۇ مۇساپىر، بىزمۇ مۇساپىر، قېنى بۇ يەردىكى ئورتاق تۇيغۇ؟ بىز ياپونىيەدىمۇ غوجايىن تالىشىپ ھۇرپىيىشىۋاتامدۇق ـ نېمە؟

ئۇشتۇمتۇت ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس داۋىد رىسماننىڭ «تەنھا ئاۋام» دېگەن كىتابىدىكى بىر ئاتالغۇ ئېسىمگە كەلدى. ئۇ، كىتابىدا ئامېرىكىلىقلارنى ئۆزگىگە مايىل تىپلىق خەلق، دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ فېئودال ئەنئەنىسى ۋە دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولمىغاچقا، باشقىلارنى يەكلەيدىغان خاراكتېردىن خالىي ئىمىش. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزگىگە مايىل بولۇش دېگەنلىك ئۆزىنى باشقىلارنىڭ باھاسىغا لايىقلاشتۇرۇپ تەرتىپلەشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئامېرىكىلىقلاردا ئانگلوساكسونلارنىڭ ئەنئەنىسى بار. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىدىن ۋاز كەچكەن خەلق ئەمەس، بەلكى ئۇنى يەر شارى مىقياسىدا كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان خەلق. ئامېرىكىلىقلاردا غالىبلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنى يەكلەشنى ئەمەس، قوشۇۋېلىشنى ئويلايدۇ. غالىبلارنىڭ باشقىلار بىلەن دوست بولۇشىدىكى مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە يولداش قىلىشتىن ئىبارەت. رىسماننىڭ گېپى بىزنىڭ خۇيىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەندەك تۇيۇلدى. بىزمۇ باشقىلارغا مايىل تىپلىق خەلق، لېكىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر



ئامېرىكىلىقلارنىڭكىدىن پەرقلىنىمىز. بىزنىڭ قەدىمىي تارىخىمىز ۋە ئېتىقاد ئەنئەنىمىز بار، بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن ئالاھىدە مەدەنىيىتىمىزمۇ ھەم بار. لېكىن بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىمىز تۇيغۇ ھالىتىدە توختاپ قېلىپ، ئەقلىي پەللىگە يۈكسىلەلمىگەن، سىستېمىلاشقان پىكىر ھالىتىگە كېلەلمىگەن. شۇڭا، ئۆز قىممەت قارىشىمىزنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلالماي، باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە ئىش كۆرىمىز، شۇنىڭ بىلەن زور بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، شانلىق ئۆتمۈشىمىزنى تىلغا ئېلىپ قويىمىز. بىز يېقىن تارىختىن بېرى ئۆز مەركىزىمىزدىن قېچىپ كەلدۇق، باشقىلارنىڭ تەييار ئەقلىي سىستېمىسىغا يېقىنلىشالىغانلىقىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى مەدەنىيەتلىك دەپ ئۆلچىدۇق. باشقىلارغا قانچە ئوخشىيالىساق، ئۆزىمىزنى شۇنچە ئىلغار ھېسابلىدۇق ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىماي قالغانلىرىمىزدىن «ئۆلۈك پېشانە» بولدۇق. بىز ھەربىر ئەجنەبىي مەدەنىيەتنى كۆرگەندە ئەجدادىمىزنى قارغىدۇق، چاپىنىمىزنىڭ پېشىنى باشقىلارنىڭ چاپىنىغا قاراپ قىسقارتتۇق، تامبال ۋە چاچلىرىمىزنىمۇ شۇنداق قىلدۇق. بىز ئىزچىل تۈردە ئۆزىمىزگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىسقارتتۇق، ئاخىر نە باشقىلارغا، نە ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قالدۇق. بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆزىگە سىغىشماي، بىر ـ بىرىمىزگە قىر كۆرسىتىپ، مۇرە قاقىدىغان، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىشنى قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىش ھېسابلاپ، بىر ـ بىرىمىزگە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولدۇق. دۇنيا قاراش، ئېتىقاد جەھەتتە ھە دېسىلا مەركىزىدىن چەتنەۋەرگەن خەلقنىڭ پۇقرالىرى باشقىلاردىن نىجاتچى ئىزدەشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئېرىشكەن نىجاتچىسىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىدۇ. ئوقۇغان، مەلۇماتلىق ئادەملىرىمىزنىڭ يىراق ياپونىيەگە بېرىپ، شىرايىشى ئەپەندىگە بىر ـ بىرىنى چېقىشى ۋە چېقىمچىلىقىنى جان بېقىش دەسمايىسى سۈپىتىدە

خەلقئارالاشتۇرۇشى يۇقىرىقى گېپىمىزنىڭ دەلىلى. مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان نېگىزلىك قىممەت قارىشى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ تەبىئەتتى نومۇسىنى بىلمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن گەپنىڭ ئىسپاتى شۇ بولسا كېرەك.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن باللارنى توكيو مۇنارىنى كۆرسەتكىلى ئاپاردۇق. توكيو مۇنارى 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 333 مېتىر، ئېغىرلىقى 4000 توننا كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئۇستىدە يەتتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىۋاسىتە تارقىتىش ئۇسكۇنىسى، يىگىرمە بىر رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋاسىتىلىك تارقىتىش ئۇسكۇنىسى بار ئىكەن. مۇنارنىڭ شەكلى پارىژدىكى ئېيفىل تۆمۈر مۇنارىغا ئوخشاش بولۇپ، ئېيفىل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 320 مېتىر، ئېغىرلىقى 7000 توننا ئىدى. توكيو مۇنارىنىڭ ئاستىدا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بار ئىدى، كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇنجى قېتىملىق جەنۇبىي قۇتۇپ تەكشۈرۈشكە ئاپىرىلغان ئىتلارنىڭ ھەيكىلى بار ئىدى. بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئارامگاھ بولۇپ، قەھۋە ياكى چاي ئىچىپ ئولتۇرسا بولىدىكەن. ئىككىنچى قەۋىتى ماگىزىن ئىدى. ئۈچىنچى قەۋىتىدە شام ھەيكەللەر بار ئىكەن. شام ھەيكەللەر دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر ۋەقەلەر ۋە مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ سىماسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنىدى. باللارغا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى ئالگىر دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى» ئەسىرىدىكى جەھەننەمنىڭ تەسۋىرى بولدى. بابۇر بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي قېچىپ چىقىپ كەتتى. شام ھەيكەللەرنىڭ چوڭلۇقى راست ئادەملەردەك بار ئىدى. ئالىيېشىل چىراغلارنىڭ ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرۇشى شام ھەيكەللەردىكى تەسۋىرنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. بىز بۇلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، لىفىت بىلەن مۇنارنىڭ 250 مېتىر ئېگىزلىككە چىقتۇق. كۆرۈش سۇپىسىنىڭ تۆت ئەتراپى ئەينەك بىلەن قاپلانغانىدى. دەسسەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرغان يىرىمىزگىمۇ ئەينەك تۈڭلۈك قويۇلغان بولۇپ، پەسكە قارىغاندا، ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى. كۆرۈش سۇپىسىنىڭ جەنۇب، شىمال، شەرق، غەرب تەرەپلىرىگە بىردىن تېلېسكوپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى كۆزەتكىلى بولىدىكەن.

«قۇرئان كەرىم»دە تۆمۈردە نۇرغۇن خىسلەتنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان. ۋاھالەنكى، «قۇرئان كەرىم» دە بېشارەتلەنگەن تۆمۈردىكى خىسلەتتىن غەيرىي مۇسۇلمانلار بەكرەك پايدىلانغاندى. ئايىغىم ئاستىدىكى تۆمۈر مۇنار تۆمۈردىكى خىسلەتلەرنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئىچىشتىن كەلگەن ئىقتىسادىي زەپەرنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇنىڭدا سانائەت بىلەن سەنئەت بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئېيتىلىشىچە، ئېيفىل مۇنارى 1889 - يىلى قۇرۇلغاندا، يەرمەنكە نۇقتىسى ئىكەن. ئۇ مەبلەغ،سودا، پايدىنى مەركەز قىلغان كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ نامايان قىلىنىدىغان ئورنى، شۇنداقلا مېخانىكا ۋە دىنامىكىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ پايدا - مەنپەئەت تۇرتكىسىدىكى دەۋرنىڭ، سانائەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈستىدىكى غەلبىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئالامىتى ئىدى. بۇ بەئەينى پۈتنى كېرىپ، گىدىيىپ تۇرغان نەمرۇدقا ئوخشايتتى.

تۆمۈر مۇناردا سەنئەتمۇ، سانائەتمۇ، ئىقتىسادمۇ، ئىدېئولوگىيەمۇ، ھەممىسى بار ئىدى.

بىز توكيو مۇناردىن قايتتۇق. جەملە باللارنى ئېلىپ، يوكوخامادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنىغا كەتتى، ئۇ، ئۇ يەردە ماقالە ئوقۇماقچى ئىدى. مەن جىنبوچودىكى كىتاب بازىرىغا باردىم، بۇ، يەرنى يىرىم كۈن قانغۇچە ئايلانماقچى بولدۇم. بۇ مەخسۇس كىتابخانا كوچىسى ئىدى. كىتابخانىلاردا ياپون تىلى، ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلار كۆپ ئىدى. مەن مەخسۇس ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلارنى ئاختۇردۇم. ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت ئىنگلىز يېزىقىدىكى كىتابلارنىمۇ ئۇچراتتىم، لېكىن زىيادە قىممەت بولغاچقا

ئالالمىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە ئائىت قاتتىق تاشلىق بىر كىتابنى كونا كىتابلار بازىرىدىن بايقاپ قالدىم، بۇ كىتابنىڭ باھاسى 10 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كېلەتتى. كونا كىتابلار بازىرى ناھايىتى مۇكەممەل بولۇپ، كونا كىتابلارنىڭ باھاسى بىر قىسىم يېڭى كىتابلارنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى بولىدىكەن. كىتابخانىلارنىڭ مۇلازىمىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. مۇلازىم قىزلار سىز سېتىۋالغان كىتابلارنى مۇقاۋىلاپ بېرىدىكەن، پۇل تاپشۇرغاندا سىزگە «رەھمەت!» دەپ تەزىم قىلىدىكەن، ماڭغان ۋاقتىڭىزدا «خوش!» دەپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا كىتابخانىلارغا كىرسىڭىز، مۇلازىم خېنىملارنىڭ سوزۇلۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەربىر خېرىدار ئۇلارنى ئاۋارە قىلىۋاتقان بىزەڭ ئادەملەر بولۇپ كۆرۈنىدۇ، سىز پۇل تۆلىسىڭىز پۇلىڭىزدىن گۇمانلىنىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارايدۇ، بۇ چاغدا سىز ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەندەك بولىسىز. ئۇلار پۇل قايتۇرغاندا، پۇلنى چىرايىڭىزغا قارىمايلا پەشتاختىغا تاشلاپ قويىدۇ، چېچىلغان پۇللارنى ئۆزىڭىز رەتلىۋالىسىز. ئىشىكتىن چىققاندا، ئىشىك قاراۋۇللىرى ئالغان كىتابلىرىڭىزدىكى تامغىلارنى ۋە تالونلارنى تەكشۈرىدۇ، يالتىراق خالتا تەلەپ قىلسىڭىز، خالتىنى ئالدىڭىزغا تاشلاپ بېرىشىدۇ. سىز بۇنداق مۇھىتتا كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەمگە لايىق ئالىيجانابلىق ئىززىتىگە ھەرگىز ئېرىشەلمەيسىز. داش قازان سوتسىيالىزمى ئوقۇرمەنلەرنى كىتابخانا ئالدىدىكى، يازغۇچىنى نەشرىيات ئالدىدىكى ھاجەتمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. كىتاب ۋە كىتابخانىلار بىلەن خۇشى يوقلار كىتابخانا مۇلازىمەتچىسى سۈپىتىدە ئولتۇرۇپ، كىتاب ئالغانلارنى كۆڭلىدە «ھەي ئەخمەقلەر، تاراقلاپ تۇرىدىغان پۇلنى ئەسكى قەغەزگە خەجلەپ يۈرگىنىڭلارنى قاراڭلار» دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن. بىر چاغلاردا بىزدە نەشرىياتتا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يازغۇچى بىلەن خۇشى يوق ئىدى. چۈنكى يازغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



گادای، نەشرىياتچى باي. بىر قېتىم مەشھۇر يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئاكا بىر كىتابخانىدا كىتاب كۆرۈۋېتىپ، پۇتى تېلىپ كەتكەن ۋە يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان. شۇ چاغدا بىر خېنىم كېلىپ، «بۇ يەر قىرائەتخانا ئەمەس» دەپ ئورۇندۇقنى تارتىۋالغان. بىزدىن باشقا ئەلدە زوردۇن سابىردەك ئادەملەرنىڭ بىر كىتابخانىغا كىرىشى شۇ كىتابخانىنىڭ شان - شەرىپىگە ئايلىنىپ، مەخسۇس ئىمزاسى ئېلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، زوردۇن سابىر ئۇيغۇر كىتابخانىسىدا بىر ئورۇندۇققا ئېرىشەلمىگەن. خەقنىڭ كىتابخانىلىرىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىدىغان مەخسۇس دىۋانلار، قەھۋە ئىچىپ پاراڭلىشىدىغان سالونلار بولىدۇ. بىزنىڭ غاپىل مۇلازىمەتچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ كىتابىنى سېتىپ نان يەيدۇ، لېكىن زوردۇن سابىرنى تونۇمايدۇ، كىشىلىك ئىززەتنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيدۇ.

پۇتۇن چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت كىتابخانا ئايلىنىش بىلەن ئۆتتى. كەچ كىرىشكە باشلىدى، مەن يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ مېترونىڭ جەنۇبچە ئېغىزىغا كەلدىم - دە، ئايالىمغا تېلېفون بەردىم. ئۇ، مۇختار مەخسۇتنىڭ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مېتروغا ئىچكىرىلەپ كىردىم، جەمىلە ۋە باللار بىلەن ئۇ يەردە تېپىشتىپ، مۇختار ئەپەندى ساقلىغان يەرگە قاراپ ماڭدۇق. بىز يولنى ئوبدان بىلمىگەچكە خېلىلا كېچىكىپ، ئاخىر مۇختار مەخسۇتنى تاپتۇق. ئۇ تېرىككەن ھالدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— سىلەرنى ئۇزاتقاچ، ئۇزاقراق پاراڭلىشىۋالارمىز دېسەم، ۋاقىت زايە بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

مەن ئۆزرە قويدۇم. مۇختار بىزنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ياپونچە ئاشخانىغا باشلىدى. ئۇ غىزالارنى ئۆزى بىلگەنچە ئالمان - تالمان بۇيرۇتتى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۈتكۈچى ئايال بېلىق كاۋاپلىرى ۋە ھەر خىل دېڭىز يېمەكلىكىنى ئالدىمىزغا تىزدى. ناتونۇش غىزالار بىلەن ئاچقان قورساقلىرىمىز خېلى ئوبدان ئىسسىق

باستى. مۇختار مەخسۇت پات - پات سائىتىگە قاراپ قويىاتتى، ئۇ ناگوياغا بارىدىغان ئاخىرقى توك پويىزدا كېتىشىلىشنى ئويلايتتى.

— بىزنى دەپ كېچىكىپ قالماڭ، بىزنى ساقلىغىنىڭىزلا يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدىم مەن مۇختار مەخسۇتقا.

— يەنە ئازراق ۋاقىت بار، يېگەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئۇ.

بىز پاراڭلاشتۇق، پارىڭىمىز ھېلى ياپونىيە، ھېلى ۋەتەن، ھېلى ياپونلارنىڭ مىجەزى، ھېلى «يىپەك يولى كۇلۇبى»، ھېلى ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا كۆچەتتى. ئۇ، مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلىرىنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي، بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن تۇزلا ئوتتۇرىغا قويىاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى پەردازلاپ ئولتۇرماي، سىداملا ئىزھار قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا «يىپەك يولى كۇلۇبى»غا بارغىنىمنى ئېيتقىنىمدا، تەسىراتىمنىڭ قانداقلىقىنى سورىدى.

— شىرايىشى ئەپەندى بىزنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى، — دېدىم مەن جاۋابەن، — سۆھبىتىمىزمۇ جايىدا بولدى. ئەمما، يىپەك يولى تەتقىقاتى بىر - ئىككى نازىنىن قىزنىڭ ئۈسسۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ يەردە تېخى رەسمىي تەتقىقات باشلانماپتۇ، ئىلمىي خادىملارمۇ بۇ يەرگە يېقىن يولىتىلمىغاندەك تۇرامدۇ - نېمە؟

— شۇ ئىشلارنى ياپونلارنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغانلار يوق، — دېدى مۇختار مەخسۇت، — يىغىلىپ تاماق يېگەچ، تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىدىغانلار كۆپ بولسا كېرەك.

پاراڭلىرىمىز راۋاجلانغانسېرى ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەتتۇق. ئالدىمىزدىكى غىزالاردىن بىرەرى يېيىلىپ تۈگىسە، مۇختار مەخسۇت يەنە بۇيرۇيتتى. مۇختارنىڭ مىجەزى كىشىگە ھوزۇر بېرىدىغان مىجەز ئىدى، ئۇ چىقىشقاق ھەم پاراڭخۇمار ئىدى. قېرىنداشلىق، دوستلۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇھەببەتلىك پاراڭ، ئىسسىق باسقۇدەك غىزالار مېنى راھەتلەندۈرۈپ، تەنلىرىم يايراپ قالدى. مۇختار مەخسۇت ئەمدى ماڭمىسا بولمايتتى، ئۇ ئەتىكى خىزمەتكە ۋاقتىدا بېرىشى كېرەك ئىدى. بىز قوللىرىمىزنى چىڭ سىقىشىپ خوشلاشتۇق. ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر يىگىتى ياپونلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدە ئۆگۈپ كەتمەپتۇ، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

توكيوغا كەلگىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى شىنجۇكوغا بېرىپ ئايلاندۇق، يەنە ئۇ يەردىكى چوڭ بىر كىتابخانىغا كىرمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، كىتابخانىنى يېرىم سائەتچە ئايلاندىم. ئاندىن ئاكىخاباراغا بارماقچى بولۇپ، بېكەتكە يول ئالدۇق. شىنجۇكونىڭ كوچىلىرى ۋە دوقمۇشلىرى ئالدىراش ئادەملەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ، پەلەككە تاقاشقان بىنالاردا ئىستېرېئولۇق سىن داۋراڭ ۋە ياكى رەڭلىك ئېكرانلار يېنىپ تۇرىدۇ. قۇياش نۇرى بىنالاردىكى رەڭلىك ئەينەكلەردە ھەر خىل ئەكس ئېتىدۇ. بۈگۈن زەڭگەر ئاسمان تېخىمۇ ئېگىزلەپ كەتكەندەك ئىدى. شامال بىنالار ئارىسىدىكى تار رەستىلەرنى بويلاپ يېنىك ئاقاتتى. بىر دوقمۇشقا كەلگىنىمىزدە، بەش نەپەر سەنئەتكار دىققىتىمىزنى تارتتى، ئۇلارغا يېقىنلاپ باردىم. ئۇلار نەشىردىن چىققان پىلاستىنكىلىرىنى داۋراڭ سۈپىتىدە تىكلەپ قويۇشۇپ، قاتار تىزىلىشقانچە بىر كۈينى ئورۇنلىدى. كۈينىڭ لەرزى يۈرىكىمنى شۇررىدە ئېرىتىپ تاشلىدى. مەن تۇرغان يېرىمدە قېتىپ قالدىم. تومۇرۇمدا قان ئارىلاش تۇيغۇلارنىڭ دولقۇنى. سەنئەتكارلارنىڭ ئۈچى قارا تەنلىك، ئىككىسى ئاق تەنلىك بولۇپ، چالغۇلىرى زامانىۋى چالغۇلار بولماستىن، تامامەن يەرلىك چالغۇلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ياڭراتقۇدىن چىقىۋاتقان كۈي بىلەن تەڭكەش ئىدى. ئۇلار قەدىمىي كۈينىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ يۆتكەيتتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ رەڭلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ماڭا بوشلۇقتىكى ئاپتاپلارمۇ مەيىن چايقىلىۋاتقاندەك بىلىندى. تاماشىچى كىشىلەر

كۆپىيىشكە باشلىدى. ئېگىز بىر ئاق تەنلىك ئايال بويىنىدىكى شارپىسىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتقىنىچە، مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئۇ پۇتلىرىنى يېنىك ئېلىپ، يېنىك قوياتتى. ئۇ مۇزىكىنىڭ سېھرىگە بېرىلىپ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي قويۇۋەتتى، ئۇ ماڭا چايقىلىپ تۇرغان بىر رومكا ۋىسكىدەك كۆرۈندى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا سازەندىلەر بىرمۇنچە چىرايلىق قىزنى چۆرىسىگە يىغىۋالدى. غۇنچە بوي، چىرايلىق بىر ئاق تەنلىك قىز سازەندىلەرگە ياندىشىپ، ساز چېلىۋاتقان قىياپەتتە بولۇپ، ئۇلارغا جور بولدى. مەن سەنئەتكارلارنىڭ ۋە ھېلىقى ئايال بىلەن قىزنىڭ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىشىدىن ھۇزۇرلاندىم. شۇ دەقىقىدە خۇدانىڭ ئىنسانلارنى ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ياراتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئايالىم مېنى نوقۇدى، ۋاقىتنىڭ قىستىشى بىلەن مەن ئۇلاردىن يىراقلىدىم، ۋۇجۇدۇمدا سەنئەتنىڭ تەمى خېلىغىچە يېشىلمىدى. بۈگۈن مەن ھەقىقىي سەنئەتكارلارنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. ياپونىيەدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار ئاۋۋال كوچىدا ناخشا ئېيتىدىكەن، ئۇلار كوچىدا يېتىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقالايدىكەن.

توك پويىزىدا ئاكىخاباراغا قاراپ يول ئالدۇق. يولنىڭ ياقىسىدىكى گۈللۈكلەر، كۆللەر، نەۋرۇز گۈللىرى كۆز ئالدىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، كەينىمىزگە تاشلاندى. ئاكىخابارا غايەت زور ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى بازىرى ئىكەن، بۇ يەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تازىلىقىمۇ توكيونىڭ باشقا رايونلىرىدىن ناچار ئىدى. بۇ يەر بەئەينى ئۈرۈمچىنىڭ خۇالىڭ سودا بازىرىغا ئوخشايدىكەن، دۇكانلار بىر - بىرى بىلەن ياندىشىپ، نەرسىلەرنىڭ تىزىلىشىمۇ رەتسىز، ئادەملەر مىغىلدايدۇ. كومپيۇتېر، تېلېكامېرا، فوتو ئاپپارات قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ زامانىۋى نۇسخىلىرى بۇ يەردە بار ئىدى. ئەڭ ئىلغار رەقەملىك كامېرادىن بىرنى، نەپىس خاتىرە كومپيۇتېردىن بىرنى ئالماقچىمۇ

بولدۇم، لېكىن ئۇنى ئوقۇتۇشتا ئىشلەتسەم بەرىبىر ئۆتكەن دەرسىمگە لايىق مائاش ئالالمايمەن. ھەر قېتىملىق دەرسكە قىلغان ئەقىدەم لىللا چۈشىنىلىپ باقماپتۇ. ئۇنىڭغا لايىق جاۋابمۇ بولماپتۇ. شۇلارنى ئويلاپ سېتىۋېلىشتىن يالتايدىم. شۇنچە چوڭ بازارنى پىيادە ئايلىنىمىز دەپ ھېرىپ كەتتۇق. بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ئارام ئالغاچ كەچلىك تاماق يېدۇق. ئەمەلىيەتتە كەچلىك تاماق يېگۈدەك كەچمۇ بولۇپ كەتمىگەنىدى. بىز بالىلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن دىسنىي باغچىسىغا بارماقچى ئىدۇق. ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى بار بولۇپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تاماقلىنىۋېلىشنى توغرا تاپتۇق.

بىز دىسنىي باغچىسىغا بارغۇچە يامغۇر چۈشۈپ كەتكەنىدى. ۋوكزالدىن چىقىپ، باغچىغا بارىدىغان كوچىغا كىرگىنىمىزدە يامغۇر توختاپمۇ قالغانىدى. لېكىن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن ئادەملەر ئىقىمى كوچىنى بىر ئالغان ھالدا قايتىشماقتا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ بالىلارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. بىز بالىلارنىڭ دىسنىي باغچىسىنى كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرمىساق، ئۇلارغا ئۆمۈرلۈك قەرزدار بولۇپ قالىمىز دەپ ئويلىدۇق. قانداقلا بولمىسۇن بىز باغچە تەرەپكە مېڭىۋەردۇق.

باغچە تېخى تاقالمىغانىدى، بىزگە ئوخشاش كەچكى خېرىدارلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. بىز ئادەم بېشىغا بىردىن بېلەت ئالدۇق، بېلەت باھاسى 150 يۈەن خەلق پۇلىغا توغرا كېلەتتى، بۇ، ياپونلارغا نىسبەتەن يوق ھېسابىتىكى پۇل ئىدى.

زىننەت چىراغلىرى ھەممە ياقنى يورۇتۇۋەتكەن، يامغۇردىن كېيىنكى كەچكى ھاۋا سالقىن ۋە ئارامبەخش ئىدى. بۈگۈن ئالدىراش ھالدا ئەڭ كۆپ يول يۈرگەن بولغاچقا، بىزگە ھاردۇق يېتىشكە باشلىغانىدى. باغچىغا كىرىپ تۇرۇشىمىزغا سايىتامادا ئولتۇرۇشلۇق ئوقۇغۇچۇم سەلتەنەتتىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تاماق ئېتىپ يولىمىزغا قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن باغچىدا بالىلارنى ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىمنى، بىزنى ساقلىماي ئارام ئالغاچ تۇرۇشىنى،

ماڭىدىغان چاغدا تېلېفون قىلىدىغانلىقىمىزنى دېدىم. بۇ يەردە كىرىش بېلىتىنىڭ ئۆزى بىلەنلا پۈتكۈل باغچىنىڭ ھەممە يېرىگە كىرگىلى بولىدىكەن. بىز بالىلارنى پەقەت ئالتە ئورۇنغا باشلاپ كىرەلىدۇق. بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە قايتماقچى بولدۇق. بالىلار دومسىيىشتى. ئەمەلىيەتتە، بىز 80 گېكتار كېلىدىغان، ئامېرىكىدىكى دىسنىي باغچىسىدىنمۇ چوڭ بۇ باغچىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى كۆردۇق. چەت ئەلگە چىقىشنىڭ قىيىنلىقىدا بۇنداق پۇرسەتنىڭ يەنە قاچان كېلىشىگە بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. بىزمۇ بۇنىڭدىن ئەپسۇسلاندۇق. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، توكيو دىسنىي باغچىسى 1983 - يىلى 15 - ئاپرېلدا رەسمىي ئېچىلغانىكەن. 2000 - يىلى بۇ يەرگە كىرگەن ساياھەتچىلەرنىڭ سانى 17 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. بۇ يەرگە كىرىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئامېرىكىدىكى دىسنىيغا كىرىدىغانلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن.

باغچىنىڭ كۆرۈنۈشى فانتازىيەلىك تۈسكە باي بولغاچقا، بالىلارنى سېھىرلىۋالاتتى.

سەلتەنەتنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە كېچە سائەت ئوندىن ئېشىپ كەتتى، يولدىشى ئەخمەتجان ئومىيا ۋوگزالىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغانىدى. بىز ئۇزاق ماڭمايلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردۇق. ئۆي بىر بىنانىڭ 4 - قەۋىتىدە ئىدى. سەلتەنەت ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى ۋە ئۆيگە باشلىدى. ئەر - ئايال ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىم ئىدى. تولۇق 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن سىنىپلىرىغا ئايرىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككىسى مېنىڭ سىنىپىمدا ئىدى. كېيىن ئەخمەتجان تەبىئىي پەن سىنىپىغا ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى، سەلتەنەت ئىجتىمائىي پەن سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈپىتىدە مېنىڭ سىنىپىمغا تەۋە بولدى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگەنگە

www.uyghurkitap.com



ئون نەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن ئۇلارنى 1990 - يىلىدىن كېيىن تۇزۇك كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

سەلتەنەت 1993 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل رۇس تىلى ئۆگەنگەن، 1996 - يىلى ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ كىرىپ، 2003 - يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەدەنىيەتشۇناسلىق بويىچە ماگىستىرلىقنى تاماملىغان. ئۇ ھازىرمۇ «تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» دە ياپونلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈپ بېرىۋېتىپتۇ.

ئەخمەتجان 1994 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا يەر شارى خىمىيەسى بويىچە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، 2003 - يىلى ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا گېئولوگىيە دوكتورلۇقىنى تاماملاپتۇ، ھازىر ئۇ ياپونىيە گۆھەر تەتقىقات جەمئىيىتىدە ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ماڭا يات ئەمەس ئىدى، شۇڭا پاراڭلىرىمىز تەبىئىي راۋاجلىنىپ، كۆڭۈللۈك تۈس ئالدى. كۈلكىلىك، ساددا ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ۋەتەننى سېغىنىش ھېسسىياتىمىزنى نامايان قىلدى. ئەر - ئايال ئىككىسى «تەڭرىتاغ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى»نى قۇرۇش ۋە پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. سەلتەنەتنىڭ ئەتكەن لەڭمىنى بىزنى ساقلاپ سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، خېلى ئىسسىق باستى. بابۇر ئۇلارنىڭ ياپونىيەگە يېڭى كەلگەن ئوغلى دانىشجان بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتى. ياپونىيەدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىدە ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن بولغان ئەر - ئايال ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سەمىمىي مېھرىگە بۆلىنىپ، پۈت - قوللىرىمنى سوزۇپ قېنىپ ئۇخلاپتىمەن.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق - تە، نارىتا

خەلقئارا ئايروپورتىغا قاراپ يول ئالدۇق. يولدا ماشىنىلار كۆپ بولغاچقا، بىز چىققان ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئايروپورتقا بېرىپ، ئالدىنئالا ئەۋەتىۋەتكەن يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىپ، يەنە ئۆتكۈزۈپ، رەسمىيەت بېجىرگۈچە تەرلەپ كەتتۇق. چۈنكى ۋاقىت قىستىماقتا ئىدى. يۈكىمىزنىڭ ئېغىرلىقى ئۆلچەمدىن ئالتە كىلوگىرام ئارتۇق چىقتى، بۇنىڭ ئۈچۈن تولۇقلاپ ھەق ئالمىغىنى ئۈچۈن خۇشال بولدۇق. بېيجىڭدا ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز چىققان ئايروپىلان پاكىستاننىڭ ئىدى. ئايروپىلاننىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئۇھ» دېدۇق. قىرائەتتىن كېيىن ئايروپىلان ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئائىلە بويىچە جۇڭگوغا قايتتۇق. يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن يۇلتۇز جىلغىسىنى كۆرىمىز.

ھاۋادا كېتىۋېتىپ تۈرلۈك ئوي - خىيال ئىچىدە تېلىققاندەك بولدۇم - دە، روسسىيەنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ئالېكساندىر سولژېنىتسىننىڭ «گۈلخان ۋە چۈمۈلە» دېگەن نەسرىنى ئوقۇدۇم:

«مەن پورلىشىپ كەتكەن بىر ئوتۇننى گۈلخانغا تاشلىدىم. لېكىن ئۇ ئوتۇننىڭ ئىچىدە مىغ - مىغ چۈمۈلىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن.

ئوتۇن چىرسىلداپ كۆيۈشكە باشلىغۇدى، چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. ئۇلار ئوتۇننىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى ھەريان ئۇراتتى، ئوت يالقۇنىدا تارتىشىپ، كۆيۈشكە باشلاۋاتاتتى.

ئوتۇننى چەتكە تارتىۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن چۈمۈلە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار قۇملۇققا، قارىغاي يوپۇرماقلىرىغا قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. لېكىن غەلىتە يېرى شۇكى، ئۇلار گۈلخاننىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى. ئۆزلىرىدىكى ۋەھىمىدىن خالاس بولۇپلا يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا بىرھازا پىرقىرىدى، قانداقتۇر

www.uyghurkitap.com



بىر خىل كۈچ ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە، ئۆرتىنىۋاتقان ماكانىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندىمەكتە ئىدى! ئاخىر، نۇرغۇن چۇمۇلە كۆيۈۋاتقان ھېلىقى ئوتۇنغا قايتىدىن ياماشتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە غۇژمەك ھالەتتە تۇرغىنىچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى...»

2002 — 2004 - يىللار، كانازاۋا - ئۈرۈمچى

出 版 人：唐 辉
阿迪力·穆罕默德
策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：古力尼沙·依不拉音
特约编辑：库尔班·马木提
责任校对：吐尔逊古力·卡斯木
热孜万古丽·卡德尔
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：热娜·艾买提江

新疆名家名著丛书
寻找自我的门槛
——从维吾尔文化视角看日本文化（维吾尔文）
阿不都卡德尔·加拉里丁　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　15.625印张
2012年4月第1版　2016年9月第3次印刷

ISBN 978-7-5466-1292-8（民文）　定价：55.00元